ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن



# مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر

ـ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش

بۇ ئەسەرنى مۇتەپەككۇر ئەدىب، مەشھۇر ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن
تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن

— ئاپتوردىن







ئالىم 1950 - يىلى شىئەندە



ئالىم دادىسى ۋە ئانىسى بىلەن



ئالىمنىڭ دادىسى مۆھەممەتئىمىن ۋە بوۋىسى ئىبراھىم ھاجىم



ئالىمنىڭ ئوغۇللىرى  ئەنۋەر ، ئەكبەر ، ئەسقەر ۋە فەرۇق



ئالىم ئوتتۇرائاسىيادا بولغان كۈنلەردە (1983- يىل)






ئالىم بىر قىسىم كەسپداشلىرى ۋە كەسپكە مەسئۇل خادىملار بىلەن

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 80-يىللىق 2-سىنىپنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش خاتىرە سۈرىتى 1985.7.



# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە .................................... 1
بىرىنچى باب   ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى .............. 2
ئىككىنچى باب   ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ......... 30
ئۈچىنچى باب   فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتى ........................ 106
تۆتىنچى باب   ئېستېتىكا تەتقىقاتى ............................ 122
بەشىنچى باب   ئۇيغۇر روھىيىتى تەتقىقاتى ....................... 146
ئالتىنچى باب   ئۇيغۇر پەلسەپە - ئىدىيە تارىخى تەتقىقاتى ... 182
يەتتىنچى باب  ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى ...................... 214
سەككىزىنچى باب  غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتى ............................................ 242
توققۇزىنچى باب  ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تارىخى تەتقىقاتى ...... 266
ئونىنچى باب  ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى ......... 292
ئون بىرىنچى باب  يىپەك يولى تەتقىقاتى........................ 300
ئون ئىككىنچى باب  شېئىر ئىجادىيىتى ........................... 306
ئون ئۈچىنچى باب    نەسر ئىجادىيىتى........................... 384
ئون تۆتىنچى باب  «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» تەتقىقاتى ... 400
ئون بەشىنچى باب  كىنو سىنارىيىسى ئىجادىيىتى ........... 406
خاتىمە ........................................ 457
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگى .......... 461

# مۇقەددىمە

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

«ھەر بىر زاماننىڭ كەزگەن جەريانىنىڭ ئۆز تارىخى بولغىنىدەك، ھەر بىر ئىنسان تۇركۇمىنىڭ ھايات سەزگۇرەشتىلىرىدىن جۇغلانغان مىللىيەتلىك تارىخى بولىدىغانلىقى ھېچقانداق سىر ئەمەس، كىشى ئۇچۇن ئۇنىڭ كەچۇرمىشلىرى قانداق مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە بولسا، ھەر بىر مىللەت ئۇچۇنمۇ ئۇنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مىللىي روھىيەت ئەنئەنىسىنى بويلاپ كەزگەن ئۇزاق مۇساپىلىق تارىخى شۇنداق يېتىلدۇرگۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. كىشى ھاياتىدا بەزى كەچۇرمىشلەر ئۇنتۇلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆمۇر جەريانلىرى ۋە روھىيەت چەمبەرلىرىگە تامغا سالغان خاتىرىلەر ئۇنتۇلغۇسىز كەچۇرمىشلەردىن ئىبارەت.»

ئىنساننىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشتىن مەقسىتى پەقەت يەپ ـ ئىچىش، ئويۇن ـ تاماشا قىلىش، ئەۋلاد قالدۇرۇشلا بولماستىن بەلكى، يۇقىرىقىلارنى شەرت قىلىپ تۇرۇپ، ئەجدادلار بەرپا قىلغان گۇزەل تۇرمۇشنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇش، ئۇلار ياراتقان مەدەنىيەت ـ سەنئەتلەرنى كېيىنكىلەرگە ئۆتكۇزۇپ بېرىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش، ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ھەقىقىي ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئىنسانلارچە ھايات كەچۇرۇش، كەلگۇسى ئەۋلادلار تىلىغا

AltunOq

ئالغۇدەك ئىز ـ نىشان قالدۇرۇش . . . قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەمما بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئىبغىر يۈكلىرىنى ئۆز يەلكىسىدە كۆتۈرۈۋاتقان ئۇشبۇ زېمىندا، ئەنە شۇنداق مەقسەت بىلەن نەپەس ئېلىۋاتقانلار ئەكسىچە يول تۇتقانلارنىڭ يېرىم نىسبىتىنىمۇ ئىگىلىمەيدۇ. بىراق ھېچقانداق ئەمەلىي قىممەت ياراتماي تۇرۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئويلايدىغانلار سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈندۇر ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىپ يەتمەيدۇ ۋە ياكى چۈشىنىشنى خالىمايدۇ. ژ. ژ. روسسو توغرا ئېيتىدۇ: «ياشاش نەپەس ئېلىشتىنلا ئىبارەت ئەمەس، بەلكى ھەرىكەت قىلىش دېمەكتۇر. ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن كىشىگە نىسبەتەن ھاياتنى كۆپرەك ھېس قىلغان كىشىلا ئۇزاق ياشىغان ھېسابلىنىدۇ» ①

بىزدە ئىلىم ـ ھېكمەتنى قەدىرلەيدىغان، ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى قېزىشنى، تارقىتىشنى مۇقەددەس بۇرچ بىلىدىغانلار ئومۇمىي خەلقىمىزنىڭ ئاز نىسبىتىنى ئىگىلىسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى ئىلىمگە بېغىشلىغان ئالىم ـ نەتىقاتچىلىرىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنى ئۆزگە ۋە دۇنياغا تونۇشتۇرۇۋاتقان ئەدىب ـ مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى يەنىلا كىشىنى خۇشاللاندۇرىدۇ. ئەينى دەۋرلەردە كومىراجىۋا، ئاتساڭ، فارابى، ئىبن سىنا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقىرى، لۇتفى، نەۋائىي . . . كەبى بۈيۈك زاتلار مەيدانغا كېلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئىلىمگە چاڭقاق قەلبىگە مەلھەم بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسقان ئەدىب ـ ئالىملىرىمىز چوڭقۇر ئىجتىھات بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئەجدادلىرىمىز ياراتقان نەچچە مىڭ

---

① «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى، 87 ـ بەت.

يىلىق مەدەنىيەت ـ سەنئەت تارىخىنى قەلەمگە ئېلىپ ئۆلمەسلىك ھالىتىگە كەلتۈردى. بۇ جەھەتتە ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تۆھپىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى. بىراق كۆپلىگەن كىشىلىرىمىز ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئەجىر ـ تۆھپىلىرىگە بەرگەن باھاسى تازا يېتەرلىك بولمىدى. ئۇ بىر قىسىم ئىجادىيەتچىلىرىمىزدەك ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىش، قىلغان ئازغىنە ئەمگىكىدىن ماختىنىپ كېرىلىپ يۈرۈش، ئۆزىگە تەمەننا قويۇشتەك خاھىشلاردىن مۇستەسنا بولۇپ، مىنۇت ـ سېكۇنت ۋاقتىنى ئىنتايىن ئەزىز بىلىپ ئىجادىيەت ئۈستىلىدىن باش كۆتۈرمىگەن بولغاچقا، چەكلىك ھاياتىدا ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئاجايىپ مول تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىزلەرگە «مىراس» سۈپىتىدە قالدۇرغان كۆپ خىل مەزمۇندىكى ئەسەرلىرىنى خەلقىمىزگە يۈزەكى بولسىمۇ تونۇشتۇرۇپ، ئىلمىي قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ھاياتى ۋە كۆپ قىرلىق ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، مەخسۇس ئەسەر يېزىش ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئالىمنىڭ ھاياتىغا توغرا باھا بېرىپ قەدرىگە يەتمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ قىممىتى بىلەن ئۆزىنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئادىل باھانى ئوتتۇرىغا قويالمايمىز.

ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىم ئىدى. بىز ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان بولساقمۇ، تونجى يىلى بولغاچقا خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىۋاتاتتۇق، كەسپكە رەسمىي چۈشمىگەن ئىدۇق. شۇنداقتىمۇ بوش ۋاقىتلىرىمىزنى ھەر خىل گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتۇق. ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى، بىر كۈنى چۈشتە ماڭا ئاكا دېمەتلىك بىر

ھەۋەسكار دوستۇم «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان «ئۇيغۇرلاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىسمىتى مەسىلىسى»، «ئۇ، كەلمەسكە كەتتى» ناملىق ئىككى پارچە ئەسەرنى «ئوقۇپ بېقىڭ» دەپ بەردى. مەن شۇ ھامان ئۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇدۇم. قەلبىم ھازىرغىچە بولۇپ باقمىغان بىر ھاياجانلىق كەيپىياتقا تولدى. مەن ئۆزۈمگە قاتتىق ئۆكۈندۈم. ئەجىبا مۇشۇ كەمگىچە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندەك ئاشۇنداق بىر زامانداش، زور ئالىمىمىز ھەققىدە ھېچقانچە چۈشەنچىگە ئىگە بولالماپتىمەن. بۇ ئىككى ماقالە مېنى چوڭقۇر خىيالغا پاتۇردى. مەن ھاياجاندىن تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن بۇ ئىككى پارچە ئەسەرنى خاتىرەمگە ئۆز پېتى كۆچۈرۈۋالدىم. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خاتىرەمگە كۆچۈرۈۋالغان مەزكۇر ئەسەرنى قايتا ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ئەسەرلەر ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋتى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، مەن ئەسەردىكى «. . . ئۇ شائىرلىرىمىز ئىچىدە تۇنجى بولۇپ بىزگە مەخسۇس رۇبائىيلار توپلىمىنى تەقدىم قىلسا، بىز ھەسەت قىلىپ رەزىللىك بىلەن ‹ياخشى رۇبائىيدىن بىر ئادەم ئۆمرىدە پەقەت بىر نەچچىنىلا يازالايدۇ› دەپ پەتىۋا چىقىرىپ كەم سۇندۇردۇق. ‹قاتلام نەزەرىيىسى› نى ئوتتۇرىغا قويسا، ئىلمىي رەددىيە بېرەلمەستىن بۇ نەزەرىيىنى چەت ئەللىكلەر بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويغان دەپ گەپ تارقاتتۇق. تارىخ، پەلسەپە، ئېستېتىكا تەتقىقاتى ۋە شېئىر، نەسىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ توم ـ توم كىتابلارنى يېزىپ بەرسە، خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا ‹بۇ ئادەم ھەممە ساھەگە ئېسىلىۋالماي بىرلا ئىشنى قىلسا بولاتتى› دەپ ئەخمەقلەرچە ئەقىل كۆرسەتتۇق . . . جەمئىيەتتە بىرەر يامان گەپ تارقالسا، دەرھال ئۇنى شۇ ئىشنىڭ ئىگىسى قىلدۇق . . . ئۇ يازغان

ئىلمىي ئەسەرلەرنى نەچچە ئونىمىز بىرلىشىپمۇ يازالمايدىغانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئۇنى سۆكتۇق . . . شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئەزرائىل ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئاپتوبۇسقا ئېلىپ چىققۇچە بىز بار كۈچىمىز بىلەن ئۇنى ئاپتوبۇسقا ئىتتەردۇق. دەسسىگەن يېرىنى چوغ قىلىپ، يېگەن ئېشىنى زەھەر قىلىپ، كۆرگەن كۈنىنى هارام قىلىپ، تۇغۇلغانغا تويغۇزۇپ ئۇ دۇنياغا ئۇزاتتۇق . . . بىر نازىر ئۆلۈپ كەتسە «ئورنىغا مەن بولاي» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ چىقىدىغان ئادەمدىن كۆرمىگىلاپ چىقىدۇ. قېنى «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئورنىغا ئالىملىققا مەن تەييار» دەپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئەزىمەت بارمۇ؟ . . .» . «شۇنداق قىلىپ ئۇ 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يېتىشىپ چىققان ئۇيغۇر ئالىملىرى ئىچىدىكى ئالىملارنىڭ ئالىمى ئىدى . . . ئەگەر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن رۇس، گېرمان، ئىنگلىز، قازاق، خەنزۇ، ياپون بولغان بولسا بىز كۆرسەتكەن كۈننىڭ ئەكسىنى كۆرگەن، قالتىس قەدىرلەنگەن بولاتتى. . . بۇ ئادەمنىڭ ئېگى هازىرقى ئۇيغۇرلاردىن 50 يىل ئالغا كەتكەن . . .»[1] دېگەن جۈملىلەرنى ئوقۇۋېتىپ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ هاياتىغا قىزىقىپ قالدىم ۋە بىر قانچە پارچە ئەسىرىنى ئوقۇدۇم. نەتىجىدە بىردىنلا ئۇنىڭغا بېرىلگەن يۇقىرىقى باهالارنىڭ بىكار ئەمەسلىكىنى هېس قىلىپ، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىنى توپلاپ ئوقۇپ چىقتىم. هەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. 1998 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەكتىپىمىزنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنى قولۇمغا ئالدىم ۋە ۋاراقلاشقا باشلىدىم. تۇساتتىن

---

① «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 1995 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى سانىغا قاراڭ.

ئوقۇتقۇچىمىز كېرىمجان ئابدۇرېھىم يازغان «ئەدەبىيات گۈلزارىدىكى تونۇماس چېچەكلەر — مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىلمىي ۋە ئىجادىي پائالىيىتى» سەرلەۋھىلىك ماقالىگە كۆزۈم چۈشتى. ماقالە مۇنداق باشلانغان ئىدى: «مۇبادا زامانىمىزدىكى مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەھەتتىكى تۆھپىكارلارنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، كىشىلەر مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىمۇ قايىللىق بىلەن تىلغا ئالىدۇ»[①] مەن بولا - بولماس تەرىزدە تەرىپلەپ باشلانغان بۇ جۈملىنى ئوقۇپ ئەجەبلىنىپ ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم: «ئەجەبا، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەھەتتىكى تۆھپىكارلارنىڭ ئەڭ ئاۋانگارتى ئەمەسمۇ؟ فارابىدەك جاھانشۇمۇل ئالىمىمىزنىڭ مەنىۋى ھەيكىلىنى قەلبىمىزدە مۇكەممەل ئوبرازى بىلەن تىكلىگەن كىشى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەمەسمۇ؟ ئۇيغۇر مۇقام تەتقىقاتىنى سىستېمىغا كىرگۈزگەن ۋە يۇكسەك سەۋىيىگە يەتكۈزگەن كىشى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەمەسمۇ؟ ئۇيغۇر پەلسەپە - ئىدىيە تارىخىنى بىرىنچى بولۇپ مۇكەممەل يورۇتۇپ بەرگەن كىشى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەمەسمۇ؟ دىيارىمىزدىكى تاشكېمىرلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت تەۋەلىكىنى مۇكەممەل ئىلمىي ئاساسلار بىلەن دەۋا قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل بەدىئىي قىممىتىنى بىزگە تونۇتقان كىشى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەمەسمۇ؟ ئۇيغۇر رۇبائىيچىلىقىدا ئەڭ يۇكسەك پەللە ياراتقان كىشى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەمەسمۇ؟ مىللىي روھىيىتىمىزدىكى قاششاقلىق، زەئىپلىك، چۈشكۈنلۈك ۋە سانقىنلىق ھەققىدە ئىزچىل تەرىزدە ئازاب بىلەن مۇتەپەككۇرانە تەنقىدىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، بىزنى چوڭقۇر ئويلارغا سالغان

① «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ 1998 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى سانىغا قارالڭ.

AltunOq

كىشى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەمەسمۇ؟ . . .»
شۇنىڭدىن كېيىن بىر قانچە قېتىم بۇ ھەقتە ئويلىنىپ باقتىم، سېلىشتۇردۇم. ئىزدىنىش تېمىسىنىڭ كۆپ خىللىقى، تېمىنى يورۇتۇشتىكى چوڭقۇرلۇقى، ئىلمىي قاراشلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە يازغان ئەسىرىنىڭ جىقلىقى بىلەن ئۇ ھەقىقەتەن مەزكۇر ساھەدىكىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى مۇقەررەر ئىدى. بۇ مەسىلىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ھەل قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ئىزدىنىشكە، قايىل قىلارلىق پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بارلىق ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ مەخسۇس بىر ئىلمىي ئەسەر يېزىش قارارىغا كەلدىم ۋە بۇ قارىشىمنى مەكتىپىمىزدىكى ئۇستازلىرىمدىن ئاسپىرانت نۇرۇللا مۆئمىن يولغۇن ۋە پروفېسسور ئابلىمىت ئىسمايىللەرگە ئېيتتىم. نەتىجىدە ئۇلار مېنى قوللاپ مەدەت بەردى. شۇنداق قىلىپ «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەتقىقاتى — مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر» ناملىق بۇ كىتابقا مۇستەھكەم ئۇل سېلىندى. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىجادىيىتى ھەممە ساھەلەرگە چېتىلىدىغان بولغاچقا، ئاشۇ ساھەلەر ھەققىدە مەلۇم بىلىمگە ئىگە بولماي تۇرۇپ، ئالىمنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدە توختىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبلىك مەن بۇ جەھەتتە خېلى ئىزدەندىم. ئەمما بۇنى ماھىيىتى بىلەن شەرھىيلەپ چىقىش ئىشىنىڭ دېڭىزدىن تامچىسى دەپ قارايمەن. بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا ئابلىمىت ئىسمايىل، تۇرسۇن نىياز، يالقۇن روزى، تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار، نۇرمۇھەممەت ئۈچقۇن قاتارلىقلارنىڭ ھەمدە ئالىمنىڭ ئايالى رەنا مەخسۇتنىڭ ھەر جەھەتتىن ياردىمىگە مۇيەسسەر بولدۇم. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارغا چىن

كۆڭلۈمدىن تەشەككۇر ئېيتىمەن. كىتابنى يېزىپ بولۇپ نەشر قىلدۇرۇشتىن بېشىم قېتىپ، يالقۇن روزىغا مەسلىھەت سالدىم. يالقۇن روزى «2003 ـ يىلى ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تۇغۇلغانلىقىغا 70 يىل بولىدۇ. ئەنە شۇ خاتىرە يىل مۇناسىۋىتى بىلەن نەشر قىلدۇرۇپ تارقىتايلى، نەشر قىلدۇرۇشقا مەن ئىگە بولاي» دەپ ۋەدە بەردى. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئەنە شۇنداق جەرياندىن كېيىن رۇياپقا چىقتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ كىتابىمىنىڭ نەشردىن چىقىشىغا ياردەم قىلغان يالقۇن روزىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

مۇئەللىپتىن

2002 ـ يىل 9 ـ ئاي، قاراقاش.



# بىرىنچى باب

# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى

ھەربىر ئادەمنىڭ ھاياتى — ئەگەر ئۇ ئۆزىنى ئىنسان دەپ چۈشەنسە، ئۆزىنى تار شەخسىي مەنپەئەتلەر يولىدا ئەمەس، بەلكى قانداقتۇر ئۇلۇغ ئىشقا ئىنتىلىۋاتقان، ئومۇمنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشى ئۈچۈن كۈرىشىۋاتقان ئىلغار كىشىلەرنىڭ يۈكسەك مەقسەتلىرى ئۇنى شەخسەن ئىلھاملاندۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا — ئۇ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىنساندۇر.

— م. ئى كالىنىن[1]

ئىنسان بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇپ، ئىللىق تۇپراق ھىدىنى پۇرىغاندىن تارتىپ، تاكى ئىسسىق يەر قوينىغا كىرىپ كەتكۈچە بولغان چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە بېشىدىن ئۆرغۈنلىغان ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزىدۇ. كۆرمىگەننى كۆرىدۇ، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلايدۇ، بىلمىگەننى بىلىدۇ. ئەمما ئاخىرقى تىنىقلىرىدا مەيلى شاھ بولسۇن ياكى گاداي بولسۇن، مەيلى ئالىم بولسۇن، ياكى زالىم بولسۇن، چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن . . . قىسقىسى ھەممىسى ئۆتكەن كۈنلىرىنى

① «تەپەككۈر گۈلشەنى» 79 ـ بەت.

ئەسلەپ كۆزلىرىگە ياش ئالىدۇ. ئەمما ئۇ ياشلارنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن مۆلدۈرلەپ چىقىش سەۋەبى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرى تېخىمۇ ياخشى ئوينىۋالمىغىنىغا، كىيىۋالمىغىنىغا، يېۋالمىغىنىغا ئەپسۇسلانسا، يەنە بەزىلىرى ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن كۆپلەپ ماددىي بايلىق يارىتىپ بېرەلمىگىنىگە، تېخىمۇ مۇكەممەل پەن ـ مەدەنىيەت ئىختىرالىرىنى ئىجاد قىلىپ بېرەلمىگىنىگە، تېخىمۇ نادىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ بېرەلمىگىنىگە ئۆكۈنۈپ كۆزلىرىگە ياش ئالىدۇ.

كېيىنكىسىگە مەنسۇپ بولغان ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مۇنداق دېگەن ئىدى: «ھەممە ئۆلىدۇ، ئۆلۈمنىڭ ۋاقتى، شەكلى ھەر خىل بولىدۇ، دەپىن مۇراسىملىرىنىڭ دەبدەبىسىمۇ بىر خىل بولمايدۇ. ئەمما ئۆزۈلمەس دولقۇن — مەرىپەت تارىخى، روھىيەت تارىخى ئۆزى خالىغان شەخسلەرنى قايتىدىن تىرىلدۈرىدۇ! بۇنى زاكاز قىلغىلى، ئۆزى قىلىۋالغىلى، ئاپپاق خوجىدەك يۈز مىڭلىغان قەسەملىك مۇرت ـ مۇخلىسلىرى ۋە قەبرىگاھلىرى بىلەن ‹ئەبەدىيلىك ئابىدە› گە ئايلىنىۋالغىلى بولمايدۇ! نېمە چارە، تارىخ ئەنە شۇنداق نەرسە! بۇ پۈتۈنلەي بولمىسىمۇ، خەلق تېپىشماقلىرىدىكىدەك: ‹تەگ دېسە تەگمەيدىغان، تەگمە دېسە كېلىپ تېگىدىغان› تىلسىم». ئۆمۈر مۇساپىسىدە كۆڭلىگە نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلارنى پۈكۈپ، خەلق ئوتىدا كۆيۈپ، سۇيىدە ئېقىپ يۇقىرىقىدەك سۆزلىرىنى «مىراس» قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ ئالىمىمىزنىڭ ئۈن ـ تىنىسىز كۆز يۇمۇشى كۆپلىگەن كىشىلىرىمىزنى مۇسىبەتكە دۇچار قىلسا، يەنە كۆپلىگەن كىشىلىرىمىزنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. بىر قىسىملىرى بۇ ئالىمنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىنى، ئىجادىي ئەمگەكلىرىنى ئەسلەپ ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ماتەمدە تۇرسا، كۆپ قىسىملىرى ئۆز مىللىتىدىن، ئۆز قوۋمىدىن بولغان بۇ ئالىمنىڭ مىراسلىرىدىن

Altundaq

خەۋەر تېپىپ «ئارىمىزدا مۇنداقمۇ ئادەملەر بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟!» دېيىشىپ، ئۇنىڭ نامىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشتى. بۇ مۇبارەك زات پەلسەپە، ئېستېتىكا، تىل - ئەدەبىيات، سەنئەت، تارىخ، ئارخېئولوگىيە، مۇقام، جۇغراپىيە، ئېتنوگرافىيە، دىن، مائارىپ، ئېتىكا، فولكلور، تېبابەتچىلىك ... قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرگە چېتىشلىق بىلىم ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق ئالىم، يېتىلگەن مائارىپچى، تالانتلىق ئەدىب، ئىستېداتلىق پروفېسسور بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى بۇ يېتۈك ئالىمنىڭ ۋاقىتسىز كۆز يۇمغانلىقى ئۈچۈن ئېغىر ئۇھسىندى.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ئۆمۈر مۇساپىسىدە لىۋان يازغۇچىسى جىبران خېلىل جىبراننىڭ «مەن ماڭغانلار بىلەن بىللە مېڭىشنى خالايمەن، ئۆتۈۋاتقانلارغا قاراپ تۇرۇشنى خالىمايمەن»[①] دېگەن سۆزى بويىچە، كېچە - كۈندۈز ئىزدىنىش ئارقىلىق ئىلىم - پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىدىن ئورۇن ئالغان ئەدىبلىرىمىز بىلەن ياندىشىپ مېڭىپ كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ 62 يىللىق ھايات مۇساپىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت، تەلىم - تەربىيە ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلاپ مىللىتىمىز ئۈچۈن ئۆچمەس مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. فارابى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، نەۋائىي ... لارنىڭ قەلىمى ئاستىدا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن «رۇبائىي» ژانىرىنى تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈپ، ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەر قايسى بەھرلىرىدە يېزىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تۇنجى رۇبائىيلار توپلىمى «رۇبائىيات»نى يورۇقلۇققا چىقاردى. ئىلمىي تەتقىقات

---

① «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 - يىل، 2 - سان، 25 - بەت.

جەھەتتە ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئېستېتىكا ئىلمى، تاشكېمىر سەنئىتى ئىلمى ۋە قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا تارىخى قاتارلىق جەھەتلەردە زور ھەجىملىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئۈچۈن يېڭى يول سالدى. ئۇ «مىللىتىمىز ئۆز تارىخىدا شۇنچىۋالا كۆپ ئېسىل نەرسىلەرنى ئىختىرا قىلىپتۇ. لېكىن ئۇنى تەتقىق قىلغۇچىلار باشقىلار، ئەلۋەتتە ئۆز مىللىتىمىزدىن كۆپرەك تەتقىق قىلغۇچىلار يېتىشىپ چىقىشى لازىم»[1]دېگەن ئەقىدىسىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شېئىر - پروزا، دراماتورگىيە قاتارلىق ژانىرلىرىدىمۇ مول ئىجادىي تۆھپىلەرنى ياراتقان تالانتلىق ئەدىب. ئۇ ھامان ئۆز ئەسەرلىرىدە قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى بىلەن چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى بىرىكتۈرۈپ، باھاردىكى تاغ سۆيىدەك سۈزۈك لىرىك تۇيغۇلار ئىچىدە ئۆز تەسەۋۋۇرىنى ھامان مىللەت ۋە خەلقىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخ تەرەققىياتىدىكى ئورنىنى، ئۇمىدىنى، ئىجادكارلىقىنى، باتۇرلۇقىنى ئىپادىلەپ كەلدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى زامانىۋى ئىدىيىلەر، زامانىۋى ئەدەبىي ئۇسلۇبلار ۋە يېڭىچە ئىستېتىكىلىق ۋاستىلەر بىلەن بېزەپ جانلاندۇردى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ شېئىر - رۇبائىيلىرى ھەم قويۇق مىللىي پۇراقتا، ھەم كۈچلۈك زامانىۋى روھتا ئىگە بولدى. ئۇ ئىجادىيەتتە ئۆزىگە خاس يول تۇتتى. ئۇ مەلۇم مەزگىللىك

---

[1] يۇقىرىقى ژۇرنال، 27 - بەت.

ھاياتنى ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي تۇرمۇش رېئاللىقىنى تېما قىلىپ يورۇتۇپ، ئەسلىدىكى ئەدەبىيات روھىنى نامايان قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ماھىيەتلىك ھايات تەسىراتلىرى، ئەبەدىي ئۆلمەس ئىدىيىۋى خاھىشلار، كىشىلەر خاتىرىسىدە يېڭىچە ساقلىنىپ تۇرىدىغان تۇرمۇش دېتاللىرى ئەكس ئەتتۇرۇلدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى تۇرمۇش بىلەن پەلسەپە يارانقان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى شائىرنىڭ قارىشىچە، شائىر ئۈچۈن ئېيتقاندا، تۇرمۇش — ئانا، پەلسەپە — ئاتىدۇر، شېئىر — ئەنە شۇلار ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان بالىدىن ئىبارەت. شۇڭا شائىر تالانتلىق بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ھەقىقىي پەيلاسوپ بولۇش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئۇنىڭ شېئىرلىرى قىزغىن ھېسسىيات ئىچىدە يارقىن پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ①.

XX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يېتىشىپ چىققان ئۇيغۇر ئىلمىي خادىملىرى ئىچىدە ئىلمىي تەتقىقات تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، يورۇتۇپ بەرگەن مەزمۇنلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئەسەرنىڭ يېزىلىشىنىڭ تېزلىكى، سانىنىڭ كۆپلۈكى، ئىجادىيلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، بۆسۈش خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ باشقىلار ئاچمىغان يولنى ئاچقان، باشقىلار يازمىغان تېمىنى يازغان، ئاز ۋاقىت ئىچىدە كۆپ ھوسۇل بەرگەن ھەقىقىي ئىجتىھات ئىگىسىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، ھاياتىي پائالىيىتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش، ئەسەرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا شەرھىيلەش، خەلقنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ

① يۇقىرىقى ئىزاھقا قاراڭ.

مەزمۇنى بىلەن خەۋەرلەندۈرۈش، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش نۆۋەتتىكى تەتقىقات پائالىيىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1

يادىڭدىدۇر بەلكى سەن تۇغۇلغان ئان،
ھەممە كۈلگەنىدى، سەنلا يىغلىغان.
شۇنداق ياشىغىنكى، كېتەر چېغىڭدا،
ھەممە يىغلاپ ماڭسۇن، سەن ماڭغىن خەندان.
— ئابدۇراخمان جامى[1]

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 1933 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاتۇشنىڭ مەشھەت بازىرىغا تۇتاش باغئېرىق كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن زىيالى، ئانىسى ھەمرا خانىم يېڭى زامان تەربىيىسى ئالغان ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق بىر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆستى. ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ چىقتى ۋە غۇلجا، چۆچەك شەھەرلىرىدە بىر مەزگىل ياشىدى. 1940 ـ يىلى ئۇ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدى. بۇ ۋاقىت دەل جاللات شېڭ شىسەي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىرىشىۋاتقان مەزگىل بولغاچقا، يېڭى

---

① «دانالار خەزىنىسىدىن»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل، نەشرى، 138 ـ بەت.

ئىدىيىدىكى كىشىلەر شىڭ شىسەيىنىڭ قولچوماقلىرى تەرىپىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن زەربىگە ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى شۇ مەزگىللەردە شىڭ شىسەيىنىڭ «كۆزىگە قادالغان مىخ» بولغانلىقى سەۋەبلىك شۇ يىلى قولغا ئېلىنىدى. ئۇ 1944 ـ يىلى تۈرمىدىن قاچقان ئاتىسى بىلەن قەشقەرگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ بۇ ۋاقىتتا ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن بولۇپ، سەپەر جەريانىدا تارىم ساھىلىغا جايلاشقان بوستانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقان ئانا خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئىگىلىكى، تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى ۋە روھىيىتى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، سەپەر جەريانىدا كۆپلىگەن خاتىرىلەرنى قالدۇردى.

ئۇلار قەشقەرگە كېلىپ بىر كۈندىن كېيىن، گومىنداڭ ساقچىلىرى ئۇنىڭ ئاتىسىنى «باغ سەيلىسى» باھانىسىدا قولغا ئالدى. ئەمىنلىك ئۇلارغا يار بولمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قەشقەردىكى ھېيتگاھ مەدرىسىدە دوك قارى ھاجىمدا دىنىي تەربىيە كۆردى. ئۇ ئۇرۇمچىدە تۇرۇۋاتقان چېغىدىلا ئىلغار پىكىرلەر تەسىرىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، 1949 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە كۆتۈرۈلگەن زۇلۇمغا قارشى ياشلار ھەرىكىتىگە قاتناشتى.

ئالىم كىچىكىدىن تارتىپلا ئۆگىنىشكە، بىلىم ئىگىلەشكە ھېرىسمەن ۋە ماھىر بولغاچقا، مەيلى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى باللىق، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا بولسۇن، ياكى ئالىي مەكتەپلەردىكى ياشلىق چاغلىرىدا بولسۇن، ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقى، زېھنىي قابىلىيىتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ئىزچىل تۇردە ئەلا ئوقۇپ، ساۋاقداشلىرى ۋە ئۇستازلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە تالانتلىق ھەم ئىستىقباللىق ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە زور ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. 1950 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇنجى ۋەكىلى

AltunOq

سالاھىيتى بىلەن غەربىي شىمال ئوقۇغۇچىلار قورۇلتىيىغا قاتنىشىپ بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن قاتارلىق شەھەرلەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى. شۇ يىلى كۈزدە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ بىئو ـ خىمىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندى. شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدىمۇ باشتىن ـ ئاخىر ئەلاچى بولۇپ ئوقۇغاچقا 1952 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىندى. 1953 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە ئالىم شىئەندىكى غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتلىق بۆلۈمىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، پەلسەپە پەنلىرى بويىچە بىلىم ئاشۇردى. ئالىم شۇ چاغلاردا شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىن چىققان تۇنجى ئاسپىرانت ئىدى. ئۇ ئاسپىرانتلىق تەلىمىنى ئېلىۋاتقان چاغلىرىدا خەنزۇ تىلى ئاساسى خېلىلا ياخشى بولغاچقا، خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرسىنى بىۋاسىتە ھالدا بىمالال ئاڭلاش، كىتاب ـ ماتېرىياللارنى بىۋاسىتە كۆرۈش، پىكىر ـ ھېسسىياتىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلىدى. ئالىم ئۇ يەردىمۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە زېھنىي كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ خەنزۇ ساۋاقداشلىرىدىن ئۈزۈپ كەتكەچكە، يېتەكچى مۇئەللىمى — پروفېسسور جاڭ شۈەن ئەپەندى ئۇنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىنى باھالىغاندا، رەسمىي ئىمتىھان ئالمايلا ئەڭ يۇقىرى نومۇر قويغان. ئاسپىرانتلىق ئوقۇشى جەريانىدا ئۇ ماركسىزمچە پەلسەپە ۋە ياۋروپا كلاسسىك پەلسەپىسىنى بىرلىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر پەلسەپە سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش ئىشىغا پۇختا ئاساس سالغان.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغاندىن كېيىن، ئانا مەكتىپى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا كېلىپ، ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئېغىر مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە

ئېلىپ، يۈكسەك ئىلمىي روھ، زور جاسارەت بىلەن ئىشلىدى. ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان دەسلەپكى يىللاردا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىخى»، «جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخى»، «ئۆسۈملۈكلەر فىزىئولوگىيىسى»، «ئۆسۈملۈكلەر پاتالوگىيىسى»، «ھاشاراتشۇناسلىق» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتتى. غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، ماركسىزم كافېدراسىدا سىياسەت ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ «تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخى»، «ماركسىزم ئاساسلىرى»، «پەلسەپە» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتتى ۋە ئۇنىڭ دەرسلىكلىرىنى تۈزۈپ باستۇردى. بۇ مەزگىلدە ئۇ يەنە تەكلىپكە بىنائەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى، شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەرگە بېرىپ «ماركسىزم ئاساسلىرى»، «پەلسەپە» دەرسلىرىدىن لېكسىيە سۆزلىدى. 1955 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ قوشۇمچە مەسئۇل مۇھەررىرى بولدى. ئالىم ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىگە قەدەم قويۇپ تۇنجى قېتىم «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. 23 ياشلىق مۇئەللىپنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ياشىغان دەۋرى، كۆز قاراشلىرى ۋە تارىخىي تۆھپىلىرى بايان قىلىنغان بۇ ئىلمىي ماقالىسى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ تونۇلدى. ئەمما كاج پەلەك ئۇنىڭغا ئىللىق چىراي ئاچمىدى. ئۇ مۇشۇ ماقالىسى سەۋەبلىك 1959 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلىغىچە 20 يىل سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، ھەر خىل ئاچچىق قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈردى. ھايۋان كەبى مۇئامىلىگە تالاي قېتىم دۇچار بولدى.

بۇ يىللاردا پەقەت 1962 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلىغىچە بولغان تۆت يىلدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا نازارەت ئاستىدا ئىشلىگەن چاغلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم جەھەتتىن پايدىلىق بولدى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ كۇتۇپخانىدا ئىشلەش ئالىم ئۈچۈن بىلىم ۋە ئىجادىيەت بىناكارلىقىنىڭ ئۇلىنى ئورنىتىشنىڭ ياخشى پۇرستى بولدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئەدەبىيات، ئېستېتىكا، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تارىخى . . . قاتارلىق ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل ماتېرىياللارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىپ شۇ ساھەلەردىكى مەخسۇس تېما بويىچە ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ، كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنىڭ دەسلەپكى ئۇلىنى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە قىلدى. تۆھمەتكە ئۇچراپ «ئوڭچى»، «يەرلىك مىللەتچى» قىلىپ قويۇلغان ئاشۇ ئېغىر كۈنلەردىمۇ يەنىلا جاسارەت بىلەن ياشىدى. مەيلى قايغۇ بولسۇن، ۋە ياكى خۇشاللىق بولسۇن، ھەممىسىگە ئۆز يولىدا مۇئامىلە قىلىپ، روھىي جەھەتتىن قىلچە بوشىشىپ قالمىدى. قاراڭغۇ تۈنلەردە چولپاننى، تۇمانلىق كۈنلەردە كۈن نۇرىنى، لاي سۇدا ئالتۇن بېلىقنى، تەتۈر قۇيۇندا بۇركۇتنى، قايغۇ ئىچىدە خۇشاللىقنى، ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە راھەت ـ پاراغەتنى . . . كۆرەلىدى. گەرچە 20 يىللىق ھاياتى تۆھمەت ۋە زۇلمەت ئىچىدە ئۆتسىمۇ، يەنىلا ئىلىمگە بولغان ھېرىسمەنلىكتىن، خۇشال كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىگە بولغان ئۈمىدتىن، يىراقنى كۆرەلەيدىغان، تەپەككۇر ـ مۇلاھىزە قىلالايدىغان ئىلمىي روھتىن، كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئەقلىي قابىلىيەتتىن ئەسلا ئايرىلمىدى.

1979 ـ يىلى ئالىم ئۈچۈن ئىككىنچى تۇغۇلۇش بولدى. يەنى ئۇنىڭ سىياسىي ھوقۇقى ئەسلىگە كېلىپ، 20 يىللىق ئىسكەنجىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل ئازاد بولدى ۋە تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا چىقىپ، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «ئومۇمىي

ئېستېتىكا» ، ئاسپىرانتلارغا «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىدېئولوگىيە تارىخى» قاتارلىق يېڭى دەرسلەرنى تەسىس قىلىپ ئۆتتى ۋە ئۇنىڭ دەرسلىكلىرىنى تۈزۈپ چىقتى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئوقۇتقۇچىلىققا ناھايىتى ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، دەرس مۇنبىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس ئورۇن ۋە ماھارەت كۆرسىتىش سەھنىسى ھېسابلىناتتى. ئۇ بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەڭ زۆرۈر بىلىملەرنى ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، يەنە ناھايىتى كەڭ بىلىم ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى پەقەت مەخسۇس كۇرس، ئاساسىي كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە ئاسپىرانتلار، بىلىم ئاشۇرغۇچى ئوقۇتقۇچىلار ۋە چەت ئەللىك بىلىم ئاشۇرغۇچى دوتسېنتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق پائالىيىتى يالغۇز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئەمەس، ئۇ يەنە كېلىپ تەكلىپ بويىچە قەشقەر، ئاتۇش، قاراماي، تۇرپان، قۇمۇل، بېيجىڭ، كۇنمىڭ، خەيىنەنداۋ، خۇلىنبىر قاتارلىق جايلارغا ۋە ياپونىيىنىڭ كيوتو، توكيو شەھەرلىرىگە بېرىپ لېكسىيە سۆزلىدى ھەم ئىلمىي دوكلات بەردى. پۈتۈن ھاياتىنى ھارماي ـ تالماي ئىلىم ئۆگىنىشكە ۋە ئۆگىتىشكە، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا بېغىشلاپ، ئاز ۋاقىت ئىچىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى باشلىغاندىن كېيىنمۇ، ئىنچىل تۈردە ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتىنى يوقاتمىغان ئىدى. ھەر بىر مىنۇت ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ زېرىكمەستىن ئۆگىنەتتى، كىتاب ئوقۇيتتى. ئۆزى ئۈچۈن ئۇستاز دەپ بىلگەن كىشىلەرنىڭلا كىتابلىرىنى ئوقۇپ قالماي، ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرىنىڭمۇ

كىتابلىرىنى ئوقۇيتتى. ئۆز كەسپىگە دائىر كىتابلارنىلا ئوقۇپ قالماي، باشقا كەسپلەرگە دائىر كىتابلارنىمۇ ئوقۇيتتى. كىتاب ئۇنىڭ ئۇستازى، سۆھبەتدىشى ھەم دوستى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كۈندىلىك ھاياتى كىتاب ـ ژۇرنال سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاش بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ كىتابنى «خۇددى يېقىندا كاتتا ئىمتىھان بولىدىغاندەك، خۇددى يېقىندا يېڭى بىلىم ئۇپۇقى ئېچىلىپ ساۋاتسىزغا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك جىددىيلىك بىلەن، ئالەم سىرلىرى ئۇستىدە ئۆتكەن ئالىملاردىن دەرس ئالغاندەك كىچىك پېئىللىق بىلەن، ھەممە مۇتلەق خۇلاسىلەر ئۇستىدىن ئىسيان كۆتۈرىدىغاندەك گۇمانىي تۇيغۇ بىلەن، يېڭى بوغۇننىڭ ئەلچىسىدەك جىددىي جاۋابكارلىق بىلەن» ئوقۇيتتى. كىتاب ئۇنىڭ نەزەرىدە ئىنسانىيەت ئۆز قولى بىلەن بىنا قىلغان، تارىختىكى پۈتكۈل ماھىيەت ۋە ھادىسىلەرنى ئۆزىگە جۇغلىغان ھەقىقىي ۋە بىردىنبىر ئەلئېھرام ئىدى. ئۇ كىتاب كۆرۈشكە ھېرىسمەن بولۇش بىلەن بىللە، ۋاقىتنى تېجەشكىمۇ ماھىر ئىدى. ئۇ يەشمە، ئىزاھ، بايان خاراكتېرىدىكى قوراشتۇرما كىتابلارنى ئەمەس، بەلكى ئاساسىي ئېقىم ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىنى بېيىتىشقا دائىر ئەسلىي مەنبە، ئاساسىي نەزەرىيە ۋە مۇتەپەككۇرانە مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى كىتابلارنى تاللاپ كۆرەتتى ھەم ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆزى ئۇچۇن يېڭىلىق دەپ ھېس قىلغان نەرسىلەرنى قىلچە ئېرىنمەستىن خاتىرىلىۋالاتتى. بۇ ئۇنىڭ بىلىم بىناكارلىقى قۇرۇلۇشى ئىدى. دېمەك، ئۇنىڭ ئۆگىنىشى ئۆلۈك، قاتمال ئەمەس، بەلكى جانلىق، ھەرىكەتچان ئىدى.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ قىزىقىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ ئىدى. ئۇ ئادەمنىڭ بىلىدىغىنى قانچىكى كۆپ ۋە چوڭقۇر بولسا، ئۆتمۇش ۋە رېئال جەمئىيەتتىكى خىلمۇخىل ھادىسىلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ ۋە بىر ـ بىرىگە باغلاپ

تەھلىل قىلىشقا، چۈشىنىشكە ئاسان بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغاچقا، بىلىۋېلىشقا بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىشكە قىزىققان ئىدى. ئۇ ئالىي مەكتەپتە بىئولوگىيە، خىمىيە پەنلىرىگە دائىر ئىلىملەرنى ئوقۇغان بولسىمۇ، كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ تېخى ئېچىلمىغان بىر خەزىنە ئىكەنلىكىنى، بىزدە بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنىڭ تېخى ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۆزىنىڭ قىزىقىش ئوبيېكتىنى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىگە قارىتىپ، پەلسەپە، ئىجتىمائىيەت، مەدەنىيەت، تارىخ، ئەدەبىيات، ئېستېتىكا، ئېتىكا، سەنئەت، تىل، دىن، مىللەت، فولكلور، ئارخېئولوگىيە قاتارلىق نۇرغۇن پەنلەرنى زور ئىجتىھات بىلەن ئۆگەندى، ھەتتا تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگىنىشنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىدى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ رۇس تىلى بىلەن بېسىلغانلىقىنى، قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ قەدىمكى خەنزۇ يېزىقىدىكى كىتابلاردا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئىگىلەش ئۈچۈن، رۇس تىلى بىلەن قەدىمكى خەنزۇ يېزىقىنى بىلمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ تىل ـ يېزىقلارنىمۇ پۇختا ئىگىلىۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئاشۇنداق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، ئىنتايىن مول ھەم چوڭقۇر ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈردى ھەم مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، خۇلاسىلاش، يەكۈن چىقىرىش ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئىشلىرى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئۈچۈن پۇختا ئاساس ۋە كەڭ زېمىن ھازىرلىدى[1].

① «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1996 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى سانىغا قاراڭ.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ كۆپ خىل تىل بىلىش ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ئىگىلىگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ تەتقىقاتىنىڭ تېما دائىرىسى پەلسەپە، لوگىكا، ئېستېتىكا، تىل - ئەدەبىيات، سەنئەت، تارىخ، مىللەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئۇيغۇر مەدەنىيەتشۇناسلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەتشۇناسلىقى، تۈركولوگىيە، ئارخېئولوگىيە، ئېتنوگرافىيە، دىنشۇناسلىق، تېبابەتشۇناسلىق قاتارلىق كەڭ ساھەلەرگە چېتىلىدۇ.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئىلىم - پەننىڭ ھەر قايسى تۈرىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ زور ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان مانا مۇشۇنداق پەيتتە پەلەك بىزنى ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىدى. 1995 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 17 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە كېسەل سەۋەبىدىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي 62 يېشىدا مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى. بىز بىر ئاتاقلىق ئالىمدىن، تۆھپىكار باغۋەندىن، تالانتلىق ۋە مول ھوسۇللۇق ئەدىبتىن، مەشھۇر ئىجتىمائىي پائالىيەتچىدىن ئايرىلىپ قالدۇق. لېكىن ئۇ بىزگە بىباھا ئابىدە، غايە ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئىزدىنىدىغان تېپىلماس ئىجادكارلىق روھىنى مىراس قالدۇردى. ئالىمنىڭ ھاياتى — چىن ئىنسانىي ھايات، بىر تىنىمسىز ئىشلەيدىغان ئالىمنىڭ ھاياتى، بىر تالانتلىق شائىرنىڭ ھاياتى، قولى گۈل، مېۋىسى شەربەت باغۋەننىڭ ھاياتىدۇر. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پەخرى تەتقىقاتچىسى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ پەخرى پروفېسسورى، جۇڭگو يىپەك يولى تەتقىقات مەركىزى ئۈرۈمچى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە - ئىدېئولوگىيە تەتقىقات

جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى؛ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخىنى يېزىش ھەيئىتىنىڭ باش مۇھەررىرى؛ غەربىي دىيار سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام سەنئىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئېستېتىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى؛ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو تۈركولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان، كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقان. ياپونىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا بېرىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش، ئىلمىي دوكلات بېرىش پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان ئىدى.

## 2

گەرچە پەنلەر — ئىنسان ئېڭىنىڭ ئەڭ نەپىس سۈپەتلىرىنى ئويغاتقۇچى ۋە شەكىللەندۈرگۈچى ئامىل بولسىمۇ، پەننى كىمكى پەقەت بىلىش ئۈچۈنلا ئۆگەنسە ۋە تەتقىق قىلسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئالەمدە نېمە سەۋەبتىن ياشاۋاتقانلىقىنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. پەقەت ئەمەلىي ئىشلا ئادەمنى ئادەم قىلىدۇ.

— گ. گېلمكولتس[①]

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىجادىيەتتە كۆپ قىرلىق يېزىش ئۇسۇلىنى مۇجەسسەملىگەن بولغاچقا، قىسقىغىنە

① «تەپەككۇر گۈلشەنى»، 435 ـ بەتكە قاراڭ.

ئىجادىيەت ھاياتىدا قىممىتى مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ «گۆھەر» ئورنىدا قالدۇرۇپ كەتتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھەر قايسى تۈر ۋە ژانىرلىرىدا كۆپلەپ ئەسەر ئىجاد قىلدى. ئالىمنىڭ ئىجادىيىتىدە ئىلمىي تەتقىقات ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇ باشلىغان ئىلمىي تەتقىقات ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىنىڭ ئۇنتۇلۇپ، كۆمۈلۈپ قىلىش ئالدىدا تۇرغان ۋە شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ غول بىر تارمىقى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىن ئىبارەت بولدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ تېخى تولۇق ئېچىلمىغان بىر خەزىنە ئىدى. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىن بۇيانقى مەدەنىيەت بايلىقىنى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى تارىخىدا تۇتقان نەمۇنىلىك، يادرولۇق ئورنىنى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن ئىجابىي تەسىرلىرىنى ئەمەلىي پاكىت ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسلار بىلەن يورۇتۇپ بېرىشنى ئۆز تەتقىقاتىنىڭ نىشانى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى قىلدى. بۇ ئىش ئۇچۇن ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتى ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، بارلىق ۋاقتىنى تىنىم تاپماي ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، پىكىر قىلىش، يېزىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس كۈچلۈك خاراكتېرى، تىرىشىپ ئۆگىنىش روھى، مىللىي مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا بارلىقىنى بېغىشلاشتەك پىداكارانە خىسلىتى ۋە ئۆتكۈر زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇنى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە خېلى يۇقىرى سەۋىيىدىكى زور بىر تۈركۈم ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنى يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى جەريانىدا 20 پارچىگە يېقىن كىتاب، 200 پارچىدىن ئارتۇق

ئىلمىي ۋە نەزەرىيىۋى ماقالە، 500 پارچىدىن ئارتۇق لىرىك نەسر، 2000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، بىر كىنو سېنارىيىسىنى ئېلان قىلدى. باشقا تىللاردىن بىر قانچە كىتاب ۋە كۆپلىگەن شېئىرلارنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدى. 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى تۈرلۈك ماقالىلەر توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلدى. 35 پارچە ئىلمىي ماقالىسى ۋە ئۈچ پارچە كىتابى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. ئىككى پارچە كىتابى ۋە بىر قانچە ئىلمىي ماقالىسى مۇكاپاتلاندى. يەنە بىر مۇنچە ئەسەرلىرى ياپونىيە، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىندى.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا تەڭ يېتىلگەن ئىستېداتلىق ئالىم بولۇپ، ئىجادىيەتنىڭ ھەر ئىككىلا تۈرىدە زور شۆھرەت قازانغان. مەيلى ئەدەبىي ئىجادىيەت بولسۇن، ۋە ياكى ئىلمىي تەتقىقات بولسۇن، كىشىنى قايىل قىلغۇدەك ئىلمىي، ئەدەبىي قىممىتى يۇقىرى بولغان كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئالىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1948 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان بىر پارچە شېئىرى ۋە 1950 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «كېسىلگەن قۇلاق» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «شەيدايى»، «قورزۇن»، «گۈلزار ئاشىقى»، «بۇلبۇل ئازادى» دېگەن تەخەللۇسلاردا كۆپلىگەن شېئىرى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە شېئىرىيەتنى ئاساس قىلغان بولغاچقا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە 2000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ئېلان قىلغان بولسىمۇ، يەنە نۇرغۇنلىغان شېئىرىي ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىش

AltunOq

ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن. ئۇ بۇ ھەقتە: «شېئىرلىرىمنىڭ ئوندىن بىرى ئېلان قىلىندى . . . » دەيدۇ. ئۇنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىككە تويۇنغان بولۇپ، ئىجادىيەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ «يۈرەكتەك چاققان بولسا، ئۆپكىدەك سوزۇلما بولمىسا» دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىپ ئىجادىيەت ئېلىپ باردى. ھېكايە ئىجادىيىتىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، «كېسىلگەن قۇلاق»، «زۇلۇم ئوچىقى»، «ئاق خالات»، «كىچىككىنە ئاسىگۈل»، «نىلۇپەر»، «تاش پەرى» قاتارلىق ھېكايىلارنى ئېلان قىلدى ۋە بىر قىسىم سەھنە ئەسەرلىرىنىمۇ يېزىپ بىر پارچە كىنو سىنارىيىسىنى كىتابخانىلارغا تەقدىم ئەتتى. ئىجادىيەتتىكى ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ نەچچە ئون پارچە ئەدەبىي ئوبزور يازدى. «رۇبائىيات» (ئىككى كىتاب)، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» (تارىخىي قىسسە)، «چوغلۇق» (شېئىرلار توپلىمى)، «كومىراجىۋا» (كىنو سىنارىيىسى)، «تاش پەرى» (ھېكايە)، «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» (نەسىرلەر توپلىمى)، «سۈكۈنات»، «تۇپراقنىڭ مونولوگى»، «تەبەسسۇم» (نەسىرلەر) . . . قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ «رۇبائىيات» دېگەن كىتابى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە دەسلەپ ئوتتۇرىغا چىققان رۇبائىيلار توپلىمى بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر رۇبائىيچىلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ يەنە «كۈسەن مەلىكىسى» (كىنو سىنارىيىسى)، «غەزەلىيات» (غەزەللەر توپلىمى)، «باھارىيات» (شېئىرلار توپلىمى)، «ئاق تۇز» (شېئىرلار توپلىمى)، «شەبنەم ۋە ئۈچقۇن» (شېئىرلار توپلىمى)، «ئىزگۈلۈك مەلىكىسى» (ئۈچ قىسىملىق ئەسلىمە)، «شېرىن ۋە سېرىن» (شېئىرلار توپلىمى)، «مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم» (تەرجىمىھال)، «ئوردىدا باھار»، «پىلە مەلىكىسى»، «مەلىكە

گۇلىيۇز» ، «ئەگىرتاغ ناخشىسى» ، «دات باسمىغان قىلىچ» ، «مۇھەببەت يىغلايدۇ» (پوۋېست) قاتارلىق تارىخىي تېمىدىكى دراممىلار ۋە شېئىرلارنى يېزىپ تەييارلىغان بولسىمۇ، ئېلان قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. «فارابى» ناملىق تارىخىي رومانىنى ئۈچ باب يېزىپ بولغاندا داۋاملاشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىدى.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدىمۇ سالمىقى ناھايىتى چوڭ بولغان مول ئەمگەكلەرنى ئىشلىدى. فارابى شېئىرلىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ كەڭ كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سۇندى. كومىراجىۋا، ما زوچاڭ قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىنى، تاڭ، سۇڭ، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئۆتكەن خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىگە دائىر نەچچە يۈزلىگەن مەشھۇر شېئىرلىرىنى، «چوغلۇق قىز» ، «توققۇز نەزم» ، «شېكسپىر سونىتلىرىدىن تاللانما» ، «ئېستېتىكىدىن لېكسىيىلەر» ، «شاھنامە» (2 ـ، 3 ـ توملىرى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ باستۇردى. مۇھەممەت خارەزمىنىڭ لىرىك مەكتۇبى — «مۇھەببەتنامە» نىڭ بىر قانچە خىل نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، مىسرا ۋە تېكىستلىرىنى تولۇقلاپ «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى مول ھوسۇللۇق ـ نەتىجىلىك ئىجادىيەت بولدى.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدىغان ئىلمىي تەتقىقات ئىجادىيىتى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا باشلانغان بولۇپ، ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا «ھاياتلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى» ، «ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغان ئىدى. 1956 ـ يىلى ئۇ «شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىككى

بۈيۈك ئالىمى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ ماقالە باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالىمغا 20 يىللىق ئېغىر كۈلپەت ئېلىپ كەلدى. بىراق ئۇ مۇشۇنداق دەردلىك يىللاردىمۇ قىلچە بوشاشماي باسىرنىڭ «بىر ئالىم كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ باھاسىنى ئويلىشى كېرەك، ئۆز ۋاقتىدىكى ھاقارەت ياكى ماختاشلارنى ئويلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق» دېگەن سۆزى ۋە لېنكولىنىنىڭ: «ئازابلانغان ۋاقىتتا خىزمەت ئەڭ ئۈنۈملۈك دورىدۇر» دېگەن سۆزى بويىچە روھىي جەھەتتىن كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ:

«بولمىسا قەلبىڭدە شام، تۈندە قالۇرسەن بى زىيا،
يانمىسا باغرىڭدا بىر ئوت، نەزمى بولمايدۇ سىياھ . . .
ئەلنى سەن كۈيلەپ، سېنى ئەل كۈيلىسە ئۆلمەس ئىشىڭ،
بەرق ئۇرار ھەسەن ـ ھۈسەن گويا بولۇپ ئاسماندا يا»

دەپ جاراڭلىق تووۋلاپ، ئىلىم ـ پەننىڭ دېڭىزىغا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ خەلق، ۋەتەن ئۈچۈن جاۋاھىراتلارنى يىغدى. كېچە ھەر قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، تاڭ ئاخىر يورۇيدۇ. راست، ئۇنىڭغا ھاياتلىق تېڭى قايتىدىن يورۇدى. 1979 ـ يىلى ئاقلىنىپ مەتبۇئات ئەركىنلىكىگە ئېرىشتى. 1982 ـ يىلى ئۇ سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدا بولغاندا ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، ئۇيغۇر ئالىملىرى بىلەن ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە قىزغىن پىكىرلەشتى. مۇزەپپەر خەيرۇللايوف، خوجەخمەت سەيدىۋاققاسوف، پەيزۇللا كارامەتوف، ئەزىز ئايدىنبوف . . . قاتارلىق ئالىملار بىلەن بولغان ئىلمىي ئۇچرىشىشلىرى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»ى ھەققىدە خېلى

ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولغاچقا ھەم بۇ جەھەتلەردىكى تۆھپىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولغاچقا، 1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ياپونىيە ئۇلۇغ ئوكيان پەنلەر ئاكادېمىيىسى، كيوتو ئۇنىۋېرستېتى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى، ياپونىيە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش فوندى قاتارلىق ئىلمىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ تەكلىپى بويىچە ياپونىيىدە ئىلمىي زىيارەتتە بولۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «ئون ئىككى مۇقام» تېمىسى بويىچە ئۈچ قېتىم ئىلمىي لېكسىيە سۆزلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمى بويىچە تۇنجى قېتىم چەت ئەلدە ئىلمىي لېكسىيە سۆزلىگەن ئالىم بولۇپ قالدى. ياپونىيە ئالىملىرى ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە يۇقىرى باھالارنى بېرىشتى. كېيىنچە ئۇ ياپونىيە كوبى ئۇنىۋېرستېتىنىڭ دوتسېنتى خورى ئەپەندىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بولدى ۋە ئۇنىڭغا «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىدىئولوگىيە تارىخى»، «ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى تارىخى»... دېگەن ماۋزۇلاردا دەرس ئۆتتى. دېمەك، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە چەت ئەلدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئاسپىرانت قوبۇل قىلغان تۇنجى پروفېسسور بولۇپ قالدى. بۇ بىر ئالاھىدە ئىش سۈپىتىدە ئۇيغۇر يېڭى دەۋر مائارىپ تارىخىغا يېزىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىش بولدى. ئۇ يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان كۇڭزى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 551 ـ يىلىدىن 479 ـ يىلىغىچە) تۇغۇلغانلىقىنىڭ 2540 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ «كۇڭفۇزى ۋە قوچۇ مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇپ، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. مەزكۇر ماقالە «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتىنىڭ 1990 ـ يىلى 27 ـ فېۋرال سانىدا ئېلان قىلىندى ۋە

1992 ـ يىلى شاڭخەي سەنلەن كىتاب نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «كۇڭزى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 2540 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇھاكىمە ماقالىلار توپلىمى» غا كىرگۈزۈلدى. ئۇ بۇ ماقالىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا مۇنداق دەيدۇ:

«بۇ يىل قەدىمكى جۇڭگونىڭ ئەڭ ئۇلۇغۋار مۇتەپەككۇرى، ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى سۋىلزاتسىيىلىك تەپەككۇرىنىڭ ئۇلۇغۋار نامايەندىسى كۇڭفۇزى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 2540 يىللىقى.

كۇڭفۇزىنىڭ جۇڭگو ۋە شەرق مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى چوڭقۇر، شۇنىڭدەك كۇڭفۇزى ئىدىيە سىستېمىسىغا ۋە تەسىر قاتلاملىرىغا بېرىلگەن باھامۇ ھەر خىل، بەزىدە كۇڭفۇزى مەدھىيىلىنىدىغان مۇئەككەلگە ئايلانسا، بەزىدە تەنقىد ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ كەلدى.

كۇڭفۇزى ئەلۋەتتە ۋارىسلىق قىلىنىدىغان ۋە ئېلىپ تاشلىنىدىغان ئوبيېكت بولۇشى لازىم بولىدىغان تەتقىقات تېمىسىدۇر. كۇڭفۇزى تەتقىقاتى كۇڭفۇزى تەلىماتلىرىنىڭ كونكرېت تارىخىي قىممىتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن يەنە كۇڭفۇزى تەلىماتىنىڭ ئابستراكىت پىكرەن پەلسەپىۋىلىك قىممىتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

بىز كۇڭفۇزى ئىدىيىسىنى جۇڭگو قول ئىگىلىكى جەمئىيىتىدىكى ئاق سۆڭەكلەر ئىتىكىسى ۋە ئەنئەنىچىلىك دىداكتىك سىياسىي مەدەنىيىتىنى بىلىپ يېتىشنىڭ تىپىك ئىپادىسى دەپ قارايمىز. بۇ خىل ئىدىيە كېيىنچە جۇڭگو فېئودالىزمىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى رەھىمدىللىقىنىڭ باش ئېقىمىنى ھاسىل قىلدى. بۇ كۇڭفۇزى تەلىماتىنىڭ تارىخىي تەرىپى. كۇڭفۇزىغا قارىتىلغان مەدھىيە ـ تەنقىدلەرمۇ مۇشۇ كونكرېت تارىخىي تەرەپنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلدى . . .

AltunOq

كۇڭفۇزى تەلىماتلىرىنىڭ ئابستراكىت پىكرەنلىك قىممىتى ئەزەلدىن مەۋجۇت ئىدى. جۇڭگو فېئوداللىق جەمئىيىتى كۇڭفۇزىنىڭ مۇنداق ئابستراكىت پىكرەن پەلسەپۋىيلىك قىممىتىنى پۈتۈنلەي فېئوداللاشتۇرۇۋەتتى، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندىكى دېموكراتلىرى مۇشۇ نۇقتىدىن فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇش بىلەن كوڭفۇزىنى تەنقىدلەشنى بىرلەشتۇرۇپ ئېلىپ باردى. بۇ چۈشىنىشلىك. بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن دۇنيا يېڭى بىر ئالىڭ ئىنقىلابىغا يۈزلەنمەكتە، يېڭى بىر سۈبيېكتىپلىق بىلىش ۋە سۇبلىزاتسىيىگە يۈزلەنگەن يېڭى يۈنىلىش ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقان چاغدا، بولۇپمۇ جۇڭگو سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا كىرىشكەن بۈگۈنكى كۈندە بىز كۇڭفۇزى تەلىماتىنىڭ ئابستراكىت پىكرەن قىممىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ تېمىلىرىنى جانلاندۇرۇپ، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، بۈگۈنكى ئالىڭ قۇرۇلۇشىغا ھەسسە قوشۇشىمىز لازىممۇ ـ يوق؟ مۇنداق قىلالامدۇق ـ قىلالمامدۇق؟ بۇ كوڭفۇزى تەتقىقاتىنىڭ دەۋرلەشتۇرۇش تېمىسىدىن ئىبارەت. ھاكىم مۇتلەقلىق يارىمايدۇ. شۇنىڭدەك مۇتلەقلەشتۇرۇۋېتىشمۇ يارىمايدۇ. بۇ ئىككىسى فېئوداللىق جەمئىيەتتىن تۆرەلگەن قوشكېزەكتىن ئىبارەت. جۇڭگونىڭ ئالاھىدىلىكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ قاتلاملىق تۈزۈلمىسىدىن ئايرىلالمايدۇ. زاماننىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ تارىخ ۋە پىكرەن قىممىتىنىڭ قاتلاملىق تۈزۈلمىسىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ خۇددى دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، مېھرىبانلىقنى بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلەشتۇرۇپمۇ، ئايرىپمۇ قاراشقا بولىدىغانلىقىغا ئوخشاش كۇڭفۇزىنىڭ ئىدىيىسىنى فېئوداللىزم جەمئىيىتى بىلەنمۇ بىرلەشتۇرۇپ ۋە ئايرىپ قاراش مۇمكىن...

كۇڭفۇزى «仁» ئىبارىسىنى كوللى ئالەمنىڭ ئۆلچىمى

دەپ قارىدى. ئۇ ئىنسانىيەت مەركەزلىك نەزەرىيىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن گومانىزملىق ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ «بېرىدئونال» (ئىنسان خىسلىتى) مائارىپ قاراشلىرىمۇ ئىنساننىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قارىتىلغان ئىدى، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، جۇڭگونىڭ فېئودالىزم دەرىجىلىك ھاكىم مۇتلەقلىق جەمئىيىتى، كۇڭفۇزىنىڭ بۇ پارلاق ئىدىيىسىنى دوگمىغا، نامى بار مېغىزى يوق پۇچەك مېۋىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل غايىۋى تەپەككۇر مىراسلىرىغا ئوخشاش كۇڭفۇزىنىڭ فازىل ئىنسان ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ھەققىدىكى قاراشلىرى زامانىمىزدا ۋە كەلگۈسىدە تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدىكى ھەقىقىي گۈل ۋە ھەقىقىي مېۋىگە ئايلانغۇسى، بۇ كۇڭزىچىلىقنىڭ ھەقىقىي ئازادلىقى بولغۇسى!»① دېمەك ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ كۇڭفۇزى ھەققىدىكى يۇقىرىقى ماقالىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلاردىن بىز ئۇنىڭ پىكرىنىڭ ھەققەتەن تىرەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي كۇڭفۇزىچىلىق تەتقىقاتىغا قوشقان يول كۆرسەتكۈچلۈك تەتقىقاتىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، ھەرقانداق بىر پەندە نەتىجە قازىنىمەن دېگەن كىشى شۇ ساھەدە ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئالىملارنىڭ .ئىش ئىزلىرىدىن ۋە ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ھەم ئۇلار توپلىغان تەجرىبە ـ ساۋاقلاردىن خەۋەردار بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ ئۆز ئىشىنى توغرا ئىزغا چۈشۈرەلەيدۇ. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن دەل ئاشۇنداق قىلغانلارنىڭ بىرى بولغاچقا، ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىكى نەتىجىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك

① ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخمان: «كۇڭفۇزى تەتقىقاتىدىكى يېڭى ئىزدىنىش»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1993 ـ يىل 16 ـ مارت سانىغا قاراڭ.

بولدى. 1979 ـ يىلى سىياسىي ھوقۇقى — مەتبۇئات ھوقۇقى ئەسلىگە كەلگەندىن تارتىپ 1995 ـ يىلى بىز بىلەن ۋىدالاشقىچە بولغان 16 يىل ۋاقىت ئىچىدە «فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ فارابى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى»، «قەدىمكى كۇسەننىڭ ئاتاقلىق بۇددا مۇتەپەككۇرى كومىراجىۋا»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تارىخى تەسۋىرى»، «‹ئەلقانۇن فىت تىب› ۋە ئۇنىڭدىكى تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرى»، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قامۇسى — ‹قۇتادغۇبىلىك›»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەھمەت يەسسەۋى ۋە يەسسەۋىچىلىك»، «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى»، «كۇسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭ توغرىسىدا»، «كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى»... قاتارلىق 200 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل تېمىدىكى ئىلمىي نەزەرىيىۋى ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۇنىڭ، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر»، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى»، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھېكمەتلىرى»، «ئائىلە» قاتارلىق مەخسۇس تېمىدىكى ئىلمىي كىتابلىرى نەشر قىلىندى. «سىكتايلارنىڭ مېتالچىلىق ھۇنەر ـ سەنئىتى توغرىسىدا»، «ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «تۈرك

مەدەنىيىتى ھىندىستاندا»، «كۇسەن مەدەنىيىتى ۋە كۇسەن ئۇسسۇلى توغرىسىدا»، «پەلسەپىنى ئىسلاھ قىلىش تىزىسلىرى»، «ھاياتىم ھەققىدە قايتا ئويلىنىش» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە «شىنجاڭدا 1944 — 1949 ـ يىللاردىكى خەلق ئىنقىلابى» (بۇ كىتابنى ئالىم 1957 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىغا ئاتاپ يازغان بولۇپ، مىجىت قاسىم، مۇزەپپەرلەر بىلەن بىرلىكتە تاماملىغان)، «يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى»، «ئۇسسۇل ماكانىنىڭ يېڭى باھارى» قاتارلىق ئىلمىي كىتابلىرى تېخىچە ئورگىنال ھالىتىدە تۇرماقتا.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە دەسلەپ باھالانغان پروفېسسور بولۇپ، ئۇ يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى بىلەن ئۆز خەلقى ئۈچۈن، مىللىتى ئۈچۈن، جۈملىدىن ئۆزى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ شان ـ شەرەپ قازاندى. ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىلمىي پائالىيەت نەتىجىلىرى جۇڭگونىڭ ھازىرقى دەۋرىدىكى مەشھۇر پەيلاسوپلىرى، ئالىملىرى ۋە سەنئەتكارلىرى قاتارىدا دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا چىقىرىلغان تۈرلۈك لۇغەت ۋە قامۇسلارغا كىرگۈزۈلۈپ، مەملىكەت ۋە دۇنياغا تونۇلدى.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىجادىيىتى ھەقىقەتەن كۆپ تەرەپلەرگە چېتىلىدىغان بولۇپ، ئومۇمەن تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. 1) ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى، 2) ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى؛ 3) ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتى؛ 4) ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتى؛ 5) غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتى؛ 6) ئېستېتىكا ئىلمى تەتقىقاتى؛ 7) ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىغا دائىر تەتقىقاتى؛ 8) يىپەك يولى تەتقىقاتى؛ 9)

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تارىخى تەتقىقاتى؛ 10) «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» تەتقىقاتى.

بىز ئالىمنىڭ ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا ئومۇمەن يۇقىرىدىكى نۇقتىلار بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىپ، ئۇنىڭ تەتقىقاتىدىكى تۆھپىسىنى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىمىز.



## ئىككىنچى باب

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەدەبىيات شەكلىدىكى بىلىش ھەرىكىتىدىن، نەزم - نەسىر شەكلىدىكى تەپەككۇر ھەرىكىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى كىشىلىك ئىلمى ھېسابلانغان ئەدەبىيات ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئىنسان تۈركۈمىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىش جاھاننامىسى، ئۆز يولىنى يورۇتۇشنىڭ مەشئەل چىرىغى، ئۆز - ئۆزىنى ئويغىتىش، قايتا ئويلاندۇرۇش سىگنالى بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۇيقۇ ئۇچۇن ئەللەي ناخشىسى، بىخۇتلۇق مەي سۆھبىتى، ھاماقەتلىك مەدھىيىسى ۋە ئەدىبلىك شۆھرىتىنىڭ تەنتەنىسى ئەمەس.

— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئۆركەشلەپ ئاققان ئۇزۇلمەس تارىخىي ئېقىنى جەريانىدا سانسىزلىغان ئۇلۇغ ئەدىب - مۇتەپەككۇرلار ۋە ئالىم - ئۆلىمالار، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان، كۆز قاماشتۇرىدىغان پارلاق يىرىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، يىپەك يولىدىكى بىباھا بايلىق — ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. «كلاسسىك

ئەدەبىيات مىللەتنىڭ پەلسەپىۋى تەپەككۇرىدىن ھاسىل بولغان، پەلسەپىۋى روھىيىتىنى سىمانتىك مەزمۇن قىلغان بەدىئىي ئىپادە، مىللەتنىڭ كىشىلىكنى ئاڭلىق چۈشىنىشىنىڭ ئىستېتىك ئۇچۇرى، مىللەتنىڭ ئاڭلىق قاتلامىنىڭ زېمىن كامالىتىدە يېتىلگەنلىكىنىڭ ئىپتىك نامايەندىسى» (ئا. مۇھەممەتئىمىن) بولغاچقا، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى خەزىنىسىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخى قاتلاملىرىنى، شۇنداقلا شەرق ۋە غەربنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئەنئەنىۋى پىكىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر روھىيىتىدىكى ئىپادىلىرىنى يورۇتۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆتكەن بۈيۈك پەيلاسوپ ۋە شائىر ئەبۇ ناسىر مۇھەممەد فارابى، داڭلىق تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى، ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر يۇسۇپ خاس ھاجىپ، تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن ئەھمەد يەسسەۋى، مەشھۇر شائىر ئەھمەد يۈكنەكى، ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ يىرىك نامايەندىسى نەسىرىددىن رابغۇزى، ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرى بولغان ئەلشىر نەۋائىي، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، خاراباتى، زەلىلى، نۆبىتى، مىرزاھەيدەر، جامال قارشى، بابارەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى، ئابدۇرېھىم نىزارى، ناقىس، تەجەللى، موللا بىلال، ئەھمەد شاھ قاراقاشى، موللا مۇسا سايرامى. . . قاتارلىق ئالىم ـ ئەدىبلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇزلاردۇر. تارىخىمىزنىڭ ئالتۇن سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغان «ئوغۇزنامە» ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، «قۇتادغۇبىلىك» ، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ، «مۇپتاھۇل ئۇلۇم» ، «خەمسە» ، «چاھار دىۋان» ، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ، «يۇسۇپ زىلەيخا» ، «تەزكىرەئى ئەزىزان» ، «زەپەرنامە» ، «غازات دەرمۇلكى چىن» ، «گۈلزار بىنىش» ، «تارىخى

مۇسقىيۇن» ، «تارىخىي رەشىدى» ، «تارىخىي ئەمىنىيە» ، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» . . . قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بۇ نەسرى ۋە نەزمىي ئەسەرلەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەرلەردۇر.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە بارلىققا كەلگەن ۋە ھەرقايسى ئىلمىي ئېقىملارغا مەنسۇپ بولغان ئاشۇ ئالىم ــ ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى ھەم ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىقتىدارىنىڭ كۆرۈنەرلىك مەھسۇلى بولغان ئاشۇ بىر قاتار نەسرىي ۋە نەزمىي ئەسەرلىرىنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىشنى ئۆز تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم نىشانى قىلغان ئالىم ــ ئەدىبلەرنىڭ سەركىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەھەتتىكى تۇنجى ماقالىسى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» نى 1956 ــ يىلى ئۇيغۇرچە ــ خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدا ئېلان قىلغاندىن تارتىپ تاكى 1979 ــ يىلى مەتبۇئات ئەركىنلىكى ئەسلىگە كېلىپ 1995 ــ يىلى بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخى ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئارقىلىق «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ، «خاقانىيە ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىياتى» ، «يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ، «يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق تۆت تومدىن تۈزۈلىدىغان «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» نىڭ سىستېمىلىق پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىپ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ھەققىدىكى بىلىمىدىن خەۋەر بېرىش بىلەن بىرگە كەڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ئۈچۈن

مۇستەھكەم ئۇل ھازىرلاپ بەردى.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېڭى يولدا مەيدانغا كەلگەن بىباھا گۆھەر سۈپىتىدە يېگانە ھادىسە بولماستىن، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەھەللىۋى قىممەت ۋە خەلقئارا قىممەت يارىتقان مەنىۋى تارىخى ۋە مەنىۋى بايلىقىدىن ئىبارەت» بولغاچقا، ئۇنى تەتقىق قىلىش ئۇنچىلىك ئاسانغا چۈشمەيدۇ. كلاسسىكلارنىڭ شېئىر ـ غەزەللىرىنى نەسىرلەشتۈرۈپ بايان قىلىش ھەرگىزمۇ تەتقىقات ھېسابلانمايدۇ. بەلكى ھەر بىر مىسرا ـ كۇپلېت تېگىدىن ئۇيغۇر مەنىۋىيىتىنى، روھىيىتىنى قېزىپ چىقىپ، ئىنچىكە ھالقىلارغا قەدەر چوڭقۇر ئوپېراتسىيە ئېلىپ بېرىش، ئەسەر ئارقىلىق شۇ ئەسەر يارىتىلغان دەۋرنىڭ مىللىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ بىلىش قۇرۇلمىسىنى... ئەكس ئەتتۈرۈش «تەتقىقات» دېگەن نامغا قىسمەن بولسىمۇ ئۇيغۇنلىشالايدۇ. بۇ نۇقتىنى ئاللىبۇرۇن ھېس قىلغان ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» پروگراممىسىنى تۈزۈش جەريانىدا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، تەتقىقات دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش مەقسىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئالاقىدار بەزى مەزمۇنلارنىمۇ كىرگۈزۈشنى چەتتە قالدۇرمىغان. نەتىجىدە بۇ پروگراما ھەقىقىي ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق پروگراممىلىق رولىنى جارى قىلدۇرغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخى ھەققىدە پروگراما تۈزۈش زور كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىجادىي ئەمگەك. بۇ ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىدا ئەدەبىي تالانت بولۇش بىلەن بىرگە ئەڭ مۇھىمى مەسىلىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى توغرا كۆزىتەلەيدىغان ئۆتكۈر ئەقىل كۆزى، ئەدەبىيات بىلەن باغلانغان تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان مول

AltunOq

بىلىمــگە، مەدەنىيەت ـ سەنئەت قارىشىغا، بىر پۈتۈن ئۇيغــۇر تارىخــى ھەقــقىدە خېلىلا مۇكەممەل بولغــان بىلىمــگە، ئۆز خەلقىنىڭ قەلــب دۇنياســىنى كۆرەلەيدىغان ـ بىلەلەيدىغــان ئەقىل ـ ئىدراكقا ئىگە بولۇشى، تارىختا ئۆتكەن ئالىم ـ ئەدىبلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر ئېلىشــدەك رېئاللىــقىنــى چۈشىنەلەيدىغان قابىلىيەتنى ھازىرلىغان بولۇشــى كېرەك. شۇندىلا ئۇ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلەيدۇ. ئالىم ئۇچۇن بۇ نۇقتا ئايدىڭ بولغاچقا، پروگراممىنى ئانچە كۆپ قىينالمايلا تۈزۈپ چىقالىغان ۋە شۇ ئاساستا بىر قاتار تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان نەتىجىــلەرنــى قولغا كەلتۈرگەن.

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالىمنىڭ كلاسســىك ئەدەبىيات ھەققىدىكى تەتقىقاتى 1956 ـ يىلى باشلانغان. ئۇ مەتبۇئات ئەركىنلىكىدىن قالغان 1959 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلىغىچە بولغان 20 يىل جەريانىدا قارا ئىشچىلىق خىزمىتىنى باش چۆكۈرۈپ ئىشلەش بىلەن بىرگە، خىزمەت ئورنىدىكى قولايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، باشقا پەنلەر قاتارى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، كۆپلىگەن تەتقىقات تېمىلىرى ئۇچۇن ئۇل ھازىرلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەتبۇئات ئەركىنلىكى ئەسلىگە كەلگەن 1979 ـ يىلىدىن تارتىپ 1995 ـ يىلى مەڭگۈلۈك كۆز يۇمغىچە بولغان 16 يىل جەريانىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايســى مەتبۇئاتلاردا، ۋە چەت ئەللەردىكى قىسمەن مەتبۇئاتلاردا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا دائىر: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ — فارابى ئىلغار ئىجــتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىســى»، «مۇھەممەت سىدىق زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلــقىنىڭ ئەڭ قەدىمكــى تۆت زات قارىشى توغــرىسىدا»، «ئەبۇنەســر فارابىنىڭ لوگىكىلىق تەلىمــاتلىرى»، «ئوتتــۇرا

ئەسىر قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار نامايەندە»، «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە مائارىپشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، «فەرھاد ـ شىرىن› تراگېدىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى رىۋايەت شەكلى»، «ئەلىشىر نەۋائىي ۋە ‹سەددى ئىسكەندەر›»، «پۇتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق ۋە ئەبەدىي يادىكارلىق» («تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ تولۇق نەشرى مۇناسىۋىتى بىلەن)، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قامۇسى — ‹قۇتادغۇبىلىك›»، «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى»، «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ ئىلمىي قىممىتى»، «ئېمپېدۇكىل بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆت تادۇ قارىشىدىكى ئومۇملۇق ۋە ئالاھىدىلىكلەر توغرىسىدا»، «مىرزاھەيدەر ۋە ‹تارىخىي رەشىدى›»، «يىپەك يولىدىكى بىباھا گۆھەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش»، «مۇھەممەد خارەزمى ۋە ‹مۇھەببەتنامە›»، «ھاپىز شىرازى — شەرق شېئىرىيىتىدىكى ئىسيانكار ئۇستاز»، «مەشرەپ — ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر شائىر»، «ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە ئوقۇلغان شىكايەتنامە» («كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى توغرىسىدا»)، «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت قاراشلىرى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر»، «خوجا باھاۋىدىن نەقشبەندى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەھمەد يەسسەۋى ۋە يەسسەۋىچىلىك»، «ئەمىر خىسراۋ دىھلەۋى»، «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر ناسىر خىسراۋ»، «خوجا جاھان ئەرشى ۋە ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدە»، «سەئىدى شىرازى»، «زەلىلى شېئىرىيىتىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي قىممىتى توغرىسىدا»، «ما زوچاڭ ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى»، «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شائىرلىرى ۋە ئالىملىرىدىن نەمۇنىلەر»، «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى»، «كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن

تەسۋىرى» ، «كلاسسىك ئەدەبىياتتا مانى تەسۋىرى ۋە شىنجاڭدىن مانى دىنى رەسىملىرىنىڭ بايقىلىشى» ، «نەۋائىي مىراسلىرىنىڭ مەنۋى مەدەنىيەت قىممىتى» ، «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ غايىۋى جەمئىيەت مودېلى» ، «مەنسۇر ھەللاجنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەكس ساداسى» ، «ئون ئىككى مۇقام ۋە نەۋائىي خانلىق ئەنئەنىسى » . . . قاتارلىق ئىلمىي قىممىتى زور بولغان بىر تۈركۈم ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. ئالىمنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ماقالىلىرى يۈزەكى يەشىمدىن خالىي، سىستېمىلىق ھالدا يېزىلىپ تېمىلار ئۆزگىچە تاللانغان بولغاچقا، بۇ ساھەدىكىلەر ئۈچۈن بىر ئۈلگىلىك رول ئوينىغان. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرى، ژانىرلىرى، مەزمۇنلىرى، بەدىئىي شەكىللىرى، ئۇسلۇبى، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى، تارىخىي ئېقىملىرى، ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاساسلىق نامايەندىلىرى ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇتقان يېتەكچىلىك ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەر ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولغاچقا، ھەقىقىي ئىلمىي تەتقىقاتلىق رولىنى جارى قىلدۇرغان.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىپ، مول ھوسۇل بەرگەن ئالىم بولۇش بىلەن ئۆز تەتقىقات پائالىيىتى جەريانىدا ھېس قىلغان بىرقاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«بىرىنچى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى قېزىش، رەتلەش، ئېلان قىلىشتەك قۇتقۇزۇۋېلىش خىزمىتىدىن تاشقىرى تەتقىق قىلىش، جارى قىلىشتەك يورۇتۇش ۋە ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر قۇتقۇزۇۋېلىشنى

‹ مەۋجۇتلۇق قىممىتى › نى قوغداش ۋە ئېچىپ بېرىش دېيىشكە توغرا كەلسە، تەتقىق قىلىشنى ‹ ئىلمىي قىممىتى › نى نامايان قىلىش دەپ قاراش كېرەك. بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەن بىلەن جان، ھاياتلىق بىلەن ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىش مۇمكىن.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى نوقۇل ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ كلاسسىك شېئىر ۋە داستانلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات بىلەن پۈتۈنلەي روشەنلىشىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ ئاز دېگەندە يەنە ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى (خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، مۇقام مەدەنىيىتى) تەتقىقاتى؛ تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى، پارس ـ ئەرەب كلاسسىك ئەدەبىيات (جۈملىدىن سوپىزملىق ئەدەبىيات) تەتقىقاتى؛ يىپەك يولى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن ئۆز قاتلاملىرى ۋە ئۆزىنىڭ تاشقى چەمبىرىنى يورۇتۇشقا موھتاج. بۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى ھەقىقىي كەڭلىك ۋە تىرەنلىككە ئېرىشتۈرۈشنىڭ تۈپ يولى.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ تۈپ مەقسىتى — ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى ۋاستە قىلىپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ روھىيىتىنى پاكلاشتۇرۇش، ئويغىتىش، جانلاندۇرۇش؛ كلاسسىك ئەدەبىيات سەھىپىلىرىدىكى پەلسەپە ۋە تەپەككۇر ھېكمەتلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ پىكىر ھېسسىياتىنى بېيىتىش؛ كلاسسىك ئەدەبىياتتا چۆكمە ھاسىل قىلغان ئۆلمەس ئىزگۈ روھىيەت بىلەن يېڭى ئەۋلادنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. ئىنسانىيەت ئۆتمۈشتە يارانقان بارلىق مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت دۇردانىلىرى پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتۇشقا ھەسسە قوشقاندىلا، ئۆزىنىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە مەنىۋى قىممىتىنى تاپقان بولىدۇ. ئۆتمۈشكە پەقەت كەلگۈسىلا روشەن

باها بېرەلەيدۇ».

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەھەتتە بىر تەرەپتىن سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى ئاساس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئەبۇنەسىر مۇھەممەت فارابى، كومىراجىۋا، ما زوچاڭ قاتارلىقلارنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى ۋە مۇھەممەت خارازمىنىڭ لىرىك مەكتۇبى — «مۇھەببەتنامە» نىڭ بىر قانچە خىل نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، مىسرا ۋە تېكىستلىرىنى تولۇقلاپ نەشرگە تەييارلاپ كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ يورۇققا چىقىشىغا كۈچ قوشتى. بۇلاردىن باشقا ئۇ يەنە تاڭ، سۇڭ، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئۆتكەن خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىگە دائىر بىر قىسىم شېئىرلىرىنى، شەرق ئەدەبىياتىدىكى غايەت زور بايلىق «شاھنامە» (بۇ كىتابنى ئابدۇۋەلى خەلپەتوف بىلەن بىرگە ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان) نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنى تېخىمۇ بېيىتىشنى ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئالىم ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىدا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى تارىخىدىكى تەڭداشسىز ئەزىمەتلەردىن بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائىينى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشنى ئاساسىي نۇقتا قىلدى. ئۇ نەۋائىي ھەققىدە يېزىلغان «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى» ناملىق ماقالىسىدا، ئەلىشىر نەۋائىي ھاياتىغا ئائىت مەنبەلەر، ئەلىشىر نەۋائىي نەسەب مۇئەمماسى، ئەلىشىر نەۋائىي پائالىيىتىنىڭ

AltunOq

ماكان چەمبىرىكى ۋە ئۇنىڭ ئېتنىك ئالاھىدىلىكلىرى، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئائىلە نەسەبى، ئەلىشىر نەۋائىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك ئۇچۇرى، ئەلىشىر نەۋائىي دەۋرىدىكى مەدەنىي مۇھىت، ئەلىشىر نەۋائىي — يىپەك يولىدىكى شۆھرەتلىك سىيما، ئەلىشىر نەۋائىي ئىجادىيىتىنىڭ تەسىرى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق جەھەتتىكى ئۆچمەس ئەنئەنە، ئەلىشىر نەۋائىي تۆھپىلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى قاتارلىق كىچىك تېمىلار بويىچە قىسقا، ئەمما قىممىتى يۇقىرى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، بۈيۈك شائىر نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا تۇتقان پەخىرلىك ئورنىنى ھەقىقىي مۇئەييەنلەشتۈردى. بولۇپمۇ ئۇ مەزكۇر ماقالىسىدا: «ئەلىشىر نەۋائىي چىن ۋە خوتەن ئىبارىلىرىگە پاك مېھرى ۋە ئالىيجاناب ھۆرمىتى بىلەن مۇئامىلە قىلغان. خۇددى ئى. ئە. بېرتېلس ‹نەۋائىي› ناملىق ئەسىرىدە كۆرسەتكىنىدەك: نەۋائىي قەھرىمانلىرى بىۋاستە چىن ماچىنغا باغلانغان. ئەگەر بىز ھاپىز شىرازىنىڭ ئۆز يۇرتىنى ئىستىلا قىلغان تۆمۈرلەڭ ئالدىدا ئوقۇغان بۇخارا، سەمەرقەنتنى شىراز قىزلىرىنىڭ بىر خالىغا بەخش قىلاتتىم، دېگەن مىسراسىنى شەرتلىك نەزەردە تۇتساق، نەۋائىينىڭ خوتەن ھەققىدىكى قاتار نەزمىلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان مېھرلىك ئۇنچىلەرنىڭ ۋەزنىنى قىياس قىلىمىز» دەپ يېزىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ نەۋائىي يۇرتى ھەققىدىكى ئۆزگىچە قارىشىنى يوشۇرۇن ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئۆزگىچىلىك ئالىمنىڭ ئۇشبۇ ماقالىسىنىڭ ھەقىقىي جېنى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن (بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن) بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار نەۋائىي ئەسەرلىرىدىكى تىل تەركىبى بىلەن خوتەن شىۋىلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يەنە بىر قەدەم يۇقىرى ئىلگىرىلىدى. شۇ سەۋەبلىك بىز مەزكۇر ماقالىنى ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دېيىشكە ھەقلىقمىز. بۇنىڭدىن

باشقا ئۇ «نەۋائىي مىراسلىرىنىڭ مەنىۋى قىممىتى» ناملىق ماقالىسىدا، نەۋائىينىڭ تۆت تۈرلۈك مۇئەززەم تۆھپىسىنى ئېنىقلاپ چىقسا، «كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى» ناملىق ماقالىسىدا نەۋائىي «خەمسە» لىرىدە تىلغا ئېلىنغان خوتەن تەسۋىرلىرىگە ئائىت بېيىتلاردىن نەمۇنىلارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، نەۋائىينىڭ خوتەنگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. «كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا مانى تەسۋىرى ۋە شىنجاڭدىن تېپىلغان مانىزىم سىزما يادىكارلىقلىرى» ناملىق ماقالىسىدا نەۋائىي ئەسەرلىرىدىكى مانى ئوبرازىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، نەۋائىينىڭ كۆپ خىل بىلىملەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ئەللامە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرسە، «ئون ئىككى مۇقام ۋە نەۋائىيخانلىق ئەنئەنىسى» ناملىق ماقالىسىدا، ئىككى ئۇلۇغ مەدەنىي مىراس — «ئون ئىككى مۇقام» بىلەن ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ بىر گەۋدە بولۇشى خۇددى ئىككى خىسلەتلىك يۇلتۇزنىڭ ئۇچرىشىشىدەك خەلقىمىزنىڭ سەنئەت گۈلزارىدىكى قۇتلۇق تارىخىي ئەنئەنىسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. «ئەلىشىر نەۋائىي ۋە ‹سەددى ئىسكەندەر›»، «ئەلىشىر نەۋائىي پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئۇستىدىكى ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىلىرىمۇ نەۋائىيشۇناسلىق جەھەتتىكى بوشلۇقلارنى تولدۇردى.

ئالىمنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ئالەمشۇمۇل مىراس «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇ 1956 - يىلى ئېلان قىلغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ناملىق ماقالىسىدا «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە تۇنجى قېتىم تەتقىقات يۈرگۈزگەندىن تارتىپ ۋاپات بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا، مەخسۇس «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىغا دائىر 10 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي

ماقالە ئېلان قىلغان ۋە شۇ ئاساستا «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى» ناملىق قامۇس خاراكتېرلىك ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. 1986 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە ياپونىيە خەلقئارا ئالماشتۇرۇش فوندى، يۈيتيەن (خاندا) خاتىرە سارىيى ۋە كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىرلەشمە تەكلىپى بىلەن ياپونىيىدە ئىلمىي زىيارەتتە بولۇپ، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي قامۇسى ‹قۇتادغۇبىلىك›» تېمىسىدا ئىلمىي لېكسىيە سۆزلىگەن. ياپونىيە ئالىم ـ پروفېسسورلىرىدىن خاندا ئاكىرا، مورىياسۇ تاكائۇ (سىن ئەن شياۋفۇ)، ۋۇجى يىدا، مانو يىجى ... قاتارلىقلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى، قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن ئىدىقۇت خانلىقىدىكى تىل بىرلىكى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدىكى تارىخىي قاتلاملىق، شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىش چۈشەنچىسى قاتارلىق تەرەپلەرگە چېتىلىدىغان مەزمۇنلاردىن سورىغان سوئاللىرىغا قايىل قىلارلىق جاۋابلارنى بەرگەن. نەتىجىدە بەزى ياپونىيە ئالىملىرى ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان «مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئارىلاشمىچىلىق ھادىسىسى» كۆز قارىشى، «يەرلىك ۋە خەلقئارا تەسىرلىك ئىككى مەدەنىيەت تىپى»، «ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەتنىڭ بەش خىل تارىخى تىپى» كۆز قارىشىنى تەكرار تىلغا ئېلىپ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشسە، بەزىلىرى «شەرق رىنسانىسى (مەدەنىيەت ئويغىنىشى) ۋە ئۇنىڭ باسقۇچلۇقى» قارىشىغا قولداشلىق ئىپادىلەشكەن. قىسقىسى، ئالىمنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقارلىق بولدى. شۇ سەۋەبلىك بىز ئۇنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۈستىدە توختالغاندا نۇقتىلىق قىلىپ «قۇتادغۇبىلىك» كە دائىر بارلىق مەلۇماتلارنى ئۆزگە تولۇق مۇجەسسەملەش- تۈرگەن چوڭ تىپتىكى «‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى» ناملىق

كىتابى ھەققىدە ئازراق توختىلىش بىلەن بۇ ھەقتىكى سۆزىمىزنى تۈگەللەيمىز.

«‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى» ئۇيغۇرلاردا ئېلىپ بېرىلغان «قۇتادغۇبىلىك» شۇناسلىقتا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ يىرىك سەمەرىسى بولۇپ، ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» ئۈچۈن تىكلەنگەن يىقىلماس مۇنار سۈپىتىدە ئۆز قىممىتىنى مەڭگۈ جۇلالىتىدۇ. ئالىم بۇ ئەسەرنى يېزىش جەريانىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «‹قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى› ناملىق كىتابىم 1956 ـ يىلى ئىككى تىلدا ئېلان قىلىنغان ‹ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمىنىڭ خاتىرىسى› دېگەن ماقالەم بىلەن باشلانغان ئىنتىلىش ۋە ئىزدىنىش ئاساسىدا شۇ مۇئەللىپىنىڭ يېشىدا يېزىلغان . . . بۇ كىتابنى يېزىشقا بەش نەرسە تۈرتكە بولدى، ئۇلار: رەشىد رەھمىتى ئاراتنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› نى ئېچىلمىغان خەزىنە، دېيىشى؛ بارتولدىنىڭ بۇ كىتابنى تۆۋەنلەشتۈرگەن سۆزلىرى؛ ئاپتور قەبرىسىنىڭ قايتا ياسىلىپ يوپۇقدالغانلىقى؛ بۇ كىتاب تەتقىقاتىنىڭ شېئىرىي ‹يەشمە› نۇسخىسىنى ئاددىيلا ماقالە شەكلىدە تەكرار يېشىپ بېرىشنى قېلىپ قىلغان ئاسان يولغا كىرىپ قالغانلىقى؛ بۇ كىتابنىڭ مىللىي ۋە تىل تەۋەلىكى ھەققىدىكى تالاشلاردىن ئىبارەت. دەرۋەقە، بۇ كلاسسىك ‹نوم› غا شەرھنامە كېرەك ئىدى. بۇ ئەبەدىيلىك يوپۇق ھېسابلىناتتى. مەن ‹مەڭگۈ تاشلار› ، ‹تۇرپان تېكىستلىرى› ، ‹قارا خانىيلار ھۆججەتلىرى› ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ‹قۇتادغۇبىلىك› تىلى ۋە پىكرىنىڭ يىلتىزى ھەققىدە ئىزدەندىم. ئارىستوتېل ـ فارابى، فىردەۋسى ـ كەيكاۋۇس ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلدىم. كىتابنى سىياسىي نۇقتىدىن ئىزاھلاشتىن ساقلاندىم. ئۇنى كېسىۋالماي، بىر پۈتۈن ھالەتتە ئىزاھلاشقا ئورۇندۇم. نەتىجىدە تالىشىپ يۈرگەن تىل ۋە مەدەنىيەت ‹ئىرسىيىتى›

ھەل بولدى. يۇسۇپنىڭ تىلى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تىلى بولۇپ چىقتى».

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى. يۇقىرىقى بەش تۇرلۇك سەۋەبنى ئالدىن بايقىيالىغان، ئەقىل كۆزى روشەن بولغان ھەر قانداق بىر ئالىم ـ تەتقىقاتچى ۋىجدانەن ھالدا قولىغا قەلەم ئالىدۇ. بۇنىڭغا كېتىدىغىنى پەقەت بايقاش ۋە ئەقىل ـ بىلىم بىلەن تويۇنغان جۇرئەتتىن ئىبارەت، خالاس.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بۇ خىل روھقا يەنى مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ توغرا ئىزغا سېلىش روھىغا باي ئالىم بولۇش سۇپىتى بىلەن كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇشبۇ كىتابنى يېزىشقا تۇرتكە بولغان سەۋەبلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، يۇقىرى ئۇنۇم ھاسىل قىلدى. ئۇ ئۆز تەتقىقاتىدا ئالدى بىلەن ئۆزىدىن بۇرۇن بۇ ساھەدە ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان «قۇتادغۇبىلىك» شۇناسلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى قوبۇل قىلدى، رەددىيە بېرىشكە تېگىشلىكلىرىگە رەددىيە بەردى. تۆۋەندە ئالىمنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدىكى يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بايانلارغا بولغان تەنقىدى قاراشلىرىنى قىسقىچە كۆرسىتىمىز.

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتىغا ئاساس سالغۇچى ئالىملاردىن بىرى بولغان ۋ. ۋ. بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۇركىي تارىخى ھەققىدە لېكسىيىلەر» ناملىق ئەسىرىدە: «بالاساغۇنلۇق يۇسۇپنىڭ ئەسىرىدە ھېچقانداق بىر تارىخىي شەخسنىڭ نامى يېزىلمىغان. بۇ جەھەتتە ‹قۇتادغۇبىلىك› پارسچە يېزىلغان ئۆلگىلەرگە نىسبەتەن قىممىتى بەكلا تۆۋەن بىر ئەسەردۇر»، داستاندىكى پېرسوناژلار «ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئەمەس»، «بىمەنە تەمسىللەر (مەسىلەن، شائىر ئادالەتنى ئەمىر، دۆلەتنى ۋەزىر دەپ كۆرسىتىدۇ) ۋە ھاياتتىن خېلىلا

يىراق بولغان بىر يۇرۇش بوش نەسھەتلەرنى كۆرىمىز» دەپ يازسا، ۋېنگىرىيە ئالىمى ژ. تېھوردى «خەنزۇچە بىرەر ئەسەرنىڭ تۈركچە كۆز قاراش ياكى شۇ خىل كۆز قاراشقا ئۇيغۇن تەرزدىكى بىر تەرجىمىسىدىن ئىبارەت» دەپ يېزىپ ئالەمشۇمۇل قىممەتكە ئىگە مەدەنىي مىراسىمىزغا نىسبەتەن يەڭگىللەتكىلىك بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ تەپتارتماستىن مۇشۇنداق كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، پاكىتقا ھۆرمەت قىلماي شەخسىي ھېسسىياتىغا ئاساسەن ئەنە شۇنداق چەك باسماس ھۆكۈم مۇنارىنى كۆتۈرۈپ چىقىشى ئالىم ئابدۇشۇكۈر مۇھەممەتئىمىننى قولىغا قەلەم ئېلىپ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋ. ۋ. بارتولد ئېيتقاندەك: «قىممىتى بەكلا تۆۋەن»، «ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئەمەس»، «بىمەنە تەمسىللەر. . . بوش نەسھەتلەر» بىلەن تولغان ئەسەر بولماستىن بەلكى، «ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بۇلىقى بىلەن ئۆزىگە تەسىر قىلغان شەرق ـ غەرب سىنكرىتىك مەدەنىيىتى ئېقىملىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن، پانتېئىزملىق تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرىغا ئۇيغۇن گۇمانىزملىق جەمئىيەت پەلسەپىسى پرىنسىپلىرى بويىچە ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتىنى بەرپا قىلىشنىڭ بىلىش ، ھاكىمىيەت ۋە جامائەتچىلىك جەھەتتىكى ئاساسىي شەرتلىرىنى بەدىئىي ۋە شېئىرىي ۋاستىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن، كۆپ قىرلىق، كۆپ پەن تارماقلىرىغا تۇتاشقان بىر پۈتۈن ئىجادىيەت خاراكتېرلىك ھېكمەت داستانى؛ ئەينى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە خاس كونكرېت دۇنيانى ئابستراكت چۈشىنىش بىلەن، كاتېگورىيىلىك نۇقتىئىينەزەرلەرنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن تەپەككۇر ئەدەبىياتى، تارىخچىلىق بىلەن مەنتىقىلىقنىڭ دراما ـ داستان شەكلىدىكى مۇجەسسەملىك ئۆلگىسى، پەلسەپىنى مېڭە، جەمئىيەتنى گەۋدە قىلغان بەخت كىتابى، كىشىلىك

بىلىش تارىخى ۋە ئوتوپىك ئىدىيىلەر تارىخىدىكى ئىنسانىي پىكىر ۋە رېئالىستىك پائالىيەتچان روھ. قايىناپ تاشقان خاس ئۇسلۇبتىكى ھېكمەت قامۇسىدىن ئىبارەت» ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ تەھلىل تەتقىقاتىنى ئاساس، رەشىت رەھمەتى ئارات، قەييۇم كەرىموف. . . قاتارلىق ئالىملارنىڭ قاراشلىرىنى قوشۇمچە قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قىممىتىنى ھەرگىزمۇ سەل چاغلاشقا بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. گەرچە ۋ. ۋ، بارتولدنىڭ يۇقىرىقى ھۆكۈم مۇنارىنى غولىتىش ئۈچۈن «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ھەر بىر ئۆزگىچە ئىدىيىلەرنى تەتقىق قىلىپ، نەچچە توملۇق ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش تامامەن مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن ئالىم «ئاز بولسۇن ھەم ساز بولسۇن» پرىنسىپى بويىچە ئەسەردە ئەكس ئەتكەن كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇننى ئىخچام جۈملىلەرنىڭ ياردىمىدە مېغىزلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان.

«‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى» دە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدىغان ۋە ئويلاشقا، تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدىغان مۇھىم بىر مەزمۇن روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ بولسىمۇ، ئالىمنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى ۋە مەدەنىيەت مەنبەسى ھەققىدىكى قاراشلىرىدىن ئىبارەت.

بارتولد خۇددى «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى ھەققىدە لېكسىيىلەر» ناملىق كىتابىدا ئاساسسىزلا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قىممىتىنى ھەقىقەتەن تۆۋەنلەشتۈرۈپ يازغاندەك، ئۆزىنىڭ يەنە بىر ئەسىرى يەنى «بارتولد ئەسەرلىرى» نىڭ 5 ـ تومىدا ئىلگىرىكى چەك باسماس قاراشلىرىنى قايتا تەكرارلاپ: «شۇبھىلىنىشكە بولمايدۇكى، قاراخانىيلارغا تەۋە بولغان خەلقلەر ئۆزلىرىنى ‹ئۇيغۇر› دەپ ئاتىمىغان. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئىشلەتكەن تىل ئۇيغۇر تىلى ئەمەس».

«قاراخانىيلار دۆلىتىدە يېزىلغان ‹قۇتادغۇبىلىك› داستانىنىڭ تىلى ئورخۇن ئابىدىلىرىنىڭ تىلى بىلەن زور دەرىجىدە يەرقلىنىدۇ» دەپ يېزىپ، كەلگ «قۇتادغۇبىلىك» شۇناسلارنىڭ ئەسەر تىلى ھەققىدىكى توغرا، ئىلمىي بولغان قاراشلىرىغا زىت قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدىن خەۋەردار ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇچۇن بۇ بىر توغرا تەتقىقات نەتىجىسىنى چىقىرىشنى تەقەززا قىلىدىغان مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئەسەرنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي جۇلالاندۇرۇشتىكى بىسىپ ئۆتمىسە قەتئىي بولمايدىغان ئىنچىكە نۇقتىلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇشبۇ سەۋەبتىن ئالىم مەخسۇس كىتابىنىڭ مۇقەددىمىلىك بايان قىسمىدا ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىلى ھەققىدىكى ئاساسسىز قارىشىنى نەقىل كەلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۆزگىچە قاراشلىرىنى ھەر قايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىدىكى بىردەك پىكىرلەر بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ چىققان. بولۇپمۇ ئۇ ۋ. ۋ. رادلوفنىڭ « ‹قۇتادغۇبىلىك› تىلى ئۇيغۇر تىلى» ، «ھالبۇكى، مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىنى ساپ ئۇيغۇر دىئالېكتىدا يازغان» ؛ س. ئې. مالوفنىڭ « ‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ تىلى كونا ئۇيغۇر تىلى» ، «مۇسۇلمان مەدەنىيىتىگە ئائىت ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ بۈيۈك ۋە كەم ئۇچرايدىغان يادىكارلىقلارنىڭ ئەھمىيىتى ئۇيغۇرلارغا تەۋەدۇر» ؛ پروفېسسور بروككېلماننىڭ «يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قوللانغىنى قەشقەر تىلى ئىكەنلىكى ئۇچۇق» ؛ نەجىب ئاسىمنىڭ «بۇ داستان ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى بولغان» ؛ رەشىت رەھمىتى ئاراتنىڭ «ئىسلامىيەتكە كىرگەندىن كېيىنكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزگىچە خاس گۈزەللىك

ۋە نەپسلىكلىرى ‹قۇتادغۇبىلىك› تە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن»؛ ئا. كونونوفنىڭ «خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلىنى خاقانىيە ئۇيغۇرلىرى تىلى دېيىش مۇمكىن»؛ لاڭ يىڭ خانىمنىڭ «شائىر ‹قۇتادغۇبىلىك› تە ئىشلەتكەن لۇغەت فوندى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ لۇغەت فوندى بولۇپ، ئۇ بەزى مۇھىم چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەشتە خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتقان ۋە كەڭ خەلق پىششىق بىلىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت فوندىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان»، «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ تىلى خۇددى قاندەك بۇ ئۆلمەس ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن بىرلەشتۇرۇۋەتكەن» دېگەندەك ئەتراپلىق تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە چىقىرىلغان ھۆكۈملەرنى ئەڭ ئىشەنچلىك بايانلار سۈپىتىدە نەقىل كەلتۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى ھەققىدىكى: «يۈسۈپنىڭ تىلى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تىلى بولۇپ چىقتى» دېگەن ھۆكۈم مۇنارىنى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە قىلغان. بۇ بىر ئالاھىدىلىك بارتولدنىڭ «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئىشلەتكەن تىل ئۇيغۇر تىلى ئەمەس» دېگەن قارىشىنى ئىنكار قىلىش، شۇنداقلا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى ھەققىدىكى تالاش - تارتىشلارنى ئىلمىي يۈسۈندا ھەل قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

دۇنياۋى مىراس — «قۇتادغۇبىلىك» نى ھەقىقىي چۈشىنىپ ئوقۇغان ۋە ھەققانىيەت مەيدانىدا تۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە بېرىۋاتقانلارغا مەلۇمكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەزكۇر ئەسەرنى قانداقتۇر بەزىلەر ئېيتقاندەك، ئۆزگە مەنبەلەردىن ئىجادىي ئۆزلەشتۇرۇش، ئۆرنەك ئېلىش ئارقىلىق روياپقا چىقارغان ئەمەس. بەلكى ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن ئانا ماكانىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىلىرىنى مەنبە قىلىپ تۇرۇپ ئۆز

ئەسىرىنىڭ يىمىرىلمەس گەۋدىسىنى تۇرغۇزغان. ئامېرىكا ئالىمى لېۋىس ھېنرىي مورگاننىڭ «ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراستى پرىنسىپى، ئىقتىدارىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئازراق پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ غايە ئۆلچىمى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشى ئىزچىل بىردەك بولۇپ كەلدى»، «ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراسەت پرىنسىپىنىڭ بىرلىكى ئىنسانىيەتنىڭ تېگى بىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئەڭ ياخشى دەلىلدۇر»① دېگەن قىممەتلىك سۆزىنىڭ ماھىيىتىگە تېخىچە يېتەلمەيۋاتقان بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار «قۇتادغۇبىلىك» تىكى دىداكتىك مەزمۇنلارنىڭ باشقا ئەل كلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بىلەن قىسمەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىغا قاراپ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەدەنىيەت مەنبەسى ئۈستىدە ئوخشىمىغان سەلبىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. «قۇتادغۇبىلىك» تەك پۈتكۈل ئىلىملەر جەمغىرلەنگەن قامۇسى ئەسەر ھەققىدىكى تەتقىقاتنى توغرا ئىزغا سېلىش، كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش، ئىلىمگە ئىلىمچە ھۆرمەتتە بولۇش ئۈچۈن شەكسىز ھالدا تەتقىق قىلىنماقچى بولغان ئۇشبۇ ئەسەرنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ساپ، ئىلمىي بولغان نەتىجىنى ئوتتۇرىغا قويۇش زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى» دە: «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە ئىدىيە مەنبەلىرى» ماۋزۇسىدا مەخسۇس بىر باب يېزىپ، مەزكۇر ئەسەرنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسى ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچىلەرنى بېرىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە ئۆز ئەسىرىدە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «شۇ نەرسىگە نەزەر سېلىش لازىمكى،

---

① مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 2 ـ قىسىم.

AltunOq

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىدىيىۋى مەنبەلىرى ھەققىدە چەت ئەل تۈركولوگلىرىنىڭ ئاندا ـ مۇندا قىلغان ئىبارىلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە زىت. ئۇنىڭ بىر قىسمى دەلىل ـ ئىسپاتسىز، كىشىنى قايىل قىلالمايدىغان قۇرۇق مۇھاكىمە بولسا، ئۇنىڭ يەنە بىر قىسمى بىرقەدەر ئىجابى بولغانلىرىمۇ ئىزچىللىققا ئىگە بولمىغان باشلانغۇچ قىياستىن يىراقلىشالمىغان.

يەنە شۇ نەرسىگىمۇ نەزەر سېلىش لازىمكى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىدىيىۋى مەنبەلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشتىن باش تارتىدىغان، ھەتتا مۇنداق مۇھاكىمىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلمىي تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە مەلىكىسىگە نۇقسان كەلتۈرۈش دەپ قارايدىغان، مۇئەللىپنى ياكى تۇغما دانىشمەن، ياكى نوقۇل ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى تەسىرى چەمبىرىدىن ھالقىپ چىقمىغان قىلىپ ئىزاھلاشقا ھېرىسمەنلىك قىلىدىغان قاراشمۇ مەۋجۇت. بۇ خىل قاراش تارىخىي چىنلىققا زىت بولۇشى بىلەن بىللە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى مەدەنىيەت بېكىنمىچىلىكىدە چەكلەپ قويىدىغان خاتا ھەم زىيانلىق قاراشتۇر. ئۇلۇغ تالانت كۆپ قاتلاملىق بىلىم ۋە ئۆتمۈشتە ئېرىشىلگەن مەدەنىيەت سەمەرىلىرى ئاساسىدىلا مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يايلاق مەدەنىيىتى مۇھىتىدا ئەمەس، بەلكى شۇ ئاساستا ئېرىشىلگەن ئولتۇراقلاشقان شەھەر مەدەنىيىتى ھەم خەلقئارا ئالاقىلار مۇھىتىدىلا مۇنداق تەپەككۇر بالاغىتى، مۇنداق ئىجادىيەت ماھارىتىگە مۇيەسسەر بولالىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم.

ئېيتىش ھاجەتكى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىدىيىۋى مەنبەلىرىگە ئالاقە قىلغاندا ھەممە ئۈلگىلەرنى ھىندىستان، ئىران، ئەرەب ياكى گرېك مەدەنىيىتىگە خاسلاشتۇرۇپ قويىدىغان ياكى بۇ جەھەتتىكى تەسىر ياكى ئوخشاشلىقلارنى مۇتلەق ئىنكار قىلىشقا قىزىقىدىغان غەيرىي تارىخىي، غەيرىي

ئىلمىي قاراشلارغا خاتىمە بېرىش ۋاقتى يەتتى».
دەرۋەقە، ئالىم ئېيتقاندەك، «غەيرىي ئىلمىي قاراشلارغا خاتىمە بېرىش ۋاقتى يەتتى». قۇرۇق پوپوزا ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ھەققانىي مەيداندا تۇرۇپ يېتەرلىك دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ ياردىمىدە توغرا بولغان ئىلمىي قاراشلارغا ئورۇن ھازىرلاپ بېرىش ۋاقتى يەتتى.
كۆپچىلىككە ئايان بولغىنىدەك، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەدەنىيەت مەنبەسى ھەققىدە ئېلىمىز ۋە چەت ئەلدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس. ۋ. ۋ. بارتولد خۇددى يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى، قىممىتى ھەققىدە ئادەمنىڭ كۆلكىسىنى قىستايدىغان قاراشقا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە يەنە، ئەسەرنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسى ھەققىدىمۇ تولىمۇ يۈزەكى قاراشتا بولىدۇ. ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» نى پۈتۈنلەي ئەرەب - پارس مەدەنىيىتى تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن دېگەن قاراشتا ۋەكىللىك قىلىش بىلەن بىرگە يەنە، «قۇتادغۇبىلىك» تىن يەتتە يىل كېيىن مەيدانغا كەلگەن نىزامۇل مۈلكنىڭ «سىياسەتنامە» سى بىلەن، «قۇتادغۇبىلىك» تىن 23 يىل كېيىن مەيدانغا كەلگەن كەيكاۋۇسنىڭ «قابۇسنامە» سىنى «قۇتادغۇبىلىك» كە يېقىنلاشتۇرماقچى بولىدۇ. بارتولدتىن باشقا يەنە تۈركىيە ئالىمى ف. كوپرۇلۇزادە، ئا. جاپپار ئوغلى، ھ. ئىنالچىق قاتارلىق ئالىملارمۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەدەنىيەت مەنبەسىنى تۈرك دۇنياسىدىن ئىزلەشكە ئەھمىيەت بېرىشتىن كۆرە، كۆپرەك پارس، ھىندىستان مەدەنىيىتىدىن ئىزلەشكە ئىنتىلدى. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بۇ ئىنچىكىلىكنى تەلەپ قىلىدىغان تەتقىقات تېمىسىدا يۇقىرىقى ئالىملارنىڭ قاراشلىرىغا ئىلمىي ئۇسۇلدا رەددىيە بېرىش بىلەن بىرگە: «كوپرۇلۇزادە، س. مەخسۇدى، ئارسال قاتارلىق تۈركىيە ئالىملىرى كۆڭ زىننىڭ رايىشلىق قاراشلىرى بىلەن

‹ۋاپادارلىق›، ‹مېھرىبانلىق› قاتارلىق ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىنى ‹قۇتادغۇبىلىك› تە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئەقىل، بىلىم ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى دەپ قىياس قىلىشقان. يېقىنقى يىللاردىن بېرى تۈركىيىلىك دىلئاچار ۋە باشقا خەنزۇشۇناسلار يۈسۈپ خاس هاجىپنى خەنزۇ تىلىغا پىششىق بولغان، ‹قۇتادغۇبىلىك› جۇڭگودا كەڭ تارقالغان دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۈڭ فۇزىچىلىق (رايىشلىق) تىكى ئالدىنقى پادىشاھلار يولى گۈزەللىكتۇر»، «ئەدەبنى بىلمەي پۇت تىرەپ تۇرغىلى بولمايدۇ» دېگەن قاراشلار بىلەن 1899 ـ يىلى دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ‹دۇنخۇاڭ ئۆزگەرتىلمىلىرى› (بۇددا ھېكايە نومىلىرىنىڭ جۇڭگولاشقان شەكلى) دىكى ئەقلىيە سۆزلەر ‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ شەرقىي مەنبەسى بولغان دەپ ئىزاھلاشماقتا. بۇ نورمال تەسىردىن ھالقىغان بولۇپ، يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ ئالاھىدە مەدەنىيەت تېپىغا ۋەكىللىك قىلىشىغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى. ئۇلار رايىشچانلىقا قارشى ھالدا يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ قانۇنچىلىق قاراشلىرى بىلەن سوپىلىقا زىت رېئالىزملىق ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىگە دۇچ كەلگەندە ھېچنېمە دېيەلمىدى. بۇ خىل كۆز قاراش ئوتتوئالبېرت، بروككېلمان، رەشىت رەھمىتى ئارات ۋە كاپسوغلۇ قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن رەت قىلىنغان» دەپ يازغان. ئەمما ئۇ كۆڭزىنىڭ قاراشلىرى بىلەن يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ قاراشلىرىنى ئەتراپلىق سېلىشتۇرۇپ، يۈسۈپ خاس هاجىپتا كۆڭزى تەسىرىنىڭ ھەقىقەتەن بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىق دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويمىغان. ئەگەر ئۇ لاڭ يىڭ خانىمنىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان: «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، يۈسۈپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەن

سۇلالىسىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىياسىتى، كۆڭزىچىلارنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسى قاتارلىقلارنى پىششىق بىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى تۇجۇپىلەپ تەتقىق قىلغانىدى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى قاغانلىقىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىياسەتلىرى توغرۇلۇق ئويلانغاندا، روشەنكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئوردىنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىياسەتلىرىنى ئۆرنەك قىلدى. ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كۆڭزىچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقى بىلەن بىر گەۋدىگە تازا جايىدا مۇجەسسەملەشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئىجتىمائىي سىياسىي ئىدىيىسىنى شەكىللەندۇردى. كۆڭزىچىلار ئىدىيىسىنىڭ تۈسىنى ئالغان، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۈرگەن شەرقتىكى غايىۋى دۆلەتنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بىر پارچە داڭلىق ئەسەردە، كۆڭزىچىلار ئىدىيىسىنىڭ مۇنچىۋالا روشەن، مۇنچىۋالا ۋەزنى بار مەدەنىيەت تىندۇرمىسى ھاسىل قىلالىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ يېتەرلىك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىشى لازىم...»، «‹قۇتادغۇبىلىك› تە تەرغىب قىلىنغان دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەشەببۇسلىرى، ئېتىكىلىق ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسىدە روشەن ھالدىكى كۆڭزىچىلار مەدەنىيىتىنىڭ ئىزناسى بارلىقىنى كۆرۈۋالايمىز...» دېگەن باياناتلارغا ئىلمىي نۇقتىدا تۇرۇپ، كۆڭزى، مېڭزىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن قايىل قىلارلىق جاۋابلارنى بەرگەن بولسا، ئۇشبۇ ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى تېخىمۇ ئاشقان بولاتتى.

ئالىم ھەر قايسى ئەل «قۇتادغۇبىلىك» شۇناسلىرىنىڭ ئەسەرنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى نۇقتىلىق

تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، شۇلارنى ئاساسىي مەنبە قىلىپ تۇرۇپ تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىنى چىقىرىدۇ:

«مېنىڭچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ‹قۇتادغۇبىلىك› تە ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي كۆز قاراشلارنى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت چەمبىرىگە خاس ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قاتلىمى؛

ئىككىنچى، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى يىپەك يولى بويىلاپ مەيدانغا كەلگەن ئارىلاشما (سىنكرىتىك) مەدەنىيەت قاتلىمى؛

ئۈچىنچى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئىسلام مەدەنىيىتى چەمبىرىكىدە تەسىر كۆرسەتكەن ئىدىيىۋى مەنبەلەردىن ئىبارەت»

«ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ھەر قايسى دەۋرلەردە ئېرىشكەن تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلىرى ‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ ئەڭ تۈپلۈك مەدەنىيەت قاتلىمىنى ۋە گېنېئالوگىيىلىك بولىقىنى ھاسىل قىلغان».

«‹قۇتادغۇبىلىك› تە رەسمىي ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ تەسىرى سالماقلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداق دېيىش كېرەككى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئومۇمىيلىق جەھەتتىن رەسمىي مۇسۇلمانلىق ئېتىقادىدىكى مۇتەپەككۇر ۋە شائىر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس».

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەدەنىيەت مەنبەسىنى ئىسلام مەدەنىيىتى تەسىرىگە كۆپرەك ئايرىدۇ. ئەمما ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «قۇرئان كەرىم» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك»

AltunOq

نى ئۆزئارا سىڭىشتۈرۈپ، ئەسەردىكى ئىسلام تەسىرىنى تېخىمۇ قايىل قىلارلىق ھالدا ئىسپاتلاپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئىسلام مۇھىتى تەسىرىنى سۆزلەش بىلەن بىرگە ئەينى پاكىتنىڭ ئۆزى بولغان «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» بېيىتلىرىدىكى مەزمۇنەن ئوخشاشلىقلارنى كۆرسىتىشنى ئاساس، ھەر قايسى ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قوشۇمچە قىلىش ئارقىلىق ئۆز ھۆكۈمىنى ـ خۇلاسىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، ئەسەرنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسى ھەققىدىكى ده ـ تالاشلارغا ئازراق بولسىمۇ ئورۇن قالدۇرمىغان بولاتتى. بىز بۇ خىل قىسمەن بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە ئىزلىنىۋېتىپ، تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 1998 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «بىر باشقا ئاچىقتان ‹قۇتادغۇبىلىك›» ناملىق كىتابنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى دوكتور، پروفېسسور مەھمۇد قارا بولۇپ، كىتاب ئاساسەن «مەنىسى ئايەتلەردىن ئېلىنغان بېيتلار»، «مەنىسى ھەدىسلەردىن ئېلىنغان بېيتلار»، «مەنىسى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئېلىنغان بېيتلار» دېگەن مەزمۇنلاردىن تۈزۈلگەن. بىز ئۇشبۇ كىتابنى مەنبە قىلىپ تۇرۇپ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىسلام تەسىرىنى كۆرسەتمەك بولۇپ تۇرغىنىمىزدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا مۇھەممەتجان ئىبراھىمجاننىڭ «ئىسلام دىنى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ‹قۇتادغۇبىلىك›» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى تەھرىر ئىلاۋىسى بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلىندى. ئىلاۋىدە مۇنداق دېيىلگەن: «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پۈتۈن ھاياتى، ‹قۇتادغۇبىلىك› داستانىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى ئۇنىڭ مىللىتىمىزدىن چىققان، ئىسلام دىنىنىڭ ھەممە ئەھكاملىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن، چوڭقۇر ئېتىقادلىق مۇسۇلمان ئالىم

ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە ‹قۇرئان كەرىم›، ‹ھەدىس شەرىف› ۋە فىقھە مەزمۇنلىرىدىن قىلچە چەتنىمىگەن. بۇ مەزمۇنلار پەقەت ئاپتورنىڭ تىلى بىلەن ئىپادىلەنگەن، خالاس. تەتقىقاتچى مۇھەممەتجان ئىبراھىمجاننىڭ تۆۋەندىكى ماقالىسىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ جەھەتتە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىغا ياردەم بېرىدىغان، تەتقىقاتتىكى بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان مۇھىم ماقالە دەپ قاراپ ژۇرنىلىمىزغا بەردۇق» . بىز ئۇشبۇ ماقالىنى ئوقۇش ئارقىلىق «ئىلاۋە» دە دېيىلگەنلەرنىڭ ھەقىقەتەن چىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئەسەر مەنبەسى ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولسۇن ئۈچۈن بۇ ماقالىنى ئۆز ئەينى بويىچە كىتابىمىزغا ئالدۇق. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىكىلەرگە ۋە مۇھەممەتجان ئىبراھىمجانگە چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز (تۆۋەندە ماقالىنىڭ تولۇق نۇسخىسى بېرىلدى) .

# ئىسلام دىنى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇبىلىك»

مۇھەممەتجان ئىبراھىمجان

ئىلاۋە: يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىللىتىمىزنىڭ شان ـ شەرىپى، ئىپتىخارى ۋە ئالەمشۇمۇل ئالىمى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدە خېلى يىللاردىن بېرى بارغانسېرى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقات مېۋىلىرى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن كۆپ تەرەپلىمە يېتۈك ئالىمىمىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ۋە ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل داستانى «قۇتادغۇبىلىك» نى كۆپرەك دەھرىلىك نۇقتىسىدىن ئىزاھلىدى، ھەتتا

ئايرىم تەتقىقاتچىلىرىمىز ئۇنى «ئاتېئىزمچى ئىدى» دېدى. بۇ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى بويىچە يەكۈنلىمىگەن ھەم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بىر خىل بىر تەرەپلىمە قاراش، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ يالغۇز ئېتىقاد جەھەتتىكى بىر خىل دىن بولۇپ قالماستىن بەلكى سىياسىي، ئىقتىساد، قانۇن ـ تۈزۈم، تۇرمۇش، ھاكىمىيەت، باشقۇرۇش، ئىجتىمائىي ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئىلىم ـ پەن قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چېتىشىدىغان بىر خىل ئۇنىۋېرسال دىن ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەن كىشىلىرىمىزنىڭ قارىشى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پۈتۈن ھاياتى، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى ئۇنىڭ مىللىتىمىزدىن چىققان، ئىسلام دىنىنىڭ ھەممە ئەھكاملىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن، چوڭقۇر ئېتىقادلىق مۇسۇلمان ئالىم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە «قۇرئان كەرىم» ، «ھەدىس شەرىف» ۋە فىقھە مەزمۇنلىرىدىن قىلچە چەتنىمىگەن، بۇ مەزمۇنلار پەقەت ئاپتورنىڭ تىلى بىلەن ئىپادىلەنگەن، خالاس. تەتقىقاتچى مۇھەممەتجان ئىبراھىمجاننىڭ تۆۋەندىكى ماقالىسىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ جەھەتتە ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىغا ياردەم بېرىدىغان، تەتقىقاتتىكى بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان مۇھىم ماقالە دەپ قاراپ ژۇرنىلىمىزغا بەردۇق.

## بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» ئۆزىگە سىغدۇرغان ئىلاھىي ھېكمەت، تۈگىمەس ـ پۈتمەس ئىلىم ـ ئىرپان بىلەن بارلىق مۇسۇلمان ئالىملار، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئەقلىگە ئەقىل، كۆچىگە كۈچ، ئىرادىسىغا جاسارەت بەخش ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقات، سەھىي ئىجتىھاتلىرىغا كەڭ يول، ئەخلاقى ئۈچۈن نۇرلۇق چىراغ بولۇپ، چەكسىز پەخىرلىنىش

ۋە ئۇلۇغلىنىشقا مۇيەسسەر بولۇپ كەلدى. چەكسىز ئالەمنىڭ ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلۈشى، هاياتلىق ۋە ماماتلىق، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، تەقدىر ـ ئىرادە، تەبىئەت، جەمئىيەت هەققىدىكى يۈكسەك ئىزدىنىشلەرگە كۈچلۈك نۇرلۇق چىراغ ۋە چەكسىز ئىلهام مەنبەسى بولدى. ئاللانىڭ قۇدرەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىدىغان، چۈشەنگەن ئالىملار ئۈچۈن بىلىم ـ ئىرپان مەنبەسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئىزدىنىشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرىگە ئىككى ئالەملىك يۈكسەك شان ـ شەرەپلەرنى بەردى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېتۈك ئالىمى يۈسۈپ خاس هاجىپ رەهمەتۇللا ئەلەيهىنى ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» نىڭ پارلاق ئىلهامى ۋە ئۇلۇغ ئىزنىسى بىلەن، يۈكسەك ئىجتىهات بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، ئۇيغۇر خەلقى، جۈملىدىن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە زور تۆهپە قوشۇپ، ئۆزىنىڭ ئالىملىق بۇرچىنى ئادا قىلغان، ئىسلامىيەتنىڭ ئۇلۇغ ئەهكاملىرىنى چىن هەقىقەت بىلەن تەبلىغ قىلغان پارلاق ئابىدىلەرنىڭ بىرى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس هاجىپ تەخمىنەن 1019 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى ئوردۇكەنت — قەشقەر يېنىدىكى قۇزئوردۇ — بالاساغۇندا دۇنياغا كېلىپ، 1085 ـ يىلى قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ دۇنياغا مەشهۇر شاه ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» («بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم») دېگەن مەنىدە بولۇپ، ساپ ئۇيغۇر تىلى، قەشقەر تىلى بىلەن يېزىلغان. يۈسۈپ خاس هاجىپ كىتابىنى قاراخانىيلارنىڭ خانى ئەبۇهەسەن سۇلايمان بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان بولۇپ، خان ئۇنىڭغا خاس هاجىپ، يەنى مەخسۇس مەسلىهەتچى مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلغان. پۈتكۈل داستان 85 باب، 6654 بېيت، 13 مىڭ 300 دىن ئارتۇق مىسرادىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، مەسنەۋى (ئىككىلىك شەكىل)، ئارۇزۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەهرىدە

يېزىلغان. ئۇ ئەرەب ـ پارس تىللىرىنى پەقەت ناھايىتى چوڭ زۆرۈرىيەت ئاستىدىلا ئىشلەتكەن بولۇپ، پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. داستان ھەجىمىنىڭ چوڭلۇقى، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بايان قىلىش شەكلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن جاھان مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ساھەسىدە مىسلىسىز كاتتا ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلارنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت راۋاج تاپقان، داڭلىق ئالىملارنى يېتىشتۈرگەن مەدرىس ـ مەكتەپلەردە ئاجايىپ دانا پىكىرلىك، قابىل ئالىم ـ ئۆلىمالاردىن ئۇستاز تۇتۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئىلمىي، ئەدەبىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغان. نۇرغۇن پەيلاسوپلارنىڭ ئەسەرلىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى پىششىق تەتقىق قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى قابىلىيىتى، يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگەن؛ شۇنداقلا ئۇ قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت دىنى بولغان ئىسلام دىنىنىڭ پارلاق مۇھىتىدا تەربىيە ئېلىپ «قۇرئان كەرىم» نى مۇكەممەل ئۆگەنگەن. «ھەدىس شەرىف» تىن ياخشى تەلىم ئالغان؛ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرگەن، كامىل قابىلىيەت ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتە ھۆرمەتكە سازاۋەر شەرەپلىك بىر شەخسكە ئايلانغان. ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىم ـ مەلۇمات، ئەقىل ـ تەپەككۇرلىرىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ھەقىقەت كۆزى، تارىخ ئەينەنلىكى بىلەن كۆرگەن، ئۆگەنگەن، چۈشەنگەن، ئۇنىڭ ھەر بىر باب، ھەر بىر بېيىت، ھەر بىر مىسرادىن ئىبارەت باغۇ بوستان، گۈل ـ گۈلىستانىغا قەدەم قويغان ھەر بىر كىشى ئۇنىڭدىكى ئىلىم ـ ھېكمەت، پەند ـ نەسىھەت ۋە ئىمانىنىڭ كۈچلۈك نۇرى، ھەقىقەتنىڭ جاراڭلىق ساداسىدىن ئالىمنىڭ ئۇلۇغ ۋە سائادەتمەن سىيماسىنى، يېتىشكەن پاك، مۆمىن مۇسۇلمانىنىڭ قىياپىتىنى

AltunOq

كۆرگەندەك بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ يېگانە ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئىمزناسى ۋە يۈكسەك ئىلھامى بىلەن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى مۇستەھكەم ئىسلام ئېتىقادىنى چىقىش قىلىپ ئۇلۇغ ئىرادە بىلەن يېزىپ چىققان بولۇپ، داستاننىڭ مۇقەددىمىسىدىن تارتىپ تاكى خاتىمىسىغىچە بولغان ئۇزۇن مۇساپە جەريانىدا بارلىق مۇسۇلمان ئالىملار قوللىنىپ كەلگەن روھ ۋە ئەنئەنە ئادەتلەرنى قوللىنىپ، داستاننىڭ قۇرۇلما - ئۆلچەملىرىنى پۈتۈنلەي ئۇسۇلى ئىسلامغا ئۇيغۇنلاشتۇرغان.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى شېئىر - نەزمە بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى، «ھەدىس شەرىف» تىكى سۆھبەتلەرنى ئەينەن كۆچۈرمە جۈملە شەكلى بىلەن ئېلىشقا مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما ئاجايىپ سۆز سەنئەتكارى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۈستۈن تىل ماھارىتى، بەدىئىي تالانتى بىلەن ئاللانىڭ ئۇلۇغ كالامى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆھبەتلىرىنىڭ روھىنى ئۈستىلىق بىلەن ناھايىتى مۇۋاپىق، دەل جايىدا ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. مۇنداق يېزىقچىلىق ئىستىلى ئالىمنىڭ مۇۋاپىق مۇسۇلمانلىق، سادىق مۆمىنلىك ئىمان ئېتىقادى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ۋە ئۇنىڭ شەكلى قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر ئىش بىسمىللا بىلەن، ھەمدى بىلەن باشلانمىسا ئۇ ئىش مۇكەممەل بولماي قالىدۇ». يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇسۇلمان ئالىملارغا خاس پەزىلەت بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئۇسۇلى ئىسلامنىڭ ئەڭ ئاساسىي نۇقتىسى «قۇرئان كەرىم» دىكى باشلانما ئايەت «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» يەنى «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان

ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دېگەن ئايەت بىلەن باشلىغان. پۈتكۈل باب 33 بېيت، 66 مىسرا بولۇپ، خۇددى ئاللانى ئۇلۇغلاپ «سۇبھان ئاللا»، «ئەلھەمدۇلىللاھ»، «ئاللاھۇئەكبەر» دىن ئىبارەت نەسىبھنى 33 قېتىمدىن ئېيتقان ئۆلچەم بويىچە ئاللاغا چىن كۆڭۈل، سەممىي نىيەت بىلەن ھەمدۇسانا ئېيتقان. ئۇ ئاللانى ئەزىزلەپ ۋە ئۇلۇغلاپ ئاللانى پۈتكۈل ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى، ياراتقۇچىسى، پادىشاھى، پۈتكۈل مەخلۇقات ۋە مەۋجۇدات ئاللانىڭ ئىلكىدە ۋە تەسەررۇپىدا دەپ قىلچە مۇجىمەللەشمىگەن، دۇدۇقلىمىغان ھالدا قايتا ـ قايتا مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

«قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاللا ئاسمانلار ۋە زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر، بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا ‹ۋۇجۇتقا كەل› دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ» («بەقەرە» سۈرىسى[2 ـ سۈرە]، 117 ـ ئايەت.)

خۇدا ئاتى بىرلە سۆزۈم باشلىدىم،
تۆرەلتكەن، ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن ئىزىم.
(1 ـ بېيت)

تولا مەدھى بىرلە تۈمەنىڭ سەنا،
قادىر بىر خۇداغا، ئاڭا يوق پەنا.
(2 ـ بېيت)

قوڭۇر يەر، يېشىل كۆك، كۈن، ئاي بىرلە تۈن،
ياراتتى زامان، ۋاقىت، مەخلۇق ۋە كۈن.
(3 ـ بېيت)

ئۇ خالاپ ياراتتى، يارالدى پۈتۈن،
ئۇ بىرلا دېدى «بول» بار بولدى پۈتۈن.
(4 ـ بېيت)

بۇ بارچە يارالغان موھتاجدۇر ئاڭا،
ئىگەم سەن بىھاجەت، يوق ھەمراھ ساڭا.
(5 ـ بېيت)

ئەي قادىر ۋە مەڭگۈ بىھاجەت بايات،
سېنىڭدىن بۆلەككە ياراشماس بۇ ئات.
(6 ـ بېيت)

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاللانىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، (ئاللا) ئاشكارىدۇر (يەنى مەۋجۇتلۇقنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇر)، مەخپىيدۇر (يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ)، ئاللا ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر» («ھەدىد» سۈرىسى [57 ـ سۈرە]، 3 ـ ئايەت).

ئاللانىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدىكى تەپەككۇرنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق مىسرالار بىلەن ئىپادىلەيدۇ:

ئىچۇ تاش بىلۈچى، ئەي ھەققۇلىيەقىن
كۆزۈمدىن يىراقسەن، كۆڭۈلگە يېقىن،
(11 ـ بېيت)

ئۇ يۇرمەس، ئۇ ياتماس، ئويغاق، ئۇخلىماس،
ئۇنىڭدىن يىراقتۇر تەسەۋۋۇر ـ قىياس.
(17 ـ بېيت)

ئورۇن ئۇل ياراتتى، ئورۇن يوق ئاڭا،
ئۇنىڭدىن ئورۇن يوق، ئىشەنگىن بۇڭا.
(19 ـ بېيت)

ئايا ھەققە پۈتكەن، ئاچ ھەمدىگە تىل،
دىلىڭ پۈتسە شەكسىز، يورۇتمە ئەقىل.
(25 ـ بېيت)

ئۇ قانداق دېمەكتىن كۆڭۈلنى كۆزەت،
پۈتۈپ بارلىقىغا ئاسايىشقا يەت.
(26 ـ بېيت)
ئىچۈك، قانچە دەپ يۈرمە، تۈنقىن ئۆزۈڭ،
ئىچۈك، قانچىسىز بىل، ئۇزارتما سۆزۈڭ.
(27 ـ بېيت)

داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا بابلارنىڭ بېشى ۋە ئاخىرلىرىدا داۋاملىق ھالدا ئاللاغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش، ئاللادىن مەدەت ۋە ياردەم تىلەش، قىلغان سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىكى سەھۋە ـ خاتالىقلارغا مەغپىرەت تىلەشتەك بىر مۇسۇلماننىڭ سەمىمىي، قىزغىن كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدۇ.

داستاننىڭ ئىككىنچى بابى ئۇسۇلى ئىسلام بويىچە نەبۇۋەت، يەنى پەيغەمبەرلەرگە ھۆرمەت ـ ئېھتىرامنى مەزمۇن قىلغان ماۋزۇسى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدھىيىسى بايانىدا» بولۇپ، 15 بېيت، 30 مىسرا ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سالام ۋە دۇرۇت ئېيتىلغان:

ئەۋەتتى رەسۇلنى رەھىملىك ئىگەم،
كىشى ياخشىسى تاللىنىلغىنى ھەم.
(34 ـ بېيت)
چىراغ ئىدى خەلققە قاراڭغۇ تۈنى،
يورۇقلۇقنى چاچتى، يورۇتتى سېنى.
(35 ـ بېيت)
خۇدادىن دەۋەتچى ئىدى ئۇ ساڭا،
يىگىت، توغرا بىر يولنى تاپتىڭ، شۇڭا.
(36 ـ بېيت)
ئۇنىڭ مەن يولىغا كۆڭۈل باغلىدىم،

ئىشەندىم، سۆيۈپ ھەم سۆزىن ئاڭلىدىم.
(46 ـ بېيىت)

داستاننىڭ قالغان قىسىملىرىنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىدا يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى، سۆھبەتلىرى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، قىزغىن مۇھەببەت ئىزھار قىلىنغان 3 ـ باب «تۆت ساھابىنىڭ مەدھىيىسى باياندا» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن ساھابىلىرىدىن بولغان چاھاريارلار — ئەبۇبەكرى سىددىق، ئۆمەر پارۇق، ئوسمان زىننۇرەيىن، ھەزرىتى ئەلى قاتارلىقلارغا ئاتاپ 14 بېيىت، 28 مىسرا ئارقىلىق قىزغىن سالام ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاننىڭ ئاۋۋالقى ئۈچ بابىدىكى 62 بېيىت، 124 مىسرادا بىر مۇسۇلمان شائىرنىڭ بەجا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئىپتىدا سۆزىگە ئورۇن بەرگەن. داستاننىڭ مۇنداق ئايرىم بابلىرىدىن باشقا بابلىرىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىشلىرىدا ئالدى بىلەن ئاللاغا سىغىنىش، پەيغەمبەرلەرگە سالام ـ دۇرۇت، چاھاريارلارغا ھۆرمەت مۇھىم تەشكىلىي قىسىم قىلىنغان بولۇپ، مۇنداق كومپوزىتسىيىلىك تەشكىلىي قۇرۇلما نوقۇل ھالدىكى ئەنئەنە، ئۇسلۇب، يېزىقچىلىق ئادىتى بولۇپ قالماي، بەلكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسى مۇستەھكەم بولغان مۆمىن مۇسۇلمان ئالىم، مۇسۇلمان شائىر ئىكەنلىكىنى روشەن ھالدا ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

ھەرقانداق بىر تارىخىي دەۋردىكى ئالىم ۋە ئىجادىيەتچىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى، ئىدىيە پەلسەپىلىرى ئۇلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى، ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نامايەندىلىرى بولغان ئەسەرلىرىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ

مەشھۇر مۇسۇلمان ئالىم. ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى، ئىلىم پەلسەپىسى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىسلامىي دۇنيا قاراش ۋە ئىسلامىي پەلسەپە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە كەڭ ساھە، نۇرغۇن مەسىلىلەر، جۈملىدىن مۇھىم قانۇنىيەتلەر، مۇكەممەل پەلسەپىلىك مەسىلىلەر ھەققىدە كەڭ ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ بېيىت - نەزمىلىرىدە ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۆز قارىشى ۋە ئىمان - ئېتىقادىغا ماس كەلمەيدىغان، يەنى ئاللانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى، پۈتكۈل ئالەمنى ئاللانىڭ ياراتقانلىقى، پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئاللانىڭ تەسەررۇپىدا ئىكەنلىكىگە زىت ياكى مۇجمەل بولغان ئىدىيە - پىكىرلەرنى قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇجمەللىك ۋە شۈبھىگە قەتئىي ئورۇن قالدۇرمىغان. مۇنداق قىلىچە مۇجمەللىك بولمىغان مۇستەھكەم دۇنيا قاراش ۋە ئاساسىي ئىدىيە پۈتكۈل داستانىنىڭ ھەر بىر باب، ھەر بىر قىسىملىرىغا باشتىن - ئاخىر سىڭگەن بولۇپ، داستاندا چاقناپ تۇرغان پارلاق ئەقىل، پارلاق ئىمانىنىڭ ئالتۇن نۇرى ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەك مەرتىۋە، ئۇلۇغ شان - شەرەپ، قەلبلەرنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: « ئاللا سۈبھىنى (قاراڭغۇدىن) يېرىپ چىقارغۇچىدۇر (يەنى تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر)، ئاللا كېچىنى (سىلەر ئۈچۈن) ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى، (سىلەرنىڭ) ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى. قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا (يەنى كېچىلىك يول يۈرگىنىڭلاردا) يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئاللا سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەردى. (ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، (ئاللانىڭ قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى ھەقىقەتەن ئوچۇق

بايان قىلىدۇق» («ئەنئام» سۈرىسى [6 ـ سۈرە]، 96 ـ، 97 ـ ئايەت). «قۇرئان كەرىم» دە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاللا قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە ئاينى نۇرلۇق قىلىپ ياراتتى، يىللارنىڭ سانىنى ۋە (ۋاقىتلارنىڭ) ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن ئايغا مەنزىللەرنى (يەنى بۇرجلارنى) تەيىن قىلدى. ئاللا ئۇلارنى بىكار ياراتقىنى يوق (بەلكى بۈيۈك ھېكمەت ۋە زور پايدىلىق ئۈچۈن ياراتتى)، ئاللا ئايەتلىرىنى (قۇدرىتى ئىلاھىيىنى) بىلىدىغان (ۋە ھېكمەتنى پىكىر قىلىدىغان) قوۋم ئۈچۈن تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللا ئاسماندا ۋە زېمىندا ياراتقان شەيئىلەردە (ئاللادىن) قورقىدىغان قوۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن (ئاللانىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار» («يۇنۇس» سۈرىسى [10 ـ سۈرە]، 5 ـ، 6 ـ ئايەت).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ 5 ـ بابى «يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرچ بايانىدا» ئۇ ئىسلام ئېتىقادىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئالىملارغا خاس پىكىر يۈرگۈزىدۇ. يەنى قۇياش بىلەن ئاينىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەت، ئاللانىڭ «بىز ھەقىقەتەن يېقىن ئاسماننى يۇلتۇزلار (نۇرى) بىلەن زىننەتلىدۇق» («سافقات» سۈرىسى [37 ـ سۈرە]، 6 ـ ئايەت) دېگەن سۆزى ۋە «ئاللا يەتتە ئاسماننى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتتى، مېھرىبان ئاللانىڭ يارىتىشىدا ھېچ نۇقسانىنى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇق كۆرەمسەن» («مۇلك» سۈرىسى[67 ـ سۈرە]، 3 ـ ئايەت) دېگەن سۆزى ھەققىدە پاك قەلبى بىلەن تەپەككۇر قىلىپ، 24 بېيت، 48 مىسرا ئارقىلىق گۈزەل مەنزىرىلەرنى سىزىدۇ. بۇ رەسىمدە ئاسمان كۆكىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ نامى، ئۇلارنىڭ بىپايان كۆكتىكى ئورنى، پەسىل، ۋاقىت ئۆزگىرىشلىرى ئاجايىپ

ئۇخشتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا دانىشمەن مۇنەججىم ـ ئاسترونوم زاتىنىڭ قىياپىتى نامايان بولىدۇ. بۇ بابتا بىر قىسىم يۇلتۇزلارنىڭ دەۋرلىكى ھەققىدە خېلىلا ئېنىق مەلۇمات بېرىلىدۇ. ئاددىي قوراللار، ئىنسان كۆزى بىلەن بىپايان كائىناتقا نەزەر سېلىپ ئېرىشىلگەن مۇنداق مەلۇمات ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۆزىتىدىغان زامانىۋى قوراللار توگۇل، ھەتتا گالىلىينىڭ تۇنجى تېلېسكوپىدىن 6 — 7 يۈز يىل مۇقەددەم نەچچە يۈز مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سەييارىلەرنىڭ ئورنىنى دەل ھېسابلاپ چىقىش بولۇپ، ھازىرقى زامان ھېسابلاش ئىلمىدا ھېسابلانغىنى بىلەن خاتالىق پەرقى چوڭ ئەمەس. بۇ پەقەت ساپ ئەقىلنىڭ قۇدرىتى، ھېسابلاش ئىلمىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن بولغان. تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، قاراخانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە ھېسابلاش ئىلمى — ئالگېبرا، گېئومېتىرىيە (ھەندىسە) ۋە ماتېماتىكا ئانالىز قاتارلىق ساھەلەر خېلىلا تەرەققىي قىلغان ۋە ئۇلار بىر ئىلىم بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇنداقلا ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) خېلىلا تەرەققىي قىلغان. ئاسترونومىيە ئالىملىرى ئالەمدىكى يۇلتۇزلارنى تۈركۈملەرگە ئايرىپ، ئۇلاردىن يىل ـ پەسىل قاتارلىقلارنى تولۇق ھېسابلاپ چىققان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاندا يەتتە يۇلتۇزنىڭ تىزىلىشىنى قىزىقارلىق قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

قۇياش سىستېمىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىدا سەكەنتىر (ساتورىن) بولۇپ، بىر بۇرجىدا ئىككى يىل، سەككىز ئاي تۇرىدۇ. ئىككىنچى قاتاردا ئوڭاي (يوپىتېر) بولۇپ، بىر بۇرجىدا 12 ئاي تۇرىدۇ. ئۈچىنچىسى كۈرۈد (مارس) بولۇپ، ئۇ ئاپەت ـ ئوت يۇلتۇزى دەپ ئاتىلىدۇ. تۆتىنچىسى، ياشىق (قۇياش) بولۇپ، ئۇ خۇشاللىق يۇلتۇزى دەپ ئاتىلىدۇ. بەشىنچىسى سەۋىت (ۋېنېرا) يۇلتۇزى دېيىلىدۇ. ئۇ زۆھرە

يۇلتۇزى ياكى چولپان يۇلتۇزى دېيىلىدۇ. ئالتىنچىسى، ئارزۇ (مېركورى) بولۇپ، ئۇ بەخت يۇلتۇزى دېيىلىدۇ. يەتتىنچىسى، يالچىق (ئاي) بولۇپ، ئۇ تولۇن، غەيرىي تولۇن ھالەتتە كۆرۈنىدۇ. داستاندا تەسۋىرلەنگەن 12 بۇرج (ئۆكسەك) مۇنداق ئىپادىلەنگەن: ئۇلار قوزى (ھەمەل)، ئۇي (سەۋر)، ئەرەندىز (جەۋزا)، قۇچىق (سەرەتان)، ئارسلان (ئەسەد)، بۇغداي بېشى (سۇمبۇلە)، ئۇلگۇ (مىزان)، چايان (ئەقرەب)، يا (قەۋس)، ئوغلاق (جەدى)، سوغا (كونەك، دەلۋە)، بېلىق (ھۇت) تىن ئىبارەت. 12 بۇرچ يۇلتۇزلار تۇركۇمى تۆت پەسىلدە ئۇچتىن كۆرۈنۈپ، پەسىل ئالامەتلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇ ھەمەل، سەۋر، جەۋزا يۇلتۇزلىرىنى باھارلىق؛ سەراتان، ئەسەد، سۇمبۇلە يۇلتۇزلىرىنى يازلىق؛ مىزان، ئەقرەب، قەۋس يۇلتۇزلىرىنى كۈزگى؛ جەدى، دەلۋە، ھۇت يۇلتۇزلىرىنى قىشقى يۇلتۇزلار تۇركۇمى دەپ قارىغان ھەمدە بىپايان ئاسماندىكى بىر قىسىم يۇلتۇزلارنىڭناملىرىنىمۇ ئاتىغان. ئۇنىڭ ئالەمدىكى يۇلتۇزلار ھەمدە ئۇلار ھەققىدىكى ھېسابلاشلىرى ھازىرقى زامان يۇلتۇز ئىلمى — ئاسترونومىيەدىكى ئىلمىي ئىسپاتلاش ۋە پەرەزلەرگە تامامەن ئۇيغۇن. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، بۇ يۇلتۇزلارنىڭ ناملىرىنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە نام بىلەن ئاتىغان. داستاندا مۇنداق يېزىلىدۇ:

ياراتتى پەلەك، كۆر، دائىم ئايلىنۇر،
ھايات ھەم ئۇ بىرلە تىنماي چۆرگىلۇر.
(126 ـ بېيت)

ھازىرقى زامان ئىلىملىرى ئىسپاتلاپ چىقتىكى، ھايات مېتابولىزمى (ماددا ئالمىشىش) يەر شارىنىڭ ئايلىنىش ۋاقتى بىلەن توغرا تاناسىپ بولىدۇ، يەنى پەلەكنىڭ ئايلىنىشى بىلەن

ھاياتلىق ۋە ماددا ئالەمنىڭ ماس قەدەمدە بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» دىكى ئاللانىڭ ھاياتلىق ۋە دۇنيا ھەققىدىكى ئۇلۇغ كالاملىرىدىن ئىلھاملىنىپ، 1000 يىل مۇقەددەم ئالەم بىلەن ھاياتلىق ھەققىدىكى پەلسەپىۋى ۋە ئىلمىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ھازىرقى زامان ئالەم ئىلمى ۋە ئالەم تەتقىقاتى بۇ قاراشنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ياراتتى يېشىل كۆكتە يۇلتۇزنى ئۇ،
ياراتتى قاراتۈن ۋە كۈندۈزنى ئۇ.
(127 ـ بېيت)
كۆكتىكى يۇلتۇزلار بەزىسى بېزەك،
يول باشلار بەزىسى، بەزىسى يەزەك.
(128 ـ بېيت)
تۆتىنچى قۇياشتۇر يورۇتار جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان.
(134 ـ بەت)
بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا، تولۇن بولار.
(137 ـ بېيت)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ناھايىتى روشەن ۋە ئوچۇق پىكىرلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەۋرەنمەس بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە مۇناسىپ ھالدا ئەينى زاماندىكى مۇسۇلمان ئالخىميە ئالىملىرى، مېدىتسىنا ـ تېبابەت ھەكىملىرىنىڭ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئىلمىي ئېقىم بولۇپ شەكىللەنگەن «تۆت زات» (تۆت تادۇ) ئانىسىر ـ ئابى، ئاتەش، بادى، خاك يەنى سۇ، ئوت، شامال ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت ماددا ھەمدە تېبابەتتىكى

تۆت خىلىت، يەنى قان، سەپرا، سەۋدا، بەلغەم ۋە ئىنسان مىجەزىدىكى ھۆل، قۇرۇق، ئىسسىق، سوغۇق قاتارلىق مىجەز، ئىنسان ھاياتىدىكى بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك (ياشلىق)، ئوتتۇرا ياشلىق، قېرىلىقتىن ئىبارەت تۆت مەزگىل ھەققىدە توختىلىپ، ئاھايىتى ئۇستىلىق بىلەن مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

ئۈچى سۇ، ئۈچى يەل، ئۈچى بولدى ئوت،
ئۈچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا مەۋجۇت.
(143 ـ بېيىت)

يىغىندۇر بۇلارنىڭ بىرىگە بىرى،
قويۇپ ياۋغا ياۋ قىلدى جەڭنى نېرى.
(144 ـ بېيىت)

ئۇرۇشماس بۇ ياۋلار، ياراشقان ئۈچۈن،
كۆرەشمەس بۇ ياۋلار كۆتۈرگەچ ئۈچۈن.
(145 ـ بېيىت)

يېتىشلىك ئىلاھىم سېلىپ ئىزغا ئۇز،
ياراتتى ئۇلارنى، ياراشتۇردى تۇز.
(146 ـ بېيىت)

تېگىندۇر قوڭۇر يەر بىلەن يېشىل سۇ،
ئۆستى سۇپ ـ سۇزۇك يەل بىلەن ئۇتتۇر ئۇ.
(3725 ـ بېيىت)

قۇرۇق، ھۆل بىلەن بۇ ئىسسىق، سوغۇقنى،
ياراشتۇردى، بەردى خەلققە رىزقىنى.
(3726 ـ بېيىت)

مىجەزىڭنى ئىبىتاي ئوچۇق ساڭا بىل،
سېرىق، ئاق، قارادۇر ۋە ياكى قىزىل.
(4632 ـ بېيىت)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىدا پۈتكۈل كائىناتنى، ئاسمان سەييارىلىرىنى، ھاياتلىقنى تەسۋىرلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇنداق سەھىپە ئاجرىتىشى ئۆز داستانى ئۈچۈن گۈزەل مەنزىرىلەرنى سىزىپ كۆرسىتىش ياكى تەسۋىري يول بىلەن سۆز ئويۇنى قىلىش بولماستىن، بەلكى بىر ئۇلۇغ ئىلاھىي ھېكمەتنى، ئاللانىڭ يەنە بىر ئۇلۇغ ئىجادىيىتى بولغان پۈتكۈل تەبىئەتنى، ئۇنىڭدىكى ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن زور پايدىلىق بولغان تەرەپلەر، روشەن ئالامەت ۋە پاكىتلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن قايىل بولۇش، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىمۇ ئاللانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە، ئىنسان ئۈچۈن بەرگەن رەھمەت ۋە نېمەتلىرىگە چوڭقۇر تەشەككۇر بىلدۈرۈشكە دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئەمگىكى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ سەلتەنەتلىك ئىمارەتنى ھەيۋەتلىك تۆت تۈۋرۈك ئۈستىگە قۇرغان . بۇ غايەت زور تۈۋرۈك ئەدلى، ئىلىم، ئەقىل ۋە سەۋردىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئاۋۋالقى ئىككىسى بولغان ئەدلى بىلەن ئىلىم ئۇلۇغ ئاللانىڭ زات سۈپەتلىرى بولۇپ، ئەدلى ـ ئادالەت، ئىلىم ـ ھېكمەت ئاللاغا مەنسۇپ. كېيىنكى ئىككىسى بولغان ئەقىل بىلەن سەۋر ئۇلۇغ ئاللانىڭ ئىنسانغا بەرگەن سۈپەتلىرى بولۇپ، ئەقىل ـ پاراسەت، سەۋر ـ قانائەت ئىنسانغا مەنسۇپ. پۈتكۈل مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى، ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىنساننىڭ خەلق ئېتىلىشى، پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئۆلچەملىك ۋە قانۇنلۇق بولۇشى، ئۇنىڭدىكى مۆجىزە ـ سىر، ھېكمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ ئادالىتى ۋە ئىلىم ـ ھېكمىتىدىن بولغان. ئىنسان ئاللا بەرگەن ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئاللانىڭ ئەدلى ـ ئادالىتى، ئىلىم ـ ھېكمەتلىرىنى، ئاللا بىلدۈرۈشكە ئىرادە قىلغان شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىرىنى تونۇيدۇ،

ئاللاغا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن قۇلچىلىق ۋە ئىبادەت قىلىدۇ. يەنى ئاللانىڭ ئەدلىدىن قورقۇپ، پەزلىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىياتنىڭ مەجازى ۋاستىلىرى، ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلى بىلەن پۈتۈن سۆپەتنى تۆت زات — تۆت پېرسوناژ قىياپىتى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا نامايان قىلىپ، ھېكايە شەكلى بىلەن ئۇلۇغ ئىسلامىي ھەقىقەتنى مۇكەممەل شەرھىيلەپ بەرگەن. ئۇ ئەدلى ـ ئادالەتكە ئۇلۇغ پادىشاھنى تەمسىل قىلغان، ئۇنىڭ ئىسمى كۈنتۇغدى ئىلىك؛ ئىلىم ـ ھېكمەتكە ۋەزىر تەمسىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئايتولدى؛ ئەقىل ـ پاراسەتكە ۋەزىرنىڭ ئوغلى تەمسىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئۆگدۈلمىش؛ سەۋر ۋە قانائەتكە ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى تەمسىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئودغۇرمىش دەپ ئاتالغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاننىڭ ھەر بىر بۆلەك، ھەر قايسى بابلىرىدا ئۆزىنىڭ ھېسابسىز باي تەپەككۇرى بىلەن ئۆز قەلبىدىكى ئۇلۇغ ئىمان ـ ئېتىقاد، تەسەۋۋۇرلىرىنى زىچ باغلاشتۇرۇپ، كىتاب مەزمۇنىنى يۇقىرىقى تۆت سۈپەت قىياپىتىدىكى تۆت زات — تۆت پېرسوناژ ئەتراپىدا ئەرتىپلىك ھالدا دەۋر قىلدۇرىدۇ. داستاندىكى ۋەقەلىك داستان سۇژىتى باشتىن ئاخىر مۇشۇ تۆت شەخس ئوتتۇرىسىدىكى كۆچلۈك سوئال ـ جاۋاب، مۇنازىرە ئارقىلىق راۋاجلىنىپ بارىدۇ. مۇشۇ مۇنازىرە جەريانىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ تەشۋىق قىلماقچى بولغان دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى قانۇن، بىلىم، ئەخلاق ـ پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ۋە باشقۇرۇش ھەققىدىكى ئۇلۇغ ئىسلامىي ئەقىدىگە خاس غايە ۋە قاراشلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ بىلىم ـ ھېكمەت ۋە ئەخلاقنى پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ ئۇسۇلى دەپ قارايدۇ. بىلىمگە ئىگە بولغاندا ئادالەتنى جارى قىلدۇرغىلى، قانۇنغا ئەمەل قىلىپ ئۇنى

يۈرگۈزگىلى، قالايمىقانچىلىق، نەپسانىيەتچىلىك، جىنايەتنى چەكلىگىلى، خەلقنى، دۆلەتنى ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ، بىلىمگە سەل قاراش قانۇن، ئادالەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت، بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاساسىنى ۋەيران قىلغانلىق بىلەن باراۋەر دەپ ھېسابلايدۇ.

مەشھۇر دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادىغا مۇناسىپ ھالدا ئۆزىنىڭ دۆلەت، قانۇن ۋە ئادالەت ھەققىدىكى دادىل تەسەۋۋۇر، ئىلمىي تەشەببۇسلىرىنى شېئىر ـ نەزمىسى بىلەن داستان شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ غايىۋى دۆلەت تەسەۋۋۇرى دېموكراتىك خاراكتېرگە ئىگە دۆلەت فورمىسى بولۇپ، قانۇن بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشى باراۋەر بولۇش، ئادالەت، ئىنسانپەرۋەرلىكنى چىقىش قىلىش دەپ قارايدىغان ئىدىيە ئۆزىنىڭ تارىخىي ئورنى، تارىخىي شارائىتى بولغان 1000 يىل مۇقەددەم ئۆتكەن خاقانىيە دەۋرى ئېتىبارى بىلەن يۈكسەك ئىلغارلىق ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىككە ئىگە. بۇنداق شانلىق نامايەندە ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن پەيلاسوپلارنى، قانۇنشۇناسلارنى ئاجايىپ ھەيرەتتە قالدۇردى. ئۇلار بىردەك «بۇ ئاجايىپ يۈكسەك تارىخىي نامايەندە، ئۇلۇغ تۆھپە» دەپ ھېسابلىدى.

«قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: « بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن چۈشۈردۇق ۋە ئۇلار بىلەن ئىنسانلارنى ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق» («ھەدىد» سۈرىسى [57 ـ سۈرە]، 25 ـ ئايەت) .

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئادالەتنىڭ سۈپەتلىرى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

ئېلى بولدى باي، يۈرتنى تۈزگەچ خاقان،

بۆرە، قوي سۇ ئىچتى بىر جايدا شۇئان.
(449 ـ بېيت)

قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن
ئايرىلماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.
(809 ـ بېيت)

ئادالەت ئۇستىدە بۇ بەگلىك ئۇلى،
بۇ بەگلىك ئاساسىي ئادالەت يولى.
(821 ـ بېيت)

ئۆزى ياخشى بولسا بۇ بەگلەر ئەگەر،
بېيىپ ھەممە خەلقى، جاھان تۈزىلەر.
(895 ـ بېيت)

ئىككى نەرسە ئەلگە باغ، ئاچقۇچى ئۆزى:
ھۇشيارلىق ۋە قانۇن ـ ئەلنىڭ يىلتىزى.
(2015 ـ بېيت)

زۇلۇم ـ ئوت، يېقىنلاشسا، ئۇ كۆيدۇرەر،
قانۇن ـ سۇ، ئۇ ئاقسا، نېمەتلەر ئۈنەر.
(2032 ـ بېيت)

ئەل ئارتار قانۇن بىرلە، تۈزىلۇر جاھان،
زۇلۇم بىرلە كېمىيىپ ئەل، بۇزۇلۇر جاھان.
(2034 ـ بېيت)

تۈزەپ بەگ كۆڭلىنى يورۇتسە قانۇن،
بۇ بەگلىك بۇزۇلماس، تۇرار بەك ئۇزۇن.
(2036 ـ بېيت)

قانۇن سۇ كەبىدۇر، زۇلۇم — ئوت، بالا،
ئېقىتتىڭ سۈزۈك سۇ، ئۆچتى ئوت مانا.
(3107 ـ بېيت)

ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئېرۇر،
ئۇ قانۇن بۇزۇلسا، ئاسمان يىقىلۇر.
(3463 ـ بېيت)

AltunOq

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىملىك، دانىشمەن پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ لاياقەتلىك خادىملىرى دۆلەتنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى باي قىلىشنىڭ ئاساسىي قورالى، ئادالەتلىك قانۇن ئۇنى جارى قىلدۇرغۇچىلارنىڭ بىلىمى، ئەقلى ۋە ئىمان ـ ئېتىقادنى ئىپادىلەيدۇ دەپ قاراپ، مۇنداق سۆز ئويۇننى كەلتۈرىدۇ.

بەگ ئاتى بىلىك بىرلە باغلىق تۇرۇر،
لىك «لامى» كەتسە، بەگ ئاتى قالۇر.
(1953 ـ بېيت)

ئەمەلدارلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە بىلىمى خەلقنىڭ تىنچ ـ ئامان، خاتىرجەم، ئاسايىشلىق زامان ئاستىدا ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئادالەتنى، ئىنسانىنىڭ ئاللا بەرگەن ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قانۇن قوغدىمىسا، خەلقنىڭ پاراۋان تۇرمۇشى، بەخت ـ سائادىتى ھەرگىز كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ دەپ قاراپ مۇنداق چاقىرىق قىلىدۇ:

بىرى، توغرا قانۇننى خەلقىڭگە بەر،
بىرىنى بىرى ئەزمەكنى ئەلدىن كۆتەر.
(5576 ـ بېيت)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش دەپ قارايدىغان جەمئىيەت تەلىپى XI — XII ئەسىردەك فېئوداللىق جاھالەت ھۆكۈم سۈرگەن «خاننىڭ دېگىنى — قانۇن» دەپ قارايدىغان مۇستەبىت، زالىم سىياسەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىلغار، دېموكراتىك پىكىر ئىقمى بولۇپ، ئۇنى ئالاھىدە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. داستاندا ئادالەتنى، ياخشىلىق،

باراۋەرلىك، ئادەمگەرچىلىكنى ئاساس قىلغان خانلار قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. ئاچ كۆز، زالىم، مۇستەبىت، فىرئەۋن، زاھىاكتەك شاھلار «قۇرئان كەرىم» نىڭ روھى بويىچە قاتتىق قامچىلىنىپ، ئۇلارغا لەنەت ـ نەپرەت بىلدۈرۈلگەن. مۇنداق ئىككى خىل پوزىتسىيە ئەينى تارىخىي شارائىت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئاجايىپ جاسارەت ۋە قەھرىمانلىق روھىغا ئىگە. داستاندا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان مۇنازىرە ۋە كەسكىن پىكىرلەردە ئەكس ئەتكەن دۆلەت ۋە ھوقۇق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، ئادالەت ھەققىدىكى ئېنىق كۆز قاراش يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پاك ئىمان ـ ئېتىقادى، مۇستەھكەم ئەقىدىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، بۇ خىل تەلەپ ۋە تەشەببۇس ئالىمنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىلمىي پەلسەپىسىنىڭ مۇقەررەر لوگىكىسى.

«قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى» («ئەلەق» سۈرىسى[96 ـ سۈرە]، 1 — 5 ـ ئايەتلەر).

«مېھرىبان ئاللا قۇرئاننى تەلىم بەردى (ئۇنى ھېپزى قىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى). ئىنساننى ياراتتى. ئۇنىڭغا (مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن) سۆزلەشنى ئۆگەتتى» («رەھمان» سۈرىسى[55 ـ سۈرە]، 1 — 4 ـ ئايەتلەر).

ئاللا «قۇرئان كەرىم» دە «ئوقۇغىن» دەپ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلدى. ئوقۇش ۋە بىلىشنى بارلىق ئىنسان بالىسىنىڭ شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى ۋە مۇقەددەس ھوقۇقى قىلىپ بەلگىلىدى. دانىشمەن يۈسۈپ

خاس هاجىپ ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» دىكى ئىلاھىي ھۆكۈمنى رەھنەما تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئىلھامى ۋە ئىزنىسى بويىچە ئىلىم بارغان ئىزدىنىش ۋە چوڭقۇر تەپەككۇرنىڭ شەرەپلىك مېۋىسى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىغا ناھايىتى كۆپ سەھىپە ئاجرىتىپ ئوقۇشنى، بىلىم ئىگىلەپ بىلىملىك بولۇشنىڭ ئىنتايىن شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلدى. ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىمنى ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ تۈپكى پەرقى دەپ قاراپ، ئىلىمغا يۈكسەك باھا بەردى. بۇ خىل قاراش كىشىلىك جەمئىيەتتە قىممىتى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان بىر ھەقىقەتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇ، ئاللا ئىنساننى ياراتتى، ئۇنىڭغا ئۆز پەزلىدىن ئەقىل ـ ئىدراك بەردى، سۆزلەشكە لايىق قىلدى. شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى بىلدۈردى، بىلىملىك قىلدى ھەمدە بىلىمنىڭ ئەڭ گۈزەل گۈلتاجى بولغان ئىنسانىي خىسلەت، ياخشى ئەدەپ ـ ئەخلاق بەردى. مۇشۇ بىلىم ۋە ئەخلاق بىلەن ئىنسان بالىسى بۇ ئالەمدىمۇ، ئۇ ئالەمدىمۇ بەختلىك ۋە يۈزى يورۇق بولىدۇ، دەپ قارىدى.

ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.
(154 ـ بېيىت)
ئەقىللىق ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.
(155 ـ بېيىت)
كىشىگە ئېرۇر كۆپ بىلىم پايدىسى،
بىلىم بىلسە ئىنسان ئەزىز بولغۇسى.
(160 ـ بېيىت)
ئەقىللىق تىرىكتۇر، ئەقىلسىز ئۆلۈك،
ئەقىل ئەرنى ئايرۇر، سۇ خىل نەڭ بۆلۈك.

(1839 ـ بېيت)

كىشى تۆن كەبى بىر قاراڭغۇ ئۆيدۇر،
ئەقىل بىر چىراغتەك ئۇنى يورۇتۇر.

(1840 ـ بېيت)

بىلىم ئىگىلەشنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇ يالغۇز دىنىي بىلىم بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى كەڭ دائىرىنى يەنى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ تۇرلۇك قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ھەمدە ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىغا دائىر مەسىلىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان مۇشۇ ساھەلەردىكى ئىزدىنىش ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىمى، ئەقلى ۋە تەپەككۇرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ماھارەت ۋە قابىلىيىتىنى، تىرىكچىلىكىنىڭ ۋاستىسى، ئىگىلىنەش، پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، ئاللا ياراتقان، ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىق بولغان مۆجىزىلەردىن بەھرىمەن بولۇش، ئۇنى تىزگىنلەش ۋە توسۇش ئارقىلىق، ئاللانىڭ ئىنساننى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىشىدىكى ئىلاھىي ھېكمەتنى چۈشىنىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپ نۇرغۇن ئىلمىي مەسىلىلەر، مۇرەككەپ پەنلەرنى مىسال كەلتۈرۈپ، ئىلىم ـ پەننى دۆلەتنى باشقۇرۇشنىڭ كۈچلۈك قورالى، تىرىكچىلىكنىڭ ۋاستىسى، دىننى ھىمايە قىلىش، ئۆزىنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادىنى قوغداش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى دەپ خۇلاسە قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن «ئالىم بولغىن ياكى ئۆگەنگۈچى بولغىن، ئاڭلىغۇچى بولغىن ياكى بىلىم ئاشىقى بولغىن، بەشىنچىسى بولمىغىن، مۇنداق بولساڭ ھالاك بولىسەن» (تەبراتى رىۋايەت قىلغان) «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق يېزىلغان:

ئىككى خىل ئىنسان كىشى ئاتىلۇر،
بىرى ئۆرگەتكۈچى، بىرى ئۆرگىنۇر.
(3217 ـ بېيت)
ئىككىدىن بۆلەكنى سەن يىلقى سانا،
يا ئۇ بول، يا بۇ بول، تاللاپ ئال مانا.
(3218 ـ بېيت)

يۇسۇپ خاس هاجىپنىڭ ئومۇمىي خەلق مائارىپى ئىدىيىسى يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ روھىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىتىشنىڭ ئىنتايىن ياخشى پەزىلەت، بولۇپمۇ بىر مۆمىن مۇسۇلماندىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن ھەم ئۆزىمۇ جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئەمگەك ئارقىلىق ئۆز قەلبىدىكى ئىلىم ۋە قابىلىيەتنى جارى قىلىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا كەڭ ئاممىغا ئىسلامىيەتنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىنى، ئاللا بۇيرۇغان ئەخلاق مىزانلىرىنى، توغرا ھىدايەت ۋە سۈننەتلەرنى تەشۋىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلدى ھەمدە ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگەتكۈچىلەرگە بېرىلىدىغان كاتتا ساۋاب، مەڭگۈلۈك ئىززەت ـ ھۆرمەتكە نائىل بولدى.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇنىڭ ئىبادەت بىلەن بولغان چەمبەرچاس مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

ئىبادەتكە ئاۋۋال بىلىم كۆپ ئۆگەن،
ئىلىمسىز ئىبادەت بىپايدا، چۈشەن.
(3216 ـ بېيت)
تائەتكە بىلىملە سەن بارغىن يېقىن،
بىلىم تامغۇلايدۇ دوزاخ ئىشىگىن،

(3223 ـ بېيت)

بىلىپ قالسا تائەت ساۋابى تۈمەن،
ساۋاب كۆتمە بىلمىسىز ئىبادەت بىلەن.

(3224 ـ بېيت)

بىلمىسىز قىلىنغان تائەتتىن كۆرە،
گەر ئۇخلار بىلىملىك ساۋابى ئۆرە.

(3225 ـ بېيت)

«قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: 〔«ئى مۆمىنلەر! ئاللا سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى(تەركىي دۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزۈڭلارغا) ھارام قىلماڭلار»〕 («مائىدە» سۈرىسى [5 ـ سۈرە]، 87 ـ ئايەت).

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن دۇنيانى دەپ ئاخىرەتنى، ياكى ئاخىرەتنى دەپ دۇنيانى تەرك قىلغان (تاشلاپ قويغان) ئادەم ياخشى بولماستىن، ھەر ئىككىسىنى تەڭ تۇتقان ئادەم ياخشى ئادەمدۇر». (ئىبنى ئەساكىر رىۋايەت قىلغان) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: « سىلەر مۇنداق دەيسىلەر، ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرگە قارىغاندا ئاللادىن بەك قورقىمەن، ئەڭ تەقۋادارمەن، روزىنىمۇ بەزىدە تۇتىمەن، بەزىدە تۇتمايمەن. كېچىسى ھەم ناماز ئوقۇيمەن ھەم ئۇخلايمەن. خوتۇنمۇ ئالىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمنى تەرك ئېتىدىكەن، ئۇ مېنىڭ سۈننىتىمگە مەنسۇپ ئەمەس» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا زاھىد ئۇدغۇرمىش بىلەن قىلغان سۆھبەت ـ مۇنازىرە جەريانىدا، ئاللانىڭ كالامى ۋە ھەدىستىكى مۇھىم نۇقتىلارنى روشەن گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، ئىنساننىڭ بەندىلىك مەجبۇرىيىتى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيەت بىلەن مەسئۇلىيەتنىڭ

ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، يەنى بۇ ئالەم بىلەن ئۇ ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىلماس باغلىنىش ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىدۇ.

«ئۇدغۇرمىش» نامى بىلەن ئاتالغان زاھىد كىشى ناھايىتى بىلىملىك، قابىل كىشى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئۇ ئالەملىك ئىشلىرىغا يەنى ئىبادەتكە دەخلى يېتىپ قالىدۇ دەپ قاراپ، جەمئىيەتكە، خەلققە، ئائىلە بالا ـ چاقىلىرىغا، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە خىزمەت قىلىشنى، ئۆز ئەقلى قابىلىيىتىنى ئۇلارغا بەخشەندە قىلىشنى خالىماي، بەلكى كىشىلەردىن قېچىپ، تاغدا، غارلاردا ئولتۇرۇپ «خاس ئىبادەت» بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ھەقىقىي تەقۋادارلىق، ئۇ ئالەملىك ئىشلىرىنى تولۇق ئادا قىلغانلىق دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭ كۆز قارىشى مۇنداق:

تونۇم — قوي يۇڭى، بەس، غىزا — ئارپا ـ ئاش،
تولۇق بولدى دۇنيا ماڭا، ئەي قاياش.
(1765 ـ بېيىت)

نە دەر بىر مېھرىبان كىشى، ئىشتكىن سۆزى،
ماكانى ئېرۇر غار، تەقۋادار ئۆزى.
(1766 ـ بېيىت)

نەسىۋەم تېپىپمەن جاھاندىن بۇنى،
يېيىشكە كېپەكنى، تونغا قوي يۇڭى.
(1767 ـ بېيىت)

كېپەك كۆپ لەززەتلىك شېكەردىن ماڭا،
بۇ ئاق تون باسار ئۇ يىپەك ئورنىنى.
(1768 ـ بېيىت)

قورساق تويغىچەدۇر بۇ ئىچكۈ — يېمەك،
تېرىق ياكى ئارپا تويارلىق دېمەك.

(4769 ـ بېيت)

ئۇ دۇنيادا تاپماق ئۇچۇن ياخشى جاي،
جاھان ئارزۇسىنى تامام تاشلىغاي.

(4802 ـ بېيت)

زاھىد ئۇدغۇرمىش پەقەت جىمجىت ئىبادەتتىن باشقىسى بىكار گەپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇش، ئۆيلىنىپ پەرزەنتلىك بولۇش ئىنسان ئۈچۈن جەبىر ـ جاپا ھەمدە ئارتۇقچە بىر يۈك، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، دۇنيا ئىشلىرى ئىنساننى گۇناھقا پاتۇرىدۇ، دەپ قاراپ مۇنداق دەيدۇ:

بۇ دىن «دالى» دۇنيا «دالى» قارىشىدۇر،
يېقىنلاشماس، يولى كېسىشمەس ئېرۇر.

(5311 ـ بېيت)

شۇڭا ئۇ دۇنيادىن، ئىنسان تىرىكچىلىكىدىن قول ئۈزۈپ، يامغۇر سۈيىنى ئىچىپ، دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىنى يەپ، ئېگىز تاغلارنىڭ غارلىرىدا ئىبادەت قىلىش ئىنساننىڭ ھەر خىل گۇناھلاردىن ساقلىنىشىنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى، ئەل ـ جەمئىيەت ئۈچۈن، ئائىلە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھۆددىسىدىن چىقىش بەك تەس بولغان ئېغىر يۈك، ئۆزىگە ئۆزى جەبىر ـ جاپا تېپىشتىن ئىبارەت، دەپ قاراپ، ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇنى ئەل خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىپ كەلگەن ئۈچ قېتىملىق دەۋەتلىرىنى رەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇنداق ئىبادەت قىلىش ئۇسۇلى ئىسلامىي ئىبادەت ئەمەس، بەلكى ئەينى زاماندا ساقلىنىپ قالغان، شەكلى ئۆزگەرگەن بۇددىزىمچە ئىبادەتنىڭ تىپىك كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىبادەت كۆز قارىشى ئىبادەتنىڭ كەڭ ۋە ئۇلۇغ ئەھمىيىتى ۋە مەزمۇنىنى كىچىكلىتىپ، ئۇنى نوقۇل بىر خىل

ئاددي قائىدە، رەسىم ـ يوسۇنغا ئايلاندۇرۇۋېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىر ئىنساننىڭ جەمئىيەت، دۆلەت، ئائىلە ئالدىدا كۆپلىگەن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ گۈللىنىشى، ئازادلىقى، بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، كۈچ ـ قۇدرىتىنى سەرپ قىلىشتەك مەسئۇلىيىتى بار. مانا بۇ تۆھپە، ئۇلۇغ ئىبادەت بولۇپ، ئىنسان مۇشۇ تۆھپىسى بىلەن ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن نىجاتلىق يولى ھازىرلايدۇ. يەنى بۇ ئالەملىك تۆھپىسى بىلەن ئاللانىڭ ئىنساننى ئالەمنىڭ خەلىپىلىكىگە بەلگىلىگەنلىكىدەك ئۇلۇغ ئوبرازىنى نامايان قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» دىكى بىر قىسىم ئايەتلەر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىنىڭ روھى ئىسلامىيەتنىڭ تەركىي دۇنياچىلىق، زاھىدلىققا قارىتا ناھايىتى ئېنىق ھۆكۈمى بولۇپ، بۇ خىل روشەن ئېنىق ئىدىيە «قۇتادغۇبىلىك» تە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ زاھىد ئۇدغۇرمىشنىڭ نۇقتىئىينەزەرلىرىگە كەسكىن رەددىيە بېرىش، ئىسلامىيەتنىڭ ئىككى ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، بۇ ئالەم تىرىكچىلىكى، دۇنيالىق خىزمەت بىلەن ئۇ ئالەملىك خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، توغرا ئەقىدە، توغرا سۈننەتنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغانلىقىدا روشەن ئەكس ئېتىدۇ. ئاللاغا بولغان ئىبادەت، ئىنساننىڭ ئاللا ئالدىدىكى بەندىلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئۇ ئالەمدە ئاللا ۋەدە قىلغان «ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرغان، نازۇ نېمەتلىك جەننەت» نى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇ ئالەمدە ئاللانىڭ ئالدىدا يۈزىنى يورۇق قىلىش ھەر بىر مۆمىن مۇسۇلماننىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى بولغاندەك، ئەل، ۋەتەن، خەلق، مىللەت ئۈچۈن قىلىنغان ياخشى خىزمەت، ياخشى ئەمەل، ساۋابلىق ئىشلارمۇ، بۇ دۇنيادا قىلىشقا

تېگىشلىك مەسئۇلىيەتمۇ قوشنىنىڭ يەنە بىر قانىتىغا ئوخشاش ئۇنى يۈكسەكلىككە ئېلىپ چىقىدۇ، چەكسىز سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان مۇھىم يول ھەمدە ئىنسان ئۈچۈن شەرەپلىك قەرز ۋە پەرزدۇر. بۇ ئىككى يولنىڭ بىرىنى يەنە بىرىگە قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇش، بىرىنى دەپ يەنە بىرىگە زىيان يەتكۈزۈش توغرا ئەمەس، ئىسلام روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق دېيىلىدۇ:

جامائەت بىلەن قىل پەرز ۋە ناماز،
پەقىرلەر ھەجىدۇر بۇ جۈمە ناماز.
(3239 ـ بېيىت)
ھالالدىن تېپىپ مال پەقىرلەرگە بەر،
تۇتۇپ ئەل قولىن، بول ئۇلارنى يۆلەر.
(3240 ـ بېيىت)
سانالغان بۇ ھەممە بىر تائەت ئېرۇر،
بۇ تائەت بىرلە بارچە راھەت كۆرۇر.
(3241 ـ بېيىت)
قىلىپ تەرك بۇلارنى، سەن ئەي خۇلقى ساز،
تۇتۇپ روزا، يالغۇز ئوقۇرسەن ناماز.
(3242 ـ بېيىت)
بۇ روزا ـ نامازلار ئۆز پايداڭ ئېرۇر،
ئۆز نەپسىن دېگەنلەر بەك خۇدبىن بولۇر.
(3243 ـ بېيىت)
خۇدا بەردى قۇلغا ئىككى كۆز قۇلاق،
بىرىن دۇنياغا، بىرىن ئاخىرەتكە باق.
3657 ـ بېيىت)
ئىككى قول بېرىلدى، سۇنۇپ تۇتقىلى،
بىرى دۇنياغا، ئاخىرەتكە بىرى.

(3658 ـ بېيت)

ياراتتى خۇدايىم بۇ ئىككى جاھان،
بىرىنى تاپساڭ ئىزلە ئۇ بىرىنى ھامان.

(3662 ـ بېيت)

خۇدادىن سۆيۈنچىن تىلەسەڭ ئۆزۈڭ،
مۇسۇلمان سۆيۈنچىن تىلە، كەس سۆزۈڭ.

(3250 ـ بېيت)

ئەمەس تائىتىڭگە ھاجەتمەن خۇدا،
تىلەپ ياخشى نام، ئەيلە قۇللۇق ئادا.

(3251 ـ بېيت)

ئۇيغۇرلار قەدىمكى تارىخ مۇساپىسىدە بۇددا دىنى قاتارلىق ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. پەقەت خاقانىيە دەۋرىگە كەلگەندە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. لېكىن ئۇزاق تارىختىكى دىني ئېتىقادنىڭ ساقىتلىرى ھەر خىل شەكىللەر بىلەن ساقلىنىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇپ، ئىدىيە، روھىي ھالەت، تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتلەردە جان ـ جەھلى بىلەن ئىسلام ئەقىدىلىرى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىغا قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇددا راھىبى زاھىد ئۇدغۇرمىش بىلەن مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق بۇددا ئەقىدىسىنىڭ ئىسلامغا تۈپتىن قارىمۇ قارشى ئىكەنلىكىنى زاھىد ئۇدغۇرمىشنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ئىقرار قىلدۇرۇش يولى بىلەن ئىسلام دىنى ۋە شەرىئىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلغان. زاھىدلىققا قارشى تۇغرا ئەقىدە ۋە شەرىئەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسان تەرەققىياتى، ھايات مەسىلىلىرىگە جاۋاب بېرىپ، ئىككى ئەقىدە، ئىككى خىل دۇنيا مۇنازىرىسىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سائادەتمەن يولنى تاللاپ، ئۆزلىرىنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ئىمكانىيەت بەرگەن. ئول زامانلاردىن بېرى باش كۆتۈرۈپ

قالغان تەركىي دۇنياچىلىق روھىي ھالىتىنىڭ، بۇددىزىم ۋە زاھىدلىقتا قارشى ھارماي كۈرەش قىلغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەلىماتلىرىغا قارشى تۇرۇشى، بۇ تەلىماتلارنى چەتكە قېقىشى، ئالىمنىڭ شەرەپلىك نامىغا ئورۇن بەرمەسلىكلىرى ھەرگىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. تارىخقا قارايدىغان بولساق، ھەر خىل «ئەۋلىيا»، مازار ـ ماشايىخلارنىڭ تەزكىرە ـ خاتىرىلىرىنىڭ كۆپلۈكى، لېكىن پەخىر ـ ئىپتىخارىمىز بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدىكى خاتىرىلەرنىڭ يوقلۇقى يۇقىرىقى كۆز قاراشنى روشەن ھالدا ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» دە مۇسۇلمانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق مىزانلىرى كۆرسىتىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىدە ئىنسان ئەخلاقىنىڭ ئەڭ يۈكسەك نەمۇنىسىنى تىكلەپ، ئاللانىڭ «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن» («قەلەم» سۈرىسى [68 ـ سۈرە]، 4 ـ ئايەت) دەپ مەدھىيىلىشىگە مۇشەررەپ بولدى. ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلىسى ئىنسانىيەت دۇنياسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مەڭگۈلۈك تېما. ئىسلام دىنىدا ئەخلاق مەسىلىسى ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ كامىل ئىمانى، چوڭقۇر بىلىمى، ساغلام روھىي دۇنياسى، ئىتائەتمەن ھەرىكىتى بىلەن مۇستەھكەم باغلىنىشلىق بىر مەسىلە سۈپىتىدە قارىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» تە قەيت قىلىنغان ئىسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ ۋە كىشىلەردىن گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇسۇلى ئىسلام بويىچە نەھى مۇنكەر، ئەمر ـ مەرۇپ قىلىدۇ. يەنى ئىسلام ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئۇ ھالال ئەمگەك قىلىش، سېخىيلىك، كىشىلەرگە خەير ـ ساخاۋەت قىلىش، كىشىنىڭ

ھەققىگە خىيانەت قىلماسلىق، ئىناق ـ ئىتتىپاق بولۇش، ئوغرىلىق قىلماسلىق، ھالالغا يېقىن تۇرۇپ، ھارامدىن قېچىش، ھەسەت، غەيۋەت ـ شىكايەتتىن ساقلىنىشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن كىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر! ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر» («ھۇجۇرات» سۈرىسى[19 ـ سۈرە]12 ـ ئايەت).

ئېگىز ـ پەس سۆز ئېيتما، تۇرغىن ئەيمىنىپ،
زەھەردۇر ئۇلارنىڭ گۆشى قال بىلىپ.
(4349 ـ بېيت)

ھەسەد بىر كېسەلدۇر، داۋاسى ئۇزاق،
ئۆزىن ئۆز يەپ، سېزەر ئۇ ئاداق.
(4253 ـ بېيت)

قوشۇلما پىتنىخورغا، بارما يېقىن،
ئۇنىڭكى تىلىدىن چىقار ئوت ـ چېقىن.
(4212 ـ بېيت)

قېتىلما ئىككى خىل ئەرگە، يىراق تۇر،
قېتىلساڭ كۆر ئەمدى، چاتاق چىقادۇر.
(4271 ـ بېيت)

بىرىدۇر چېقىمچى، پىتنە ـ پاساتچى،
بىرى ئىككى يۈزلۈك، ئۆز مەنپەئەتچى.
(4272 ـ بېيت)

سائادەتنى تاپقان پاساتتىن قاچار،
ھەر ئۆچكەن ئوتنى ئۇ پاسات ياندۇرار.
(4412 ـ بېيت)

پاساتنىڭ يېنىغا يېقىن بارمىغىن،
پاسات نەدە بولسا خارلىق شۇندا، بىل.
(4414 ـ بېيت)
پاسات بىرلە دۆلەت تۇرالماس قاچار،
تۇنەپ ئۆتسە مېھمان، سەن تاڭ قالمىغىن.
(4415 ـ بېيت)
هارامغا قوشۇلما ۋە كۆرسەتمە كۈچ،
خۇسۇمەت قىلىپ تۆكمە قان، ئالما ئۆچ.
(1433 ـ بېيت)
كىشىنىڭ سەر خىلى ئۇياتلىق كىشى،
ئۇياتلىق كىشىدۇر، كىشىلەر بېشى.
(2201 ـ بېيت)
بىر گۆشسىز سۆڭەكتۇر ئۇياتسىز يۈزى،
ئىتىلمەس تۆشۈكتۇر، ئۇياتسىز كۆزى.
(2206 ـ بېيت)
ئۇياتسىز كىشىدىن يىراق تۇر، يىراق،
ئۇياتسىز كۆزىدە خۇنۇك بىر قاراق.
(2205 ـ بېيت)
ئۇيات بىرلە ئەر ئابرۇيلۇق بولۇر،
ئۇيات بىرلە ئادەم كۆزى نۇرلىنۇر.
(2207 ـ بېيت)

«قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: » زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر» («ئىسرائىل» سۈرىسى [17 ـ سۈرە]، 32 ـ ئايەت). «ئى مۆمىنلەر! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا

قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشتىلار ئۇچۇن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن، ئاللانى ياد ئېتىشتىن توسماقچى، سىلەر ئەمدى (هاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟» («مائىدە» سۈرىسى[ 5 ـ سۈرە]، 90 ـ، 91 ـ ئايەت). مۇهەممەد ئەلەيھىسسالام «هاراق بارلىق گۇناهلارنىڭ ئانىسى» دەپ كۆرسەتكەن.

يۈسۈپ خاس هاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئاشۇ ئۇلۇغ تەلىمنىڭ ئىزنىسى بويىچە زىناخورلۇق، مەيخورلۇق، هاراقكەشلىكنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، مۇنداق ئەخلاقى چۈشكۈنلۈكلەرنى ئىنسان ئۇچۇن ئىنتايىن زىيانلىق، جەمئىيەت ئۈچۈن يېتەرلىك ئاپەت، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش هەر بىر ساغلام ئەقىل ئىگىسىنىڭ ۋەزىپىسى، زىناخورلۇق ۋە مەيخورلۇق تەننى زەئىپ، مىللەتنى خاراپ قىلىدىغان، كىشىنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادىنى يوقىتىپ، ئىقتىسادقا ئەجەللىك زەربە بېرىدىغان قارا كۈچ، بارلىق ئىجتىمائىي پاسكىنىلىق، بالايىئاپەتنىڭ يىلتىزى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

مەي ئىچمە، بۇزۇقلۇقتىن بولغىن يىراق،
زىنا قىلما، پاسىق دەپ ئالما ئاتاق.
(1334 ـ بېيت)

مۇبارەك بەخت بۇ قىلىقتىن قاچار،
ئۇ ئەلگە پەقىرلىك يولىنى ئاچار.
(1335 ـ بېيت)

مەي ئىچمە، زىنادىن سەن ئەيلە هەزەر،
ئۇ ئىشلار گادايلىق تونىن كەيدۈرەر.
(1337 ـ بېيت)

هاراق مىڭ گۇناهقا پاتۇرغاي سېنى،
قاچار بەخت زىنادىن يۈرۈك تۆكۈلەر.

(1338 ـ بېيت)

هاراقتۇر بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ دۈشمىنى،
جېدەل ـ غەۋغا هاراقنىڭ ئېتىمدۇر چىنى.
(2651 ـ بېيت)

نە ياخشىلىغ هايالىق، ئۆز خۇلق، سىلىق،
مەي ئىچسە قىلۇر ئۇ پەسكەش قىلىق.
(2653 ـ بېيت)

كىشى ئاڭ ـ بىلىم، هوش، ئۇياتنى ئېرىغ —
ئىچىس بۇ هاراققا بېرۇر ۋادەرىغ!
(2654 ـ بېيت)

مەي ئىچمە، مەي ئىچسە كېتۇر دۆلىتى.
مەي ئىچسە بولۇر تەلۋە، ئەخمەق ئېتى.
(2655 ـ بېيت)

بىلىملىك مەي ئىچسە بولۇر بىر قارا،
نادان ئىچسە كىچىكلەپ، بولۇر بىر بالا.
(2659 ـ بېيت)

«قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاللانىڭ رەهمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۇچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاغا تەۋەككۇل قىلغىن، ئاللا هەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» («ئال ئىمران» سۈرىسى [3 ـ سۈرە]، 159 ـ ئايەت).

نېمە دەيدۇ ئاڭلا پەيغەمبەر نەبى،
كېڭەش هەممە ئىشنىڭ داۋاسى ـ ئەمى.
(5651 ـ بېيت)

يېقىنلار بىلەن سەن ئەيلىگىن كېڭەش،
يېشىلگەي كېڭەش بىرلە ھەر تۈرلۈك ئىش.
(5652 ـ بېيت)

كېڭەش بىرلە تۈزۈلەر كىشىنىڭ ئىشى،
پۇشايمانلىق ئولغاي كېڭەشمەس كىشى.
(5653 ـ بېيت)

كېڭەشسە كىشىدە بىلىم كېڭىيۇر،
كېڭەشكە قوشۇلسا بىلىم، ئىش ئوڭۇر.
(5657 ـ بېيت)

نە ئىش قىلماق ئولساڭ كېڭەش ئەر بىلە،
كېڭەشمەس كىشىدىن يىراقلىق تىلە.
(5659 ـ بېيت)

نىچۈك ئىشنى قىلساڭ كېڭەش بىرلە قىل،
كېڭەش بىرلە كۆتكەن تىلەكلەر كېلەر.
(5660 ـ بېيت)

«قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: « ئى مۆمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق، ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار، ئاللا ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللەدۇر» («بەقەرە» سۈرىسى[ 2 ـ سۈرە]، 153 ـ ئايەت)، «قۇرئان كەرىم» دە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، ئاللا ياد ئېتىلسە ئۇلارنىڭ دىللىرى قورقۇپ (تىترەيدۇ)، ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەرزىيەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ، ناماز ئۆتەيدۇ، ئۇلارغا بىر رىزق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) بېرىدۇ» («ھەج» سۈرىسى[ 22 ـ سۈرە]، 35 ـ ئايەت).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇسۇلمانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك شۈكرى ـ قانائەت، ئاللانىڭ تەقدىرىگە رىزا بولۇش مەسىلىسى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

خۇدا كىمگە قىلسا ئىنايەت، مەدەت،
ھەر ئىككى جاھاندا تاپۇر سائادەت.
(1267 ـ بېيت)
خۇدا پەزلى كىمگە يار ئۇلسا ئەگەر،
ئۇ ھەممە نېئمەتۇ ئارزۇغا يېتەر.
(1269 ـ بېيت)
ئىگەم ساقلىسا كىمنى ئۇ ساقلىنۇر،
تىلەككە يېتىپ، ياخشى نېئمەتلىنۇر.
(1271 ـ بېيت)
قايۇ قۇل خۇداغا ئىشەنسە تۇرۇپ،
بالانىڭ ئىشكى يېپىقلىق تۇرۇر.
(2158 ـ بېيت)
رىزا بول خۇدادىن نە كەلسە ساڭا،
رىزا ۋە رىزالىق — قۇللۇقۇڭ ئاڭا.
(2159 ـ بېيت)

«قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: « سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ دەڭلار) ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەڭلار) » («نىسا» سۈرىسى [ 4 ـ سۈرە] ، 86 ـ ئايەت)

بىلۇرسەن سالام پەزلى بەك چوڭدۇر ئول،
كىم ئاۋۋال سالام بەرسە ئاچتى بۇ يول،
(5052 ـ بېيت)
سالامدۇر كىشىگە ئېسانلىق يولى،

سالامله قويۇلۇر ئىسەنلىك ئۇلى.
(5055 ـ بېيت)

سالامدۇر كىشىگە ئەمىنلىك ئامان،
قىلسا سالام ساق بولۇر ئۇشبۇ جان.
(5056 ـ بېيت)

ئامان بەردى ئەلگە سالام بەرگۈچى،
سالامەت بولۇر ئۇ ئىلىك ئالغۇچى.
(5058 ـ بېيت)

سالام ساقلار يامان كىشى شەررىدىن،
سالامەتلىك ئالدى جاۋاب قىلغۇچى.
(5059 ـ بېيت)

شەرقنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا شەرەپلىك نامغا مۇيەسسەر بولغان تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى قاتارىدا يېزىقنى ئەڭ ئاۋۋال قوللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت، سەۋر قانائەتلىرى، شۇكۇر ـ مەدھىيىلىرىنى يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەپ، تاش پۈتۈكلەردىن تارتىپ يىپەك، قەغەز ۋە باشقا كاتتا سەھىپىلەرگە يېزىپ، ئەۋلادلارنىڭ ئۇلۇغ قەدەملىرىگە غەلىبە ـ نۇسرەت ئاتا قىلغاندەك، دانىشمەن ئۇستا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەريادەك ئىلمىنى ھارماس قەلىمى بىلەن يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەپ، ئۇنى ئەقىل ـ پاراسەت، ساغلام ئەقىدە، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە كىتاب بېتىگە چۈشۈرگەن بولۇپ، مىڭ يىللىق تارىخنىڭ ئۇچقۇر قەدەملىرىدە يوقالماي، تارىخنىڭ ئەگرى ـ توقايلىرىدا دات باسماي، ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن چاقناپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلدى. بۇ ئاللا بەرگەن ئىلمىنىڭ خاسىيىتى، ئەقلىنىڭ بۈيۈك كەشپىياتى. ئۇنىڭ ھەر بىر بېتى ۋە ھەر بىر مىسراسىدىكى ئاجايىپ پاساھەت، بالاغەت، ئۆزگىچە

ئىلمىي ھېكمەت، شېئىرىي لەززەتنى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئاساسى بىلەن چۇشىنىپ، ئۇنىڭدىن ياڭراپ تۇرغان سېھىرلىك سادادىن ئىلھام ئېلىپ، قەلبىمىزنى تېخىمۇ روشەن قىلىش بۈگۈنكى تارىخ بەخش ئەتكەن بىز ئەۋلادلارنىڭ پەخىرلىنەرلىك قىسمەتلىرىدۇر.

تېتىكلىك نىشانى ئېرۇر بۇ بېتىك،
يېزىقنى بىلگەن ئەر بولۇر بەك تېتىك.
(2224 ـ بېيىت)

يېزىقنى بىلمەس ئەرسە ئادەم ئوغلانى،
بىلەلەيتتى قانداق يىل، ئاي، كۈن سانى.
(2225 ـ بېيىت)

يېزىپ قويمىغان بولسا ئالىم بېتىك،
ھېسابتا بولۇر ئەردى چارە نىچۇك.
(2226 ـ بېيىت)

ياراتماستىن ئاۋۋال خۇدا بۇ ئالەم،
ياراتتى، يورۇتتى بۇ لەۋھۇ قەلەم.
(2227 ـ بېيىت)

پۈتۈپ قويمىغان بولسا ئالىم، ھېكىم،
بۇرۇنقىنى بىزدىن ئېيتار ئىدى كىم؟
(2699 ـ بېيىت)

ئەگەرچە پۈتۈكچى پۈتمىسە بېتىك،
نىچۈك بىلگەي ئەردىڭ بۇ ھېكمەت بىلىك.
(2698 ـ بېيىت)

«قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: « ھەر بىر جاندار ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، ئاندىن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىسىلەر» («ئەنكە بۇت» سۈرىسى

[2 ـ سۇرە]، 57 ـ ئايەت) . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « نەسىھەت ئۇچۇن ئۆلۈم يېتەرلىكتۇر» . يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە ھايات ـ ماماتلىق، يەنى ئۆلۈم مەسىلىسىدە خېلى كۆپ سەھىپە ئاجراتقان، بۇ بارلىق كىشىلەرنى ھاياتلىقنى قەدىرلەش، ھاياتتىن ئىبارەت ئاللا بەرگەن نېمەت ۋە سىناقنى توغرا چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىپ، ساۋاپلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىش، ئىنسانغا، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىشلارغا ئالدىراش، ھاياتنى بۇ ھۆددە ئۆتكۈزمەسلىك، ئۇ ئالەمگە بارغاندا ئاللانىڭ ئالدىدا جاۋابكار ۋە گۇناھكار بولماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشتەك ئومۇمىي مۇراجىئەتنى ئىپادىلەپ، تارىختىكى مەشھۇر شەخسلەردىن مىسال كەلتۈرگەن.

قېنى ئۇ بۇ دۇنيا تىلەپ تاپقۇچى،
ئۆزىگە تۆمۈر تۇر، شەھەر قۇرغۇچى.
(شەددات، 4710 ـ بېيت)

قېنى ئۇ گۇستاخ ئىت، دۇنيا دەپ يۈرۈپ،
يېشىل كۆككە ئۇچقان قارا قۇش مىنىپ؟
(نەمرۇد، 4711 ـ بېيت)

قېنى ئۇ خۇدا مەن دېگۈچى جاھىل،
خۇدا قىلدى دەرياغا غەرق ئۇنى، بىل.
(فىرئەۋن، 4712 ـ بېيت)

بۇ دۇنيا مېلىنى يىغقۇچى قېنى؟
مېلى بىرلە كەتتى، يۇتۇپ يەر ئۇنى.
(قارۇن، 4713 ـ بېيت)

قېنى شەرقتىن غەربكە قەدەر بارغۇچى،
بۇ دۇنيانى كېزىپ جاھان تۇتقۇچى.
(ئىسكەندەر، 4714 ـ بېيت)

قېنى ئۇ تاياغى ئىلان بولغۇچى،
دېڭىز يېرىلىپ ئۇڭا يول بەرگۈچى.
(مۇسا، 4715 ـ بېيت)

قېنى ئۇ پەرى، قۇش ۋە ئىنسان ئۆزە،
ئۇلۇغ بولغۇچى ئۇ خۇلقى پاكىزە.
(سۇلەيمان، 4716 ـ بېيت)

قېنى ئۇ ئۆلۈكنى تىرگۈزگەن كىشى،
ئۆلۈمگە تۇتۇق بولدى ئاخىر ئىشى.
(ئىسا 4717 ـ بېيت)

قېنى ئۇ، كىشىلەر ئارا خىل ئۇلۇغ،
بوشاپ قالدى دۇنيا، كېمىيىپ تولۇقلۇق.
(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، 4718 ـ بېيت)

«قۇرئان كەرىم» دە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ۋە نۇرغۇن قوۋملەرنىڭ قىسسىلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار پۈتكۈل ئىنسانلار ئۈچۈن ناھايىتى روشەن ئىبرەت خاتىرىسىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئەنە شۇ قىسسىلەر ھەققىدە توختالغان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆز قارىشى پۈتۈنلەي «قۇرئان كەرىم» دىكى نۇقتىئىنەزەرلەرگە ئوخشاش. ئۇ، پەيغەمبەرلەردىن ئادەم ئەلەيھىسسالام، نوھ پەيغەمبەر، لۇت، ئەييۇپ، مۇسا، سۇلەيمان، ئىسا، ئىبراھىم قاتارلىق مەشھۇر پەيغەمبەرلەرنىڭ ناملىرى، ئۇلارنىڭ خىسلەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارغا ھۆرمەت ۋە سالاملارنى ئىزھار قىلغان. جۈملىدىن ئاد، سەمۇد ۋە باشقا قوۋملەرنىڭ ناملىرى ئۇلارنىڭ بەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇش، ئۇلار قۇرغان قۇدرەتلىك سەلتەنەت، تاجۇ تەختلەر، بىنا ـ ئىمارەتلەر، شەھەر ـ قەلئەلەر ھەمدە تەلۋىلىكتە چېكىدىن ئاشقان لۇت قوۋمى قاتارلىقلارنىڭ ئاللانىڭ غەزەپلىرى

بىلەن بەزىلىرىنىڭ كەلكۈن سۇ، بەزىلىرىنىڭ قەھرىلىك بوران، دەھشەتلىك ئاۋاز، تاشبوران، دۇم كۆمتۈرۈش بىلەن ھالاك قىلىنغانلىق ئىبرەت خاتىرىسىنى ئەسلەش ئارقىلىق ھەددىدىن ئاشقان، يامان خۇيلۇق فىرئەۋىن، زاھھاكتەك ۋە ئىران شاھلىرىدەك زالىم مۇستەبىتلەرنىڭ ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ جاھانىنامەدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز قەلىمى ئارقىلىق سىزىلغان ھەيۋەتلىك ئوبرازى ۋە پاك قەلبىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ مىلادى 11 ـ ئەسىردە ياشىغان يېتۈك شائىر، ھەر قايسى ئىلىم ـ پەنلەر بويىچە شۆھرەت قازانغان ئالىم، بەدىئىي ئىجادىيەتچى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئالدى بىلەن كامىل مۇسۇلمان، يېتىشكەن مۇسۇلمان ئالىم، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان بۈيۈك مۇجتەھىت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ پەزىلىتى ۋە ئىجتىھاتى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شان ـ شەرىپى ۋە پەخىر ـ ئىپتىخارى بولۇشقا مۇناسىپ.

«قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: « سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىنغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن، ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر» («ئال ئىمران» سۈرىسى [3 ـ سۈرە]، 104 ـ ئايەت). يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەمگىكى بىلەن ئاللا بۇيرۇغاننى ئۇلۇغلاپ، توسقانلارنى مەنئى قىلىپ، ئىنسانىي ئەقىل، ئەخلاق بىلەن پاك ياشاشقا ئۈندەپ، تەبلىغ ـ ئەھكام قىلىپ ئاللانىڭ مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولغۇچى مەشھۇر زاتلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە قىبلىنامەسى، ئىلىم ـ پەلسەپىسى ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىف»، ئۇنىڭ داڭلىق داستانى «قۇتادغۇبىلىك»، « ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي

ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى )چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىـدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان» («نەھىل» سۈرىسى [16 ـ سۈرە]، 89 ـ ئايەت) ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئىلھامى ۋە ئىزنىسى، مۇئەللىپىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتـىـى، مۇستەھكەم دىنىـي ئېتىـقادى، ۋايىغا يەتكەن يېزىقچىلىـق قابىلىيىتى، توپلىغان مول بىلىمـلـىرىنىـڭ مۇستەھكەم جۇغلانمىسـى. ئەدەبىيات، يەنى شېئىر ـ نەزمىسى ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» تىكى ئۇلۇغ روھنى يۈكسەك ھاياجان، تايماس ئەقىدە بىلەن تەبلىغ قىلىشنىـڭ يۈكسەك نەمۇنىسى، داستاندىكى پەيلاسوپلارچە قىلىنغان پەند ـ نەسىھەت، رىغبەت ۋە ئاگاھ، ئىلىم ـ مەرىپەت بىر يىلتىزدىن چىققان باراخسان شاخ، بىر قىزىل يىپ بىلەن مۇستەھكەم باغلىنىپ كۆزلەرنـى قاماشتۇرىدىغان ئۈنچە ـ مەرۋايىـــت، داستاندىكى مول بىلىم، يۈكسەك پەلسەپە، ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشى بىرلىشىپ ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىدىيۋى قۇرۇلمىسىنـى تەشكىل قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى، ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىسى بىلەن مىڭ يىللار مابەينىدە كونىرىماي، ئىلھامى، بەدىئىي قىممىتىنى يوقاتماي، قايسى مەزمۇن، قايسى ساھە، ھەتتا ھەر بىر بېيىت، ھەر بىر مىسراسى ئارقىلىق بىلىم ئېلىشقا تـەلپـۈنگـەن ئىـلـىـم تـەشـنـالـىـرى، ھېكمـەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئۈمىد ۋە ئىزدىنىشلىــرىگە تولۇق جاۋاب بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي قىممىتى، تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە بەدىئىي شان ـ شەرىپى، مەنە ھېكمەتلىرىنـى تولۇق ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ باھا ۋە بۇ سۈپەت بۈگۈنكـى باھا ۋە سۈپەت بولۇپ قالماستىن، بەلكى مىـلادىيە 11 ـ ئەسىردىكى تارىخىـي شارائىت، ھەقىقىي ئىدىيە، ھەقىقىي مەقسەت بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شان ـ شەرىپى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ

داڭلىق داستانى «قۇتادغۇبىلىك» كە نىسبەتەن ھەقىقىي باھا، ئەينى خىسلەت، ھەقىقىي پەزىلەت ۋە يۈكسەك ئوبراز ھېسابلىنىدۇ.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «قۇرئان كەرىم» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» نى يۇقىرىقىدەك سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئاندىن «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئومۇمىيلىق جەھەتتىن رەسمىي مۇسۇلمانلىق ئېتىقادىدىكى مۇتەپەككۇر ۋە شائىر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئېيتقان بولسا، بۇ ھۆكۈمى تېخىمۇ قايىل قىلارلىق بولغان بولاتتى. ئۇ فارابىنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا زور تەسىر كۆرسەتكەن دېگەن پىكىرنى ھەر دائىم ياقلايدۇ. بىراق بۇ يەردىمۇ يۇقىرىقىدەك مىسال - پاكىتلارنى كۆپلەپ كەلتۈرمەي ھۆكۈم قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. بەلكىم بۇ ئالىمنىڭ مەسىلىلەرنى بولۇپمۇ مۇشۇنداق ئىنچىكە مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا ئاشۇ خۇلاسىدىن چەتنەپ كەتمەي ھەر كىمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىزدىنىشىگە قولايلىق پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۇسۇلى بولسا كېرەك.

بىز ئەسىرىمىزنىڭ دەسلەپكى قىسىملىرىدا ئالىمنىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى» نى يېزىشقا تۇرتكە بولغان ئامىللارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئۇنىڭدا ئالىم نۇقتىلىق قىلىپ ئەسەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيەت مەنبەسى ھەققىدىكى تالاش - تارتىشلارنى، بۇ كىتاب تەتقىقاتىنىڭ شېئىرىي «يەشمە» نۇسخىسىنى ئاددىيلا ماقالە شەكلىدە تەكرار يېشىپ بېرىشنى قېلىپ قىلغان ئاسان يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى ئېيتقان. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى ۋە مەدەنىيەت مەنبەسى ھەققىدىكى دەتالاش ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بىر «خەزىنە» نى روياپقا چىقىرىشنى تەقەززا

قىلىدۇ. ئالىم ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى ۋە مەدەنىيەت مەنبەسىنى تەتقىق قىلىپ، ئەسەرنىڭ مىللىي تىل تەۋەلىكىنى ئايدىڭلاشتۇردى. ئەمدىكى مەسىلە ئەسەر مەزمۇنى ھەققىدىكى ئىسمى - جىسمىغا لايىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىدى. ئالىم 1956 - يىلى باشلانغان بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىدا ھەر دائىم چوڭقۇرلۇقنى تۇتقا قىلغان بولغاچقا، «‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى» دە ئەسەر مەزمۇنى جەھەتتىكى تەتقىقاتتا يۈزەكىلىكتىن خالاس بولالىدى.

ئالىم، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرىنى نوقۇل تار دائىرىدىلا تەتقىق قىلماي، بەلكى «ئورخۇن - يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرى»، «ئوغۇزنامە»، «ئالتۇن يارۇغ»، «تۇرپان تېكىستلىرى»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق قەدىمكى ئەسەرلىرىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، ئەسەردىكى تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرىنى جۇلالاندۇردى. ئەسەردىكى «تۆت تادۇ» ھەققىدىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «تادۇ» قارىشى بىلەن باشقا مۇتەپەككۇرلەرنىڭ قاراشلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ ئۆزگىچىلىكلەرنى نامايان قىلدى. بولۇپمۇ ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىنى ئىخچام ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتتا يېڭى يول ئاچتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويغان بىلىش نەزەرىيىسى مەسىلىلىرى ئۇيغۇر ۋە ھەرقايسى تۈركىي خەلقلەر پەلسەپىۋى پىكىرلەر مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەردى.

ئالىمنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى دۆلەت ۋە قانۇنشۇناسلىق جاۋاھىرلىرى ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىمۇ باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭكىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئۇ بۇ

جەھەتتىكى تەتقىقاتىدىن چىقارغان يەكۈنىدە: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت ۋە قانۇنشۇناسلىق، جەمئىيەت ۋە خەلق ئىگىلىكى توغرىسىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى تەشەببۇسلىرىدا ئەڭ كەم دېگەندىمۇ بەش نۇقتىلىق ئالىي ھىممەت ۋە ئاجايىپ غەيرەتلىك يېڭى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇلار:

— ئوتتۇرا ئەسىر زۇلمى، جاھالىتى، ھاكىممۇتلەقلىقىنى پاش قىلىش، تەنقىدلەش، ئىنسانپەرۋەرلىك، راتسىئونالىزملىق پىكىر ئۇچقۇنىنى كەڭ يېيىپ، ئەقىل ۋە ئىنسابنى ئويغىتىش؛

— خەلق بىلەن پادىشاھ ئالدىدا مەجبۇرىيەت ۋە ۋەزىپە دائىرىسىنى بەلگىلەپ، خەلق ۋە قانۇن نوپۇزىنى پادىشاھ ۋە دىن نوپۇزىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ئاساسىي قانۇنلۇق چەكلىمە بىلەن ھاكىممۇتلەقلىقنى چەكلەيدىغان «كونستىتۇتسىيىلىك مۇنارخىيە» ئۇزۇمىنى دەۋەت قىلىش؛

— ھەممە كىشىنىڭ سىنىپ ۋە مىللەتتىن ھالقىغان ھالدىكى قانۇن ئالدىدا مۇتلەق باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلىش؛

— ئەمگەكنى قەدىرلەپ، ئەمگەكچىگە قاراپ ھەق بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويۇش؛

— كەمبەغەللەرنى يۆلەپ، دۆلەتنى كۈچەيتىپ، خەلقنى ئورتاق بېيىتىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت» دەپ يېزىش ئارقىلىق ئەسەردىكى دۆلەت ۋە قانۇنشۇناسلىق باياتلىرىنىڭ قىممىتىنى ئۆزگىچە ئەكس ئەتتۇرۇپ بەردى.

ئالىم «‹قۇتاغۇبىلىك› خەزىنىسى» دە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخلاقشۇناسلىق كۆز قاراشلىرىنى شەرھلىگەندە نوقۇل مەدھىيە ـ كۆپتۈرۈش بىلەنلا شۇغۇللانماي، بەلكى ئىلغار تەرەپلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرسە، نۇقسانلارنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ تەتقىقات جەھەتتىكى ئىلمىلىكىنى نامايان قىلدى. ئۇ: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياخشىلىق ـ يامانلىقتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئەخلاقىي كاتېگورىيىلەر بىلەن كىشىنىڭ پسىخىك

مجەز ـ خاراكتېرىنى ئاربلاشتۇرۇۋېتىپ، ياخشى ـ يامان ئەخلاقي پەزىلەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى تۇغما بولىدۇ، دەيدىغان خاتا كۆز قاراشتا بولدى.

يۇسۇپ خاس هاجىپ نىكاھ ۋە ئائىلە مەسىلىسىدە ئوتتۇرا ئەسىر يۇقىرى قاتلام تەبىقىلىرىگە ئادەت بولۇپ كەتكەن ئاياللارنى ئەرلەردىن تۆۋەن كۆرۈش كۆز قارىشىنى تەرغىپ قىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئەرلىك بولۇپ نىكاھتىن ئايرىلغان، قىزلىق ئىپپىتىنى ساقلىيالمىغان ئايال بىلەن نىكاھلانماسلىقنى تەلەپ قىلسا (4477 ـ بېيت)، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەردىن نەسەب ۋە ئىقتىسادىي روزىخار تەرەپتە تۆۋەن بولغان قىزغا ئۆيلىنىپ، ئەرلىك ئىمتىيازىنى ساقلاپ قېلىش (4491 ـ، 4496 ـ بېيتلار) نى تەلەپ قىلدى.

ئەپسۇسلىنىشقا تېگىشلىكى يەنە شۇكى، يۇسۇپ خاس هاجىپ «ئايالنى ئەزىز تۇت» (4519 ـ بېيت) دېگەن ئىجابىي قارىشىغا خىلاپ هالدا، يەنە پۈتكۈل ئايال جىنسىغا كەمسىتىش، هەتتا نەپرەت كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇلارنى «كۆزەتمىسە بۇزۇلىدىغان گۆش» (4519 ـ بېيت) «كۆڭلى ئاغىدىغان ۋاپاسىز» (4521 ـ بېيت)، «قىزىل يۈز جەسۇر باتۇرلارنى ۋەيران قىلغان ئېزىتقۇ» (4523 ـ، 4524 ـ 4525 ـ بېيتلار) دېگەندەك ئىلمىگە زىت، هەتتا ئىنتايىن زەرەرلىك كۆز قاراشتىن ۋاز كېچەلمىدى. ئۇ مۇشۇنداق تېپىك فېئوداللىق نۇقتىئىنەزەر ئاساسىدا ئاياللارنى ئۆيدە مەستۇرە هالەتتە تۇتۇش (4513 ـ بېيت)، سىرتقا چىقىرىپ ناتونۇش ئورۇنلار ۋە مېهماندارچىلىققا ئېلىپ بارماسلىق (1304 ـ، 4818 ـ بېيتلار)، يات ئۆيگە ئەركەكلەرنى يولاتماسلىق (1303 ـ، 4514 ـ بېيتلار) توغرىسىدا ئېغىز ئاچتى . . . » دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىش ئارقىلىق «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا دىققەت قىلمىسا بولمايدىغان قىسمەن سەلبىي تەرەپلەرنىڭمۇ

بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئالىم «قۇتادغۇبىلىك» تىكى پەن ۋە مائارىپ مەسىلىلىرى ھەققىدىمۇ توختالغان بولۇپ، ئەسەردە ئەكس ئەتكەن ھەر قايسى پەن تارماقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار ئۈستىدە ئىلمىي مەيداندا تۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان. مەيلى ئەسەردىكى تېبابەتچىلىككە دائىر بايانلار بولسۇن، مەيلى ماتېماتىكا، گۈزەللىك ۋە شېئىرىيەت ئىلىملىرىگە دائىر بايانلار بولسۇن، ھەممىسىدە قىسقا ئەمما مېغىزلىق مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەلىم ـ تەربىيە مەسىلىسىدىكى قىسمەن بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلارغا ئېنىق رەددىيە بەرگەن.

«‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى» نىڭ ئاخىرىدا ئالىم «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىكى تەسىرى قاتارلىقلار ھەققىدىمۇ مەخسۇس توختىلىپ، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھەقىقەتەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ نامايەندە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ھەمدە بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى تېكىستولوگىيىلىك ئۇتۇقلار، چەت ئەللەردىكى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى، ئېلىمىزدىكى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدىكى مەسىلىلەر ھەققىدىمۇ قەلەم تەۋرىتىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى بۇ جەھەتتە مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدىكى مەسىلىلەر ھەققىدە ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرى بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

«بىرىنچى، ھازىرغىچە چەت ئەللەردە ئېلىپ بېرىلغان ‹قۇتادغۇبىلىك› تەتقىقاتى تىلشۇناسلىق، تېكىستولوگىيىلىك ياكى ئەسەرنىڭ بەدىئىي تۈزۈلمىسى نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىپتىدائىي ـ ئېلېمېنتار باسقۇچنى چۆرىدىدى. تىل ۋە تېكىستولوگىيىلىك تەتقىقاتىدىن ھالقىغان ئىلمىي تەتقىقات

ئۇچىدىمۇ بەزى مەسىلىلەر ساقلاندى. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى، ئىلمىي، بەدىئىي ۋە تارىخىي قىممىتىنى ئىمكانقەدەر تۆۋەنلەشتۈرۈپ، ئۇنى قانداقتۇر نوقۇل «ھاكىمىيەت دەستۇرى»، «دىنىي نەسىھەتنامە»، «ئەخلاقىي دىداكتىك داستان» ۋە ياكى («شاھنامە» نىڭ تۈركىي ۋارىيانتى)، «ھاسىلە ئەدەبىياتى»، «تېتىقسىز توقۇلما» دېيىشتى. ئۇلار «قۇتادغۇبىلىك» خەزىنىسىنى پارس، ئەرەب ئاچقۇچلىرى بىلەن ئېچىشقا تەمشەلدى . . .

ئىككىنچى، ئېلىمىزدە يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا ماقالىدىن ماقالە چىقىرىش، «يەشمە» نى شەرھىلىپ «يېشىپ» قويۇش، بىر ماقالىنى تەكرارلاۋېرىش ئەھۋالى ساقلانغاچقا، تەتقىقاتتا تېرەنلىك ۋە كەڭلىك جەھەتتە يېتەرلىك قانات يايالماسلىق، ئادەتتىكىدەك بولۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى.

ئۈچىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا بۇ ئەسەرنىڭ مەدەنىيەت قاتلاملىرى، ئىدىيىۋى مەنبەلىرى، خاس ئالاھىدىلىكلىرى تەتقىقاتى ھېلىمۇ ئاجىز ھالقا. «قۇتادغۇبىلىك» نى پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخى، بىلىش تارىخىغا قويۇپ، ئىز قوغلاپ ۋە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتەك نوپۇزلۇق، قايىل قىلغۇچ تەتقىقات تېخى ئېلىپ بېرىلمىدى.

تۆتىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» تەك تەخمىنەن ئون ئەسىر ئىلگىرى يېزىلغان كاتتا ئەسەرنى ھازىرقى زامان ئېڭى كاتېگورىيە قېلىپلىرى بويىچە تەھلىل قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش — ئالاھىدە تەتقىقات تۈرى بولۇپ، بۇ ئەسەردىكى كاتېگورىيىلەر، ئىبارىلەر، ئۇقۇملارنىڭ قىممىتىنى بايقاشتا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ جەھەتتە تېخى بىرەر ئۈلگە مەيدانغا كەلمىدى. مېنىڭچە، «قۇتادغۇبىلىك» نى بۈگۈنكى

AltunOq

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىسلاھات ۋە ئاق يىپكىلاش ئەمەلىيىتىگە قويۇپمۇ تەتقىق قىلىش مۇمكىن. بۇنداقتا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەمەلىي قىممىتى تېخىمۇ زور بولغان بولاتتى»

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى جۈملىدىن «قۇتادغۇبىلىك» شۇناسلىق تەتقىقاتىدا خېلى كۆپلىگەن ھوسۇللارنى بەردى. ئۇنىڭ مەيلى ماقالە ـ ئەسەرلىرى بولسۇن، ۋە ياكى مەخسۇس تېمىدىكى كىتابى بولسۇن، ھامان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى بوشلۇقنى ئۇل سېلىشتا ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇردى. گەرچە يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىز ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسىنى تولۇق نامايەن قىلىپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن كىتابخانلارنى بۇ جەھەتتە ئازراق بولسىمۇ ئۇچۇرغا ئىگە قىلىشتا مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.



# ئۈچىنچى باب

# فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتى

فارابى ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى ۋە ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى بىلىش تارىخىدا پلاتون، ئارىستوتىللاردىن كېيىن بىر پۈتۈن پەلسەپىۋى سىستېما ياراتقان يىرىك مۇتەپەككۇر.

— ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى جەريانىدا سانسىز ئەمەس سۇپەتنى، ئاساسنى ئەمەس قېپىنى، كونا تېمىلارنى ئەمەس، يېڭى تېمىلارنى يېزىشنى ئالىي نىشان قىلغان ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرى (تارىم بويلىرىدىكى) دىققەت ئېتىبارىنى ئاغدۇرمىغان، ئاغدۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان تېمىلار ئۈستىدە ئىزدىنىش داۋامىدا ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى ئەبۇ نەسىر مۇھەممەت ئەل فارابىنى ئۆز ئەۋلادلىرىغا تونۇشتۇرۇشقا، ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىلىرىنى شەرھىلەش ئارقىلىق فارابىنىڭ مەنىۋى ھەيكىلىنى تۇرغۇزۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، فارابى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆتكەن باشقا ھەرقانداق بىر بۈيۈك شەخس ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندەك، ئۇنداق ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بۇ تەتقىقاتچىدىن غايەت

زور ئەقىل ـ ئىقتىدار، نەزەرىيۋى تەپەككۇر ۋە تىل بىلىمى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 20 يىللىق بالايىئاپەت مەزگىلىدە باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆزىنى ئىلىم ـ پەننىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە تاكامۇللاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەچكە، بۇ تېما ھەققىدىكى تەتقىقاتىنىمۇ يۇكسەك چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلغان. گەرچە بۇ جەھەتتە چەككەن رىيازەتلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن قىلچە بوشاشماستىن «فارابىنىڭ مۇزىكا ئېستېتىكىسىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە»، «يۇسۇپ خاس ھاجىپ — فارابى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى»، «فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخى قىممىتى»، «ئەبۇناسىر فارابىنىڭ لوگىكىلىق تەلىماتلىرى»، «فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر» . . . قاتارلىق ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بولغان ماقالىلارنى ۋە فارابى ھەققىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرىدىغان قامۇس خاراكتېرلىك ئەسىرى — «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» نى يېزىپ نەشر قىلدۇرۇپ، دۇنيا فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتى جۇملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى تەتقىقاتقا مۇستەھكەم ئۇل سالدى. دېمەك، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ناملىق كىتاب ئالىمنىڭ فارابى ھەققىدىكى تەتقىقاتىنىڭ مۇجەسسىمى، شۇنداقلا فارابى بىئوگرافىيىسى سۇپىتىدە يۇكسەك ئورۇن ئىگىلىدى. ئارىدىن 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ئارىمىزدىن بىرەر تەتقىقاتچى چىقىپ فارابى دۇنيا قارىشى ھەققىدە ئەرزىگۇدەك بىرەر پارچە ماقالىمۇ يېزىپ چىقالمىدى. كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزنى تۈزۈپ كېلىۋاتقان بارلىق تەتقىقاتچىلار فارابى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ مەزكۇر كىتابىدىن پايدىلىنىپلا بايان قىلىۋاتىدۇ. تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ فارابى تەتقىقاتىدىكى بۇ

بىچارە ھالەتتە يەنە قانچە يىل داۋام قىلىدىغانلىقىنى بىر نېمە دېمەك تەس.

ئالىم «‹فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» نى يېزىش جەريانىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«‹فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى› نى يېزىش ئۈچۈن بېيجىڭغا ئىككى قېتىم، تاشكەنتكە بىر قېتىم باردىم، ھەتتا ئوترارنى زىيارەت قىلدىم. . . مەن فارابى ئىدىيىلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۈگە ـ ئۈگىلىرى كىرىشىدىغان، بىر يىلتىزدىن شاخلىنىدىغان سىستېما ھالىتىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ سخېمىسىنى سىزىپ تامغا چاپلاپ قويۇپ يازدىم . . . »

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، فارابىنىڭ بۇ مەنىۋى ھەيكىلى ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق مەيدانىدا تۇرۇپ يېزىلغان ئەسىرى بولغاچقا، نەشر قىلىنىپ ئۇزاق قالمايلا فارابىشۇناسلىق ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىدى. گەرچە بۇ كىتاب ئۆز خەلقى تەرىپىدىن ئارزۇلانغاندەك قىلىنمىدى، بىر قىسىم كۆرەلمەسلەرنىڭ پىتنىلىرى سەۋەبلىك ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقىي ئەكس سادا پەيدا قىلالمىدى. بىراق، بۇ كىتاب ھەققىدە ئۆزبېكىستاندىكى دۆلەتلىك ژۇرنال — «ئۆزبېكىستاندا ئىجتىمائىي پەنلەر» نىڭ 1992 ـ يىللىق 5 ـ، 6 ـ سانلىرىدا ئابدۇلھەق ئابدۇرۇسۇل ئوغلى مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىپ، يۇقىرى باھا بەردى. بۇ ئالىمنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ خەلقئارا فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىدا مۇئەييەن نوپۇزغا ئىگە بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، ئالىمنىڭ «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» ناملىق ماقالىسىدە ئېيتىلىشىچە مەزكۇر كىتابنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى مۇھەررىرنىڭ ئىچىدىن قىرقىشى سەۋەبىدىن قىسقارتىۋېتىلگەن. شۇڭا مەزكۇر كىتابنىڭ قولىيازمىسى سېلىنغان خالتىنىڭ سىرتىغا، تولۇق نەشر قىلىنىشىنى

ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويغان.

ھەممىمىزگە ئايانكى، فارابى — ئوتتۇرا ئاسىيا شۇنداقلا تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت تارىخىدىكى يارقىن نامايەندىلەرنىڭ بىرى، ئۇ «قەدىمكى گرېك پەلسەپىسىنى ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام دۇنياسىغا ئېلىپ كىرىشتە، كۆپ ئەسىرلىك پارلاق شەرق مەدەنىيىتىنى غەرب مەدەنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە، ئارىستوتېلنىڭ ماتېرىيالىستىك خاھىش ئۈستۈنلۈكىنى ئالغان پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىنى پلاتون ۋە يېڭى پلاتونىزم مىراسلىرى ئىچىدىن تاللاپ چىقىشتا، شەرھىلەشتە ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، سوفىزم بىلەن يېڭى پلاتونىزمنىڭ بىرلەشمە ئەكسىيەتچىل ئىدىئولوگىيىسىگە قارشى پانتېزملىق يېڭى پەلسەپىۋى سىستېما ۋە يۆنىلىش يارىتىش، ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا»①، شۇنداقلا ئارىستوتېلىزم ۋە پلاتونىزم ئىدىيىسىنى ئۆزىگە خاس مۇستەقىل بىلىش نەزىرىيىسى بىلەن تولۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، ئۆزىنىڭ پانتېئىزملىق بىر پۈتۈن دۇنيا قارىشىنى تەبىئەت ئىلمى، بىلىش نەزەرىيىسى ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىن بىلەن پەننى ئايرىپ چىقىپ، پەن ـ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىدىيىۋى قۇللۇقنىڭ، روھانىيلىق ئالامەتلىرىنىڭ پۈتلىكاشاڭلىرىنى سۇپۇرۇپ تاشلاشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئالىم ۋە پەيلاسوپ.

نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى دۇنيا ئىلىم ئەھلى فارابىنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى، دۇنيا مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى تەتقىق قىلىپ ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە، بىلىش، شۇنداقلا پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلام ساھەلىرىگە بولغان تەسىرىنى ئىجابىي تۈستە

---

① ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1885 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى، 1 — 2 ـ بەت.

راۋاجلاندۇرۇپ، پايدىلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن خەلقىمىز ئۇ ھەقتە تېخى سىستېمىلىق بىلىم، چۈشەنچە، تونۇشقا، ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە پەلسەپە سىستېمىلىرى ھەققىدە يېتەرلىك ساۋاتقا ئىگە بولالماي كەلگەن ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇنلىغان ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ خىمىرتۇرۇچىنى ئۆرلىتىدىغان، ئۆرلىتىپ تۇرۇۋاتقان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە قورساقتا قول، شەيتانغا گول بولۇپ نەچچە ئەسىرگە سوزۇلغان ئۇيقۇسىنى خاراموشلارچە، بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان بۇ خەلق ئۆز سەلتەنەتلىرىنىڭ گۆھىرىنى بىر ـ بىرلەپ كۆمۈپ تاشلىماقتا ئىدى. بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەن بەختسىز كەچمىشلەر ۋە سىياسىي نەيرەڭۋازلىقلار ئۇلارنى جاھاندىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇپ سىرلىق تەكلىماكان — تارىم گىرۋەكلىرىگە، ئۆز ئەقلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قىرغاقلىرىغا ھەيدەپ بارماقتا ئىدى. لېكىن، قىزىپ كەتكەن تاشقى دۇنيادا بولسا ئۇلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، تەقدىرلىرى بىر ـ بىرلەپ بېكىتىلمەكتە ئىدى. ئويغانغان، تاشقى دۇنيانىڭ غىدىقلىشىنى سەزگۈر ئەقىل بىلەن ھېس قىلىپ يېتەلەيدىغان بىر قىسىم تۇيغۇن ئەقىل ئىگىلىرى، ياش كۆچلەر بولسا ئۆز تىنىمسىزلىقىنى ئاللىقاچان باشلىۋەتكەن ئىدى.

«فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ھەققىدە گەپ ئاچقىنىمىزدا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ 70 ـ يىللاردىكى ئاپەتلىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە ئوغرىلىقچە، قاراڭغۇ زىندان، قازناقلاردا، بىر يالقۇنلۇق ئىستەك ۋە ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرىدىغان قايتماس مۇھەببەت تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى بىلەن تولىمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرمەي تۇرالمايمىز.

ئالىمنىڭ فارابى ھەققىدىكى بۇ يىرىك تەتقىقاتى خەلقىمىزگە فارابى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت

تەرەققىياتىغا قوشقان ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرىنى تونۇتۇش ۋە ئۇ ھەقتە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت مۇھىم ئالاھىدىلىكى بىلەن جانلىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا، ئالىمنىڭ ئەسەرنى تەتقىقات بىلەن پاكىت، مۇلاھىزە خاراكتېرلىك چۈشەنچە بىلەن يېڭى - يېڭى دەلىل ۋە كۆز قاراشلار ئارقىلىق كۈچلۈك ئەمەلىيەتچانلىققا، ئىلمىيلىككە، ئېنىقلىققا ئىگە قىلىپ تاماملىغانلىقى ئەسەرنى ئىنتايىن مۇكەممەل، قايىل قىلارلىق چىققان تەتقىقات ئەسىرىگە، فارابىشۇناسلىق ھەققىدىكى تېخىمۇ مۇكەممەل (پۈتكۈل فارابىشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا) تەتقىقات نەتىجىسىگە ئىگە قىلغان. تۆۋەندە بىز بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئالىم بىر تەتقىقاتچىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئىلمىي روھ ۋە پاكىتقا، ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىش ئىستىلى ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە ئۆزىدە بار بولغان بەدىئىي تەسەۋۋۇرلارنى تولۇق ئىشقا سالغان بولۇپ، بىرمۇ مەسىلىنى چەتتە قالدۇرۇپ قويمىغان، فارابى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى ھەقىقىي سىستېمىلىق ۋە كەڭلىككە، قايىل قىلارلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان.

ھەممىمىزگە ئايانكى، فارابىنىڭ نەسەبى توغرىسىدىكى بۇ مەسىلە ئىنچىك تالاش - تارتىش، بەس - مۇنازىرە ئۈستىدە بولۇپ كەلدى. غەرب پەلسەپە تارىخشۇناسلىرى ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى يەنە نۇرغۇنلىغان تارىخشۇناس، شەرقشۇناس، فارابىشۇناس ئالىملار فارابى ياشىغان، پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەۋر ۋە شارائىت نۇقتىسىغا قاراپلا ئۇنى «ئەرەب پەيلاسوپى» دەپ ئاتاپ كېلىشكەن ئىدى. گەرچە بىر قىسىم تارىخشۇناس ئالىملار فارابىنىڭ ئۇيغۇر — قارلۇق ئالىمى ئىكەنلىكىنى، تۈركىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقان بولسىمۇ، ئىلىم ساھەسىدىكى بۇ مەسىلە يەنىلا دەتالاشنىڭ

ئوڭايلا باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى. ئالىم ئەتراپلىق ئىزدىنىش، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش، يىل دەۋرى ۋە تارىخى شارائىتلارنى تەھلىل قىلىش، ئەستايىدىل خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق بىر قاتار ماقالە ۋە مەخسۇس كىتاب ئېلان قىلىپ فارابىنىڭ نەسەبى توغرىسىدا ئېنىق، قايىل قىلارلىق ئىزاھ بېرىپ ئۆتتى. ئاپتورنىڭ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1982 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا «ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ياۋروپا ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرى توغرىسىدا» ، شۇ يىللىق 4 ـ سانىدا «ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ لوگىكا تەلىماتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ دەتالاش يەنە ئاشكارا ھالدا ئۇلغىيىپ چىقتى. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە) 1987 ـ يىل 3 ـ سانىغا (بۇ ۋاقىت ئالىمنىڭ يىرىك تەتقىقات سەمەرىسى بولغان «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ناملىق كىتابى ئاللىقاچان نەشردىن چىقىپ تارقىتىلىپ بولغان) خەنزۇ تەتقىقاتچى سەي دېگوينىڭ «ئەرەب پەيلاسوپى — فارابى» نامدىكى ماقالىسى بېسىلدى. گەرچە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆز كىتابىدا بۇ خىل پىكىرلەرنى ئېتىبارغا ئالغان ھالدا قايىل قىلارلىق پاكىت، دەلىللەر، سېلىشتۇرما ئىزاھلاشلار ئارقىلىق ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ بولغان بولسىمۇ، يەنە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1988 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا «فارابى پەلسەپە ئىدىيىسى تەتقىقاتىدىكى مەنتىقىلىق زىددىيەت» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلىپ قايىل قىلارلىق دەرىجىدە رەددىيە بەردى. زارىپ دۆلەتمۇ شۇ ژۇرنالدا «فارابى ئەرەب پەيلاسوپىمۇ؟» دېگەن تېمىدا مەخسۇس ماقالە يېزىپ فارابىنىڭ نەسەبى توغرىسىدا قايىل قىلارلىق ئىلمىي دەلىللەشلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بىزنى فارابى ۋە ئۇ ياشىغان دەۋر، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق تونۇشقا ئىگە

قىلدى. ۋەھالەنكى، ئالىم ۋاپات بولۇپ ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئىلىم ساھەسىدىكى بۇ خىل تالاش - تارتىش يەنە بىخ سۇرۇشكە باشلىغاندەك قىلىدۇ. فارابىنىڭ نەسەبى ۋە ھاياتىي پائالىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقات ئۈچۈرلىرىدىن، نەتىجىلىرىدىن خەۋىرى بار بولغان قېرىنداش قازاقلىرىمىز گەپ - سۆزىمىزلا بۇگۇنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇنى «قازاق» دەپ قوپۇشتى. سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە «مىللەتلەر نەشرىياتى» قازاق تىلىدىكى نەشريات بۆيۈملار بۆلۈمى تەرىپىدىن 2000 - يىلى 9 - ئايدا نەشر قىلىنغان «قازاق تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» نامىدىكى كىتابچىلار تۈرىدە، ئەھمەتبېك كىرشىبايېۋ ئاپتورلۇقىدا بېسىپ تارقىتىلغان «ئەبۇ نەسىر ئەل فارابى» ناملىق كىتابچىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز. بۇ خىل تولۇق پاكىت ئاساسى، قايىل قىلارلىق دەلىلى بولمىغان پىكىر ئىقىمىغا مەرھۇم ئالىمنىڭ نىيەت - ئىقبالىنى، ئەڭ مۇھىمى ئىلمىي ھەقىقەتنىڭ ساپلىقىنى قوغداش يولىدا رەددىيە بېرىش ھەر بىرىمىزنىڭ بۇرچى ۋە مەجبۇرىيىتى بولىسىمۇ، بۇ يەردە توختىلىشنى راۋا كۆرمەيمىز. بىز بۇ يەردە پەقەت ئالىمنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشلىرى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۈستىدىلا توختىلىمىز.

ئالىم فارابى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا نوقۇل فارابى ياكى فارابى ئىدىيىسىنى قېزىش، تەھلىل قىلىش ۋە ئۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىش بىلەنلا بولۇپ كەتمەي، ئۇ ياشىغان دەۋر، ئۇنىڭ تەربىيىلىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار، ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئىدىيە، مەدەنىيەت ھادىسىلىرى، شۇ خىل ئىدىيە، مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئاساسى، ۋەكىللىرى، كۆز قاراشلىرى، شۇ خىل كۆز قاراشلارنىڭ ئىلغار ۋە يېتىشسىز تەرەپلىرى، فارابىنىڭ ئۆزى ئۇچرىغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە قايسى خىل ئۆلچەمدە

AltunDq

قوبۇل قىلىش جەريانى، شۇنداقلا فارابى ئىجاد قىلغان ئەسەرلەر، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى، ئىدىيىسى، پەلسەپىۋى قىممىتى، باشقا ئىدىيە، مەدەنىيەت ھادىسىلىرى بىلەن بولغان پەرقلىرى، ئارتۇقچىلىق، كەمچىلىكلىرى، قىممىتى، تەقدىرى، ئۇنىڭغا مۇئامىلە قىلىش . . . قاتارلىق جەھەتلەردىن ئىنتايىن ئەتراپلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن بولۇپ، بۇ ھال ئەسەرنى شۇنداقلا فارابىنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى، پەلسەپە سىستېمىسى ھەققىدىكى بۇ تەتقىقات سەمەرلىرىنى تولىمۇ چوڭقۇرلۇققا، دەلىللىككە ئىگە قىلغان.

ئالىم فارابى پەلسەپىۋى سىستېمىسىنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىغا بىۋاستە ئۇل سالغان ئاساسلىق ئىدىيىۋى مەنبەلەرنى ئۈچ خىل دەپ قارايدۇ. ئالىمنىڭ ئەستايىدىل يىغىنچاقلاپ، سىلىشتۇرۇپ، خۇلاسىلىشىچە بۇلار: 1) قەدىمكى گرېك پەلسەپىسىنىڭ ئۇتۇقى بولغان ئارىستوتېلىزم؛ 2) شەرق خەلقلىرىنىڭ ئانىمىزم — دىئىزملىق كۆز قاراشلىرىغا باغلىنىشلىق ئىپتىدائىي پانتېزملىق دۇنيا قارىشى ۋە مانى ـ مازداق ئىدىئولوگىيىسى؛ 3) ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلامىيەت دۇنياسى ئېرىشكەن تەبىئەت ئىلمى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئالىم بۇ مەنبەلەرنىڭ فارابى پەلسەپە سىستېمىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆز تەتقىقاتىنى روشەن كەڭلىككە ۋە مول مەدەنىيەت مەنبەلىرىگە ئىگە قىلغان. فارابىنىڭ پۈتكۈل ئىجادىي مىراسلىرىنى «ئارىستوتېل ۋە قەدىمكى گرېك ئىلمىي مىراسلىرىنى ئىجادىي شەرھىلەپ جارى قىلدۇرغان ئەسەرلەر ۋە فارابىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك مۇستەقىل ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت» ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈپ ۋە ئاساسلىق ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى دىككۇەتكە كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ فارابى

ئەسەرلىرىنى شەرھىلەشتە ۋە كېيىنكى تەتقىقاتتىمۇ ئىنتايىن زور رول ئوينايدىغان قورال خاراكتېرلىك قىممەتلىك ماتېرىيال بولالايدۇ. يەنە كېلىپ ئاپتور فارابى شەرھلەپ يازغان ئەسەرلەرنى نوقۇل شەرھ، چۈشەنچە، ئىزاھلاپ يازمىغان، بەلكى ئۇنى ئىجادىي تۈستە بېيىتىپ، تاكامۇللاشتۇرغان دەپ مۇئەييەنلەشتۈردۇ. بۇ فارابىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە بولغان تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن بىر قەدەم، ئەلۋەتتە.

ئالىم فارابىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى تېخىمۇ سىستېمىلىق، كونكرېت تەتقىق قىلىپ چىقىش ئۈچۈن ئەسەرنى مەركىزىي تېمىغا باغلىغان يانداشتۇرغان ھالدا «فارابىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى تەلىماتلىرى» نى «فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ مەنبەلىرى»، «فارابىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى ۋە ئالەم نەزەرىيىسى»، «فارابىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى» قاتارلىق كىچىك تېمىلارغا بۆلگەن ھالدا ئەترابلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن ۋە شۇ رەۋىشتە «فارابىنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپە تەلىماتلىرى»، «فارابىنىڭ پەن ــ مەدەنىيەت تۆھپىلىرى»، «فارابى پەلسەپىۋى سىستېمىسىنىڭ تارىخى قىممىتى ۋە تارىخى تەقدىرى»... دېگەن قىسىملار بويىچە فارابى پەلسەپىۋى سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش، مۇكەممەللىشىش جەريانى، ئۇنىڭ تۈپ كۆز قاراش، تەلىمات، ئىدىيىلىرى، بۇلارنىڭ كېيىنكى پەن ــ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، ئورنى ــ ئۆتتىلىرىدىن ئەترابلىق بايان قىلىش يولىنى تۇتقان. بۇ ئارقىلىق سەۋەب ۋە ئىچكى ــ تاشقى ئامىلىنىڭ ھادىسىگە بولغان تەسىرى، ھادىسىنىڭ يۈز بېرىش ئالاھىدىلىكى، ماھىيىتى قاتارلىقلارنى ئىچكى باغلىنىشچان يول ئارقىلىق ئەپچىللىك بىلەن يەتكۈزۈش، بىر تەرەپ قىلىش ئۇنۇمىگە ئېرىشكەن. مېنىڭچە مەنبەلەرنى ئېنىقلاپ بۇ ئارقىلىق فارابى ئىدىيىسىدىكى ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ئامىللىرىنى

تېپىپ چىقىش، فارابىنىڭ ئىجادىي خاسلىقىنى ۋە پەلسەپۋى سىستېمىسىنى تېخىمۇ روشەنلىككە، ئېنىقلىققا ئىگە قىلسا، بۇ خىل خۇلاسىلەش يەنە بىر تەرەپتىن قەدىمكىلەرنىڭ تارىخىي تۆھپىسى بىلەن كېيىنكىلەرنىڭ باسقان يولىدىكى ۋارىسچانلىقنى تەتقىق قىلىشتا، شۇنداقلا ھەر بىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ۋە مەدەنىيەت تىپلىرىنى ئايرىم خۇلاسىلەپ يەكۈنلەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.
فارابى ئىدىيىسىنى ۋە پەلسەپۋى سىستېمىسىنى ئۆگىنىۋاتقان بىر ئادەم ئۇچۇن ئىستىخىيىلىك ھالدا قەدىمكى گرېك پەلسەپىسى ۋە ئارىستوتېلىزم، پلاتونىزم، شۇنداقلا شەرق - غەرب مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن خەۋەردار بولۇش زۆرۈرىيىتى، پەلسەپىلەر كېسىشىشىدىن ھاسىل بولغان ئېنىقسىزلىق ئامىللىرى، شۇنداقلا مۇناسىۋەتشۇناسلىق، ھەمجەھەتلىكلىرىنى بىلىۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ئەلۋەتتە.
ئالىمنىڭ تەتقىقات ئەسىرىدە بۇ خىل ئوخشىمىغان، شۇنداقلا يىلتىزداش ئىدىيىلەر ئىنتايىن مۇۋاپىق ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن، خۇلاسىلەنگەن، سىڭدۈرۈلگەن ۋە يەنە شۇنداقلا قويۇپ قويۇلماستىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنتايىن مۇھىم خۇلاسىلەر چىقىرىلغان. بۇنى قەدىمكى گرېك، شەرق، غەرب پەلسەپىلىرىنىڭ فارابى دەۋرىدىكى كېسىشىش نۇقتىسىدىن ھالقىپ چىقىپ بۈگۈنكى دەۋرنىڭ بىر قەدەر ئەستايىدىللىق بىلەن باھالىنىپ، خۇلاسىلىنىپ، تارىخقا يىراقتىن نەزەر تاشلاپ، بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمىلىق يەكۈن، سىستېمىلىق ئانالىز چىقىرىلغان بىر دەۋرنىڭ تېلىسكوپى ئۈستىگە قايتىدىن قويۇلۇشى دېيىش مۇمكىن. ئېلىپ ئېيتساق، فارابىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى ۋە ئالەم نەزەرىيىسى ھەققىدە ئىنتايىن مۇھىم ھەمدە قايىل قىلارلىق مۇھاكىمە، دەلىللەشلەرنى ئېلىپ بارغان ئالىم ماركسىزملىق دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي

ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدىن چىققان ھالدا: «شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، خەلقنى بىخۇتلاشتۇرىدىغان، خەلقنى نادانلىقتا، ئۇمىدسىزلىككە دەۋەت قىلىدىغان، پەن ـ مەدەنىيەتكە، ئەركىن تەپەككۇر قىلىشقا ۋە باراۋەرلىككە قارشى تۇرلۇك ئەقىدىلەرنى ياساپ چىقىدىغان ئاتالمىش مۇتەپەككۇرلار، ئەلۋەتتە كەسكىن پاش قىلىنىشى ۋە تەنقىد قىلىنىشى لازىم. بۇ نۇقتىدا ئارىسالدى بولۇش مۇمكىن ئەمەس» دەپ يازدى ھەمدە فارابىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى ۋە ئالەم نەزەرىيىسىدىكى «ئېغىر نۇقسان» لارنى ئېنىق كۆرسىتىپ: «ئۇ تەڭرى — بىرىنچى سەۋەب ئۇقۇمىنى، ئالەم ئەقلى ئۇقۇمىنى، ئالەم يارىلىشىدىكى جۇش ئۇرۇپ چىقىش ئۇقۇمىنى ئىشلىتىپ كۆرۈنەرلىك روھانىيەتچىلىك، ئىدېئالىستىك قۇيرۇق قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، ھەتتا يەر مەركەزلىك نەزەرىيىسىدىن يىراقلاپ كېتەلمىگەنلىكىنى» ئىزاھلىسا؛ فارابىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە ھۆرۈنلۈق، ئەقىدىچىلىككە، ئېتىقادچىلىككە، تەقدىرچىلىككە، ئۇمىدسىزلىككە قارشى ئوينىغان رولىنى، بىلىش نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئەقىل ۋە ھەقىقەت قاراشلىرىنى يۇقىرى باھالاپ «فارابىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ئۇنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى كۆز قاراشلىرىنى تەپەككۇر جەريانلىرىغا تەتبىقلاشنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ پەلسەپىسىنى ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە ئائىت تەلىماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور گارمونىك سىستېما قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇشتا ئىنتايىن ھالقىلىق رول ئوينىغان» لىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرسە، بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە چەكلىمىلىكتىن قۇتۇلالماي يەنىلا، ناتۇرال پانتىزملىق تۈپ كۆز قاراشنى ئىپادىلىگەنلىكىنى، ئانتروپولوگىزملىق كۆز قاراشلار ئاسارىتى بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ بىلىش جەريانىدىكى ھەل قىلغۇچ رولى ۋە ئورنىنى

چۈشەنمىگەنلىكىنى، مەنتىقىلىق ئىسپاتلاشنى ھەقىقەتنىڭ مىزانى دەپ چۈشەنگەنلىكى قاتارلىق بىر قاتار توغرا بولمىغان تەرەپلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكەن، شۇنداقلا فارابىنىڭ «غايىۋى دۆلەت» چۈشەنچىسىنىڭ ئاساسلىرىنى ۋە «شەھەر» ھەققىدىكى بىر قاتار تەلىماتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، تارىخىي نۇقتىدىن تەتقىق قىلىپ باھالاش بىلەن بىرگە، فارابى ئىدىيىسىدىكى جەمئىيەت بىلەن دۆلەتنىڭ پەرقى ئاجرىتىلمىغان تەرەپلەرنى تېپىپ چىقىپ خۇلاسىلىگەن.

ئەلۋەتتە، بىر ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ۋە پەلسەپە سىستېمىسىنى تەتقىق قىلغان، قىلىۋاتقان بىر ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىدىيە، كۆز قارىشىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالماي ياكى چەكلىنىپ قالماي، ئىدىيە قاتلىمىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ مېغىزىنى مېغىز، شاكىلىنى شاكال قىلىپ ئايرىپ قويۇپ، يەنە ئۆز كۆز قارىشى بىلەن ئەسلىي ھالىتىگە چىقىپ كەتمەك بىر تەتقىقاتچىدىن ئىنتايىن كۆپ كۈچ ۋە ئەقىل، شۇنداقلا يېتەرلىك بىلىم، قابىلىيەت تەلەپ قىلىدۇ. بىزگە ئايانكى، بىرەر ئىلىمنى ياكى پەلسەپىنى تەتقىق قىلغان ئادەم شۇ خىل ئىدىيە، كۆز قاراشنىڭ ئاسارىتىدىن ئوڭايلا قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ. لېكىن، ئالىم بۇ يەردە ئۆزىگە خاس تەتقىقات ئۇسۇلى بويىچە ھەممە نەرسىگە ئىلمىي سۈپىتىدە ئىنتايىن سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ئىلمىي، ئەمەلىي دەلىللەشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك كۆز قارىشىنى، چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەسەرنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاپتور فارابىنىڭ ئەسەر، پەلسەپە سىستېمىلىرىغا ئىزاھ، چۈشەنچە يېزىش بىلەنلا بولدى قىلماي ئۆزىنىڭ تېگىشلىك كۆز قاراشلىرىنى دەلمۇدەل ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر بىر ئىدىيە، كۆز قاراش بىلەن يۈزمۇيۈز دىئالوگ ئېلىپ بارغان. ھەتتا ئاشۇرۇپ، ئىنتايىن قايىل قىلارلىق، ئىلمىي ئاساسىي كۈچلۈك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا

قويۇپ فارابى پەلسەپە سىستېمىسىدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەرگە مۇھىم تۈزىتىش، تولۇقلاش كىرگۈزگەن. ئەسەرنى بۈگۈنىمىزنىڭ ئەستايىدىل دىئاگنوزىدىن ئۆتكۈزگەن. بۇ ئەلۋەتتە ئىنتايىن يۇقىرى ئەقلىي كۈچ ۋە ئىقتىدار تەلەپ قىلىدىغان ئىش. لېكىن، ئالىمنىڭ بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىزنى سۆيۈندۈرمەي قالمايدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئاپتورنىڭ فارابىشۇناسلىقنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتى جەھەتتىكى بىلىمى كەڭ ۋە ئەتراپلىقتا ئىگە بولۇپ، ئۇ خەلقئارادىكى ئاساسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ئەستايىدىل دېگۈدەك تونۇشۇپ چىققان. يەنە كېلىپ ئەسەردە نوقۇل ئۆز بىلىمىگە ياكى تەسىراتىغىلا تايىنىۋالماي مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن ئىنتايىن كەڭ دائىرىدە، كىشىنى قايىل قىلارلىق ئۇچۇر، ئىلمىي دەلىللەرگە ئېرىشكەن بولۇپ، تولۇپ تاشقان ئىلمى قىزغىنلىق ئاساسىدىكى بۇ خىل ئىلمىي، قايىل قىلارلىق، كەڭ پاكىت ئاساسى بىزنىڭ ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتىگە، ئەھمىيىتىگە، قايىل قىلىش كۈچىگە بولغان مەمنۇنلۇقىمىزنى قوزغىماي قالمايدۇ ۋە ئالىمنىڭ تىنىمسىز ئىزدىنىش، جاپالىق تەتقىق قىلىش، پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن ئۆتكەن شانلىق هايات مۇساپىلىرىگە، ئىجادىيەت يولىغا بولغان قايىللىق ھېسسىياتىمىزنى قوزغىماي قالمايدۇ. بۇ خىل قىممەتلىك روھ ئاسان تېپىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

قىسقىسى، ئالىمنىڭ فارابىشۇناسلىققا قوشقان بۇ يېتۈك ئەمگەكلىرى، سەمەرىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ۋە نىسبەتەن مۇكەممەل ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ. ئالىمنىڭ فارابىشۇناسلىققا قوشقان ئىجادىي تۆھپىسى ئۆز زامانىسىدا فارابىشۇناسلىقتىكى ئىنتايىن مۇھىم بوشلۇقنى بىرقەدەر تولۇقى بىلەن تولدۇرغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ھەممىمىزنى ئىشەنچلىك، قايىل قىلارلىق

تەتقىقات ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەپ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ھەم پەلسەپە تەتقىقاتىدا مۇھىم پايدىلىنىش قورالى بولۇپ قالدى ھەمدە بىر تۈركۈم يېڭى، ئۇمىدلىك كۈچلەرنىڭ بۇ سەپكە قېتىلىپ كېلىشىگە، تەتقىقات ئىشلىرىمىزنىڭ زورىيىشىغا ئىنتايىن زور، تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

بۇلاق سۈيى ئۆزىنىڭ پۇتمەس - تۈگىمەس سۇ مەنبەسى بولغاچقىلا يەر ئاستىدىن ئىنتايىن زور بېسىم كۈچى بىلەن ئېتىلىپ چىقالايدۇ ۋە تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىپ، ئۆزىنىڭ راھەتبەخش تەمى بىلەن چاڭقىغانلارغا ئالەمشۇمۇل راھەت ۋە تويۇنۇش ئېلىپ كېلىدۇ. ئىشىنىمىزكى، بىزگە پۇتمەس - تۈگىمەس مەنۋى كۈچ بېرىپ كېلىۋاتقان ئالىم، مۇتەپەككۇر مەرھۇم ئوغلان ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تىنىمسىز ئىزدىنىش روھى ۋە قىممەتلىك ئەسەرلىرى بىزگە مەڭگۈ تۈتىيا بولغۇسى، شۇنداقلا بىزنى ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلدۈرۈپ تۇرغۇسى.



# تۆتىنچى باب

# ئېستېتىكا تەتقىقاتى

ئېستېتىكا گۈزەللىك ھەققىتى، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەللىك ھەققىدىكى ھەقىقەتنى ئىختىرا قىلغانلىقىنىڭ نامايەندىسى، ئېستېتىكا ئىنسانىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئىلمىي كىرىستالى، سان ـ ساناقسىز مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋە مەغلۇبىيەتلىك تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، ئېستېتىكا ئىلمىنى تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئېستېتىك ئىنتىلىشىنى ئويغاتماي ۋە ساغلاملاشتۇرماي تۇرۇپ، تۇرلۇك غەيرىي ۋە ساختا ئېستېتىك كۆز قاراشلارغا خاتىمە بەرمەي تۇرۇپ، جەمئىيەتنى، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى، سەنئەتنى ۋە پۈتۈن كىشىلىكنى يۈكسەك سەۋىيىگە كۆتۈرگىلى، گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن ئاڭلىق ۋە ئىجادكارانە كۈرەش ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ.

— ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «ئېستېتىكا جەھەتتىن تەربىيە كۆرمىگەن كىشى كۆزى ئوچۇق قارىغۇ، ئۇ ھاياتلىقتا نادان، ساددا ھالەتتە ئۆتىدۇكى، ھەرگىز مەدەنىيەتلىك كىشى بولالمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىرەر مىللەت خەلقى ئېستېتىكا جەھەتتىن تەربىيە ئالمىسا، قارىغۇلۇق ۋە

تەۋەككۈلچىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. جاھان مەدەنىيەت سەھنىسىدە مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى ئاللىبۇرۇن چۈشىنىپ بولغان مۇتەپەككۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەر دائىم باشقىلار ئىزدەنمىگەن، ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلمىغان تېمىلارنى يېزىشقا كۆنۈكۈپ كەتكەن قەلىمىنى بىردەممۇ قولدىن چۈشۈرمەي باشقا ئىلمىي ساھەلەر قاتارى ئېستېتىكا ئىلمى ھەققىدىمۇ ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلاردىكى ئېستېتىكا ئىلمىدىن خەۋەرسىزلىك ھالىتىگە خاتىمە بەردى ۋە بۇ ئىلىم ھەققىدىكى تەتقىقاتقا مۇستەھكەم ئۇل ھازىرلىدى. ئۇ ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى جەريانىدا ئېستېتىكا ئىلمى تەتقىقاتىغا دائىر «فارابىنىڭ مۇزىكا ئېستېتىكىسىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە»، «گۈزەللىك تەربىيىسى ۋە ئۇنىڭ رولى»، «ئېستېتىكا قانداق پەن؟»، «خاراكتېر ۋە خاراكتېر گۈزەللىكى»، «ھېسسىيات ۋە ھېسسىيات گۈزەللىكى»، «گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇقنىڭ كومېدىك سېلىشتۇرمىسى»، «شېئىرىيەت ئېستېتىكىسىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە»، «كۆسەن رەسساملىرىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى توغرىسىدا» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ۋە «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، «قاتلاملىق ئېستېتىكا» دېگەن كىتابلارنى يېزىپ ئېلان قىلدۇردى. «ئېستېتىكىدىن تاللانما لېكسىيەلەر» ناملىق كىتابنى تەرجىمە قىلىپ تۈزدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ بۇ خىل ئەمگەكلىرى ئۆز قىممىتىنى تېپىپ ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئېستېتىكا دەرسلىكى كەم بولۇشتەك بوشلۇقنى تولدۇردى. تۆۋەندە ئالىمنىڭ «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ۋە «قاتلاملىق ئېستېتىكا» دېگەن ئىككى كىتابى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئېستېتىكا ئىلمى تەتقىقاتىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇشبۇ كىتابلارنىڭ مەزمۇنىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە قىسقىچە بايان قىلىپ بېرىمىز.

AltunOq

# 1. «ئومۇمي ئېستېتىكا» توغرىسىدا

«ئومۇمي ئېستېتىكا» — ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئېستېتىكا ئىلمى ھەققىدىكى تۇنجى ئىلمىي كىتابى بولۇپ، «ئېستېتىكا نەزەرىيىسى» ۋە «ئېستېتىكا تارىخى» دېگەن ئىككى بۆلۈمدىن تۈزۈلگەن.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، ھەر قانداق بىر ئىلىمنى تەتقىق قىلىشتىن ئاۋۋال، شۇ خىل ئىلىمنىڭ ئۆلچەملىك تەبىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ناھايىتى زۆرۈر. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن تەتقىقات ھەرگىزمۇ چىنلىققا ئىگە بولالمايدۇ. بىز مەيلى قانداق تۈردىكى ئىلىمگە دائىر بايانلارنى ئوقۇيلى، ئۇنىڭدىن روشەن ھالدا دەسلەپكى قەدەمدە شۇ خىل ئىلىم ھەققىدە ئېيتىلغان تەبىر - چۈشەنچىلەرنى كۆرىمىز. بۇ قانداقتۇر بىر قېلىپتا داۋاملىشىش بولماستىن بەلكى، بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان مۇھىم قەدەملەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئالىم ئۆز كىتابىدا ئالدى بىلەن «ئېستېتىكا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەبىرىنى ئەتراپلىق بايانلارنىڭ ياردىمىدە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە ئۇنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن جۈملىدىن سەنئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىزاھلايدىغان يۈزەكى قاراشلارغا، ئۆزىنىڭ دەلىل - ئىسپاتى تولۇق بولغان ھۆكۈم مۇنارى ئارقىلىق رەددىيە بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئېستېتىكا ئىلمى بىلەن سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاش، جۈملىدىن ئېستېتىكىنى سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ياكى سەنئەت نەزەرىيىسىنى ئېستېتىكىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش خاتا، شۇنى روشەنلەشتۈرۈش لازىمكى، گەرچە ئېستېتىكا ئىلمى سەنئەتتىكى گۈزەللىكنىڭ

خۇسۇسىيەتلىرى ۋە قانۇنلىرىنى — سەنئەتتىكى ئېستېتىك مېتودولوگىيىلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى يالغۇزلا سەنئەت بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ئوخشاشلا، سەنئەت نەزەرىيىسى رېئاللىقنى قايتا ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ بىر قاتار بەدىئىي پرىنسىپلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەتقىقات دائىرىسى يالغۇز گۈزەللىك مەسىلىلىرى بىلەن چەكلەنمەيدۇ. سەنئەت ھەقىقى ماھىيىتى بىلەن ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىلىك ئېستېتىكىدىن ئىبارەت سەنئەت نەزەرىيىسى گۈزەللىك مەسىلىلىرىدىن باشقا يەنە بىر قاتار سىياسىي، ئەخلاقىي، ئىقتىسادىي ۋە تارىخىي مەسىلىلەر بىلەنمۇ باغلىنىدۇ. ئېستېتىكىدا قانۇنلىرى گۈزەللىكنىڭ ئەڭ ئومۇمىي قانۇنلىرى بولۇپ، سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ يەنە ئۆز ئالدىغا بىر قاتار كەسپىي قانۇنلىرى بولىدۇ. ئېستېتىكىسىز سەنئەت قارىغۇ سەنئەت، مېڭىسىز سەنئەت، تەجرىبە رامكىسىغا مەھبۇس بولغان سەنئەت بولغىنىدەك، سەنئەت ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلغان ئېستېتىكىمۇ ئاقساق ئېستېتىكا، گەۋدىسىز ئېستېتىكا، خىيالىي ئېستېتىكا بولۇپ قالىدۇ».

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، سەنئەت نەزەرىيىسى بىلەن ئېستېتىكىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە، ئۆزئارا ئوخشاش قىلىپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولىدىكەن، بۇ ئىلىملەر ھەققىدىكى مۇكەممەل چۈشەنچىنى ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش زۆرۈركى، ئېستېتىكا ئىلمىنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ پسىخولوگىيە ئىلمى، ئېتىكا (ئەخلاق) ئىلمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن چەتنەپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئەسلا بولمايدۇ. ئالىم بۇ نۇقتىلارنى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېتەرلىك ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتكەن.

هەرقانداق بىر شەيئىنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئەمما كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبلىك شەيئىلەرنىڭ شۇ خىل ئالاھىدىلىكىدىن ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا پايدىلىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەر خىل تەبىرلەرنى بېرىدۇ. خۇددى شۇنداق بولغاندەك، بىر قىسىم كىشىلەر ئېستېتىك تەربىيىگە ئىگە بولۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى چۈشىنىپ يەتمەي، ئۇنىڭسىزمۇ كۈن ئۆتىدۇ ئەمەسمۇ، دەپ يۈزەكى چۈشەنچىدە بولىدۇ. بۇ خىل ھالەت بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مانا مۇشۇنداق قاراشتىكىلەرگە خىتاب قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار نېمىنىڭ يېقىملىق، نېمىنىڭ يېقىمسىزلىقىنى قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى بولىدىغان تۇرسا، يەنە ئايرىم ئېستېتىك تەربىيىگە ئىگە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دەيدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا تونۇش، ئۇنىڭ خاتالىقى شۇكى، ئەگەر ئاڭلىق ھالدا ئىلمىي ئېستېتىك كۆز قاراش تۇرغۇزۇلمايدىكەن، سىياسىي جەھەتتە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ چىرىكلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىككە قارشى بۇزغۇنچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايلا قالماستىن، يەنە تۇرمۇش ئىستىلى جەھەتتىن غەيرىي ئېستېتىك، غەيرىي ئەخلاقىي، چۈشكۈن نەرسىلەرنىڭ چىرىتىشىگە ئۇچراش كېلىپ چىقىدۇ». ئالىم شۇنداق يېزىش بىلەن بىرگە خەلق ئىچىدە ئېستېتىكا توغرىسىدا تۈزىتىشكە تېگىشلىك بىر قانچە خىل خاتا كۆز قاراشلارغا ئىلمىي ئۇسۇلدا رەددىيە بېرىدۇ ۋە ئېستېتىكىنى «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، «خاس ئېستېتىكا»، «ئېستېتىكا تارىخى» دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىش ئوبيېكتىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇ «ئومۇمىي ئېستېكىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئېستېتىكىنى ۋە ئۇنىڭ خاس تارماقلىرىنى ئۆگەنگىلى بولمايدۇ» دەپ يېزىش ئارقىلىق،

«ئومۇمىي ئېستېتىكا» نىڭ ئېستېتىك تەربىيىلىنىشتىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

ئېستېتىكا — گۈزەللىك ھەققىدىكى ئىلىم بولغاچقا، بۇ ئىلىمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە شەرتسىزلا، گۈزەللىك كاتېگورىيىسىدىن باشلىنىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئالدى بىلەن «گۈزەللىك» دېگەن ئۇقۇم ھەققىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالغاندا، گىراكلىت، پىفاگور، كسىنوفان، دېموكرىت، پلاتون، كانت، داۋىدىيوم، بوركى، گېگېل، لېبنىتس، بائوم گارتېن، چېرنىشېۋسكىي، سپېنسېر، گرانت ئاللېن، بۇللوگ، بوسانكوېت، توماس مۇنرو، سوسانى لانگىر، بېنېت تېتوگروكى، دىۋېت پاركىر، كارل ماركس، ئارىستوتېل. . . كەبى مەشھۇر ئېستېتىكلارنىڭ گۈزەللىك ھەققىدىكى ئۆزگىچە قاراشلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان چۈشەنچىسىدىكى روشەن پەرقلەرنى، شۇنداقلا يۈزەكىلىكلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا شەرھىلەپ كۆرسىتىپ، شۇلار ئاساسىدا گۈزەللىكنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئاساسى، مەزمۇنى ۋە شەكىل ئالامەتلىرى، گۈزەللىكنى تەسىرلىنىش ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى قاتارلىقلار ھەققىدە خېلىلا مۇكەممەل چۈشەنچە بېرىدۇ. گۈزەللىك ھەققىدە توختالغاندا، سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلىدىن پايدىلانماي مەلۇم بىرلا ئوبيېكتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، يۈزەكىلىكتىن خالىي بولۇش تامامەن مۇمكىن ئەمەس. بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدىغان ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئېستېتىكلارنىڭ گۈزەللىك قاراشلىرىنى تونۇلغان «ئېستېتىكشۇناس» مەيدانىدا تۇرۇپ سېلىشتۇرۇپ، ئىلمىي بولغان يەكۈن چىقارغان.

كۆپچىلىككە ئايان بولغىنىدەك، «ئېستېتىك چۈشەنچە ئوبيېكتىپ گۈزەللىكنىڭ ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىنسان ئېڭىدىكى ئىنكاسى. ئىنساننىڭ «گۈزەللىك قانۇنىيىتى» بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى ئېستېتىك ئۆلچەم قاراشلىرىنىڭ مۇجەسسەملەشكەن چۈشەنچىسى، بارلىق ئېستېتىك چۈشەنچىلەر، مەيلى ئۇنىڭ قانداق مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەنىلا گۈزەللىكنى جەزبلەشتۈرىدۇ. ئىنساننىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتى ۋە تارىخى راۋاجىنى ئەكس ئېتتىدۇ». شۇنداق بولغان ئىكەن ئېستېتىكا نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە، ئېستېتىك چۈشەنچە ھەققىدە ئەتراپلىق توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئومۇمىي ئېستېتىكا» نىڭ ئېستېتىك چۈشەنچە نەزەرىيىسى قىسمىدا توختالغاندا ئىنساننىڭ رېئاللىققا بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋىتى ۋە ئېستېتىك چۈشەنچىنىڭ ھاسىل بولۇشى؛ ئېستېتىك سەزگۈ ۋە ئېستېتىك ئاڭ؛ ئېستېتىك قىممەت، ئېستېتىك باھا ۋە ئېستېتىك غايە دېگەن تېمىلار ئۈستىدە ئايرىم ـ ئايرىم مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىپ، ئېستېتىك چۈشەنچە نەزەرىيىسىدىكى مۇھىم تەرەپلەرنى تولۇق يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئېستېتىك چۈشەنچە نەزەرىيىسى شەكىللەنگەندىن كېيىن، سەنئەت گۈزەللىكى نەزەرىيىسى، ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيىلەر نەزەرىيىسى، ئېستېتىك تەربىيە نەزەرىيىسى قاتارلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر. بۇ جەھەتتە ئالىم سەنئەت گۈزەللىكى نەزەرىيىسى قىسمىدا سەنئەتنىڭ ماھىيىتى ۋە رولى؛ سەنئەتنىڭ تۈر ۋە ژانىرلىرى؛ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئەڭ ئومۇمىي ئېستېتىكىلىق قانۇنىيەتلەر، سەنئەتچى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي ئىستىداتى؛ بەدىئىي زوق ۋە ئەسەرنىڭ ئۆلچىمى

قاتارلىقلار ھەققىدە توختىلىپ، قىسقىچە، ئەمما مېغىزلىق چۈشەنچىلەرنى بېرىپ ئۆتسە، ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيىلەر نەزەرىيىسى قىسمىدا گۈزەللىكنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى؛ يۈكسەكلىك ۋە نەپىسلىك؛ تراگېدىيىلىك ۋە كومېدىيىلىك؛ تراگېدىيىلىك بىلەن كومېدىيىلىكنىڭ بىر - بىرىگە ئۆزگىرىشى قاتارلىقلار ئۈستىدە چۈشەنچە بېرىپ بۇ ھەقتە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. ئېستېتىك تەربىيە نەزەرىيىسى قىسمىدا بولسا چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ بىرلىكى ۋە ئېستېتىك تەربىيىنىڭ زۆرۈرلۈكى؛ جىسمانىي گۈزەللىك ۋە قەلبىي گۈزەللىك، سۆز - ھەرىكەت گۈزەللىكى؛ ئادەم گۈزەللىكنى يارىتقۇچى دېگەن مەزمۇنلار بويىچە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىپ، بىر پۈتۈن ئېستېتىكا نەزەرىيىسى قىسمىدىن خۇلاسە چىقىرىدۇ. گەرچە ئۇزاقتىن بۇيان چەت ئەللەردە تەتقىق قىلىنىپ كېلىنىۋاتقان، ئېلىمىزدە، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ يول ئېچىشى بىلەن شەكىللەنگەن ئېستېتىكا نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ئالىم كۆرسىتىپ ئۆتكەن تەرەپلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىزدە بىر خىل ئىزچىللىق شەكىللەنگىنى، بۇ ھەقتە تېخىمۇ مۇكەممەل ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگىنى يوق. بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەرمۇ «ئومۇمىي ئېستېتىكا» نىڭ «سېغىلىش» دىن شەكىللەنگەن. شۇڭا، ئالىمنىڭ ئېستېتىكا نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى بىزدە تۇنجى قېتىم يېزىلغان، شۇنداقلا خېلىلا مۇكەممەل يېزىلغان تەتقىقات ئەسىرى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «ئومۇمىي ئېستېتىكا» — ئېستېتىكا نەزەرىيىسى ۋە ئېستېتىكا تارىخى دېگەن ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن. بىز يۇقىرىدا ئۇشبۇ ئەسەردىكى ئېستېتىكا نەزەرىيىسىدىن قىسقىچە ئۇچۇر بەردۇق. تۆۋەندە

ئېستېتىكا تارىخى قىسمى ھەققىدە يۈزەكى توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئېستېتىكا ئىلمى تەتقىقاتىدا، بەدىئىي سەنئەتنىڭ پەيدا بولۇش ۋە سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ نۇقتا تەتقىقاتتىكى مۇھىم بىر تېمىغا ئايلانمىغاندا، ئېستېتىكا تارىخى ھەققىدە ئىشەنچلىك بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولمايدۇ. «ئېستېتىك كۆز قاراش، كىشىلىكنىڭ ئېستېتىك تەپەككۇرى ۋە ئېستېتىك ئېڭى بىلەن بىللە ئەڭ قەدىمكى زامانلاردا پەيدا بولغان». گەرچە ئۇ ۋاقىتلاردا «ئېستېتىكا» ئاتالغۇسى بارلىققا كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى شەكىللىنىپ بولغاچقا، ئۇنىڭ تارىخى ھەققىدە يىراق قەدىمكى زاماندىن ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. «ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەمگىكىدىن باشلاپ، تۇنجى قورال ياسىشىدىن باشلاپ، تۇنجى نۇتقى ۋە تۇنجى تەپەككۇرىدىن باشلاپ، رېئال گۈزەللىكنى ھېس قىلغان ھەم شۇ ئاساستا ئېستېتىك تۇيغۇ قوزغانقۇچى گۈزەللىك ھادىسىلىرى بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئېستېتىك مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشى بىر مىنۇتمۇ ئېستېتىك بىلىش ۋە ئېستېتىك پائالىيەت جەريانىدىن ئايرىلغان ئەمەس». شۇنداق بولغان ئىكەن، ئېستېتىكا ئىلمىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، نوقۇل ئۇنىڭ مۇستەقىل ئىلىم بولۇپ شەكىللەنگەن دەۋرىدىن باشلاپ سۆز ئېچىش ھالىتىدىن مۇستەسنا بولۇپ، ئەڭ قەدىمكى ئېستېتىك پائالىيەتنىڭ باشلانغان دەۋرىدىن تارتىپ سۆز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن كىتابىنىڭ ئېستېتىكا تارىخى قىسمىدا، ئەڭ قەدىمكى سەنئەت ئىزلىرى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىشتىن باشلاپ تاكى رۇسىيە ئىنقىلابى دېموكراتلىرىنىڭ ئېستېتىكىلىق كۆز قاراشلىرىغىچە بولغان بىر پۈتۈن تارىخى دەۋردىكى ئېستېتىكا ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىنى

بايان قىلىپ بەرگەن. ئۇ كىتابىنىڭ «ئىپتىدائىي سەنئەت ۋە قۇلدارلىق تۈزۈمى دەۋرىدىكى ئېستېتىك كۆز قاراشلار» دېگەن بابىدا: بەدىئىي سەنئەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى؛ قۇلدارلىق تۈزۈمى دەۋرىدىكى گرېك پەيلاسوپلىرىنىڭ ئېستېتىكىلىق كۆز قاراشلىرى؛ رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئېستېتىكىلىق كۆز قاراشلار دېگەن تېمىلار ئۈستىدە توختىلىپ بۇ ھەقتە ئەتراپلىق، ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى بەرسە، «ئوتتۇرا ئەسىر ۋە مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرىدىكى ئېستېتىكىلىق كۆز قاراشلار» دېگەن بابىدا: ئوتتۇرا ئەسىردىكى سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرى؛ ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي - روھانىيەتچىل ئېستېتىك كۆز قاراشلارنىڭ نەمۇنىلىرى؛ ئوتتۇرا ئەسىردىكى گۇمانىستىك ئېستېتىك كۆز قاراشلارنىڭ نەمۇنىلىرى؛ مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرىدىكى ئېستېتىك ئىدىيىلەر دېگەن مەزمۇنلار بويىچە باش تېمىنى تولۇق يورۇتۇش ئاساسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان. «بۇرژۇئا مەرىپەتچىلىكى ۋە بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئېستېتىك قاراشلار» دېگەن بابىدا: «بۇرژۇئازىيە مەرىپەتچىلىكى ۋە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى دەۋرىدىكى سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرى؛ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى فرانسوز مەرىپەتچىلىرىنىڭ ئېستېتىك كۆز قاراشلىرى؛ ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئېستېتىك كۆز قاراشلار؛ بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى دەۋرىدىكى فرانسوز ماتېرىيالىستلىرىنىڭ ئېستېتىكىلىق كۆز قاراشلىرى؛ گېرمانىيىدە مەرىپەتچىلىك دەۋرىدىكى ئېستېتىك كۆز قاراشلار دېگەن مەزمۇنلارنى چۆرىدەپ مۇلاھىزە ئېلىپ بارسا: «كلاسسىك نېمىس پەيلاسوپلىرى ۋە رۇسىيە ئىنقىلابى دېموكراتلىرىنىڭ ئېستېتىكىلىق كۆز قاراشلىرى» دېگەن بابىدا كلاسسىك نېمىس پەيلاسوپلىرىنىڭ ئېستېتىكىلىق كۆز

قاراشلىرى؛ رۇسىيە ئىنقىلابى دېموكراتلىرىنىڭ ئېستېتىكىلىق كۆز قاراشلىرى دېگەن مەزمۇنلار ئۈستىدە توختالغان.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، «ئومۇمىي ئېستېتىكا» نىڭ ئېستېتىكا تارىخى قىسمىدا، مەزكۇر ئىلىمنىڭ نەزەرىيىۋىلىككە كۆتۈرۈلۈشى، بۇ ئىلىم ھەققىدە چەت ئەللەردە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلار، ھەر قايسى ئەل كلاسسىك ئېستېتىكلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئىلمىي قاراشلىرى ۋە تەشەببۇسلىرى، دۇنيا ئېستېتىكا ئىلمى تەتقىقاتىغا قوشقان غايەت زور تۆھپىلىرى ئىخچام ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يۇقىرىقى مەزمۇنلارنىڭ ئۇشبۇ كىتابتا ئەكس ئېتىشى بىر تەرەپتىن ئېستېتىكا تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتقا ئۇل سېلىشتا يېتەكچىلىك رول ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇلار ئاساسىدا تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان ئېستېتىكا تارىخىنى يېزىش ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچ ماياك بولۇش رولىنى ئوينايدۇ.

كۆپچىلىككە ئايان بولغىنىدەك، «ئېستېتىكا» ئاتالغۇسىنى 1714 — 1762 ـ يىلى ياشىغان نېمىس پەيلاسوپ ئالېكساندىر گوتتلىپ بائۇم گارتىن ئۆزى يازغان «ئېستېتىكا» دېگەن كىتابىدا تۇنجى قېتىم قوللانغان. بىراق «ئېستېتىكا» تەتقىقاتى شەرقتە ۋە غەربتە ئەقلىي بىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھېسابلانغان ھەر قايسى پەنلەر تەتقىقاتى بىلەن بىللە قەدىمكى قۇل ئىگىلىكى دەۋرىدىلا باشلانغان. شۇڭا بۇ ھەقتە ئىزدەنگەندە چوقۇم شۇ دەۋردىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىدىن ئەتراپلىق پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك ماتېرىيال مەنبەسى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، 20 يىللىق بالايىئاپەت ۋاقتىدا نۇرغۇنلىغان زىيالىلىرىمىزغا ئوخشاشلا «بەل قويۇۋەتكەن» بولسا، «بولۇشۇم مۇشۇ» دەپ ئولتۇرغان بولسا،

قىيىنچىلىق ئىچىدىمۇ ئۆگىنىش، ماتېرىيال توپلاش، سېلىشتۇرما تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش بىلەن شۇغۇللانمىغان بولسا، ئەنئەنىۋى گەپ بويىچە «رەڭگارەڭ گۈللەردەك» خۇشپۇراق چاچالمىغان بولاتتى. تەلىيىمىزگە ئۇ «ئىزدىنىش، يېغىلىق، تەتقىقات» دېگەن ئۈچ سۆزنى يۈرىكىگە نەقىشلەپ بىزدە يېزىلمىغان، ماتېرىيال مەنبەسى ئەسلا بولمىغان تېمىلاردا قەلەم تەۋرىتىپ، نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ئەنە شۇلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلاردىكى ئېستېتىكا تەتقىقاتى ھەققىدە يېزىلغان تۇنجى ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخىنىڭ ئالتۇن قەسىرلىرىدە مەڭگۈ نۇر چېچىپ، ئىلىمگە چاڭقاق دىللارنى ئىلىم نۇرىغا تويۇندۇرۇپ تۇرىدۇ.

## 2. «قاتلاملىق ئېستېتىكا» توغرىسىدا

«قاتلاملىق ئېستېتىكا» — ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئېستېتىكا ئىلمى ھەققىدىكى ئىككىنچى ئىلمىي كىتابى بولۇپ، «ئېستېتىكا ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتى؛ قاتلاملىق ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى؛ ئەسلىي گۈزەللىك نەزەرىيىسى؛ گۈزەللىك بىر خىل ئەسلىلىك ھادىسە؛ ئېستېتىكىلىق نەزەرىيە؛ ئېستېتىكىلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ھالەتلىرى؛ سەنئەت گۈزەللىكى نەزەرىيىسى؛ سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى؛ سەنئەتنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرى؛ بەدىئىي ئىجادىيەت نەزەرىيىسى؛ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئىلھام، تالانت ۋە ئۇسلۇب؛ ئىجادىيەت سۇبيېكتى — سەنئەتكار؛ بەدىئىي زوق؛ سەنئەت تەنقىدى؛ ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيىلەر نەزەرىيىسى؛ گۈزەللىك تەربىيىسى قائىدىلىرى؛

تاشقى شەكىل گۈزەللىكى؛ خاراكتېر گۈزەللىكى؛ ئىنسانىي قىممەتنىڭ ئاساسى — بىلىم گۈزەللىكى ۋە ئېقتىدار گۈزەللىكى قاتارلىق 19 بابتىن تۈزۈلگەن.

ئېستېتىكا ھەققىدە مۇئەييەن بىلىمگە ئىگە بولغان كىشىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، «سەنئەتتىن زوقلىنىشنى بىلىش غايەت زور ئېستېتىك ئىقتىدار ۋە سەۋىيە ھېسابلىنىدۇ. سەنئەتتىن زوقلىنىشنى بىلمەي تۇرۇپ سەنئەتنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئېستېتىكا بەدىئىي زوق ۋە بەدىئىي ھۇزۇرلىنىشىمىزنىڭ سادىق ئىلپىتى. ئۇ خۇددى قۇياشقا ئوخشاش بىزنىڭ روھىيىتىمىزنى جۇلالاندۇرىدۇ. بىزگە كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن، ئىنتىلىشچان يېڭى ئېستېتىك ھەۋەس ۋە تەلەپ بېغىشلايدۇ. ئۇ بىزنىڭ مەنىۋى قىياپىتىمىزنى، تۇرمۇش ئادىتىمىزنى، مۇھىت تەلىپىمىزنى، مۇئامىلە يوسۇنلىرىمىزنى، خاراكتېر قۇرۇلمىمىزنى تاكامۇللاشتۇرۇشىمىزغا ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇكى، ئېستېتىكا تەربىيىسىگە ئېرىشىش مۇكەممەل تەربىيىگە مۇيەسسەر بولۇش شەرتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ».

ئۇنداق بولسا، يۇقىرىقى شەرتلەرنى ھازىرلاش ئۈچۈن زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ جاۋاب شۇكى، ئېستېتىكا تەتقىقاتىنى تۈرغۇنلۇقتىن ئازاد قىلىپ گۈللىنىش باسقۇچىغا ئېلىپ كىرىش، بارلىق ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيىلەر ئۈستىدە ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ئېستېتىكا تەتقىقاتىسىز ئېستېتىكا ئىلمىنىڭ خەزىنىسىنى بەرپا قىلغىلى ۋە بېيىتقىلى بولمايدۇ» دېگەننى ھەر دائىم ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

«پەلسەپە تەتقىقاتى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتى،

سەنئەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى، ئەخلاقشۇناسلىق تەتقىقاتى، پسىخولوگىيە تەتقىقاتى ئېستېتىكا ئىلمى تەتقىقاتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. چۈنكى بۇ پەنلەرنىڭ تەتقىقات دائىرىلىرى ئۆز ئوبيېكتىنىڭ خاسلىقى بىلەن چەكلەنگەن. شېئىر - رومان ئوقۇش، كىنو - تىياتىر كۆرۈش، مۇزىكا - ناخشا ئاڭلاش، سەيلى - ساياھەت قىلىش قاتارلىق ئېتسېتىك زوق بېغىشلىغۇچى بەدىئىي ئەسەر ياكى پائالىيەتلەر ئېستېتىكا ئىلمى تەتقىقاتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئېستېتىك پائالىيەت بىلەن ئېستېتىكىلىق بىلىم بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ».
يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېستېتىكا ئىلمى تەتقىقاتىنى باشقا پەنلەر تەتقىقاتى قاتارى داۋاملىق تەتقىق قىلىش، تەتقىقاتتا يۈزەكى شەرھىلىپ قويۇشنى ئاساس قىلماي قاتلاملىرىغىچە مۇكەممەل تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىش ھەقىقەتەن زۆرۈر. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ تەرەپلەرگە ئەقىل كۆزى بىلەن باققان بولغاچقا، «قاتلاملىق ئېستېتىكا» دا يۇقىرىدا زىكرى ئېتىلگەن بابلار بويىچە ئايرىم - ئايرىم مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىپ ئېستېتىكا تەتقىقاتىدىكى كەڭلىكنى ھەقىقىي نامايان قىلغان.

دەرۋەقە ئېستېتىكا ئىلمى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئېستېتىكا تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى توغرىسىدىكى خىلمۇ خىل قاراشلارنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلاردىكى ئوخشاشلىقلارنى ئايرىشقا، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قاتلاملىق ئېستېتىكا بويىچە ئېستېتىكا ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش، قاتلاملىق ئىستېتىكا بويىچە ئېستېتىكا ئىلمىگە تەبىر بېرىش، ئېستېتىكا ئىلمى بىلەن پەلسەپە، پسىخولوگىيە، سەنئەت نەزەرىيىسى، ئېتىكا، پىداگوگىكا، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇلازىمەت ۋە باشقۇرۇش ئىلىملىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا

ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئىنتايىن زۆرۈر. «قاتلاملىق ئېستېتىكا» بۇ خىل تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىققان بولۇپ، يۇقىرىقى تەلەپلەر ئۈستىدە خېلىلا مۇكەممەل بىلىملەرنى ئۆزىدە تولۇق مۇجەسسەملەشتۇرگەن.

ئېستېتىكا تەتقىقاتى مەلۇم بىر دەۋرنىڭ ۋە ياكى مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى ھەققىدىلا ئىزدىنىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلمىغاچقا، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتتا تۈرلۈك ئىلمىي ئېقىملار ۋە شۇ خىل ئېقىملارنىڭ ئۆزگىچە قاراشلىرى بارلىققا كەلگەن. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆز كىتابىدا شۇ خىل ئېقىملار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ قاراشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە قاتلام نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي مېتودولوگىيىلىك قىممىتى ئۈستىدە توختىلىش ئاساسىدا قاتلاملىق ئېستېتىكا ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ئېنىق ئىزاھلاپ ئۆتكەن ھەمدە قاتلاملىق ئېستېتىكىنىڭ ئەۋزەللىكىنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويغان.

ئالىم كىتابىنىڭ «گۈزەللىك — بىر خىل ئەسلىلىك ھادىسە» دېگەن بابىدا، دەسلەپكى قەدەمدە ئەسلىي گۈزەللىكنىڭ سۈپەت ئېنىقلىمىسى ھەققىدە توختىلىپ، گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپلىقى ئۈستىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، «ئەسلىي گۈزەللىك كاتېگورىيىسىنىڭ تىكلىنىشى ۋە ئۇنىڭ مۇقىم سۈپەت ئېنىقلىمىسى بويىچە ئىزاھلىنىشى گۈزەللىك تەتقىقاتىدىكى ھەر خىل ئېلىشاڭغۇلۇق، خاتالىقلارنى تۈزەپ، سىر ۋە تۈگۈنلەرنى ئېچىپ، ئېستېتىكا تەتقىقاتىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈشنىڭ يولىنى يورۇتىدۇ. بۇ ئېستېتىكا تەتقىقاتىدا ئالدىغا تاشلانغان زور قەدەم» دەپ يېزىش ئارقىلىق ئېستېتىكا نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا ئەسلىي گۈزەللىك ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ ھەقىقەتەن زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ. گۈزەللىكتىكى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىردەكلىكى

مەسىلىسى ئېستېتىكا تەتقىقاتىدىكى يەنە بىر مۇھىم تېما. «قاتلاملىق ئېستېتىكىنىڭ گۈزەللىكتە مەزمۇن بىلەن شەكىل بىر پۈتۈن ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى گۈزەللىكنىڭ بىر پۈتۈن ماھىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى بىلىش كاتېگورىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوبيېكتى، ئاساسى بىر پۈتۈن ماھىيەتلىك ئوبيېكتىپ رېئال گۈزەللىكتىن ئىبارەت». ئالىم شۇنداق يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىنى نامايان قىلىدۇ. گۈزەللىك تەتقىقاتىدا شەكىل گۈزەللىكى قانۇنلىرى ۋە شەكىل گۈزەللىكى تۈيغۇلىرى ئوخشاشلا مۇھىم بولغاچقا، «قاتلاملىق ئېستېتىكا» بۇلار ھەققىدىمۇ يېتەرلىك جاۋاب بەرگەن. شەكىل گۈزەللىكى ئالامەتلىرى بولغان رەتلىكلىك، گارمونىيىلىك، نىسبەتلىك، سىممېترىكلىك، مەركەزلىك، رىتىمدارلىق، جۇلالىق قاتارلىقلار ھەققىدە تەپسىلىي چۈشەنچە بەرگەن ۋە قاتلاملىق ئېستېتىكا نېمە ئۈچۈن تەبىئەت گۈزەللىكىنى «ئەسلىدىكى تەبىئەت گۈزەللىكى» ۋە «ئېستېتىكىلىقتىكى تەبىئەت گۈزەللىكى» دەپ ئايرىپ ئىزاھلاشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقى توغرىلىقمۇ توختالغان.

«ئەسلىي گۈزەللىك بىلەن ئېستېتىكىلىق قاتلاملىق ئېستېتىكىدىكى ئىككى ئاساسلىق كاتېگورىيىدىن ئىبارەت» بولۇپ، ئەسلىي گۈزەللىك ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئېستېتىكىلىق ئۈستىدە توختىلىش زۆرۈر. ئالىم بۇ ھەقتە توختالغاندا، ئېستېتىكىلىق نەزەرىيىسىنىڭ قاتلاملىق ئېستېتىكىدا تۇتقان ئورنى، ئېستېتىكىلىق توغرىسىدىكى ناتوغرا قاراشلار، ئېستېتىكىلىقنىڭ ماھىيىتى، ئېستېتىكىلىقنىڭ سۈپەت ئېنىقلىمىسى، ئېستېتىكىلىقنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى قاتارلىقلارنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئېستېتىكىلىق توغرۇلۇق خېلىلا چۈشىنىشلىك بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئارقىدىنلا

«ئېستېتىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ھالەتلىرى» دېگەن بىر باب يېزىپ، ئىنساننىڭ رېئاللىق بىلەن ئېستېتىك مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىشىدىكى شەرتلەر؛ ئاڭ ۋە ئېستېتىك ئاڭنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭغا ئاساس سالغان ئەمگەك قوراللىرىدىكى يۈكسىلىش؛ ئىنساننىڭ دۇنيانى ئېستېتىكىلىق جەھەتتە ئىگىلىشى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى؛ گۈزەللىكتىن تەسىرلىنىش مەسىلىسى ھەققىدىكى قاراشلار؛ ئېستېتىك سەزگۈ ۋە ئۇ ھەقتە ساقلانغان قاراشلار؛ ئېستېتىك سەزگۈنىڭ ئالامەتلىرى؛ ئېستېتىك ئىدراك ۋە ئېستېتىك ئاڭ؛ ئېستېتىك ھەۋەس، ئېستېتىك ھۆكۈم ۋە ئېستېتىك باھا؛ ئېستېتىك لەززەت؛ ئېستېتىك غايە قاتارلىق مۇھىم تەرەپلەرنى بىر ـ بىرلەپ شەرھىلەپ ئۆتكەن.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا» دا سالماق ئورۇننى ئىگىلەيدىغان مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى «سەنئەت گۈزەللىكى» بۆلۈمى بولۇپ، بۇ بۆلۈمدە ئالىم سەنئەت گۈزەللىكى نەزەرىيىسى؛ سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى؛ سەنئەتنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىق بابلار بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

كۆپچىلىككە ئايان، قاتلاملىق ئېستېتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ناھايىتى كەڭ، شۇنداق بولغاچقا، بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشى، سەنئەت گۈزەللىكى نەزەرىيىسى ھەققىدە بىمالال پىكىر قىلالايدىغان بولۇشى زۆرۈر. بىزدە ئىلمىي تەتقىقاتتىكى خاسلىقنىڭ كەملىكى سەۋەبلىك مەخسۇس سەنئەت نەزەرىيىسى ھەققىدە ئەسەر يازغانلار يوق دېيەرلىك. شۇ ۋەجىدىن ئېستېتىكىدىكى سەنئەت گۈزەللىكى توغرىسىدا بىرەر نەرسە يازماقچى بولساق ۋە ياكى شۇ ھەقتە مەخسۇس ئۆگىنىش ئېلىپ بارماقچى بولساق، تاللاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم ھالدا «قاتلاملىق ئېستېتىكا» غا

مۇراجىئەت قىلىمىز. چۈنكى بۇ كىتابتا سەنئەت گۈزەللىكى نەزەرىيىسىنىڭ قاتلاملىق ئېستېتىكىدىكى ئورنى، سەنئەتنىڭ ماھىيىتى، سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىدارى، سەنئەتنىڭ ئېستېتىك رولى، قاتلاملىق ئېستېتىكىنىڭ سەنئەت ھەققىدىكى قاراشلىرى، سەنئەتنىڭ بىلىش ئىقتىدارى ۋە تەربىيىلەش ئىقتىدارى، سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى قاراشلار، قاتلاملىق ئېستېتىكا نۇقتىئىينەزىرى بويىچە سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق باسقۇچلار، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى سەنئەت، قۇل ئىگىلىكى تۈزۈمى جەمئىيىتىدىكى سەنئەت، فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى سەنئەت، يېقىنقى زامان سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ تەپسىلاتى، سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى قاتارلىق تەرەپلەر چۈشىنىشلىك ھالدا بايان قىلىنغان بولۇپ، مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئېستېتىكا تەنقىداتىدا مۇئەييەن ئورۇن تۇتىدۇ. بولۇپمۇ كىتابتا سەنئەتنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئېستېتىكىلىق پرىنسىپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەن بىرگە سەنئەتنىڭ ھۈنەر سەنئىتى، بىناكارلىق سەنئىتى، مۇھىت سەنئىتى، ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتى، رەسساملىق سەنئىتى، مۇزىكا سەنئىتى، ئۇسسۇل سەنئىتى، ئەدەبىيات سەنئىتى، شېئىرىيەت سەنئىتى، خەتتاتلىق سەنئىتى، ناتىقلىق سەنئىتى، تىياتىر سەنئىتى، كىنو سەنئىتى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى، ھەر قايسى سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئەمەلىي مىساللار، كۆرسەتمىلەر ئارقىلىق ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بۇ مۇكەممەل مەزمۇننىڭ «قاتلاملىق ئېستېتىكا» دا ئەكس ئېتىشى، كىتابنى تېخىمۇ زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە قىلغان. دېمىسىمۇ خەلق ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان سەنئەت تۈرلىرى ھەققىدىكى ئەنە شۇنداق بايانلارنى تەرتىپلىك، چۈشىنىشلىك

قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇش، تا ھازىرغىچە ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندىن باشقا ھەرقانداق تەنقىدچىغا نېسىپ بولمىدى.

«بەدىئىي ئىجادىيەت — ئىستېتىك پائالىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى ۋە ئەڭ پائالىيەتچان قاتلىمىدىن ئىبارەت» بولۇپ، بەدىئىي ئىجادىيەت نەزەرىيىسى تەنقىدىي ئىستېتىكا تەنقىداتىدىكى يەنە بىر مۇھىم تەرەپتۇر. ئالىم ئۆز كىتابىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت قائىدىلىرى دېگەن بۆلۈمىدە بەدىئىي ئىجادىيەت نەزەرىيىسى؛ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئىلھام، تالانت ۋە ئۇسلۇب؛ ئىجادىيەت سۇبيېكتى — سەنئەتكار؛ بەدىئىي زوق؛ سەنئەت تەنقىدى دېگەن بابلار بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى، ئۇ ھەقتە تارىختا داۋام قىلغان ھەر خىل قاراشلار، بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاڭنىڭ تۇتقان ئورنى، بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتى، بەدىئىي ئىجادىيەت سۇبيېكتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت شەرتلىرى، بەدىئىي ئىجادىيەتتە چىنلىق قانۇنى، بەدىئىي ئىجادىيەتتە تەسەۋۋۇرنىڭ تۈزۈلمىسى ۋە رولى، بەدىئىي ئىجادىيەتتە تىپىكلەشتۈرۈش ۋە ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى رولى قاتارلىقلارنى چۆرىدىگەن ھالدا بەدىئىي ئىجادىيەت نەزەرىيىسى ھەققىدە ساۋات بەرسە، ئىلھام توغرىسىدا ئىجادىيەت تارىخىدا ساقلانغان قاراشلار، ئىلھامنىڭ قانداق ھادىسە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئالامىتى، ئىلھامنىڭ تەبىرى، تالانت توغرىسىدا ئىجادىيەت تارىخىدا ساقلانغان قاراشلار، تالانتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ قانداق شەكىللىنىدىغانلىقى، بەدىئىي ئۇسلۇبنىڭ نېمىگە قارىتىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئالاھىدىلىكى، ئىندىۋىدۇئال ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئەھمىيىتى دېگەن مەزمۇنلارنى تۇتقا قىلغان ھالدا بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئىلھام،

تالانت ۋە ئۇسلۇب توغرۇلۇق بىلىم خاراكتېرلىك مەلۇمات بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا سەنئەت بىلەن سەنئەتكارنىڭ مۇناسىۋىتى، سەنئەتكارنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى، سەنئەتكارنىڭ خەلق، دەۋر، رېئاللىق ۋە تارىخ تەرەققىياتى بىلەن بولغان ئالاقىسى، سەنئەتكارنىڭ مەنىۋى شەرتى، سەنئەتكارنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقى، سەنئەتكارنىڭ كەسپى ئەخلاقى قاتارلىقلار ئۈستىدە توختىلىپ ئىجادىيەت سۇبيېكتى — سەنئەتكارغا بولغان تونۇش ۋە تەربىيىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. «سەنئەتكار خەلق ئاممىسى مەنىۋى ھاياتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى، كىشىلىك مۇتەپەككۇرى. ئۇنىڭ قانچىلىك تەربىيىلىنىشى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە مەنىۋى كۈچ ۋە ئېستېتىك كۈچ بېغىشلايدۇ». بۇ نۇقتىنى ئالىبۇرۇن چۈشەنگەن ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن سەنئەتكارنىڭ ئەخلاقى جەھەتتىنمۇ تەربىيىلىنىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى ناھايىتى مېغىزلىق، ئىخچام ئوتتۇرىغا قويغان.

لېئوناردو داۋىنچىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «زوقلىنىش — بىر نەرسىنىڭ ئۆزىدىن باشقا سەۋەبتىن ئەمەس، ئۇنى ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت». گىرۇكىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «زوقلىنىش — گۈزەللىكنىڭ ئىدراكى شەكلىگە كىرىشى ۋە ئىدراك ئارقىلىق زوقلىنىش ئوبيېكتى قايتا ئۆز قەلبىدە ھاسىل قىلىش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ». بەدىئىي زوق — ئېستېتىك زوقنىڭ يۇقىرى شەكلى بولۇپ، ئادەتتىكى ئېستېتىك زوق ۋە ئېستېتىك باھا بىلەن بەدىئىي زوق ۋە بەدىئىي باھانىڭ روشەن پەرقى بولىدۇ. بۇلارنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندا بەدىئىي زوق ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئالىم ئۆز كىتابىدا بۇ ھەقتە توختالغاندا بەدىئىي زوق ۋە ئۇنىڭ ئېستېتىك زوقتىن پەرقلىنىدىغان ئالامەتلىرى، بەدىئىي زوقنىڭ ئوبيېكتى ۋە ئۇنىڭ زوقلاندۇرۇش

ئىقتىدارى، بەدىئىي زوقنىڭ سۇبيېكتى ۋە ئۇنىڭ زوقلىنىش ئىقتىدارى، زوقلىنىش سەۋىيىسى، بەدىئىي زوقنىڭ باسقۇچلىرى، بەدىئىي تەسىرلىنىش، بەدىئىي ئەسەرگە دىلكەشلىك، بەدىئىي ئەسەرگە مەھلىيالىق، «زوقلىنىش ئارىلىقى» ، جامائەتنىڭ زوقلىنىش تۈزۈلمىسى ۋە ئۇنى بەرپا قىلىش، «ئىچكى دەۋەت كۈچى» نىڭ زوقلىنىشتا تۇتقان ئورنى قاتارلىقلار ئۈستىدىمۇ قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈپ، يېتەرلىك چۈشەنچە بەرگەن.

«سەنئەت تەنقىدى بىر خىل ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتتىكى ئېستېتىكىدىن ئىبارەت» (بېلىنىسكىي) بولغاچقا، ئېستېتىكا تەتقىقاتىدا سەنئەت تەنقىدى ھەققىدىمۇ توختىلىش، سەنئەت تەنقىدى بىلەن بەدىئىي زوق، بەدىئىي باھانىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، سەنئەت تەنقىدى، ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسىنى چۈشىنىۋېلىش، سەنئەت تەنقىدى بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى بىلىۋېلىش، سەنئەت تەنقىدىنىڭ چىنلىق ئۆلچىمى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش، سەنئەت تەنقىدىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمدارلىق ئۆلچىمى بىلەن تونۇشۇش، سەنئەت تەنقىدىنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىش، قارشى تەنقىدتە ئىلمىي بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، سەنئەت تەنقىدچىسى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەقلىي ـ ئەخلاقىي شەرتلەرنى پىششىق بىلىۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم. «قاتلاملىق ئېستېتىكا» بۇ شەرتلەرنى تولۇق ئادا قىلغان بولۇپ، سەنئەت تەنقىدىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئۇ ھەقتە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشتا زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

«ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيە — ئوبيېكتىپ رېئاللىقتا مەۋجۇت بولغان ۋە بۇ خىل مەۋجۇتلۇقنى كونكرېت نەرسە، كونكرېت ئالامەت ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرگەن گۈزەللىك ۋە

گۈزەللىك ھالەتلىرى توغرىسىدىكى ئىخچام ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ كاتېگورىيىلىك ئىنكاس ۋە كاتېگورىيىلىك بىلىش قىممىتىگە ئىگە». ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيىلەر نەزەرىيىسى ھەم مۇھىم، ھەم ئىنچىكە تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ قاتلاملىق ئېستېتىكىدا مۇئەييەن ئورۇن تۇتىدۇ. ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيىلەر نەزەرىيىسىدە ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان بارلىق تەرەپلەر جۈملىدىن مەنپىيلىك ۋە مۇسبەتلىك كاتېگورىيىلىرى، يۈكسەكلىك ۋە يۈكسەكلىك تۈيغۇسى، نەپسلىك ۋە نەپسلىك تۈيغۇسى، ساددىلىق ۋە ھەشەمەتلىك كاتېگورىيىلىرى، تەئەججۈپلۈك ۋە غارايىپلىق كاتېگورىيىلىرى، تراگېدىيىلىك ۋە كومېدىيىلىك، تراگېدىيىلىكنىڭ ئېستېتىكىلىق خۇسۇسىيىتى، تراگېدىيىلىكنىڭ ئېستېتىك ئۈنۈمى، كومېدىيىلىكنىڭ ئېستېتىكىلىق خۇسۇسىيىتى، كۈلكە، يۇمۇر، ساتىرا، تراگېدىيىلىك بىلەن كومېدىيىلىكنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشى قاتارلىقلار مەزكۇر نەزەرىيىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان قىسمى بولۇپ، بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئالىم بۇ خىل تەقەززالىقنى دەل ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۆز ئەسىرىدىن مۇۋاپىق سەھىپە ئاجراتقان ئىدى.

«قاتلاملىق ئېستېتىكا» نىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۆلۈمى گۈزەللىك تەربىيىسى بۆلۈمى بولۇپ، ئۇ گۈزەللىك تەربىيىسى قائىدىلىرى، تاشقى شەكىل گۈزەللىكى، خاراكتېر گۈزەللىكى، ئىنسانىي قىممەتنىڭ ئاساسى — بىلىم گۈزەللىكى ۋە ئىقتىدار گۈزەللىكى قاتارلىق بابلاردىن تۈزۈلگەن. ئالىم بۇ نۇقتىلار ھەققىدىمۇ ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بارغاچقا، گۈزەللىك تەربىيىسى جۈملىسىگە كىرىدىغان بارلىق تەرەپلەرنى چالا قويماي تەتقىق قىلىپ مۇبارەك كىتابىدىن ئورۇن بەرگەن. كىتابنىڭ بۇ بۆلۈمى مەزمۇنىنىڭ يېڭىلىق ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن بىزدە ئەمدىلا بىخلىنىۋاتقان گۈزەللىك تەربىيىسى ئۈچۈن ئاساس

بولالايدۇ.

دېمەك، «قاتلاملىق ئىستىتىكا» ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە روياپقا چىققان ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ ئىستىتىكا ھەققىدىكى تەتقىقاتىنىڭ سەمەرىسى بولۇشقا تامامەن لايىق.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىز يۇقىرىدا ئالىمنىڭ ئىستىتىكا تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان مەخسۇس ئەسەرلىرىدىن بولغان «ئومۇمىي ئىستېتىكا»، «قاتلاملىق ئىستىتىكا» قاتارلىقلار ئۈستىدە يۈزەكى توختىلىپ ئۆتتۇق. بۇ كىتابلار يېزىلىش جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيىدە بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇش جەھەتتە مەزمۇنىنى قىسقارتىپ بايان قىلىش بىلەنلا كۇپايىلاندۇق. ئەسلىيدە مەقسىتىمىز بۇ ھەقتە كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بولسىمۇ، لېكىن ئىستىتىكا ئىلمى ھەققىدىكى بىلىمىمىزنىڭ تولىمۇ چولتىلىقى سەۋەبلىك ئالىمنىڭ قىممەتلىك ئۇشبۇ ئەسەرلىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىش بىلەنلا بولدى قىلدۇق. كەسپداشلارنىڭ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىلمىي پوزىتسىيىدە بولۇشىنى، ئەگەر ئىقتىدارى، قابىلىيىتى يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ كۆرۈشىنى، ھېچ بولمىغاندا بۇ ئىككى كىتابنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشىنى، ئۆزىنىڭ ئىستىتىكا ئىلمى ھەققىدىكى بىلىمىنى شۇ ئاساستا تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز.



ئالىم مەدەنیەت زور ئنقلابىدا

# بەشىنچى باب

# ئۇيغۇر روھىيتى تەتقىقاتى

ئىنساننىڭ ھاياتىنى يىرگىنىشلىك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشنىڭ يولى تولا، ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەشەددىيسى — ئىنساننى پەقەت ئۆزىنىلا ئويلاش، ئۆز شەخسىيىتىگە چوقۇنۇش، ئۆزىدە مەنىۋىيەتنىڭ ھەر قانداق دولقۇنىنى بەربات قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ سىرلىق ھاياتىنى قورساقنىڭ غېمىدە يۈرۈش ھەمدە ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزۈش دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇش، شۇنداقلا بۇنىڭغا مەجبۇرىي كۆندۈرۈشتىن ئىبارەت.

— م. ئى. سالتىكوۋ ـ شېدرىن

ئىنسانىيەت مەنىۋى كامالەتنىڭ تويۇنۇشى ئالدى بىلەن ئۆز روھىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ يېڭىلىنىشىنى، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارلارنىڭ ئاشكارىلىنىپ مەنىۋىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىنساننىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ قانداق بولۇشى تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ھەرقانداق مىللەت ئۆز خەلقىنىڭ روھىيىتىنى ساپلاشتۇرۇش، گۈزەل ئارزۇ ـ ئىستەكلەرگە تولدۇرۇش، ئالغا ئىنتىلىش روھىنى ئۇرغۇتۇش، رىقابەت ئېڭىنى كۈچەيتىش، تەرەققىياتقا يۈزلەندۈرۈشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىغا دائىر تەتقىقاتنى ئەڭ بۇرۇن باشلىغان ۋە يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈپ ئۆزگىچە ئۇسلۇب يارىتقان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەمگىكى خېلى يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ روھىيىتىدىكى نۇقسانلارنى بايقاش ۋە ئېچىپ تاشلاش جەھەتتە كۆپلىگەن ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ «مىللىي مەدەنىيەت راۋاجلىنىشىدىكى بىر مۇھىم قانۇنىيەت»، «ھەشەمەتخورلۇقنىڭ ئون چوڭ كاساپىتى»، «ئەنئەنىۋى ئاڭ ۋە زامانىۋى ئاڭ»، «تارىخ ھەققىدە ئويلىنىش — مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى»، «ياشلار ۋە ئىقتىدار قىممىتى»، «ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مىللىي ئويغىنىش»، «ھەشەمەتخورلۇق ۋە قۇرۇق شۆھرەت»، «مىللىي مائارىپ ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر»، «كلاسسىك مەدەنىيەت ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر»، «ياتلاشقان ئىنسان ۋە ياتلاشقان ئەقىل - پاراسەت»، «ھەشەمەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»، «مىللەتنىڭ بىرلىك، ھەمدەملىكى ۋە ئۇنىڭ يۇرتۋازلىقتا يەملىكى»، «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «ھازىرقى جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت»، «مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۈچ بۇرجىكى»، «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ»، «تىل قۇدرىتى — تىل پەزىلىتى بىلەن»، «يىپەك يولىدىكى يېگى سەھىپە ۋە تۆگە قوشى روھى»، «ئەنئەنىۋى ئاڭ گۈگۈمىدىكى ئۇيقۇ ۋە زامانىۋى ئاڭ سەھىرىدىكى ئويغىنىش»، «روھىيەت ۋە مەدەنىيەت»... قاتارلىق ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقتا ئۇل سالدى. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇيغۇرمەن، ئۆز خەلقىمنى سۆيىمەن، ئۇنىڭ ماكان

سەتھىدە تۇرغان قىياپىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن شەھەر ـ يېزىلار، سەھرا ـ جىلغىلار كەزدىم. ئۇنىڭ زامانىنىڭ داۋنىدا تۇتقان ئوبرازىنى بىلىش ئۈچۈن قەدىم زاماندىن ھازىرغىچە، ھەتتا كەلگۈسى يىللارغىچە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلدىم، مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزدۈم. مەن بۇنى باشقىلارنىڭ بايقىۋېلىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى «ئاشقىنىڭ تەگرى بىلەن قوشۇلۇشى» دەك، ئۆز سۆيىپىكتىمنى خەلقىمنىڭ ماكان ـ زامان قاپلاپ تۇرغان ھەقىقىي قىياپىتى ئارقىلىق ئوبيېكتىپلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىزدەندىم. دەرد ۋە ھالاۋەتلىرىم ئەنە شۇ ئۆزلۈك ئاڭ بۇلىقىدىن فونتان بولۇپ چىققان! بۇ ماڭا پوئېزىيە ھۆزۈرى، ھەيكەلتاراشلىق زوقى ۋە مۇزىكا لەززىتى بولدى. ئەلۋەتتە، خەلقىمنىڭ ئالىيجاناب خىسلەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت ھېكمەتلىرىدىن سۆيۈنىمەن، خۇددى ئاق دىل سەبىيلەردەك ئاسمانغا تەلپۈنگىمنى ئېتىپ، ۋارقىراپ سەكرىگۈم كېلىدۇ، نېمە چارە، خەلقىم ئۆزىنى چىرمىۋالغان ئىللەتلەردىن خالىي ئەمەس، ئۇ خۇددى ئافىنا ئىبادەتخانىسى ئالدىدا بەتتەھۋەت يىلان ئوراپ ئالغان مويسىپىت راكۇكونغا ۋە ياكى ئاياغ تەرىپى تاش بېلىققا ئايلانغان قىزغا ئوخشاش ئۆز ئىللەتلىرى تەرىپىدىن ماتالغان. بەلكى ناتوغرىدۇ، مېنىڭچە، يېپەك يولى خارابلاشقانلىق، بېكىنمە ئىگىلىك، گادايلىق ۋە نادانلىق تۈپەيلى ھاسىل بولغان مەنىۋى ئىللەت خەلقىمىزدىكى پۈتكۈل ئاجىزلىق، ئوڭۇشسىزلىق ۋە كېلىشمەسلىكنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت. قېلىن تارىخىي چۆكمە ھاسىل قىلغان، مېنىڭ، سېنىڭ، ئۇنىڭ، ھەتتا ئاتا ـ ئانام، يېتەكچىم، قەلەمكەش ئۇستازىم، ساھىبجامال دىلبىرىمنىڭ روھىيىتىدىن ئۇلارنىڭ ئوماق پەرزەنتلىرىنىڭ روھىيىتىگە «مايلىق قۇرت» دەك ئۆمىلەپ ئۆتۈپ تۇرغان بۇ ئىللەتنى كۆرمەسلىك ماھىيەتتە ئۆز خەلقىگە قىلىنغان ۋاپاسىزلىق ئەمەسمۇ؟! ». «مەن تارىخىمىزنىڭ ئۆلگەن جەسەتلەردىن

كۆرە تىرىك مىللەتكە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشىنى؛ مائارىپچىلىرىمىزنىڭ كىتاب ۋە خىمىك ئانالىزىدىن كۆرە رېئال تۇرمۇشقا قىزغىن خەيرىخاھلىق قىلىشىنى؛ يازغۇچى، شائىر ـ ئەنزارچىلىرىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ۋەقەلىرى چاتمىسىغا يوشۇرۇنغان ئەسىر ـ ئەسىرلىك چىنلىق قاتلىمىغا چۆكۈشىنى، ئۇلارنىڭ سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن پاراخوتلار بولۇشتىن كۆرە، سۇ ئاستى كېمىلىرىدەك زېمىن باغرىدىكى ئوبيېكتلار ئۈستىدە مۇتەپەككۇرانە پىكىر يۈرگۈزۈشىنى؛ بېيىۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ قولغا كىرگۈزگىنى پاخال، قولدىن بېرىپ قويغىنى جاۋاھىرات بولۇپ قالماسلىقىنى پايدا ـ زىيان مىزانى قىلىشلىرىنى؛ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئاشلىق، دان ۋە پولات، نېفىت ھەققىدە ئىپتىخارلىق پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن بىللە مىللەتنىڭ ئۇرۇقى، سۆڭەك ـ قوۋۇرغىسى، قەلبى ۋە قېنى ئۈستىدە تەخىرسىز تەپەككۇر قىلىشىنى؛ ئىللەت پاتقىقىغا چۈشۈپ قالغان ياش نوتا ۋە گۈل ـ گىياھلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇپ، مىللەت كېلەچىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

يىپەك يولى خارابىلىشىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۆزلىرىنىڭ كۆپلىگەن مەدەنىيەت ئىختىرالىرى ئارقىلىق پۈتكۈل دۇنيا ئەھلىنىڭ دىققىتىنى تارتقان قەدىمي مەدەنىيەتلىك خەلق — ئۇيغۇرلار تارىختا ئۇزۇن سەلتەنەت سۈرۈپ باشقا ئەل خەلقلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە «ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» نى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئىدى. ئەپسۇس «بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ جەسۇرلۇقىنى ئارىسلان، پەرۋازىنى لاچىن قىلىپ، شۆھرىتىنى ئىپاردەك تارالتقان ۋە ئەزىز دىيارىمىز باغرىدا خۇددى ئۈنچە ـ مارجانلىق دەرىيادەك نەچچە مىڭ يىل ئاققان قەدىمكى يىپەك يولىنى قۇم بارخانلىرى تەكتىگە كۆمۈپ قويۇپ، نېمىدىن ئايرىلىپ، نېمىگە دۇچ كەلگەنلىكىمىزنى

ئاڭقىرالماي، مانا بەش ئەسىرنى ئۆتكۈزۈۋەتتۇق». مۇشۇنداق تىڭىرقاش، ئەسلىدىن ياتلىشىش، ۋارىسلىق قىلىشقا تازا ئەھمىيەت بەرمەسلىكىمىز سەۋەبلىك بېشىمىزغا نۇرغۇنلىغان كۈلپەتلەر كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بىز بۇ ھەقتە ئىنچىكە ۋە ئەتراپلىق ئويلانماي روھىيىتىمىزدىن ياتلىشىشقا قاراپ يۈزلەندۇق. روھىيىتىمىزدىكى ناچار ئىللەتلەر كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ باردى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتتا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئىللەتلەرنى تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە يىغىنچاقلىدى.

«ياغاچ ئاياغ قاداپ، گەۋدە كۆرسىتىش»، «ئۆزىنى رامكىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرۈش»، «ئۆزىنى كۆپتۈرۈپ، ئۆزگىنى چۆكتۈرۈش»، «سۇر كۆرسىتىپ، سىيرىۋېتىش»، «ياغاق شاكىلىغا قوڭغۇز سېلىپ، ئەپسۇن بىلەن قىمىرلىتىپ ئەۋلىيا بولۇۋېلىش»، «ئارىنى بۇزۇپ سۇلتان بولۇش»، «كېچىسى بوغۇزلىۋېتىپ، كۈندۈزى ھازىدار بولۇۋېلىش»، «بالىخانىغا چىقىرىپ، شوتىنى تارتىۋېتىش»، «ئوتنى قوۋۇرغىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، سول بىقىنىغا سانجىش»، «قۇلىقىغا كۈسۈلداپ، غەزەپ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرتۇپ ئالدۇرۇش»، «باشقا ئادەم قولىدا قەتىل قىلىپ، بىگۇناھقا ئارتىپ قويۇش»، «خانىقا ئىشىدا مۇرىت بېقىپ، سېخى ساخاۋەتچى بولۇۋېلىش»، «گۈل ئارىسىغا زەھەر يوشۇرۇش»، «سەنەڭ ـ سەنەم كوزىرى ئىشلىتىش»، «خوجا كۆردى بولۇۋېلىش»، «تاش ئېتىپ چىراغ چېقىش، چالما ئېتىپ مېۋە قېقىش»، «يولۋاسنى كۆرسە مۈشۈك، مۈشۈكنى كۆرسە يولۋاس بولۇۋېلىش»، «قارىغۇنى كۆۋرۈكتە قىستاپ قويىدىن گۆھىرىنى ئېلىۋېلىش»، «يۈزى قېلىن بولۇۋېلىش»، «ھاماقەتنى توپلاپ ھاقارەتلىتىش»، «قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەش»،

«يالغان پاكىت ئويدۇرۇپ، يالغان گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش»، «بىر كىيىم بىلەن بىر قانچە قېتىم خوتۇن ئېلىش»، «قايتا تويلۇق ئۇچۇن قايتا ئەرگە تېگىۋېرىش»، «غەيۋەت بىلەن كۆڭۈل ئېچىش»، «تۇز يەردىن قويۇن چىقىرىش»، «گال مايلاپ گېلىنى بوغۇش»، «قورئان بېتىگە ساختا خەت يېزىش»، «ھۆل خىشقا دەسسىتىپ، لەت قىلىش»، «سەيلىگە ئېلىپ چىقىپ خوپىيانە سېتىۋېتىش»، «ھەر ئىككى تەرەپكە يامان قىلىۋېتىش»، «ياغاچ قازان قىلىش»، «ماختاپ كۆپتۈرۈپ پۇپۇك، تىللاپ چۆكتۈرۈپ كۆپۈك چىقىرىش»، «كۇسۇلدىشىپ دوست بولۇش، سوكۇلدىشىپ شېرىك»، «ئوقۇنقۇچىلىقنى خار بىلىش»، «سۆلەتۋازلىق، بىكار تەلەپلىك»، «مەنسەپكە چوقۇنۇش، مەنسەپدارلىقنى غورۇر بىلىش»، «خوتۇنى قىيدىغانغا ئېرى قېيداش»، «ئاغزىدىن بەتبەشىرە سۆز، ھەرىكىتىدىن بەتقىلىق يېغىپ تۇرۇش»، «كۇچلۇكنى يۆلەپ، ئاجىزنى شۇلۇش»، «ھەسەتخورلۇق قىلىش»، «ئۆتكەنگە سالىۋات دېگەننى ئوتتۇز قېتىم تەگەش»، «نامەردلىك»، «تەمەخورلۇق»، «خوشامەتچىلىق»، «ئىككى يۈزلىمىلىك»، «چېقىمخورلۇق»، «ساتقىنلىق»، «بېسىم قىلىش»، «تەھدىت سېلىش»، «رەھىمسىزلىك»، «ئۆز سۆزلۈك»، «زالىملىق»، «كېبىر ـ تەمەننا»، «ھاماقەتلىك»، «شۆھرەتپەرەسلىك»، «ھورۇن-لۇق»، «ھاۋايى ھەۋەسخورلۇق»، «ھىيلىگەرلىك» . . . مانا بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدا ساقلىنىۋاتقان تېپىك ئىللەتلەردىن ئىبارەت ئىدى.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىغا دائىر تەتقىقاتى يۇقىرىقىدەك كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تۆۋەندە بىز ئەمدى تېپىك قىلىپ بىر قانچە تۇر ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. ھەسەتخورلۇق

بۇ دۇنيادا كىم ھەسەتخورلاردىن قۇتۇلالىغان؟ كىمكى ئۆز ۋەتەنداشلىرى نەزىرىدە يۇقىرى يۈكسەكلىكتە تۇرسا، شۇنچىلىك چوڭ ئورۇننى ئىگىلىسە، ئۇ شۇنچە تېز ھەسەتخورلارغا نىشان بولىدۇ؛ ئۇنىڭ يۈزىگە قانچىلىغان بۆھتانلار ئوكيانى چېچىلىدۇ.

— ژ. ئامارۇ

ئىنسانىيەت مەنىۋىيىتىنىڭ يۈكسىلىشى بىر ئادەم ۋە ياكى بىرەر سىنىپنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇ، بەلكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشى ئاستىدا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنى روياپقا چىقىرىشتا ئەلۋەتتە ئالىي جەھەتتىن ئويغانغان، ئىدىيىسى تۇراقلىق، كۆرەش نىشانى ئېنىق كىشىلەر يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. ئەمما ئۇلار بىزدە شۇنچە كۆپمۇ؟ ياق! ئۇلار بىزدە بارماق بىلەن سانىغۇچىلىكلا چىقىدۇ. ئەنە شۇنداق سان جەھەتتە تۆۋەن سالماقنى ئىگىلەيدىغان مەرىپەتپەرۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ زادى قانچىلىكىنىڭ قەدرىگە يەتتۇق؟ بىز بۇ جەھەتتە دادىل سۆزلەشكە ھەقلىق ئەمەسمىز. چۈنكى بىز، ئۆز قوۋمىمىزدىن بولغان ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، لوتپۇللا مۇتەللىپ، . . . دەك كۆپلىگەن مەرىپەتسۆيەر ئوغلانلىرىمىزنى رەشىك ـ ھەسەت تۇپەيلى ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتەردۇق ئەمەسمۇ؟ ئۇلار كىملەر؟ بىزچۇ؟ ئۇلارمۇ ئۇيغۇر، بىزمۇ ھەم شۇنداق.

ھەممىگە مەلۇم، «ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرىدىن ھاسىل بولغان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەردىن بىرى. ئۇلار تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر ئىچىدە ئاق تەنلىك ۋە قىسمەن سېرىق تەنلىك ئىرقلانى

بىرلەشتۈرگەن، يايلاق مەدەنىيىتى بىلەن بوستان مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرگەن، يەرلىك تىجارەت بىلەن خەلقئارا يىپەك يولى سودا ـ ئالاقىلىرىنى بىرلەشتۈرگەن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما كلاسسىك ئەدەبىياتنى بىرلەشتۈرگەن، كۆپ قېتىم سەلتەنەت سۈرگەن مەشئەلچى مىللەت بولغان»[①]بولۇپ، ئىرامىزدىن ئىلگىرىكى ۋە يېقىنقى دەۋرىمىزگىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخىمىزنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاجايىپ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق بەدىئىي ئىستىداتىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇلار پەن ـ مەدەنىيەت تەرەققىي قىلمىغان، ۋارۋارلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈۋاتقان ئەنە شۇ ئىپتىدائىي دەۋرلەردە بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، ئورتاق بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقان ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇلار «ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار»، «ئۇيۇشماق»، «بىرلەشمەك»... دېگەندەك مەنىلەرنى بېرىدىغان «ئۇيغۇر» ئىبارىسىنى ئېتنونىم (مىللەت نامى) قىلىپ، تارىختا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرالىغان. مۇبادا ئۇلار ھازىرقى ئەۋلادلىرىغا ئوخشاش «ھەسەتخورلۇق» بۆھرانىغا گىرىپتار بولغان بولسا، يۇقىرىقىدەك تەرىپلەشكە لايىق كېلەرمىدى.

ئىنسان ھەسەتكە قانچە يېقىنلاشقانسېرى، ئۇ ئىنسانلىقتىن شۇنچە تېز يىراقلىشىدۇ. جەمئىيەتتە رەشك ـ ھەسەت قانچە كۆپەيگەنسېرى، جەمئىيەت خارابلىشىشقا شۇنچە تېز يېقىنلىشىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا ھەسەتخورلۇق قانچە باش كۆتۈرگەنسېرى، ئىناقسىزلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، پارچىلىنىش، بىر ـ بىرىدىن ياتلىشىش، ئۆزئارا ئىشەنمەسلىك... شۇنچە ئەۋج

① ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ بەت.

Altuncan

ئالىدۇ. تارىخىمىزغا نەزەر سېلىپ باقايلى: «ئىركىن، بوسات، تۇمەن قاغانلاردىن باشلانغان، تەڭرى قاغان، مويۇنچۇر قاغان زامانىدا روناق تاپقا ئۇيغۇر خانلىقى (745 — 840) ۋەزىر قاراقوۋۇ بىلەن سانغۇن كۆلۈگ باغا ئوتتۇرىسىدىكى ھەسەتچىلىك تۈپەيلى، قاراقوۋۇنىڭ قاغانلىققا كۆتۈرۈلۈشىگە چىدالمىغان سەركەردە كۆلۈگ باغانىڭ تەپتارتماستىن، تۈركەش قىزىدىن تۇغۇلغان ۋە توبۇت مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەن سايان ئالتاي قىرغىزخانى ئاجۇسۇنىڭ يۈز مىڭ ئاتلىق قوشۇنىنى ئوردىغا باشلاپ كېلىشى بىلەن بىتچىت بولغانىدى»[1]. ئۇنىڭدىن باشقا قاراخانىيلار خاندانلىقى (840 — 1123)، يەركەن سەئىدىيە خانلىقى (1514 — 1678) مۇ ئەنە شۇ ئوردا ئىچىدىكى ھەسەتچىلىك تۈپەيلى يىمىرىلىپ مۇنقەرز قىلىندى. مۇنداق ئەمەلىي پاكىتلار بىزدە ناھايىتى كۆپ تېپىلىدۇ.

«ھەسەتخورلۇق تەرىپىدىن چىرمىۋېلىنغان مىللەت گەرچە تىل بىرلىكى بىلەن بىرلىشىپ تۇرسىمۇ، قەلبى پارچىلانغان مىللەتتىن ئىبارەت. قەلبى پارچىلانغان مىللەتنىڭ تىلى بۇ قەلبنى پارچىلاشقا خىزمەت قىلىشتىن باشلاپ، بۇ مىللەتنى ھالاك قىلىش بىلەن ئۆزىنىمۇ ھالاك قىلىدىغان تىل بولماي نېمە؟ روشەنكى، تىل تاشقى پوست، قەلبنى ئىچكى ئۆزەك قىلغان مىللىي ئۇيۇشمىنىڭ ھەسەتخورلۇق ئىچىدە تەمتىرىشى ھالاكەت ھالقىسىنىڭ ئالامىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، خالاس.» (ئا. مۇھەممەتئىمىن) ئۆزگىگە ھەسەت قىلىپ، يامان قولىنى سۇنغان ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ. بۇ ھالاك قىلىنىش ئۆزى بىلەنلا كەتمەستىن، بەلكى ئۆزگىلەرنىمۇ بىرگە سۆرەپ ماڭىدۇ.

«بىر مۇساپىر جان بېقىش ھەلەكچىلىكى بىلەن جاھان

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1989 ـ يىل 6 ـ سان، 46 ـ بەت.

كېزىپ يۈرۈپ زەرەپشان دەرياسىنىڭ باش ئېقىن بويلىرىدىكى خىلۋەت بىر جىلغىدىن بىر كونا ئالتۇن كېنى تېپىۋاپتۇ. ئىشلەپ مىڭ مۇشەققەتتە بىر نوكچا ئالتۇن ئاپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى بىرى ئۇقۇپ دەرھال ئامبالغا چېقىپ قويۇپتۇ. كېيىن قارىسا چېقىپ قويغىنى دەل ئۆزىنىڭ ھەقەمسايىسى — كونا دوستى بولۇپ چىقىپتۇ.

— نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئالتۇن تاپقىنى ئۇنىڭدىن، ئۇ:

— سەنغۇ ئالتۇن كان تېپىۋاپسەن، مەن جېنىمنى باقالماي يۈرىمەن، سېنى چاقماي نېمە ئىش قىلىمەن،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. كېيىن ئامبال ئالتۇن تاپقاننى كاننى بىلمۋالدى دەپ، چېقىشتۇرغاننى كاندىن خەۋەر تاپتى دەپ ھەر ئىككىلىسىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن كاننى ئېلىۋاپتۇ. ساڭمۇ يوق، ماڭمۇ يوق بوپتۇ.»[1]

«. . . بىر كۈنى ئۈچ نەپەر ياش بايلىق ئىزدىگۈچى يولغا چىقىشتى ۋە بىر خىش ئالتۇن تېپىۋېلىپ خۇشال بولۇشتى. ئۆزۈندىن بېرى ئۇلار ئۇسسۇز ۋە ئاچ ئىدى. بۇلار شۇ يەردە بىر ـ بىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشتى. ئارىلىرىدا بىرىنىڭ يېشى كىچىك بولغاچ، ئۇنى شەھەرگە تاماق ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇشتى (قولىغا ئۈچ دەررەم بېرىپ مۇشۇ سائەتتە دەرھال ئاش ـ نان تېپىپ ئەكەل دېيىشتى). ئۇ، پۇلنى ئالدىيۇ، شەھەرگە راۋان بولدى. قالغان ئىككىسىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ: ‹ئۇ كەلسە دەرھال پىچاق تىقىلى› دەپ گەپنى بىر قىلىشتى. ھېلىقىمۇ يولدا كېتىۋېتىپ: ‹ئاشۇ بىر خىش ئالتۇننى يالغۇز ئالسام نېمىدېگەن بەلەن بولاتتى› دېگەنلەرنى ئويلىدى ـ دە، سېتىۋالغان ئاش ـ نان، گۆشلەرگە زەھەر ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ،

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1993 ـ يىل 5 — 6 ـ سان، 118 ـ بەت.

ئاندىن بىر قاچىغا ئوبدان جايلاشتۇردى. تاماقنى كۆتۈرۈپ ئۆلارنىڭ قېشىغا تېزلىك بىلەن قايتىپ كەلدى. بۇ يەردە تۇرغان ئىككىسى دەرھال ئۇنىڭغا پىچاق سالدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كۆڭۈللىرىنى خاتىرجەم قىلىپ ئولتۇرۇشتى. ئاندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى خۇشاللىق بىلەن ھېلىقى تائاملارنى بىر ـ ئىككى لوقمىدىن يېيىشكەندى، شۇ زامات ھالاك بولۇشتى. بىر خىش ئالتۇن يەنە شۇ يەردىلا قالدى»①.

يۇقىرىدىكى ئىككى مىسال قارىماققا باشقا ـ باشقا ۋەقەدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەسەتخورلۇق تۈپەيلى كېلىپ چىققان پاجىئەدۇر. ئالدىنقىسىدا بىراۋنىڭ باي بولۇپ كېتىشىگە كۆزىنى قىزارتىپ ھەسەت قىلىپ، ئۆزىنىمۇ ھالاك قىلغانلىقى سۆزلەنسە، كېيىنكىسىدە باشقىلارنىڭمۇ باي بولۇپ كېتىشىگە ھەسەت قىلىپ، ئۆز مەنپەئىتىنىلا ئويلاپ ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ زىيان سالغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيىتىدىكى ھەسەتخورلۇق ئۈستىدە ئىزدەنگەندە ھەرگىزمۇ تار كۆز قاراشتا بولمىغان. ئۇ مىللەت ئېڭىدا مەۋجۇت بولغان بۇ يامان ئىللەتنى قۇرۇق ۋائىزلىق قىلىپ كۆرسىتىپ بەرمەستىن، بەلكى قەدىمكى تارىخىي دەۋرلەرگە ۋە كلاسسىكلارنىڭ بۇ ھەقتە پۈتكەن نەزمە ـ باياپلىرىغا ئاساسلىنىپ كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتۇپ بەرگەن.

ھەسەت قارىماققا شەخسكە قارىتىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ، شەخسنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، دۆلەتنى، مىللەتنى پارچىلاپ خانىۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ. ھەسەت بىلىملىك، ئەقىللىق، يىراقنى كۆرەر، ئورتاق ئىنسان مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن تېز قوزغىلىدۇ،

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىل 3 ـ سان 55 ـ بەتكە قاراڭ.

ئەكسىچە قورساق تويغۇزۇشنىلا بىلىدىغان، ئىلىم ـ ھېكمەتتىن خەۋەرسىز، ياخشىلىقىدىن يامانلىقى كۆپ، مىللەتنى، ۋەتەننى ئويلىمايدىغان، ھېچقانداق كىشىنىڭ تىلىغا ئېلىشىغا ئەرزىمەيدىغان، يوق بىلەن بارنىڭ ئارىلىقىدا غورىگول تۇرمۇش كەچۈرىدىغان . . . كىشىلەردە ھەسەت پەيدا بولۇشى ناتايىن. مەن ھازىرغىچە بۇنداقلارغا ھەسەت قوزغالغانلىقىنى ئاڭلاپ ۋە ياكى كۆرۈپ باقمىدىم. بەلكى بىلىملىكلەرگە، خەلقنى مەرىپەتكە باشلايدىغان سەركەردىلەرگە ھەسەتنىڭ دائىم قوزغىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ماڭدامدا بىر ئۇچراتتىم. ئۇلۇغ ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى، شائىر ۋە جامائەت ئەربابى «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بولغان بۇرادەرلىكى تۆپەيلى رەشىك ـ ھەسەتكە چۆككەن مەجىددىن مۇھەممەد ئەينى زاماندا ۋەزىر نىزامۇل مۇلۇككە سۇيىقەست ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋەزىر بولغانىدى. مەجىددىن مۇھەممەد ۋەزىرلىككە چىقىپ گەرچە ‹دۆلەت خەزىنىسى مەنپەئىتى ئۈچۈن›، نىزامۇل مۇلۇك ۋاقتىدىكى ئىككى تۈمەن پۇللۇق كىرىمنى بىردىنلا ئىككى مىڭ تۈمەن پۇللۇق غايەت زور كىرىمگە كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، ساددا مەنپەئەت تېپىش بىلەن ئەقىل ۋە ئەخلاق دۇردانىلىرىنى سۇندۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئەلىشىر نەۋائىينى پايتەختتىن چەتنەشتۈرۈشى بەلخ ھاكىمى دەرۋىش ئەلى باشلىغان ئىسياننى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە، مەجىددىن مۇھەممەد ئۆز ئورنىنى يەنە نىزامۇل مۇلۇككە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ۋە پايتەختتە تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋېلىنغان ئەلىشىر نەۋائىينىڭ نەپرىتىگە دۇچار بولۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇنداق ھەسەتخورلۇققا ئىبن سىنا (رەقىبى تاجۇلمۇلۇك)، ئۇلۇغبېگ (رەقىبى خوجائەھرار) ھەم دۇچ كەلگەن.

ئۇلۇغبېگ ئۆزىنىڭ ئەقىلپەرۋەرلىكى، ئىلىم ـ پەن،

شېئىرىيەت ۋە سەنئەت ساھەسىدىكى نەتىجىلىرى تۈپەيلى خوجا ئەھرارنى روھىي تىرەك قىلغان مۇتەئەسسىپ كۈچلەر تەرىپىدىن ھەسەت دېڭىزىغا تاشلاندى. مۇشۇ مۇتەئەسسىپ كۈچلەر «دىنىي ئەنئەنىنى قوغداش» نىقابىدا ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلەتىپنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. مۇتەئەسسىپ روھىيەت نوپۇزلۇقلىرى تەرىپىدىن ئالدانغان ئابدۇلەتىپ 1449 ـ يىلى 27 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ئۇلۇغبېگنى قەتل قىلىۋەتتى»[1] بۇ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ھەسەتخورلۇق تۈپەيلى ئەنە شۇنداق تالاپەتلەرگە ئۇچرىشى، تېگى ماھىيىتىدىن ئالغاندا مىللەت ئوتىدا يېنىۋاتقان نۇرلۇق «شام» نىڭ يورۇقىنى خىرەلەشتۈرگەنلىكتىن ئىبارەت ئىدى، خالاس.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆز ماقالىلىرىدا ھەسەتخورلۇقنى مۇنداق تۈرلەرگە بۆلىدۇ: سايلام ھەسەتلىرى، مۇكاپات ھەسەتلىرى، ئەسەر نەشر قىلىش ھەسەتلىرى، ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەت ھەسەتلىرى، توي ـ تۆكۈن ھەسەتلىرى، ئۇلپەت ۋە مەشرەپ ھەسەتلىرى، يۇرتۋازلىق ھەسەتلىرى، قەددى ـ قامەت ھەسەتلىرى، بەخت ـ ئامەت ھەسەتلىرى، غايىۋانە ھەسەتخورلۇق، ۋەكالەتەن (ھاۋالە خاراكتېرلىك) ھەسەتخورلۇق، ئۆز كاساپىتىنىڭ ئۆچىنى چىقىرىۋېلىش خاراكتېرىدىكى ھەسەتخورلۇق، ئۆزىدىن بىر ئىككى زامان كېيىنكىلەرگە قارىتىلغان ھەسەتخورلۇق، ئۆزىدىن پېشقەدەملەرنى پۇتلىكاشاڭ سانايدىغان ھەسەتخورلۇق، سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىش خاراكتېرىدىكى ھەسەتخورلۇق. ئۇ يەنە ھەسەتخورلۇقنى تۆۋەندىكىدەك بەش «كۆرۈنۈش» كە ئايرىپ چىقىدۇ.

بىرىنچى، «قارا نىيەتلىك ۋە قولى يەتمەسلىك» ھەسەتخورلۇقنىڭ باشلىنىشىدىن ئىبارەت.

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1989 ـ يىلى 6 ـ سان، 49 ـ بەت.

AltunOq

ئىككىنچى، «ئۆزگىنى كەسلەپ، ئۆز شېخىنى كۆتۈرۈش» ھەسەتخورلۇقنىڭ مۇھىم ئالامىتىدىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، «پىتنە تۇغدۇرۇپ، تۆھمەت قىلىش» ھەسەتخورلۇقنىڭ ئاسان چېلىقىدىغان شەكلىدىن ئىبارەت.

تۆتىنچى، «گۇرۇھۋازلىق قىلىپ، باشقىلارنى چەتكە قېقىش» ھەسەتخورلۇقنىڭ تۈركۈملەشكەن شەكلىدىن ئىبارەت.

بەشىنچى، «خەلقنى پارچىلاش، مىللەتنى خانىۋەيران قىلىش» ھەسەتخورلۇقنىڭ ھەرىكەت نىشانىسى ۋە تارىخىي جىنايىتىدىن ئىبارەت.

بىز يۇقىرىدا ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدا ساقلىنىۋاتقان «ھەسەتخورلۇق» ئىللىتى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى ھەققىدە يۈزەكى توختىلىپ ئۆتتۇق. بۇ توختىلىشىمىز ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىنىڭ دېڭىزدىن تامچىسى بولالىسا ئەجەب ئەمەس. ماقالىمىزنىڭ بۇ قىسمىنى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ مۇنۇ شېئىرى بىلەن تۈگەللىمەكچىمەن. بۇ شېئىر مىللەت توغرىسىدىكى ئەندىشىلىك تەسەۋۋۇردىن تۇغۇلغاندى:

بىر كونا گۇمبەزدە قاقىلدار قاغا،
ئېلىنى يوقاتقان شائىرغا قىياس.
ئەرۋاھتەك پېقىمسىز ئۇندىكى سادا،
ئۈستىدە ئۆمۈرلۈك ھازىدار لىباس

ئانا ئەل ئامانسەن، ئىلكىڭدە غورۇر،
ھازىدار كۇنلەردىن ساقلىسۇن خۇدا.
نىزالار كۆزۈڭدىن گەر ئۆچۈرسە نۇر،
شائىرلىق بۇ نەسەب قاغىدۇر گويا.

ۋەيرانە ئۈستىدە قاغا مۇڭلىنار،
سەبىيلەر ئاتسىمۇ ئاڭا تىنماي تاش.
ھېكمەت شۇ: ياشاشنى خالىساڭ ئەگەر،
ئىناقلىق ئىچىدىن ئىزدىگىن قۇياش!

## 2. ھەشەمەتخورلۇق

«ھەشەمەتخورلۇق — ھاكاۋۇرلۇق، سۆلەتۋازلىق، مەنمەنچىلىك، ھەسەتخورلۇق، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ھادىسىلىرىگە مەنبە ۋە نىشان ھېسابلىنىدۇ. ھەشەمەتخورلار ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ نەپرىتىدە، ئەمگەك ئەھلىنىڭ مەسخىرىسىدە بولىدۇ. ئەل - يۇرت، مەھەللە - كويلىرىدىن چەتنەيدۇ، غەدىيىپ قالىدۇ. تەنتەك كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقىنى ئۇيغىتىپ، تەييارتاپلار، مەنمەنچىلەر، ئاق نانچى خۇشامەتكويلار. . . چوقۇنىدىغان ئادەملەرگە ۋە ئۆز ئوي - خىياللىرىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.»

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» دىن

ھەشەمەتخورلۇق ئىنساننى مەنىۋى چۈشكۈنلۈككە، روھىي گادايلىققا، مەنمەنچىلىككە . . . قاراپ يۈزلەندۈرىدىغان ناچار روھىي ئىللەت بولۇپ، بۇ خىل ئىللەتنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغان ئىنسان مىللەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە يامراپ كېتىدىكەن، بۇ مىللەت ناھايىتى تېز غۇلاپ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ. شۇڭا ئىنساننىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش، جۈملىدىن مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر پۈتۈن جەمئىيىتىمىزگە تارقالغان «ۋابا» — ھەشەمەتخورلۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاكتىپ تۈردە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشىمىز زۆرۈر. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدىكى يەنە بىر ناچار ئىللەت —

ھەشەمەتخورلۇق ئۇستىدە ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ھەشەمەتخورلۇق سورۇنى (مەيدانى) نىڭ توي ــ تۆكۈن ۋە نەزىر ــ چىراغ ئىكەنلىكىنى يىغىنچاقلاپ كۆرسەتتى.

«ھەشەمەتچىلەر ئەڭ بۇرۇن ئۆز نام ــ شۆھرىتىنى، ئاندىن ياراتقان تەگرىنى ئەسلەيدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە ئەل ــ يۇرت يوق. دۇنيا ۋەسۋەسىسىلا بار. گاداي ــ نامرات قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇغان. ئەمگەك ئەھلىنى نەزەرگە ئىلمايدۇ. ئەلگە بايلىقنى بايراق قىلىدۇ. پۇل ــ ۋەج ۋەسۋەسىسىنى جەمئىيەتكە يايىدۇ. پۇل، بايلىقنى ياشاشنىڭ مىزان ــ ئۆلچىمى قىلىدۇ. كىشىلەرنى قاتلام، تەبىقىلەرگە بۆلۈۋېتىدۇ. ھەشەمەتخورلار باش كۆتۈرگەن جەمئىيەت — ئادەم ــ ئادەمگە يات (ئادەم ئادەمگە دۈشمەن) جەمئىيەتكە قاراپ يۈزلىنىدۇ»[1] ھەشەمەتخورلار ئۆزلىرىنىڭ تاپقان بارلىق مال ــ دۇنيالىرىنى «ھەشەمەتچىلىك سورۇنى» غا تاشلاپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ مال ــ دۇنياسىنى باشقىلارغا كۆز ــ كۆز قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئالدىغا قويۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. توي ــ تۆكۈن بولسا ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ «بەيگە» مەيدانىدۇر. بۇ مەيدان ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما پۈتكۈل دۇنيا خەلقى پەن ــ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ مەغرۇر قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى رىقابەت دەۋرىدە بىزنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىمىزغا خارلىق تامغىلىرى بېسىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىكى تۈپكى سەۋەب بىزنىڭ روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىمىزدىن ئىبارەت ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئەجدادلىرىمىز ياراتقان كۆپلىگەن مەدەنىيەتلەر بىز — ئەۋلادلار تەرىپىدىن خارابلىشىش گىرزىسىگە دۇچ كەلدى. ئەسلىدە

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1994 ــ يىل 4 — 5 ــ (قوشما) سان، 143 ــ بەت.

ئەۋلادلار ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز، شۇ ئاساستا تېخىمۇ ئىختىرا قىلىشىمىز كېرەك ئىدى، ئەمما بىز ئۇنداق قىلالمىدۇق. ئەكسىچە باشقىلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنگە هاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇشنىلا بىلدۇق (ئايرىملىرى بۇنىڭ سىرتىدا، لېكىن بۇ بىر زەررىچە ئىش، خالاس). XX ئەسىر ئۇيغۇر ئاسمىنىدا لاۋۇلداپ ئۆچكەن مەرىپەت يۇلتۇزى — ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، بىزنىڭ بۇ خىل روھىي تۇرغۇنلۇقىمىزنى «باردۇر» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق سۈرەتلەپ بەرگەن:

«جاھالەت سەمەرەسىدىن بىزگە بىر كۈن كۆپ جاپا باردۇر،
ئېيتىڭىزچۇ، بۇگۈنكى ھالىمىزنىڭ قايسى بىرىدە ساپا باردۇر.

زامانىنىڭ ھالىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرماقنىڭ ئورنىغا،
بىرىنى شاڭيۇ سايلاپ ئارقىدىن دەۋايىمىز باردۇر.

ئىلىمنىڭ ئىجتىھادىغا كۆڭۈلنى قويمىدۇق بىزلەر،
ئوقۇرسىز ـ ئوقۇتۇرمىز سېغىز چايناشىمىز باردۇر.

تەئاۋۇنۇ ـ تەناسۇر ئورنىغا بىزلەردە بىر ئادەت،
يېڭى باش كۆتۈرگەننى ئۇرۇپ يىقىتقانىمىز باردۇر.

يەنە يۇرت پايدىسىغا جەمئىي بولماقلىق بەسى مۇشكۈل،
ئەگەر بىر يەردە توي بولسا، بېرىپ ياتقانىمىز باردۇر.

ئومۇمنىڭ پايدىسىغا يۈز يىلدا ھەم ئەسلا چۈشەنمەيمىز،
زىيان قىلماق ئۈچۈن بولسا ئەجەب چاققانىمىز باردۇر.

بىرى بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ يادىنى قىلماق يوق،
ئېپى كەلسە بېرىپ ئەۋرەتلىرىن ئاچقانىمىز باردۇر.

ئەگەر مىللەت ئۈچۈن بىر پۇل چىقىش كەلسە تاپالماسمىز،
چىقىمى يوق ناۋا پۇلغا تولا ئىخلاسىمىز باردۇر.

ئىخۋان[1] هەم بۇرادەرلىك نىشانى قالمىدى بىزدە،
مەگەر دوست بولساقمۇ ئەسلى، بۆلەك مۇددىئايىمىز باردۇر.

خاتائەن دوستىمىزدا بىر ئەيىب زاھىر بولۇپ قالسا،
يوشۇرماي بىرگە ئۇننى تېپىپ قاتقانىمىز باردۇر.

بابالار شۆھرىتىنى، غەيرىتىنى ھېچ سېغىنماسمىز،
قېلىپ غەپلەت جاھالەتتە يۇمۇپ كۆز، پو ئاتقانىمىز باردۇر.

كېرەكسىز مۇستەھەپ[2] ئىشلار ئۈچۈن جاننى پىدا قىلماق،
ۋە لېكىن ھەجگە باج ئالسا، توزۇپ قاچقانىمىز باردۇر.

ئويۇن - چاقچاق تۇپەيلىدىن ئۆزئارا بىئەت بولساق،
ياراشتۇرۇپ قويۇش نەدە، ئارىغا ئوت ياققانىمىز باردۇر.

خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۇستىسى ھەم يوقتۇر،
قۇۋۇلۇغۇ شۇملۇق بىلەن رەڭمۇرەڭ يالغانىمىز باردۇر.

ئىت ئۇرغاننى تونۇر دەپ بار ئىدى بىر تەمسىلى،
لوبى، ئامبال ۋە دارىن دەپ سېمىز باققانىمىز باردۇر.

---

① ئىخۋان — قېرىنداش.
② مۇستەھەپ — قىلسىمۇ يامان بولمايدۇ.

ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە ـ ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.

گۈركىرەپ كەلسە ئاپتوموبىل، نېمە بۇ ئەي خۇدايىم دەپ،
ئەقىلنى ئىشلىتەلمەي هاڭ ـ تاڭ قېتىپ قالغانىمىز باردۇر.

هۈنەر بىلەن سانائەتتە «يېتىشتۇق» ئەمدى ئىش پۈتتى،
ئۇماچ ئىچمەككە خۇمداندا غېدىر قۇيغانىمىز باردۇر.

مىسلى جەننەت تاغۇ دەريانى بېزەشكە يوق كىشى،
ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ بىغەم ياتقانىمىز باردۇر.

مۇنەججىم هەم ئېنژېنېر، ئالىملارنىڭ ئورنىغا،
تونۇ ـ سەللە، نەپسى بالا موللىمىز ـ سۇلتانىمىز باردۇر.

قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۇرلۇك تۆمەن بۆهتانىمىز باردۇر.

ئەل ـ يۇرتىنىڭ دەردىگە قىلچىمۇ دەرمان بولمىدۇق بىزلەر،
كېلۇر بىر كۈن ئاشۇ چاغدا ئورنىغا كەلمەس پۇشايمانىمىز باردۇر.

ئابدۇخالىق بەس، يېتەر ئاۋارە بولما، قاقشىما،
شۇ چاغ كەلگەندە بىزلەردە ئازابقا تەييار ۋىجدانىمىز باردۇر.»①

بۇنىڭدىن توپتوغرا 81 يىل ئاۋۋال يېزىلغان بۇ ئۆلمەس

① «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.

شېئىر ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى روھىي ھالىتىنى نېمىدېگەن ياخشى يورۇتۇپ بەرگەن ـ ھە؟ بۇ شېئىر ئەينى يىللاردىمۇ قىممەتلىك ئىدى. ھازىرمۇ قىممەتلىك، كەلگۈسىدىمۇ ھەم شۇنداق. چۈنكى ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىياپىتى (روھىي دۇنياسى) «تېز سىزما» قىلىپ بېرىلگەن.

جاھالەت ھۆكۈم سۈرگەن ئەينى يىللاردا قىز ـ يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەركىن مۇھەببەت، نىكاھ مۇناسىۋىتى ئاساسەن ئائىلىۋى ئورنىنىڭ (باي ـ كەمبەغەل) كېلىپ چىقىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى كۆپىنچە ھاللاردا تراگېدىيە بىلەن خاتىمىلىنەتتى (رابىيە ـ سەئىدىن» بۇنىڭ تىپىك مىسالى). ئەمما ھازىرقى دەۋردە ئەركىن مۇھەببەت پۇل، مال ـ دۇنيانىڭ چەكلىمىسىگە ئالدىنئالا ئۇچرايدىغان بولدى. بۇ قانداقتۇر جەمئىيەتنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئاڭ جەھەتتىن بىخودلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ، قىسقىسى ھەشەمەتچىلىك پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىۋاتقانلىقىنىڭ روشەن دەلىلىدۇر. «تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر شۆھرەتپەرەس جاللات خان ئافاق خوجا ئۆز دەۋرىدە ‹... غورۇرى ھەشەمكارلىقى تۇتۇپ، روھىي ئالەمدە بۇنىڭدىنمۇ چوڭ توي سورۇنى تۈزۈلمىگەي دەپ شەرت قىلىپ 30 مىڭ قوي، 30 مىڭ كالا ئۆلتۈرۈپ، 30 مىڭ ئات سوۋغا قىلىپ (دۇنيانىڭ خوپلۇقى كەيمەك، يېمەك، چاچماق) دەپ لەۋزى شوئار قىلىپ 40 يەردە 100 كۈن توي قىلىپ ئۆزىتىپ ...› ئۆزىنىڭ نام شۆھرىتىنى خەلقئالەمگە نامايان قىلىپ ئۆتكەن بولسا، ھازىرقى چاغلاردىمۇ ‹تونۇشۇش چېيى›، ‹ئۇچرىشىش چېيى›، ‹مەسلىھەت چېيى›، ‹كىچىك چاي›، ‹چوڭ چاي›، ‹يىگىت مەسلىھەت چېيى›، ‹قىز مەسلىھەت چېيى›، ‹ئاتا ـ ئانىلار مەسلىھەت چېيى›، ‹توي چېيى›، ‹چىللاق چېيى›،

‹ۋىچىركا›، ‹ھاردۇق چىپى›، ‹خوشلىشىش چىپى›، ‹رەھمەت چىپى›. . . ‹چاقىرىش› لارغا 10 — 20 لەپ كالا، قوي سويۇپ، 20 — 30 لاپ ماشىنا، پىكاپ ئىشلىتىپ، قىممەت باھالىق ھاراق ـ تاماكىلارنى يەشىك ـ يەشىكلەپ سېتىۋېلىپ دۆۋىلەپ، تاللانغان سەنئەتچىلەرنى، ئاپپاراتچىلارنى، ناغرا ـ سۇنايچىلارنى، ئوپېراتورلارنى . . . چاقىرىپ يىغىپ، ئۇستا ئاشپەز، مۇلازىملارنى كۆپەيتىپ، ھەشەمەتلىك چوڭ مەرىكە زاللىرىنى ئىشلىتىپ — قىسقىسى پۇلنى ساماندەك خەجلەپ، 1000 ھەتتاكى 2000 باغاقلىق مېھمان چاقىرىپ تۇرۇۋاتقانلار يوق ئەمەس»[1] ئەمما ئۇ 1000 — 2000 باغاقلىق چاقىرىلغان مېھمانلارنىڭ ئارىسىغا ھال ـ كۈنى ئاران ئۆتۈۋاتقان نامرات كەمبەغەل دېھقانلاردىن بىرەرسىمۇ قوشۇلۇپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردا ئۆي ئىگىسىنى رازى قىلغۇدەك ماددىي بايلىق — پۇل يوق. تويغا شۇنچە كۆپ ئادەمنى چاقىرتىشتىن مەقسەت كۆپلەپ پايدىغا ئېرىشىش بولغاچقا، ئادەم قانچە كۆپ كەلسە ئۆزىنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى نامايان قىلىش مەيدانى، پۇل ـ مال دۇنيا توپلاشتىكى «بازار» غا ئايلاندۇرالايدۇ. «بەزىلەر توي ـ تۆكۈننى غەيرىي سودا ـ تىجارەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىشقان. ئۇلار تويىنىڭ چىقىمىدىن كىرىمى كۆپ، قانچە ھەشەمەتلىك بولسا، شۇنچە ساندۇق تولىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. توي كىرىمى تويدىن ئىلگىرىكى «چاي» لاردا، توي ۋاقتىدا قۇدىلارغا بىر نۆۋەت، مېھمانلارغا بىر نۆۋەت تەنزە ئېچىش بىلەن ھەل قىلىنىدۇ. كىرىمنىڭ قانداقلىقى يۈرەك سوقۇشى، تەبەسسۇم ۋە دەرد يۇتۇۋېلىش بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بەزى جايلاردا يىگىت ‹قىممەت› بولسا، بەزى جايلاردا قىز ‹قىممەت› بولىدۇ. ئورنى چوڭ،

---

[1] يۇقىرىقى ژۇرنالغا قاراڭ.

خىزمىتى ياخشى، پۇلى كۆپ، تۇغقانلىرى جىق ئائىلىگە قۇدا بولماق «قىممەت»، مال دۇكىنىغا ئاياغ باسقاندەك مۇشكۇل، بۇ سودا تولىمۇ رەھىمسىز بولۇپ، «مال» غا ھەق تۆلەشتىن تاشقىرى «سۈت ھەققى»، «مېھىر ھەققى»، «قېرىنداشلىق ھەققى»، «تۇغقانلىق ھەققى»، «چاي ھەققى» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ھەق تۆلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بۇ «قۇل سودىسى» دىن بەتتەر. «قۇل سودىسى» دا بىرلا «جانلىق بۇيۇم» ئۈستىدە بولىدۇ. «چارۋامال» سودىسىمۇ بىرلا شۇ مال نەرقى ئۈستىدىلا بولىدۇ. بۇ غېرىب - غۇرۋالىقنىڭ ھەشەمەتچىلىك نىقابىدىكى «قاقتى - سوقتى»، «تىلەپ تېرىپ»، «بۇلاپ - تالاپ» جان بېقىش پەلسەپىسىنىڭ نەق ئۆزى»[1] ئەمەسمۇ؟ ئۆزىنىڭ يۈرەك باغرىنى يېرىپ چىققان جان - جىگەر پەرزەنتلىرىنىڭ بەخت - سائادىتى (پەرزەنتلەر توي قىلغاندىن كېيىن خاتىرجەم، جېدەلسىز تۇرمۇشقا ئىگە بولالمىسا، ئۇلارنىڭ مەڭگۈ خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرەلىشى مۇمكىنمۇ؟ پۇلنى ئالدىنقى شەرت قىلغان توي - تۆكۈندە قىز - يىگىتنىڭ ئىناقلىقى مەڭگۈ كاپالەتكە ئىگە بولالامدۇ؟) نى ئويلاشمايدىغان بىر قىسىم ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ رايىغا باقماستىن مەجبۇرلاش ۋاستىسى بىلەن توي قىلىشىدۇ. نەتىجىدە ھەپتە ئۆتمەستىن، بۇ يېڭى ئائىلىدە جېدەل - ماجرا باشلىنىدۇ. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىر ئاجرىشىشنى ئىلتىماس قىلغان ئەر - خوتۇنلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن توي قىلغانلار بولماستىن، بەلكى ئاتا - ئانىلىرىنىڭ زورلىشى بىلەن نىكاھلانغانلار ئىكەن.

«ئۇيغۇرلاردا قىز كۆيگەن، يىگىت سۆيگەن، تەڭتۇشلۇق، ئىختىيارىيلىق ئۆلچەم قىلىنغان، قۇدىلاشقۇچىلار رازىلىق

---

[1] ئا. مۇھەممەتئىمىن: «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1989 - يىل 4 - سان، 35 - بەت.

بىرىشكەن، ئەلگە ياققان نىكاھ تويى — ھەقىقىي ھەم مەڭگۈلۈك توي ھېسابلىنىدۇكى، پۇل، مال ـ دۇنيا، يۈز ـ ئابرۇي، نەسىل ـ نەسەپ، مەنسەپ ـ ئىمتىيازغا يۈزلەنگەن قىز ـ يىگىت تويى ئەزەلدىن توي ـ تۆكۈن ئەنئەنىسى سانالغان ئەمەس. ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن توي ـ تۆكۈن قائىدە ـ مىزانلىرىمىزدا، جۈملىدىن «نىكاھ. توي «رىسالە» مىزدە بىزنىڭ بۇ قارىشىمىز مۇنداق دەلىللەنگەن:

«. . . نىكاھدىن مۇددىئا: نىكاھى قىيىلغان ئىككى ئەھلى مۆمىن (قىز ـ يىگىتنىڭ — ئا) نىڭ پاك، خالىس خۇدايى بەندىچىلىكى ئۈچۈن، ئەبەدىلئەبەد جۈپتى ھەمدەملىكى ئۈچۈن، خۇدالىق پەرزەنت ئۈچۈندۇر. . . نىكاھى قىيىلغان مەزكۇر مۆمىنلەرنىڭ نىكاھ ـ توي مۇراسىملىرى ئاشكارا ۋە خۇپىيانە تەمەدىن، زورلۇق، ناشايان ئەلەمدىن، كۆپىرانە ھەشەم ـ مالامەتلەردىن، دەپىن ـ دۇنيا ساراسىملىرىدىن، نەھى ھارام (قويۇق ـ سويۇق، قاتتىق ـ يۇمشاق مەست ۋە بىھۇش قىلغۇچى نەھى بۇيۇملار — ئا) دىن، قەرزدىن، بىچارىلىق ئەلىمىدىن، شەرھىي ھاياسىزلىقتىن پۈتۈنلەي خالىي ھەم بەندىلىكتە ساۋابلىقى روشەن ئادەت ـ يوسۇنلار بىلەن تامام بولمىقى شەرتتۇر. . . »

توي مۇراسىملىرىدا ئەمەل قىلىنىشقا تېگىشلىك قائىدە ـ يوسۇنلار توغرىسىدا بۇ رىسالىدە يەنە تۆۋەندىكى زۆرۈرىيەتلەر قەيت قىلىنغان: «نىكاھى قىيىلغان مەزكۇر ئىككى مۆمىنىنىڭ ھەقدار ھامىيلىرى (ئاتا ـ ئانا، بىۋاسىتە قېرىنداشلىرى — ئا) نىڭ خۇدالىق خالىس شەپقەت ـ شاپائىتى، مۇراد ـ مەقسەت بىرلىكى، ھەمدەملىك ئېتىبارى مەزكۇر ئىككى مۆمىنىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىقبال ۋە تەقدىرىگە مەنبەدۇر. . . نىكاھى قىيىلغان مەزكۇرلەرنىڭ نىكاھ ـ توي سورۇنلىرى بىلەن رەسمە (قىزنىڭ — ئا) نىڭ

تويلۇق ھەققى مېھرى، تويلۇق بوغچىلىرى، باراۋەت. . . لىرى قۇدىلار ھەم نىكاھى قېتىلغان ئىككى مۆمىنىنىڭ نەقتانە مال ـ دۇنيا مادارىغا بىنائەن ھەم شـۇلارنىڭ قۇربىتى، رازىلىقـى بىلەن زەخمىســىز، زورلۇقســز ئۆتمىكى خۇدالىـق دالالەتتۇر. . . نىكاھ ـ توي ئىنسان ئۇچۇندۇر. مال ـ دۇنيا مەئىشەت ئۇچۇن. . . بولمىقى ھارام ۋە دىنىمىزغا مۇخالىپتۇر. . . »

بۇ رىسالىدە يەنە: « . . . مەسۇمە قىز تەرىپىدىن ئۈچ ھامىيە (قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، چوڭ ئاتا، چوڭ ئانىسى، بىۋاستە ھامىيلىك يەتكۈزگەن چوڭ قېرىنداشلىرى — ئا)، يىگىتتىن بىر ھامىيە (ئاتا ـ ئانىسى — ئا) تويدىن خالىس نېسىۋە ئالماق جايىزدۇر. . . غەيرىيلەرنىڭ نەپ ئالمـــقـــى ھارامدۇر. . . رەئىيە ـ پۇقرانىڭ قىزلـــق توي بوغچا ـ بوغۇنچىلىرى قوش قاتتىن لىباس (جۈپ ـ جۈپتىن باش ـ ئاياغ، ئىچىرمان كىيىملىرى — ئا)، قوش ـ قوشتىن ئەۋرەت كىيىملىرى (ئىچ كىيىملىرى كۆزدە تۇتۇلغان — ئا)، ئىچ ـ تاش لىچەكلەر ( ئىككىدىن باش ياغلىقى كۆزدە تۇتۇلغان)، ئېرىغ مالدىن زىبۇزىنىنەت (زەردارلار ئالتۇن، ئادەتتىكى پۇقرا كۈمۈشتىن زىرە، بىلەيزۈك، ئۈزۈك كۆزدە تۇتۇلغان — ئا) لەر بىلەن تەللەنمىكى ئەزەلدىن ئادەتتۇر. . . مەسۇمە قىزنىڭ توي لىباسلىرى (توي كىيىملىرى) ئۆزىنىڭ رازىلىقى بىلەن ھەم لايىق تەل قىلىنمىقى، قەرز ئېلىپ تۇرغان بولماسلىقى تەلەپتۇر. . . مەھبۇبىنى رازى ۋە مەمنۇن قىلماق، ئەلەمسىز خەۋەر ئالماق، كىيىندۇرمەك . . . ئەرگە ئۆمرىۋى شەرت ھېسابلانغاي. مېھرى پاكلىقىنى ئېرىدىن غەيرىيگە بۇزماقتىن، ئەر ئۆمرىگە خىيانەت قىلماقتىن خالىي ۋە يىراق بولماق، ئائىلە، پەرزەنت ۋە خۇدايى تىرىكچىلىكتە ئەرگە ھەمياران بولماق، مېھرىنى بەرمەك خاتۇنغا خۇدالىــق ئەمەل ـ مەجبۇرىيەتتۇر. »

‹توي رىسالىسى› دە يەنە: ‹. . . نىكاھى چۈشكەن ئىككى مۆمىنىنىڭ ئاللا ئالدىدىكى ئىنسانلىق تەڭ باراۋەرلىكى، ۋابال، ساۋابىنىڭ ئورتاقلىقى، رىزقى — تەقدىرىنىڭ ھەم دىيانەت ـ ساداقىتىنىڭ بىرلىكى مەزكۇر مۆمىنلەرنىڭ ئىرادە ـ ئىختىيارىغىلا خاستۇر، دەخلىسىزدۇر. . . › دەپ تەكىتلەنگەن.

بۇ رىسالىدە يەنە: ‹ . . . توي ـ نىكاھ جارىستانلىرى›، توي ـ نىكاھ سورۇن، مۇراسىملىرى كۆزدە تۇتۇلغان —ئا) نى بىر چاي، بىر توي، بىر مەشرەپ، بىر سالام، بىر چاقىرماق، بىر يۈز ئاچقۇ ۋە بىر خاتىمە داستىخىنى بىلەن ئاخىرلاتماق لازىمدۇر. مۇسۇلمانىنىڭ توي ـ پاتىھە سورۇنلىرىدا بەدخەجلىك كۆرسەتمەك، بۇزۇپ ـ چاچماق، زايا قىلماق، داستىخان تائاملىرىنى تۆكمەك، مەئىشەت ئىسراپچىلىقىنى پەيدا قىلماق قاتتىق گۇناھتۇر. ئىنسان خىسلىتىگە يات قىلمىشتۇر. . . › دېيىلگەن.

تويلاشقان قىز ـ يىگىتنىڭ تويدىن كېيىنكى ئۆمۈرلۈك مۇناسىۋەت، مەجبۇرىيەتلىرى بۇ رىسالىدە يەنە مۇنداق قەيت قىلىنغان: ‹ . . . يىگىتكە تەلەپ: ئەي يىگىت بىر ئۆمۈر ئاگاھ ۋە ۋاقىپ بولۇڭكى، مەھبۇبىڭىزدىن بىرۇخسەت نېرىسى ئۈچ ئايلىق، يېقىنى ئۈچ كۈنلۈك سەپەرگە تاشلاپ كەتمىگەيسىز، ئۈچ مەرتىۋە قەستەن گۇناھ سادىر قىلمىغۇنچە بىر زەررە (تالاق ئېتىپ) چەكمىگەيسىز. ئۆمۈرۋايەت خارلىق ـ خۇۋاھلىقتا، پەقىرچىلىكتە، يۇغان ـ ئەلەمدە قالدۇرمىغايسىز. بولغۇسى پەرزەنتلەرنى خارلىق ـ خۇۋاھلىقتا. . . يامان كۈن، ناشايان تىرىكچىلىكتە قالدۇرمىغايسىز. سەۋدايى غەزەپ، ناشايان گۇمان بىلەن ۋە ياكى مەست، بىھوشلۇقتا نىيەت بۇزۇپ گۇناھى پاكىتسىز ‹تالاق›، تۆھمەت قىلمىغايسىز. . . › .

‹قىزغا تەلەپ: ئەي مەزلۇمە! ئاگاھ ۋە ۋاقىپ بولغايسىزكى، كىيويىڭىزنىڭ ئىككىلا ئالەملىك ھەققى ـ

نەسىۋىسىگە، مېھرىگە قارا سانىمىغايسىز. نامەھرەمگە قارىمىغايسىز. ئەرنىڭ ھالال ئەمرى، لەۋزى، ئەرلىك ھۆرمىتىگە مۇخالىپ ھەۋەسكە، شەيتان ۋەسۋەسىگە بېرىلمىگەيسىز. بولغۇسى پەرزەنتلەرنى ئۆز ئەجدادى ئىزىدىن تايمايدىغان، ۋاپادار، تەن دۇرۇس، مۇسۇلمان، ئەھلى ۋەتەن، ھالالچى، ئىشچان، ئەدەبلىك... ئادەم قىلىپ ئەۋلادى خىللىقىنى ۋە ئەۋلادى پاكلىقىنى ... ئادا قىلغايسىز...»

ئىسلامىيەتنىڭ توي ـ تۆكۈن قائىدە پرىنسىپلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ئەنئەنىۋى نىكاھ ـ توي قائىدە ـ يوسۇنلىرى زىچ بىرىكتۈرۈلگەن ۋە ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن بۇ خىل يەرلىك «توي نىكاھ رىسالە» سى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى توي ـ تۆكۈنچىلىك تارىخىمىزدىن قىممەتلىك بىر يازما نەمۇنىدۇر.

ئەجداد ئەدىبلىرىمىز تەرىپىدىن ئەنئەنىۋى توي ـ تۆكۈن قائىدە ـ مىزانلىرى سۈپىتىدە يېزىپ قالدۇرغان يەنە باشقا بەزىبىر يازما خاتىرىلەردىمۇ قىز كۆيگەن، يىگىت سۆيگەن، تەڭتۇشلۇق، جىسمانىي سالاھىيەت، ئىختىيارلىق ئۆلچەم قىلىنغان، قۇدىلار رازىلىق بېرىشكەن، ئەل ـ يۇرت لايىق بىلگەن، مادارى يەتكەن خىراجەت مەنبەلىرىنى ئاساس قىلىپ سورۇن ئاچقان، داستىخان ياىغان، ئادەت، قائىدە ئورۇنلىغان، ئاقىۋەت تەقدىرگە قەرز، دەرد قالمىغان توينىڭ دىنىمىزدا «سۈننەت، ھېسابلانغان خۇدالىق پاك توي ھېسابلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان»①. ھەرگىزمۇ ھازىرقى دەۋرىمىزدىكىدەك توي ھەشەمەتچىلىكىنى بەيگە مەيدانى تاللاپ «... قىزنىڭ تويلۇق كىيىم ـ كېچەك، زىبۇزىننەت ... چىقىمى 19 مىڭ 750 يۈەن، قۇدىلار سورۇنى داستىخانلىرى 10 مىڭ 200 يۈەن، توي ھەم ھەر خىل چايلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك چىقىمى 9900 يۈەن،

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1995 ـ يىل 2 ـ سان، 61 ~ 63 ـ بەت.

توي ۋېچىركا چىقىمى 7500 يۈەن، توي ھەرىكىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ماشىنا ـ پىكاپلار، سازەندىلەر، ناغرىچىلار، سۈرەتچىلەر، سىن ئالغۇچىلار، ئاشپەزلەر، خىزمەت قىلغانلار . . . چىقىمى، زال ئىجارىسى، سۇنغان قاچا ـ قومۇچ، بۇزۇلغان مۈلۈك ـ جاھازلار ئۈچۈن كەتكەن چىقىم جەمئىي 11 مىڭ 400 يۈەن. قىز ـ يىگىت ئۆيىنى جابدۇش — ئۇلارنى رازى قىلىش چىقىمى 22 مىڭ 140 يۈەن ھەم باشقا قوشۇمچە چىقىملار 1100 يۈەن . . . جەمئىي 81 مىڭ 890 يۈەن»[1] سەرپ قىلىپ نۇرغۇن پۇلنى ھەشەمەتخورلۇق سەۋەبىدىن بۇزۇپ ـ چاچقانلىقى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرمىغان، چۈنكى ئۇ دەۋر كىشىلىرى ھەشەمەتچىلىكنى بىر خىل يامان ئىللەت دەپ قارىغاچقا بۇ ئىللەتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتمىگەن. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن توغرا ئېيتىدۇ: «نادانلىق ئىلكىدە يانقان كىشىلەردىكى زىددىيەتچان يەنە بىر روھىي كېسەللىك — ھەشەمەتچىلىك بىلەن غېرىب ـ غۇرۋالىقنىڭ بىللىلىكىدىن ئىبارەت . . . ھەشەمەتچىلىك ئومۇمەن نامرات جەمئىيەتنىڭ ساختا دەبدەبىسى سۈپىتىدە نامايانده بولىدۇ. توي ـ تۆكۈننى بەيگە مەيدانى قىلىۋالغان ھەشەمەتچىلىكنىڭ كاساپىتىنى ئون جەھەتتىن ئىزاھلاش مۇمكىن: 1) ئۇ شۆھرەت ئەمەس، بەلكى نومۇس. 2) ئۇ ئامەتتىن ھوسۇل يىغقانلىق ئەمەس، ئاپەتنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغانلىق، 3) ئۇ ئەركىن مۇھەببەتنىڭ كۆشەندىسى. 4) ئۇ قۇدىچىلىق ئالىي ھېسسىياتلىرىنى ساختىپەزلىك ئۆچمەنلىككە ئېلىپ بارىدۇ. 5) ئۇ سۆز ـ چۆچەككە دەسمايە بولىدۇ. 6) جامائەت نورمال ۋە زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولالايدۇ. 7) ئۇ دۆلەت، پارتىيە كادىرلىرىنىڭ خىزمەت ئىستىلىغا، جەمئىيەت

---

[1] «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1995 ـ يىل 2 ـ سان، 61 ~ 63 ـ بەت.

كەيپىياتىغا، روھىي ھەمدەملىككە سەلبىي تەسىر كەلتۈرىدۇ. 8) ئۇ ياش ئەۋلادلارغا، ياش - ئۆسمۈرلەرگە يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. 9) مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىسىنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ. 10) باشقا مىللەت ۋە باشقا دۆلەت كىشىلىرىنىڭ مەسخىرىسىنى قوزغايدۇ...» شۇڭا توي - تۆكۈننى ھەشەمەتچىلىك سورۇنى قىلىۋالىدىغان ناچار ئىللەتنى مىللەتنىڭ تۈپ ئاساسى بولغان زىيالىيلار تۈزىتىشكە كىرىشىشى، ئاتا - ئانا ۋە باشقا يار - بۇرادەرلەر ئۇلارغا ماسلىشىشى «ئىللەت تۈزەلمىگىچە مىللەت تۈزەلمەس» دېگەن ھېكمەتنىڭ تېگى ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتىپ ئۆزىنى ۋە ئۆز مىللىتىنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشتە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇشى ئىنتايىن زۆرۈر.

ھەشەمەتچىلىكنىڭ يەنە بىر بەيگە مەيدانى — نەزىر - چىراغ پائالىيىتىدىن ئىبارەت.

ھەممە ئادەم ئاخىرى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ. دۇنيادا مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكەن ھېچقانداق ئىنسان مەۋجۇت ئەمەس. ئىنسان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تەرىپىدىن ئۇنىڭ نەزىرىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ۋاپات بولغان مەرھۇملىرىمىز ئۈچۈن ئىقتىسادىي مادارىغا بېقىپ زەرەت ئىزنا قىلىش، دەپنە ئۈستىدە قىلىنىدىغان ئىستىقامەت، دۇئا تىلاۋەت ... نى ئىخلاس بىلەن بېجىرىش، جامائەت پاتىھەلىرىنى ئۆتكۈزۈش، تۆت نەزىر (ئۈچى، يەتتىسى، قىرقى، يىلى) نى ئۆتكۈزۈپ قايغۇ، ماتەم ھېسسىياتىمىزنى ئىپادىلەش، زەرەت بېشىدا ئايەت ئىسلام ئوقۇتۇپ، سەدىقە، پىتىر ئاتاپ مەرھۇمنىڭ روھىناتلىرىغا سېغىنىپ تۇرۇش — بىزنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىي ئادەت

ئەنئەنىلىرىمىز. بۇنىڭدا گەپ يوق. ئەمما ھازىر بىر قىسىم ھەشەمەتخورلىرىمىز ئۆلگەن مەرھۇمنى ئۆزىتىدىغان قائىدىمىزنى «ئۆزگەرتىپ» خۇددى توي - تۆكۈنگە ئوخشاش پۇل، مال - دۇنيا يىغىۋېلىش، ھەيۋە كۆرسىتىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىۋالدى. ئۇلار مېيىتنى ئۇزاتقاندا 20 — 30 مىڭ يۈەنگە ھەر خىل سورۇنلارنى تۈزۈپ ئاتاقتىكى «يەتتە نەزىرىسى» نى بېرىۋاتىدۇ. پېشقەدەم بىر ئاپتور ئۆزىنىڭ «مېيىت چىقىرىشمۇ؟ ياكى ھەشەمەتچىلىك قىلىشمۇ؟» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «1989 - يىلى بىزنىڭ يېقىن بىر بۇرادىرىمىز قازا قىلغاندا، ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن تۇغقانلىرى يەركەن ۋە ئۈرۈمچىدە بولۇپ 17 جايدا بىرلا ۋاقىتتا ئۇنىڭ ‹يەتتە نەزىرىسى› نى بەرگەن. نەزىرگە سويۇلغان چوڭ - كىچىك مال 30 نەچچىگە، چىقىم قىلىنغان گۈرۈچ 900 كىلوگرامغا، ياغ 200 كىلوگرامغا، كەتكەن چىقىملارنىڭ قىممىتى 20 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. 1990 - يىلى ھەج قىلغىلى بېرىپ ھەرەمدە قازا قىلىپ كەتكەن × ھاجىمنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئۈچ ئېغىز ئۆيلۈك ھويلىسى ئۇنىڭ يىللىق نەزىر - چىراغلىرى ئۈچۈن سېتىۋېتىلىپ، مەرھۇمنىڭ پەرزەنتلىرى زېمىنسىز بولۇپ قالغان». دەۋرىمىزدە بۇنىڭدەك مىساللار ناھايىتى كۆپ تېپىلىدۇ.

ھەشەمەتلىك قەبرىلەرنى قاتۇرۇش، قەبرە زىننەتلەش ھازىر ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەسلىدە ئۆلگۈچىنىڭ قەبرىسىنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن بىرەر ئىز - نىشان قالدۇرساق كۇپايىلىنەتتى، ئەمما بىز ئۇنداق قىلمىدۇق. «1984 - يىلىدىن بۇيان (1994 - يىلغىچە — ئا) گۇلساي زەرەتگاھلىقىدا ئالاھىدە قاتۇرۇلغان ۋە زىننەتلەنگەن قەبرىدىن 104 ى

ياسلىپتۇ. قەبرىنىڭ پەقەت ئۇستا ئىش ھەققى چىقىمىلا 4 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كېتكەن. قەبرە قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىنغان ماتېرىيال، ترانسپورت، ئەمگەك چىقىمىمۇ 13 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولمىغان»[①] «غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى پۈرپاڭ تۆپىلىكىگە جايلاشقان، شەھەر بويىچە ئەڭ چوڭ، ئەڭ قەدىمىي قەبرىستانلىقلارنىڭ بىرى بولغان قارا دۆڭ قەبرىستانلىقىدا ئادەتتىكىدەك ياسالغان قەبرىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا كاتتا قەبرىلەردىن ئوتتۇزى بار بولۇپ، ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلىساق ھەر بىر قەبرىنىڭ تەننەرخى ئەڭ ئاز بولغاندا 10 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كېتىدۇ. دېمەك، 30 قەبرىگە 300 مىڭ يۈەن كەتتى دېگەن گەپ»[②] ئەگەر ئۇلار ئاشۇ قەبرىلەرنى قاتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن پۇللارنى نامرات، كەمبەغەللەرگە ئىئانە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھال - كۈننى ياخشىلىۋېلىشىغا ياردەم قىلسا ۋە ياكى ئوقۇشسىز قالغان بالىلارنى ئوقۇشقا كىرگۈزسە ئۇلار ئۆمۈرلۈك ساۋاب تاپماسمىدى. ئاللا ئۇلارنىڭ شۇ قىلغىنى ئۈچۈن مەرھۇمنى تىرىلدۈرۈپ بېرەرمۇ؟ ياق ئۇنداق ئەمەس. ئاللا ئېيتقان «... دىنىي ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار...» («مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» 101 - بەت). شۇڭا بۇنداق ئىللەت بىزلەرگە ھەمراھ بولمىسۇن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، بىز يۇقىرىدا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ھەشەمەتخورلۇق ئىللىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئاساسىي مەنبە قىلىپ تۇرۇپ بىر قاتار مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزدۇق. بۇ مۇلاھىزىلىرىمىز پەقەت بولمىغاندىمۇ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتقا

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1994 - يىل 4 — 5 - سان، 149 - بەت.

② ئابدۇرۇسۇل سېيىت: «قارا دۆڭ قەبرىستانلىقىدىن ئۆزىمىزگە بىر نەزەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1996 - يىل 6 - سان، 78 - بەت.

ئازراق پايدىسى تەگسە ئەجەب ئەمەس.

## 3. ئەخلاقسىزلىق

ئەخلاق شەخسنىڭ قىممەت باھالىق لىباسى ۋە كىيىملەر ئارىسىدىكى دىباسىدۇر (يىپەك كىيىمىدۇر). ئەدەپتىن مۇھەببەت زىننەت تاپىدۇ، ئەدەپسىزلىك بىلەن دوستلۇقنىڭ رەۋنەقى كېتىپ قالىدۇ. ئەدەپ ۋە كەمتەرلىك دوستلۇقنىڭ ئائىنەسىگە جۇلا بېرىدۇ. بۇ ئىككىسى دوستلۇقتا ئىككى تەرەپتىن يورۇقلۇق يەتكۈزىدۇ.

— ئەلىشىر نەۋائىي

«ئەخلاق — ئىنسانىنىڭ زىننىتى». بۇ قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن ئەنئەنە. ئەخلاق ئادەمنىڭ ئادەملىكىنى سىناشتىكى بىردىنبىر ئۆلچەم. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ يىلان قىياپىتىگە كىرىۋالغان شەيتانىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئاللا تەرىپىدىن چەكلەنگەن مېۋىنى يېيىشى ۋە تۇنجى ئەخلاقنىڭ شەكىللىنىپ ئۇلارنىڭ ئۆز ئەۋرەتلىرىنى ئەنجۈر يوپۇرمىقى بىلەن ئوراپ بىر - بىرىدىن «ھايا» قىلىشقانلىقلىرىنى ئىپادىلىگەندىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەخلاق ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئۆز رولىنى ناھايىتى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى.

ئىنسانلار ئارىسىدىكى كۆپلىگەن مۇناسىۋەت ئىپادىلىرى ئەخلاقنى ئاساسىي مىزان قىلغان بولىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر روھىيىتىدىكى ئەخلاقسىزلىق كاتېگورىيىلىرىگە ياتىدىغان «ساختا شۆھرەتكە بېرىلىش»، «ئىتتىپاقسىزلىق»، «يۇرتۋازلىق»، «تەمەخورلۇق»، «خۇشامەتچىلىك»، «ئىككى يۈزلىمىلىك»، «چېقىمخورلۇق»، «سانقىنلىق»، «ھۇرۇنلۇق»، «ھاۋايى ھەۋەسخورلۇق»، «ھاماقەتلىك»... قاتارلىق ئىللەتلەر

ھەققىدىمۇ ئەتراپلىق ئىزدەنگەن بولۇپ، ئۆز سۆزىنى يېتەرلىك دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن ھەقىقىلىققا ئىگە قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل روھىي ئىللەت كىشىنىنى پاچاقلاپ تاشلىمىغىنىدا گۈزەل ئەتىنىڭ نۇر چاچمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

ھەممىگە مەلۇم، جەمئىيەتنى تۈزەشتە ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىنى ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى بىر ئادەم سۆزلەپ، تەشۋىق قىلىپ ئاخىرغا ئېلىپ چىقالمايدۇ. ئەكسىچە بارلىق كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن ئۆيغىنىشىغا باغلىق بولىدۇ. تارىخىمىزنى ئاختۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئەجدادلىرىمىز ئەخلاقنى مۇستەھكەملەشكە ئورتاق كۈچ چىقىرىشقان، ھىجرىيە 1226 - يىلى ئۇيغۇر تارىخچىلىرى — موللا مۇھەممەت مۇسەيىن كۇچارى بىلەن موللا توختى خەلپەت قەشقەرىلەر تەرىپىدىن بىرلىكتە يېزىپ قالدۇرۇلغان «تەزكىر پىرياران» دېگەن پارسچە قوليازمىنىڭ «ئەزىزانلار تەسنىپلىرى» دېگەن قىسىمىدا سۇلتان ئابدۇرەشىتخان، سۇلتان ئابدۇكېرىمخان. . . لارنىڭ ئەخلاقىي مەۋقە ۋە ئەخلاقىي دالالەتلىرى توغرىسىدا مۇنداق تەرىپلەر تەكىتلەنگەن: «ئەزىزلەرنىڭ ئەزىزى، شاھلارنىڭ شاھى، ئەلنىڭ باشپاناھى ھەزرىتى سۇلتان سەئىدخان ئەنەرەللاھۇ بۇرھانەھۇ ئەدەپ - ئەخلاق توغرىسىدا مۇنداق ۋەسىيەت قىلغان:

(. . . بەدئەخلاقلىق — بەدبەختلىكتۇر. . . جىمىكى رەئىيەنى (جىمىكى ئەھلى پۇقرانى دېمەكچى — ئا) ئەخلاققا چاقىرماق، كۆندۈرمەك — ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر . . . ئەمرى ۋاجىپتۇر. . . بەدئەخلاق بەدرەكلەرنى (يامان قىلىق - ئەخلاققا كەسىپلەنگەنلەرنى — ئا) ئەدەبلىمەك — توسىماق، تۆۋە قىلدۇرماق، شاھلار، بەگ - سىپاھلار، شەرىئەت ۋە ئەھلى جامائەت پېشۋالىرى ئۈچۈن تەخىرسىز زۆرۈرىيەتلەر

جۇملىسىدىندۇر . . . ، ئەزىزخاقان — گۇفتار جولۇس
ئابدۇكېرىمخان ئىبنى ئابدۇرەشىدخان غازى ئىبنى سۇلتان
سەئىدخان ئەنارەللاھۇ بۇرھانەھۇم (ئابدۇكېرىمخان سۇلتان
ئابدۇرەشىدخان ۋاپاتىدىن كېيىن 1559 ـ يىلدىن 1691 ـ
يىلغىچە 33 يىل سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى بولغان، 63 يىل
ئۆمۈر كۆرۈپ مىلادىيە 1591 ـ يىلى بارچۇقتا [مارالبېشىدا — ئا] خوجا
ئىسھاق ۋەلى كۇچلىرى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرگەن — ئا)
خانلىق ئۆمرىدە كىبرى ـ مەغرۇرلۇق تەمەننا ئەھلىنى، ئەدەپ ـ
ئەخلاق، دىيانەت، نامۇس مەۋقىئى سۇيۇق، خىيالىي تۇراقسىز
ناكەستە كىشىلەر — غىدايىماققا ھەۋەسلەنگەن. ھاكاۋۇر ئالىم ـ
ئۆلىما، ۋەزىر ـ سىپاھسالارنى، ۋەزخانلارنى، تەقۋادار
تەرىقەت كۇچلىرىنى، راھەت كۇتۇپ ياشاشقا يۈزلەنگەن
بايۋەچچە گاڭگۇملارنى، ئەسكەرلىكتىن — خەلق جاپاسىدىن
قورقىدىغان — قاچىدىغانلارنى، پۇلدار سودىگەرلەر،
ھۈنەرۋەنلەرنى، نادان ئەمەلدار، تاران غېنىلەر (بايلار) ھەم
شۇنداقلارنىڭ ھەمىيارانلىرىنى، دىيانىتى بۇزۇق تەربىيەتسىز
خاتۇنلارنى، بىكارچى كەسپىي تېجىمەللەر — (غۇرۇرسىز
نوقانچىلار . . . — ئا) نى ئەخلاققا چاقىرىپ، كىرگۇزۇپ تۇرماقنى
خانلىقنىڭ كەسپىي سىياسىتى قىلىپ تۇتقان . . . ئەخلاقسىزلىق
قىلغان بەدپېئىل كىشىلەرنى ئەدەبلەشكە يارلىق چۈشۈرگەن . . . ئۆزىگە
گۈزەل، شەرمىي ـ ھايالىق بولماقلىقنى، ئىنساپ، توغرىلىقنى،
شەپقەت ـ شاپائەتنى، ئىنسانىي مېھرىبانلىق ھەم ئىنسانىي
ئادالەتنى ئەخلاق يولى قىلغان بارلىق ئەل سۆيەر ھۆكۈمدار
يارانلارنى، ئەخلاقنى مورادى مەقسەت يولى قىلغان ھەممە
پۇقرا، ئەھلىي جامائەتنى مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتكۈزمەككە
ئىپادە (ۋەدە) ئىشارە قىلغان. جىممىكى خانلىق مۇلازىم
ئەربابلىرىدىن، رەئىييە ـ پۇقرادىن، بەدئەخلاقلىقنى كەسپىي
نىيەت قىلغان، ھارامىلىق، نىجىسلىق پەيلى ئىپتىبارىدىن

يانمايدىغان خۇمسا بەدرەكلەر — (جەمئىيەت ئۈچۈن زىيانلىق قەبىھ ئىنسانلار — ئا) نى يەكلەشنى، تۇسۇش، دەككىلەشنى، ئۇلارغا يانباسماسلىقنى تەلەپ قىلغان ھەم ئۇنداقلارنى جەمئىيەت جىنايەتچىلىرى قاتارىدا جازالاشنى ئەمر قىلغان»[1]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەخلاقسىزلىق ھەممىلا ئەلدە، ھەممىلا دەۋردە ئەيىبلىنىدىغان يامان ئىللەت. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئەخلاقسىزلىققا ياتىدىغان كاتېگورىيىلەر زور كۆپچىلىكىمىزنىڭ روھىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئۇنى قول بىلەن تۇتۇپلا ئېلىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئۆچۈرگۈچ بىلەن ئۆچۈرگىلى بولمايدۇ. بەلكى روھىي جەھەتتىن ئويغىنىش، ئاڭ جەھەتتىن يۈكسىلىش ئارقىلىق ئاندىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز خۇددى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىندەك ئۆز روھىيىتىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان «ئەينەك» ئىجاد قىلىدىغان «ئەينەكچى»لەرنىڭ بولۇشىغا موھتاج. چۈنكى ھېچكىم ئۆزىدىكىنى كۆرەلمەيدۇ. بەلكى باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاندىن ھېس قىلالايدۇ.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ روھىيىتىمىزدىكى ئەخلاقسىزلىق جۈملىسىدىن بولغان ھەر قايسى تەرەپلەر ئۈستىدىكى ئىزدىنىشى يۈزەكىلىكتىن خالىي بولغاچقا، ئۇنى ئوقۇغان ۋە تەتقىق قىلغان ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسى كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك بۇ يەردە تەپسىلىي توختىلىش ھاجەتسىز. ئاللا ئېيتىدۇ: «يارىتىشتا مەن ياراتتىم، يارىلىشىڭ ئۆزۈڭدىن».

ئومۇملاشتۇرغاندا، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىمىز ھەققىدىكى تەنقىداتلىرىدا بىر تەرەپتىن بىزگە ناچار ئىللەتلەرنى كۆرسىتىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1988 ـ يىل 5 ـ سان، 29 ـ، 30 ـ بەت.

بىزدە ئەجدادلارغا سىغىنىش، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ قەدرىگە يېتىش . . . تۈيغۇسىنى ئۇرغۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە يىپەك يولى خارابىلاشقاندىن كېيىنكى بىر قانچە ئەسىرلىك روھىي ئىللەتلەرگە مۇناسىپ بىر ئىبارە «تۆگە قۇشى روھى» نى تېپىپ چىققان. ئۇ «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» ناملىق ماقالىسىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ ئويلاندىم. تۈتېم زامانىدا قوللىنىلغان رەخمۇرەڭ ھايۋاناتلار تۈركۈملىرىنى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئىبىن سىنانىڭ ‹كىتابۇلھايۋان› ناملىق رىسالىسىنى ئاقتۇردۇم. ئاخىرى يىپەك يولى خارابىلاشقاندىن كېيىنكى بىر قانچە ئەسىرلىك روھىي ئىللەتلەرگە مۇناسىپ بىر ئىبارىنى تاپتىم. ئۇ بولسىمۇ ‹تۆگە قۇشى روھى› دىن ئىبارەت. سىمۋول خاراكتېرلىك بۇ ئىبارە خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئەسىرلەر داۋامىدا ئىپادىلەنگەن ھەممە مەنىۋى ئىللەتلەر ئۈچۈن نىسپىي مەنىدە بولسىمۇ، ئەڭ مۇۋاپىق تېپىك تامغا بولۇشى مۇمكىن.

تۆگە قۇشى! پاھ، ئاجايىپ مەخلۇق، ئۇ تۈرنىدەك ئۇيۇشقاق رىشتىگە ئىگە بولمىغان تارقاق؛ بۆركۈتتەك قەيسەرلىكتىن خالىي بولغان قورققاق؛ ئارسلاندەك كۆكرەك كېرىدىغان غەيۇر ئەمەس، بەلكى بىرەر مۈشكۈلگە دۈچ كەلگەندە جەزىرە ـ توقاي ئارىلاپ دوگىغاقلاپ قېچىپ، بېشىنى قۇم بارخانلىرىغا تىقىۋالىدىغان غەلىتە مەخلۇق؛ تىنچ كۈنلەردە قانات قېقىپ مەيدە كۆرسىتىدىغان ماختانچاق؛ قىياپىتى ياكى بۆركۈت ياكى تۆگىگە ئوخشمايدىغان ھايۋاندۇر.» بۇنىڭدىن مەلۇمكى ئۇ روھىيىتىمىز ھەققىدە ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلارلىق «ئوپېراتسىيە» پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكى ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ تۇرالايدۇ.



# ئالتىنچى باب

# ئۇيغۇر پەلسەپە - ئىدىيە تارىخى تەتقىقاتى

ئۇيغۇر پەلسەپە - ئىدىيىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئەت بىلەن، ئىجتىمائىي جاھالەت بىلەن ئېلىپ بارغان كۆپ ئەسىرلىك كۈرەشلىرى جەريانىدا شەكىللەنگەن ۋە بېيىغان مۇھىم بىر تەپەككۇر خەزىنىسى.

— ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

پەلسەپە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەتتا ئىلاھى ئېتىقاد، چوقۇنۇش. . . چۈشەنچىلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پەلسەپە كىشىلەرنىڭ نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن دۇنيا قارىشىدۇر. شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا توغرىسىدىكى تەپەككۇر دۇردانىلىرىنىڭ مۇجەسسەملىنىشىدۇر.

ھەممىيلەنگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر خەلقىمۇ دۇنيادىكى بارلىق ئىنسان تۈركۈملىرى جۈملىسىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا زېمىنلىرىدا ياشاپ، ئۆزىنىڭ ئەقلىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەمەرىلىرى بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، دۇنياغا مەشھۇر «يىپەك يولى» نىڭ قايناملىق تۈگۈنىدە شەرق

ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ سىنكىرتىك (ئارىلاشما) قاتلاملىرىدا ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى ئۆزىگە خاس ئىدىيە ۋە پەلسەپە سىستېمىسىغا ئىگە بولغان مىللەتلەرنىڭ بىرى. گەرچە ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تاكى دېڭىز قاتنىشىنىڭ تەرەققىي قىلىپ «يىپەك يولى» نىڭ خارابىلىشىش ھارپىسىغىچە تارىم ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى مەركەز قىلىپ كەڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا زېمىنلىرىدا ھەر خىل يول ۋە ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان قاراش، چۈشەنچىلىرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن بولسىمۇ، ھەتتا قەدىمكى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىگە سىڭدۈرۈلگەن ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك چۈشەنچىلەردىن تارتىپ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ بۇگۈنكىدەك مۇستەھكەم ئومۇملاشقان كوممۇنىستىك ئىلغار دۇنيا قاراشنى قوبۇل قىلغىچە بولغان ئۇزاق جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن پەلسەپە سىستېمىسى نۇقتىلىق تونۇلۇپ، ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنمىغانىدى. بۇ زور ئەمگەكنى ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئورۇندىدى.

ھازىرنى ۋە كەلگۈسىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆتمۈشنى روشەنلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ بىر زامان ئىزچىللىقى ئۇقۇمىدۇر. مۇشۇ ئۇقۇم بويىچە قارىغاندا، دۇنيادا ھەقىقىي مەنىدىكى «ئۆلگەن مىللەت» (ئېتنىك گەۋدە) ۋە «يوقالغان مەدەنىيەت» مەۋجۇت ئەمەس. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىلگىرى كىشىلەر تەرىپىدىن «كۆمۈلگەن»، «يوقالغان» دەپ قارىلىپ كەلگەن ئاشۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىنسانلار تۈركۈمى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىنىڭ يىراق مەنبەلىرىدىن تاكى

AltunOq

يېقىنقى زامان نامايانلىرىغىچە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىدىن ئىبارەت بۇ بىر مۇھىم نۇقتىنى تېپىپ چىقتى. ئۇ، ئەبۇناسىر فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك مەشھۇر پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيىلىرىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ، «ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىغا دائىر تەتقىقات تېزىسلىرى» (ئامانۇللا ئەپەندى بىلەن بىرلىشىپ يازغان). «يۈسۈپ خاس ھاجىپ — فارابى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى»، «فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى»، «ئەلقانۇن فىت ـ تىب ۋە ئۇنىڭدىكى تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرى»، «پەلسەپىنى ئىسلاھ قىلىش تەسەۋۋۇر تېزىسلىرى»، «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش»، «فارابى پەلسەپە ئىدىيىسىدىكى مەنتىقىلىق زىددىيەت»، «‹قۇتادغۇبىلىك› تىكى تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى ھەققىدە»، «ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەقىقىي تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى»، «فارابى ۋە ئۇنىڭ لوگىكىلىق تەلىماتلىرى» قاتارلىق ماقالىلارنى ۋە «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» (ئومۇمىي بايان) ناملىق كىتابنى يېزىپ، ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىيات جەريانىنى يورۇتۇپ بەردى ھەم نوقۇل ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋر بىلەن چەكلەپ قويۇلغان ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىنىڭ باشلىنىشىنى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرگە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي كىشىلىك قاراشلىرى دەۋرىگىچە سۈردى.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئاۋۋال ئامانۇللا ئەپەندى بىلەن بىرلىشىپ يازغان ئالتە قىسىم، 21 بابتىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر

پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىغا دائىر تەتقىقات تېزىسلىرى» نى تۈزۈپ چىققان بولۇپ، بۇ تەتقىقات خاراكتېرلىك تېزىس بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كېيىنكى پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى ئۇستىدە ئېلىپ بارىدىغان تەتقىقاتى ئۈچۈن ئۇل ھازىرلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتقا ئىشتراك قىلغان باشقا كىشىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى شۇنداقلا «يېتەكچى ئۇستازى» بولۇش رولىنى ئوينىغان. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابىمۇ ئەنە شۇ تېزىس ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىدى.

ئالىمنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتى ھەرگىزمۇ يۈزەكىلىككە يۈزلەنگەن ئەمەس. مەلۇم بىر دەۋر، مەلۇم بىر شەخسنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىنى ۋە ياكى قاراشلىرىنى ئىزاھلىغاندا، خۇددى فوتو سۈرەت ئاپپاراتىدەك ئەينەن ئەكس ئەتتۈرمەستىن، بەلكى ھەر بىر كىچىك نۇقتىلارغىچە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى «ئوپېراتسىيە» قىلىشقا، ئەڭ كىچىك نۇقتىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، مۇكەممەل كۆز قاراشنى تۇرغۇزۇشقا، ھەر بىر شەخسنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقلەرنى توغرا ئىزاھلاشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ بۇ ھەقتە يازغان ھەرقانداق ئەسىرى ھەم دەۋرنىڭ قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە، ھەم شۇ دەۋردە ئۆتكەن پەيلاسوپلارنىڭ دۇنيا قارىشىنى بىلىۋېلىشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

ئالىم بىر تەرەپتىن پەلسەپە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن پەلسەپە تەتقىقاتىغا دائىر تەنقىدىي ماقالە يېزىشچىلىقى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان كۆپلىگەن تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) نىڭ 1992 ـ

يىلىلىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەقىقىي تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى» (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدىكى ناچار ئىللەتلەرگە سوغۇق نەزەر) سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ « XI ئەسىردىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغرىسىدا قىسقىچە مۇھاكىمە»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› داستانى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغرىسىدا»، «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيىسى توغرىسىدا دەسلەپكى پىكىرلىرىم»، «مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق ‹قۇتادغۇبىلىك› تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىملىق ئىزدىنىش»، «ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ پەلسەپە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلىرىنى نۇقتا قىلىپ تۇرۇپ، شۇ ماقالىلاردىكى پەلسەپە ـ ئىدىيەلەرگە ئائىت خاتا نۇقتىئىينەزەرلەرنى قايىل قىلارلىق دەلىللەر ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتكەن. تۆۋەندە ئالىمنىڭ ئەنە شۇ ماقالىلارغا قارىتا يازغان تەنقىدىي ماقالىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسمىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

«ئاپتور پەلسەپە ئىلمىنى ئۇنىڭ ئەقلىي ۋە ئىلمىي ھېكمەتلىرى ئۇچۇن قېتىرقىنىپ ئۆگەنمىگەن، بەلكى ئۆزىگە شۆھرەت دەبدەبىسى تېپىش ئۈچۈن بۇ ناتونۇش قەسىرگە كىرىپ قالغان! ئۇ ئۆزى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان ھەقىقىي ۋە كەسپىي پەيلاسوپ فارابىنىڭ: ‹كىم ئىلىم تەتقىقاتىغا كىرىشنى خالىسا، ئۇ ئۆز تەبىئىيتى بىلەن نەزەرىيىۋى بىلىمگە قىزىقىدىغان بولۇشى، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ناھايىتى ياخشى ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغان بولۇشى، ئىلىم ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا تەمكىن ۋە ئۆزىنى تۇتقان

بولۇشى›، ‹ئۆز ھەۋەسلىرىگە نىسبەتەن خالىغىنىنى قىلىدىغان شەخسىيەتچى بولماسلىقى لازىم› دېگەن نەسىھەتكە قولاق سالمىغان.

ئۇنىڭ پەلسەپە جەھەتتىكى خاتا ۋە غەلىتە ھۆكۈملىرىنى ‹12 بۇرج› قارىشى، پەلسەپىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى قارىشى، بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتىكى قارىشى، كاتېگورىيىلەر جەھەتتىكى قالايمىقان ھۆكۈملىرى، پەلسەپە تارىخىغا ئائىت تاقىتا - تۇقتا سۆزلىرىدىن ئىبارەت بەش تارماققا ئىخچاملاپ كۆرسىتىمەن.

(1) ‹12 بۇرج› ھەققىدىكى كۈلكىلىك تەپسىلات

ئۇ ‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ يەشمىسىنى يەنىمۇ يېشىپ بېرىشنى ‹پەلسەپە تەتقىقاتى› دەپ يەكۈنلەپ چۈشەنگەن ھالدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئېلېمېنتار ئاسترونومىيىلىك ‹12 بۇرج (ئۆگەك)› قارىشىنى بۇزۇپ سېخىپىلاشتۇرغان. بۇ، باشلانغۇچ ياكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ جۇغراپىيە دەرسلىكىدىكى يەر شارىنىڭ قۇياش ئوربىتىسىدىكى ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغان تۆت پەسىلنى چۈشەندۈرىدىغان ئاددىي سخېمىنى يەر شارىنىڭ قۇياشنى بىر يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىش جەريانىدا شۇ ئوربىتا ئىچىدە بېسىپ ئۆتىدىغان 12 قونالغۇ ياكى يۇلتۇزنىڭ جايلىشىش سخېمىسى قىلىپ قويغان.

ئېيتىش كېرەككى، 12 ئۆگەك قۇياش سىستېمىسىغا تەۋە بولمىغان، شۇنداقلا يەر شارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىش ئوربىتىسىغا جايلاشمىغان يۇلتۇز تۈركۈملىرىدىن ئىبارەت. بۇ يۇلتۇز سىستېمىلىرى يەر شارىدا تۆت پەسىل ۋە 12 ئاينىڭ بۆلۈنۈشىگە سەۋەبچىمۇ ئەمەس، پەقەت يەر شارىنىڭ ئۆز ئوربىتىسىنى بويلاپ قۇياشنى بىر يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىشى جەريانىدا، بۇ يىراقتىكى ئاسمان جىسىملىرى شىمالىي

يېرىم شار ئۇربېتىسىدا ھەر قايسى ئايلاردا كىشىلەر كۆزىگە كۆرۈنۈپ، شۇ ئايدىكى شىمالىي يېرىم شار ئاسمىنىدا گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر بۇ ھادىسىنى ئاي ـ پەسىل بۆلگۈچى ئالامەت سۈپىتىدىلا قوبۇل قىلغان، خالاس.

ئۇ يەنە، تۆت تادۇ (تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت)نى تۆت پەسىلگە تەقسىم قىلىپ، كۈزنى تۇپراق، قىشنى سۇ، باھارنى ھاۋا، يازنى ئوت دەۋالغان. شۇنىسى قىزىقكى، بۇنداق بىر پەسىلدە بىرلا تادۇ بولىدىغان مېتافىزىك ھۆكۈم بويىچە بولغاندا، قالغان ئۈچ تادۇ قەيەرگە توپلىنىشىپ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرىدۇ؟ ھەر قايسى ئايلارنى بۇ تۆت تادۇغا يەنە قانداق تەقسىملەيمىز؟ روشەنكى، 12 ئۆگەكنى قۇياشنى مەركەز قىلغان يەر ئۇربېتىسىدىكى 12 ۋاقىتنى كۆرسەتكۈچى 12 توچكىلىق سائەت شەكلىدە تەسۋىرلەش ئېپتىدائىي مەلۇماتقىمۇ زىتتۇر.

(2) پەلسەپىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى غەلىتە قاراش

ئۇ پەلسەپىنىڭ بىر خىل پەن سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىشىنى دىندىن ئايرىلىپ چىققان ۋە دىن بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغان. بۇ خىل مۇھاكىمە پەن سۈپىتىدىكى پەلسەپىنىڭ ئەمەس، بەلكى پەلسەپىۋى قاراشلارنىڭ دىنىي قاراشلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى، ماتېرىيالىستىك پەلسەپىنىڭ دىنىي پەلسەپە بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا راۋاجلانغانلىقى مەنىسىدىلا توغرا بولغان بولىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، دىن ۋە پەلسەپە ئاڭ سىستېمىسىغا كىرىدۇ، بىرى يەنە بىرىنىڭ مەنبەسى بولالمايدۇ. يەنە ئېيتىش كېرەككى، پەلسەپىلەرمۇ ھەر خىل دىنىي پەلسەپە ئۆزى ئىلگىرى سۈرگەن دىن بىلەن كۈرەش ئېلىپ بېرىپ بارلىققا كەلمەيدۇ.

(3) بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتىكى ئىلمىغا زىت

مۇھاكىمىلەر
ئۇ بۇ جەھەتتە ئۆزى بىلگەنچە بىر قاتار كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.
مەلۇمكى، بىلىش نەزەرىيىسى تارىخىدا دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى پائالىيەتچانلىق بىلەن ئۆزگەرتىش مەسىلىسىنى تۇنجى بولۇپ كارل ماركس ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ماھىيەتتە بىلىش نەزەرىيىسىدىكى ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇنى ماركسىزمدىن ئىلگىرىكى ھەر قانداق مۇتەپەككۇرنىڭ ياكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆھپىسى دېگىلى بولمايدۇ.
يەنە ئۇنىڭ «بىلىش ئەمەلىيەتتۇر، ئەمەلىيەت بىلىشتۇر» دېگەن قارىشى، بىر تەرەپتىن ئەمەلىيەتنىڭ بىلىشنىڭ ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغانلىق؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بىلىش بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ پەلسەپىۋى سۈپەت ئېنىقلىمىسىنى بىلمىگەنلىك.
يەنە، ئۇنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسان تەسەۋۋۇرىدا تەپەككۇر قىلالىغان دېگەنلىكى ئۇنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىنى ھەتتا بىلىش جەريانىدىكى تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر ھالقىلىرىنى زادى چۈشەنمەستىنلا سۆزلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىقى جۈملە قانداقتۇر «تەسەۋۋۇرلۇق تەپەككۇر» بىلەن «تەسەۋۋۇرسىز تەپەككۇر»، «ئىنسانىي تەسەۋۋۇر» بىلەن «غەيرىي ئىنسانىي تەسەۋۋۇر»، «ئىنسانىي تەسەۋۋۇر» بىلەن «غەيرىي ئىنسانىي تەسەۋۋۇر» دېگەن نائېنىق چۈشەنچىلەردىن دېرەك بېرىدۇ.
يەنە، ئۇ تىلغا ئالغان «ھېس — روھ، ئەقىل — ئەمەلىيەت» دېگەن قاراش پسىخولوگىيە ۋە ماتېرىيالىستىك پەلسەپىدىن خەۋەرسىز ھالدا قارىسىغىلا قىلىنغان مۇھاكىمە بولۇپ، ئۇ ھېس، روھ، ئەقىل، ئەمەلىيەتنىڭ ئىلمىي ئۇقۇمىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىنىڭ ماھىيىتى، يەشمىسى، تەبىرى قىلىپ قويغان. بۇ تۆت ئىبارىنى ھازىرقى

زامان كىتابخانىلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئىلمىي ئاساستا ئىزاھلىيالايدۇ ياكى ئىزدىنىپ بىلەلەيدۇ.

يەنە، «ھېس ئىدېئالىزمغا، ئەقىل ماتېرىيالىزمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ» دېگەن قاراش ئەقەللىي پەلسەپىۋى ساۋاتنى بىلمەي تۇرۇپ، پەلسەپىدە ئىختىرا قىلىنغان ‹يېڭىلىق›! ئېيتىش كېرەككى، ئىنساندا بولىدىغان روھ، ھېس، ئەقىل، ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت خاسىيەتلەر بىلەن پەلسەپىۋى دۇنيا قاراش ھېسابلانغان ئىدېئالىزم ياكى ماتېرىيالىزم پۈتۈنلەي باشقا ـ باشقا مەسىلىلەر ھېسابلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، ماتېرىيالىستىك ياكى ئىدېئالىستىك دۇنيا قاراش ئىگىلىرىدىمۇ ئۇلارغا خاس روھ، ھېس، ئەقىل ۋە ئەمەلىيەت بولىدۇ.

يەنە، «ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئادالەت» دېگەن قاراش كۆرۈنۈشتە داغدۇغىلىق بولسىمۇ، ماھىيەتتە، بىلىش نەزەرىيىسىدىكى ئەمەلىيەت كاتېگورىيىسىنىڭ ئورنىغا، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتەك ماتېرىيالىستىك پەلسەپىۋى كاتېگورىيە ئورنىغا قانۇنشۇناسلىقتىكى ئادالەت ئىبارىسىنى دەسسىتىش ياكى نادانلىق ئۈستىگە قوشۇلغان تەنتەكلىك ياكى ماتېرىيالىستىك بىلىش نەزەرىيىسىنى بۇرمىلاش بولىدۇ.

(4) كاتېگورىيىلەر نەزەرىيىسىدىكى قالايمىقان ھۆكۈملەر

ئۇ كاتېگورىيىلەر نەزەرىيىسى ۋە ھەر قايسى كاتېگورىيىلىك چۈشەنچىلەرنىڭ خاراكتېر پەرقلىرىنى ئاڭقىرماي، ‹رېئال مۇمكىنلىك›، ‹ئابستراكت مۇمكىنلىك›، ‹سەۋەب›، ‹نەتىجە›، ‹تارىخىي نەرسە›، ‹لوگىكىلىق نەرسە›، ‹ئوبيېكتىپ چىنلىق› قاتارلىق ئىبارىلەرنى تاقىقا ـ تۇقۇ تىلغا ئالغان.

ئۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ زىددىيەتنىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى قارىشىنى ئۇنىڭ ھەممە ئادەمنىڭ قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرلىكى ھەققىدىكى قارىشى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن ۋە

ئالدىنقىسىنى كېيىنكىسىنىڭ ئاساسى قىلىپ قويغان.

ئۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى «رېئالىستىك مۇتەپەككۇر»، «قۇتادغۇبىلىك» نى «رېئال پروگرامما»، قاراخانىيلار دەۋرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەتنى تۇپتىن ئۆزگەرتىدىغان پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان «رېئال مۇمكىنلىك»، دەپ ئىزاھلىغان.

ئۇ، دەلىل سۈپىتىدە، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئۈچ ئەركان، بەش ئەركان»، قاتارلىق پەلسەپۋى ئىدىيىلەر بەزى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قۇللۇق دەۋرىدىن فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈش قەدىمىنى تېزلىتىشتە مەلۇم رول ئوينىدى، دەپ يازغان. ئۇ بۇ بىر جۈملە سۆز بىلەن، بىر خىل تۈزۈمدىكى جەمئىيەتتىن يەنە بىر خىل تۈزۈمدىكى جەمئىيەتكە ئۆتۈشتە دىنىي پەلسەپىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىنى تەكىتلەيدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ئاساسسىز ھۆكۈمى ئۈچۈن «قايسى مىللەتنى»، «قانداقچە تېزلەتتى»، دېگەن مەسىلىگە پاكىت كۆرسەتمەيدۇ.

ئۇ، «ئەخلاق ئەقلىنىڭ ئىجتىمائىي فورمىسى»، دېگەن ھۆكۈم بىلەن ئەخلاق ۋە ئەقىل كاتېگورىيىلىرىنى تەڭلەشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەقىلنى غەيرىي ئىجتىمائىي — تەبىئىي ئەسلىي زات قىلىپ قويىدۇ.

(5) پەلسەپە تارىخى مەسىلىلىرىگە يانتىدىغان بىر قاتار بىلجىرلاشلار

ئۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، ناملىق ئەسىرىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرمەك بولۇپ، بۇ ئەسەر تەتقىقاتى بويىچە قەشقەردە ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئالىمقانداقتۇر مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3500 يىلدىن تاكى 1778 ـ يىلغىچە ئۆتكەن ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھېچقايىسىسى «قۇتادغۇبىلىك» كە يەتمەيدىغانلىقىنى خەلقئارادىكى تەتقىقاتچىلار ئىسپاتلىدى دېگەننى

ئېلان قىلغان! ئۇ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ شەرق ۋە غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» ناملىق ماۋزۇسىلا مەنتىقىگە چۈشمىگەن ماقالىسىدە (شۇ ژۇرنالنىڭ 117 ـ بېتىگە قاراڭ) يەنە بىر قېتىم بۇ سۆزنى جاكارلايدۇ.

ھەيرانمەن، ئاپتورىمىز نېمە ئۈچۈندۇر مىلادىيىدىن 3500 يىل ئىلگىرىكى كىشىلەر يېڭى تاش قورال دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، ئالىم ۋە ئەسەر توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ھەتتا كۇڭزى بىلەن سوقراتنىڭمۇ مىلادىيىدىن پەقەت V — VI ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەنلىكىنى بىلمىگەن! ھەتتا ئۇ ئەيمەنمەي، خۇددى ئاندېرسىننىڭ «يالىڭاچ كارول» چۆچىكىدىكى كىيىمسىز كارولدەك ياپيالىڭاچ نادانلىق ۋە تەنتەكلىك بىلەن، بۇ «ئاجايىپ» سۆزنى مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى مۇنبىرىدە، ئىلىم رەھبىرى سالاھىتى بىلەن جاكارلىغان! بۇ، مىللەتكە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەتقىقات ساھەسىنىڭ شان ـ شۆھرىتىگە مەسخىرە ئېلىپ كېلىدىغان نومۇسلۇق ئىش ئەمەسمۇ؟! قايسى تەتقىقاتچى شۇنداق ئىسپاتلىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئاخىرقى چەك نەق 1778 ـ يىلى بولۇپ قالدى؟ بۇنىڭغا ئاپتور مەڭگۇ دەلىل ۋە سەۋەب كۆرسىتەلمەيدۇ! چۈنكى، بۇ ئويدۇرمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس!

ئۇ، يەنە «قۇتادغۇبىلىك» نى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئۆزىمۇ كۆرۈپ باقمىغان 18 پارچە كىتابنى ئوقۇپ چىقىشنى جېكىلەيدۇ. بۇلار پلاتون، توماس مور، كامپانىلا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇنى ئوقۇپ چىقىپ نەۋسىيە قىلغان باشقا ئاپتوردىن ئوقۇپ چىقمىغان بۇ ئاپتورىمىز پەقەت «ئاجايىپ ـ غارايىپ» ئۈچۈنلا كۆچۈرۈۋالغان ۋە كىتابخانلارنىڭ

ئوقۇپ چىقىشىغا ھاۋالە قىلغان! ئاپتور ئۆز ـ ئۆزىنى تولۇق نامايان قىلىپ تۇرسا، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى يەنە كىتابخانلارغا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز بولسا كېرەك.

ئۇ يەنە، پەلسەپە تارىخىمىزغىمۇ بىر قاتار «مۇناسىۋەت زىددىيىتى» سېلىپ كەلدى. فارابىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتىغا قارشى قىلىپ قويدى. ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىدىيىلىرىنىڭ پەلسەپىۋى مەنبەلىرىنى، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئەنئەنىۋى كۆچ ۋە خەلق قوشاقلىرى دەۋالدى. ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەلسەپە ئىدىيىلىرى دېگەن باھانىدا بەزى غەلىتە، بىر ـ بىرىگە زىت قاراشلارنى بۇ پېشىۋايىمىزنىڭ نامىغا تاڭدى. ئۇ «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيىسى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىملىق ئىزدىنىش» ناملىق تەكرار ئېلان قىلغان ماقالىسىدە، ئۆزى بىلگەنچە «28 نۇقتا» تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىۋى نۇقتىئىينەزەرلىرى دەۋالدى. بۇ «28 نۇقتا» نى بىر ـ بىرلەپ سانىمىساقمۇ، ئۇنىڭدىن ئۈچىنى مىسالغا كەلتۈرەيلى:

ئۇنىڭ بىرى، «پلاتون ۋە فارابى قاتارلىقلارنىڭ ئۇستىدە تۇرىدىغىنى ئىلىم» دېگەن نۇقتا بولۇپ، بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سۆزى بولماي، ئاپتورىمىزنىڭ ئىلىمنى ئالىمغا زىت قىلىپ قويىدىغان توقۇناق سۆزى!

ئۇنىڭ يەنە بىرى، «قەدىرلىك ئىنسان بار، ئۇلار: بىرى ئالىم، بىرى بەگ، ئۈچىنچىسى ھايۋاندۇر» دېگەن نۇقتا بولۇپ، ئۇ بۇنداق بەگ ۋە ھايۋاننى قەدىرلىك ئىنسان قاتارىدا تىلغا ئېلىشنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نۇقتىئىينەزىرى قىلىپ يازغان.

ئۇنىڭ ئۈچىنچىسى، «ئۆچ نەرسىدىن يىراق بول، بىرى بەگدىن، بىرى يالغانچىدىن، بىرى بېخىلدىن» دېگەن نۇقتىنىمۇ

ئاپتورىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپقا تاڭغان. بۇ يەردە «بەگ» قەدىرلىك ئىنسان بولماي، يىراقلىشىدىغان ئوبيېكت قىلىنغان!

ئۇ يەنە، كارل ماركس «ئىنسان ئىلمى» نى ياراتقۇچى، ماركس 1844 - يىلى يازغان «ئىقتىساد ئىلمى پەلسەپىسى» ناملىق كىتابىدا بۇ ئىلىمنى ئوتتۇرىغا قويغان، دەيدۇ. بۇ بىر جۈملە سۆزدىن ئاپتورنىڭ ماركسنىڭ تېخى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنمىغان «1844 - يىلقى پەلسەپە - ئىقتىسادشۇناسلىق قوليازمىلىرى» ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇمايلا، ئۇ ھەقتە سۆز ئېچىشقا بولىدۇ دەپ قارايدىغان ئىلمىي ئەخلاقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇ يەنە، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1983 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە، ماركسىزمنىڭ پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد، ئىلمىي سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبىي قىسمىنى ياخشى بىلمەي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان پەلسەپىنىڭ ئۈچ تەركىبى قىلىپ قويغان.

ئۇ يەنە، شۇ ژۇرنالنىڭ 116 - بېتىدە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى ئىچىدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ بىر پارلاق نامايەندىسى دېيىش بىلەن، كلاسسىك ئەدەبىياتنى پەلسەپە تارىخىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى قىلىپ قويغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلار پەلسەپىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ساۋات مەسىلىلىرىدە ئۇشبۇ تەنقىدچىمىزنىڭ ئۆز - ئۆزىنى سۈرەتلىشى بولۇپ، بۇ بىزنىڭ ئۇنى خاتا تەسۋىرلەش ئۈچۈن چاپلىغان يالىمىز ئەمەس.»①

يۇقىرىدا بىز ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ

① «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992 - يىللىق 4 - سان 24 -، 25 -، 26 -، 27 -، 28 - بەتلەرگە قارالسۇن.

پەلسەپە تەتقىقاتىدىكى تەنقىدىي ئەسىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭ بۇ تەنقىدىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىلىم ساھەسىدە خېلى كۆپ غۇلغۇلىلار كېلىپ چىققان. بىر قىسىم كىشىلەر بۇنىڭغا قوشۇلسا، يەنە بىر قىسىملار بۇنى «ئەسەر ئارقىلىق شەخسكە ھۇجۇم قىلغانلىق» دەپ قاراپ، ئالىمغا باشقىچە پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلدى (مەن بۇنداق باھالارنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بويىچە پروفېسسورلۇق ئۇنۋانى ئالغان پېشقەدەم بىر تەتقىقاتچىنىڭ ئېغىزىدىن ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان ئىدىم). بىزنىڭ بۇ يەردە يۇقىرىقى تەنقىدىي ئەسەرنى ئۆز پېتىچە كۆرسىتىشىمىزدىكى سەۋەب، بىر تەرەپتىن ئالىمنىڭ ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتىنىڭ توغرا يول بىلەن راۋاجلىنىشىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئالىمنىڭ بۇ تەنقىدىي ئەسىرىنىڭ ھەقىقەتەن باشقىلار ئېيتقاندەك، «ئەسەر ئارقىلىق شەخسكە ھۇجۇم قىلغانلىق» بولماستىن، بەلكى، ئىلىمگە ئىلىمچە مۇئامىلىدە بولغانلىقىنىڭ بىر يارقىن ئىپادىسىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش، خالاس.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى بىلەن كۆپرەك تونۇشۇپ چىقىش ۋە ئىزچىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە - ئىدىيە تارىخىنى بىرقەدەر مۇكەممەل يورۇتۇپ بېرىدىغان تۇنجى ئىلمىي ئەسەر «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» (ئومۇمىي بايان) نى يېزىپ چىققان بولۇپ، بۇ ئەسەر بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ پەلسەپە - ئىدىيە تارىخى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىز ئالىمنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە - ئىدىيە تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتى ئۈستىدە توختالغاندا، مۇشۇ ئەسەر ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز.

«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق بۇ كىتاب، ئۇيغۇر

مەدەنىيىتى جۇملىدىن مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان كەڭ رايوندا شەكىللەنگەن ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت ئېقىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسى — پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، خارابلىششى ئاخىرىدا يەنى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا كوممۇنىستىك ئىدىيىنىڭ ۋاستىلىك ھالدا كەڭ تارقىلىپ پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇمىي ئىدېئولوگىيىسىگە ئايلانغانغا قەدەر بولغان ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەريانغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم ئەبۇناسىر فارابىغا ئوخشاش ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پەلسەپە سىستېمىسى يارىتقان مەشھۇر كىشىلەردىن بولۇپ 25 تىن ئارتۇق شەخسنىڭ ياشىغان تارىخى دەۋرى، ئىجتىمائىي مۇھىتى، ئىجادىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئەت، ئىلاھ، جەمئىيەت ۋە ئىنسانلار بىلەن بولغان قاراش، تەشەببۇسلىرى، ئاكتىپ ۋە پاسسىپ ئىدىيە قاراشلىرى . . . قاتارلىقلارنى ماركسىزملىق دېئالېكتىك نۇقتىئىنەزەر ۋە تارىخىي قاراش بويىچە تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى تەتقىقاتى ئۇيغۇر خەلقى تەپەككۇر تارىخىدا شەكىللەنگەن ۋە گەۋدىلەنگەن دۇنيا قاراش شەكلىدىكى ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت ئۈستىدىن قايتا ئويلىنىش ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزى ئېيتقاندەك: «ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئەت بىلەن، ئىجتىمائىي جاھالەت بىلەن ئېلىپ بارغان كۆپ ئەسىرلىك كۈرەشلىرى جەريانىدا شەكىللەنگەن ۋە بېيىغان

مۇھىم تەپەككۇر خەزىنىسى» دۇر. بۇ ئاجايىپ يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە تەپەككۇر خەزىنىسىنى ياخشى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئالىم ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى تەتقىقاتىدا: «تارىخىي ھادىسىلەرگە تارىخىي قاراش ئاساسىدا ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىنىڭ پەلسەپىۋى قاتلاملىرىغا ئېچىش، يورۇتۇش خاراكتېرلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت» بۈيۈك مەقسەتنى ئالدىغا قويۇپ، ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى بولغان «شەرق ـ غەرب ئالاقىلىرى تارىخىدا مۇجەسسەملەشكەن يىپەك يولى مەدەنىيەت قاتلىمىدىن ئۇيغۇر كىشىلىك تۇركۇمىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى خەزىنىسى بىلەن سىرتقى تەسىرىنى تەتقىق قىلىش» نىشانىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئۇسۇلى ۋە پرىنسىپلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ئالىم ئۆز كىتابىدا ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىنىڭ ئىلمىي قىممىتى مەسىلىسىدە ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا زېمىنلىرىدە ياشىغان خەلق ياراتقان قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي خۇسۇسىيەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ، مۇشۇ رايوندا ياشىغان خەلقنىڭ ئانتروپولوگىيىسى، ئىرقى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى يايلاق مەدەنىيىتى بىلەن بوستان مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرگەن، شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرگەن كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق مەھەللىۋى ۋە خەلقئارا خاراكتېرگە ئىگە سىنكرېتىك (ئارىلاشما) ئۆزگىچە مەدەنىيەتنىڭ ئىختىراچىلىرى سۈپىتىدە پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيىتىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقانلىقى، بۇ زېمىندا ياشىغۇچى خەلقلەر ئىدىيىۋى تەپەككۇر سىستېمىسىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەزمۇنى مول، تەسىرى كۈچلۈك، قىممىتى يۇقىرى ئىكەنلىكى، ھەر قايسى ئەللەر ئارا مەدەنىيەت

ئالماشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويىنىغان مەشھۇر «يىپەك يولى» نىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇشۇ يول ئارقىلىق راۋاجلانغان يايلاق، بوستان مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىنىڭ يىپەك يولى مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى ۋە تەتقىقات قىممىتى... قاتارلىقلارنى ئۆزگىچە ئۇسۇللار ئارقىلىق شەرھىلەپ چۈشەندۈرۈپ، ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا يالغۇز پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيە سىستېمىلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيادىكى پەلسەپە ئېقىملىرىنى، تونۇلغان ئەدىبلەرنىڭ پەلسەپە ئىدىيىلىرىنى، مۇتەپەككۇر پەيلاسوپلارنىڭ تەلىماتلىرىنى تەتقىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى، سەنئەت تارىخى، مائارىپ تارىخى، مەدەنىيەت تارىخى قاتارلىقلارنىمۇ تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

ئالىم ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مېتودولوگىيە مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختالغاندا: «ھەقىقىي مېتودولوگىيەسىز ھەقىقەتنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس» دېيىش ئارقىلىق ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا تار مەھكىمچىلىك قىلماي، چۆكۈرۈپ بېسىۋېتىش، ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ ئۇچۇرۇۋېتىش، ئەسلىي قىياپىتىنى كۆزەتمەسلىكتەك ھالەتتىن ساقلىنىپ، نەزىرىمىزنى پۈتكۈل تارىخقا قارىتىپ، مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىدىيە ـ تەپەككۇرىنى، پۈتكۈل دۇنيا پەلسەپە ـ ئىدىيە سىستېمىسى ئارىسىغا قويۇپ دۇنيادىكى ھەر قايسى مەدەنىيەت ھەم مەدەنىيەت ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن پەلسەپىلىك قاراشلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «ھەممە مەدەنىيەت غەربتە پەيدا بولغان» دېگەن «غەرب مەركەز» چىلىك نەزەرىيىسىگە

قارشى تۇرۇش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا ئۆزىنىڭ پەلسەپە تەتقىقات ساھەسىگە قوشقان مۇھىم تۆھپىلىرىدىن بىرى قاتلام نەزەرىيىسى، سىستېما نەزەرىيىسى، ئىنفورماتسىيە (ئۇچۇر) نەزەرىيىسى، كونترول نەزەرىيىلىرىگە ئوخشاشلا مۇھىم ئىلمىي مېتودولوگىيە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ نەزەرىيىنى پۈتكۈل ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتى جەريانىدا قوللىنىپ ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ۋە تولىمۇ ئۇيغۇن، ئاقىلانە ئۇسۇل ۋە مېتودولوگىيە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. چۈنكى ئالىمنىڭ مەقسىتى: «ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىدىكى بىردەكلىك قانۇنىيىتى، ۋارىسلىق قانۇنىيىتى ۋە راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى قاراشلىرىنى داۋاملىق تىكلەشتىن ئىبارەت» ئىدى.

ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىنىڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ئانىمىزم ۋە تۆت زات قارىشى توغرىسىدىكى ئىدىيىۋى پىكىر ئېقىملىرى تەتقىقاتىنىڭ خۇلاسە جەۋھەرلىرى ئىپادىلەنگەن تولۇق قاراشلار ئالىمنىڭ «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق ئەسەرلىرىدە بىرقەدەر ئەتراپلىق بايان قىلىنغان بولۇپ، مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا شامانىزم دىنىي ئىلاھىيەتچىلىكى، ئاتەشپەرەسلىك ئەقىدىلىرىنىڭ زاروئاستىر دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋىستا» دىكى ئىپادىلىرى، مانىزم ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تەسىرى، بۇ تەسىرلەرنىڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا جۇملىدىن تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىكى ئىسپاتى، قەدىمكى يازما ھۆججەتلەردىكى ئۇچۇرلار ھەم بۇلارغا سىڭدۈرۈلگەن پىكىر ئىدىيىلەر، پەلسەپىۋى قاراشلارنى سېلىشتۇرۇپ ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئەتراپلىق شەرھىيلەنگەن.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىش، ئىللىنىزملىق مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى تارىختىكى مەشھۇر شەخس ئىسكەندەرنىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشلىرى جەريانى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ گرېك ئىللىنىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىللىنىزملىق مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغانلىقى، يىپەك يولىنىڭ بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى چوڭ رولى شۇنداقلا زور بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدا ئۇچرايدىغان ئىللىنىزملىق سەنئەت ئوبرازلىرىنى مىسال قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىللىنىزم مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلار شۇنداقلا بۇ خىل مەدەنىيەتتە ئىپادىلەنگەن ئىللىنىزملىق پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيە مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى، قەدىمكى گرېك پەيلاسوپلىرىدىن سوقرات، ئارىستوتېل، پلاتون (ئەپلاتۇنمۇ دېيىلىدۇ)، پىفاگور... قاتارلىقلار ئىدىيىلىرىنىڭ شەرق مۇتەپەككۇرلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، بۇ تەسىرنىڭ ھەتتا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىغىچە يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئىشەنچلىك دەلىللەر بىلەن شەرھىلىدى.

ئالىم ئۆز ئەسىرىدە دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان ھىندىستاندا پەيدا بولغان بۇددىزمنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىپ كېڭىيىشى ۋە بۇددىزم ئىدىيىسى تەسىرىنىڭ كەڭ مەركىزىي ئاسىيادا ئەڭ چوڭقۇر بولغانلىقى ئۈستىدە ئالاھىدە كۈچەپ توختالغان بولۇپ، گەرچە «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»دا بۇددىزم ئەقىدە ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە شەرققە تارقىلىشى توغرىسىدىكى بايانلارنىڭ سەھىپىسى چەكلىك بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلارغا قارىغاندا مۇئەييەن خاسلىققا ئىگە بولغان. ئالىم يەنە بۇددىزمنىڭ شەرققە تارقىلىشىغا چېتىپ يىپەك يولىدىكى مەشھۇر بۇددا

ئالىمى، كۇسەنلىك ئاتاقلىق بۇددا مۇتەپەككۇرى كومراجىۋا ھەققىدە توختىلىشنىمۇ مۇھىم تېمىلار قاتارىدا قويۇپ، ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇ كومراجىۋانىڭ تۇغۇلۇشى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى، بۇددىزمنى ئۆگىنىش جەريانى ھەم ئۇنىڭ كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزم ئىدىيىسى تارىخىدا تۇتقان ئورنى، شۇنداقلا كومراجىۋانىڭ بۇددىزمنى ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى جايلىرىغا تارقىتىشتىكى باھاسىز خىزمەتلىرى ھەم تەرجىمىشۇناسلىق ساھەسىگە قوشقان ئاجايىپ قىممەتلىك ئەمگەكلىرىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزم مەدەنىيىتى تارىخىدىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا شەكىللەنگەن دۇنياۋى - مەھەللىۋى سىنكىرىتىزملىق خاراكتېرگە ئىگە مەدەنىيەت بىلەن قوشۇلۇپ، يېڭىچە غايەت زور بىر مەدەنىيەت گۈللىنىشىنى، يېڭىچە ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە سىستېمىسى ئىسلام شەرقىدە مەيدانغا كەلگەن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئالىملار ۋە ئەدىبلەردىن ئايرىلالمايدۇ. مۇھەممەت مۇسا خارەزمى، ئەبۇناسىر فارابى قاتارلىقلار ئۆزگىچە قاراشلىرى ئارقىلىق يېپەك يولىدا ئىسلامىيەت مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنىڭ يېڭى پەسىل ۋە پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلدى.

مۇھەممەت مۇسا خارەزمى پۈتكۈل ئەرەب دۇنياسى ۋە ئوتتۇرا مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىگە تونۇشلۇق بولغان مەشھۇر ماتېماتىك، ئاسترونوم، تارىخچى، جۇغراپىيە ئالىمى، دوختۇر ۋە ئىلمىي خىزمەت رەھبىرى سۈپىتىدە تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ مەشھۇر

زات ئۆستىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ قويۇق ئىسلام مۇھىتىدا تۇرۇپ گرېك ۋە ياۋروپا پەلسەپىسىنى پۇختا ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ماتېماتىكا پېنىگە بېغىشلانغان «ئەلجەبىر ۋە مۇقەبەلە» (تەڭلىمە ۋە ئەسلىگە قايتۇرۇش كىتابى — ئالگېبرا) ناملىق ئەسىرىدە يىغىنچاقلاپ سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ كېيىنكى ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشى ۋە ياۋروپا تەبىئىي پەنلەر تەرەققىياتى ھەم پەلسەپىسىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «مۇھەممەت مۇسا خارەزمىنىڭ ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى يىپەك يولى ئۇيغۇر پەلسەپىۋى تەپەككۇرىغىمۇ سالماقلىق تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ روھانىيەتچىل ۋە سوپىزملىق قاراشلارنىڭ تاكتىكىلىرىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئالەمنى تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ئاساسىدا تۇرۇپ پۈتكۈل ئىسلام مەدەنىيىتى دەۋرىدە ئۆز نوپۇزىنى ساقلاپ كەلدى».

ھەممىيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر كىشى بار. ئۇ بولسىمۇ ئەبۇناسىر فارابىدۇر.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن فارابى توغرىسىدىكى مەخسۇس ئەسىرى «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» دا فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنى تولۇق تەتقىق قىلىپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» دا بولسا ئەنە شۇ كىتابىنىڭ خۇلاسىسىنى سۇنغان. كىتابىمىزنىڭ ئالدىنقى بابىدا «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ناملىق كىتاب ھەققىدە مەخسۇس توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە ئارتۇقچە توختالمايمىز.

شۇنى دېيىش كېرەككى، ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭلار ئەقلىي سەمەرىسى ئەمەس، خۇددى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ قىرلىق ئارىلاشما

مەدەنىيەت بولغىنىدەك، ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدېئولوگىيە تارىخىمۇ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەنبەلىك ئارىلاشمىلاردىن ھاسىل بولغان تەپەككۇر دۇردانىلىرىنىڭ جەمغىرلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر پەلسەپە ئىدىيىلىرىنىڭ قايناق بۇلاقلىرىغا ئۆز ئىدىيىلىرى بىلەن سالماقلىق تەسىر كۆرسەتكەن، شۇنداقلا ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ياكى قوشنا ياشىغان قېرىنداش خەلقلەر مۇتەپەككۇرلىرىدىن ئەبۇئەلى ئىبن سىنا، ئەبۇ رەيھان بىرونىي، ناسىر خىسرەۋ، ئۆمەر ھەييام، ئاباي قونانباي، توقتوغۇل ساتىلقانوف، ئابدۇللا توقاي. . . قاتارلىقلار توغرىسىدىمۇ قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ ئەتراپلىق تەھلىل ـ تەتقىق قىلىپ ئۇلار ياشىغان دەۋر، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە شارائىتى، ئۇلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيىلىرى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى، تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى قاتارلىق مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى دۇنياۋى پەلسەپە ـ ئىدىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تەتقىق قىلىپ خۇلاسىلەپ بەرگەن.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» دا شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرى، گۈللەنگەن قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان بىر جۇپ گۆھەرنىڭ بىرى، ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىكى جاھانشۇمۇل نامايەندە، كامالەتكە يەتكەن مۇتەپەككۇر پەيلاسوپ، ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى، بىلىش نەزەرىيىسى، جەمئىيەتشۇناسلىقى ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور ھەجىملىك قامۇسى ئەسىرى — «قۇتادغۇبىلىك» نى تۇتقا قىلغان ئاساستا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ ھەقتىكى

تەتقىقاتتا يۇقىرى پەللە ياراتتى. مەزكۇر كىتابتا تىلغا ئېلىنغان بايانلار ئالىمنىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى» ناملىق كىتابىنىڭ قىسقارتىلمىسى بولغاچقا، بۇ يەردە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ھاجەت ئەمەس. چۈنكى، كىتابىمىزنىڭ ئالدىنقى بابلىرىدا «‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى» ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ ئۆتتۇق.

شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يەنە بىر گۆھەر، ئاتاقلىق ئالىم، مۇتەپەككۇر، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى ئىدى. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ قامۇسى ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدە قىسقىچىلا توختىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى، «دىۋان» دىكى ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەر، شېئىر - قوشاقلار، ئەپسانە - رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بايانلاردىن سۆزۈۋېلىپ ئۇنى «قۇتادغۇبىلىك» ۋە مۇشۇ دەۋردىكى يەنە بىر نامايەندە ئەھمەد بىنىي مەھمۇد يۈكنەكىنىڭ ئەسىرى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ھىببەتۇل ھەقايىق» دېگەن) تىكى پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان. روشەنكى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدىكى تەتقىقات «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدەك كەڭلىك ھاسىل قىلالمىدى، چوڭقۇرلىشالمىدى. گەرچە ئۇ ئەدەبىي ئەسەر بولمىسىمۇ، مەھمۇد قەشقەرى بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ پەلسەپە قاراشلىرىنى مەقسەتلىك، ئېنىق ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسىرىدىكى ئالەم خەرىتىسى، ئەپسانە - رىۋايەت، شېئىر، قوشاق، ماقال - تەمسىللەردە ئۇنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت، تارىخ، ئەخلاق . . . قاتارلىق ساھەلەرگە قاراشلىق پەلسەپە ئىدىيىسى ۋاستىلىك ھالدا خېلىلا روشەن قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. بىراق

هازىرغىچە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى تىلشۇناسلىقتا ئائىت مەسىلىلەرلا تەتقىق قىلىنىپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى نۇقتىلىق تۇتۇپ تەتقىق قىلىنمىغان. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى قىسقىچە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ھەققىدە پەقەت قىسقىچە ئۇچۇر ۋە تەكلىپ لاھىيىسىنىلا ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا بىز بۇ يەردە ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى ئۈستىدە ئەمەس بەلكى، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» (ئومۇمىي بايان) ناملىق ئەسىرىگە باھا بېرىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ كىتابتىكى مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدىكى پەلسەپىلىك ئىدىيىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى يېتەرلىك بولمىغان، بەلگىلىك چوڭقۇرلۇقتا يېتىپ بارالمىغانلىقى بىلەن مۇشۇ كىتابنىڭ كەمچىلىكى دەپ قارايمىز.

ئوتتۇرا ئەسىر تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ داۋامى بولغان ۋە ئۇنى خارابلىققا ئېلىپ بارغان سوپىزملىق ئىدىيە ئېقىمى بىر قەدەر مۇرەككەپ ئىدىيىۋى سىستېما بولۇپلا قالماي بەلكى، ئۇنىڭ تەسىرى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا تارىخىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلىرىدە بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن بۇرمىلىنىپ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنى جاھالەتكە سۆرەپ كىرگەن ئىدىيىۋى ئېقىم. بۇ ئېقىمنىڭ ئاساسىي نامايەندىلىرىدىن بولغان ناسىر خۇسرەۋ، ئۆمەر ھەييام، ئەھمەد يەسسەۋى قاتارلىقلار ئۆز ئىجادىيىتى ۋە ئىدىيە سولۇك (ئېقىم) لىرىدا سوپىزمنىڭ دەسلەپكى ھەقىقىي ماھىيىتىنى ساقلاپ قېلىپ ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنغان كىشىلەردۇر.

روشەنكى، سوپىزم تىپىك ئىسلامىيەت تۇسىگە، نوقۇل شەرقچە تەپەككۇر شەكلىگە ئىگە بولغان مۇرەككەپ بىر

پەلسەپۋى سىستېما بولۇش سۈپىتى بىلەن ھازىرغىچە تازا ئېنىق چۈشىنىلمىگەن. ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى تولۇق ئايدىڭلاشمىغان، مۇقىملاشمىغان سۈپەت خاراكتېرىگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوپىزم پەلسەپىسى ئادەم بىلەن تەڭرىنى بىۋاستە مۇناسىۋەتلەشتۈرىدىغان، ئادەمنىڭ ماھىيىتىگە چوڭقۇر چۆكىدىغان، تەڭرىنىڭ مۇتلەقلىكىگە ئىشىنىپ تۇرۇپ پىكىر قىلىدىغان پەلسەپە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بۈگۈنكى زامان كىشىلىرى (ئۇيغۇرلار) ئىدىيىسىنىڭ ئاساسلىق پەلسەپۋى تەپەككۇر سىزىقى بولغان، ئادەملەرنى سىنىپىي نۇقتىدىن تەھلىل قىلىشنى ئاساسىي مىتود قىلغان ماركسىزم پەلسەپىسى بىلەن زىتلىشىدىغان تەرەپلىرى بولغاچقا، سوپىزم پەلسەپىسى چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمايلا قالماستىن، بەلكى، سوپىزم پەلسەپىسىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۇنداق ياكى مۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپلا بىر چەتكە قايرىپ قويۇلغان بولغاچقا، سوپىزم پەلسەپىسى مەيلى قانداقلىكى ئەلدە بولمىسۇن، ھەقىقىي تەتقىقات قىممىتىگە ۋە سالاھىيىتىگە ئىگە بولالماي كەلگەنىدى. بىراق ماركسىزم پەلسەپىسىنى تولۇق تەتقىق قىلغان، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 10 ـ بابىدا سوپىزم پەلسەپىسىنى خېلى ئەتراپلىق ئىلمىي ئاساسلار ئارقىلىق تەتقىق قىلىپ، ئۇنى ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتىدا سوپىزمنى ھەقىقىي پەلسەپە سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشقا بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

تارىخ ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىن خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە يېقىنلىشىپ قالغاندا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپە ساھەسىدە كەنجى ئويغىنىش ھادىسىسى يۈز بەرگەنىدى (بەلكىم ئۇيغۇرلار

ئارىسىغا كوممۇنىستىك ئىدىيىنىڭ تارقىلىشى ئەڭ ئاخىرقى ئويغىنىش ھېسابلانسا، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئويغىنىشنى ئاخىرقى دېمەي كەنجى دېيىش تۇرۇلۇق).

ئەلۋەتتە بۇ ئويغىنىشقا ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە تىمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى ۋارىسى بولغان مىرزا ئۇلۇغبېك بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائىي ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئەينى دەۋر سوپىزمى چەكتىن ئاشقان سىياسىي غەۋغا ۋە دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشى ئەۋج ئالغان زاماندا ھوقۇق ۋە سىياسىي ئىمتىيازدىن ۋاز كېچىپ ئالەم ۋە ئادەم توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلانغان ۋە تەتقىق ئېلىپ بارغان ئۇلۇغبېكنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى سوپىزمدىن تامامەن خالى ھالدا باشقا يول تۇتۇپ ئۇيغۇر پەلسەپە ئىدىيىسى ساھەسىدە سوپىزمنىڭ جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشىنى توسۇپ قېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاسترونومىيە ئىلمىگە قىزىقىپ كېتىپ، ئەكسىيەتچى سوپىزمنىڭ يامراپ كېتىشىنى ئۆز ئىدىيىسىگە سادىق ھالدا توسۇپ قېلىشنى ئۇنتۇغان. شۇڭا ئۇلۇغبېكنىڭ تۆھپىسىنى پەلسەپىدىن بەكرەك ئاسترونومىيە ساھەسى تەتقىقات تارىخىغا مەنسۇپ دەپ قارىساق بولىدۇ. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنمۇ بۇ نۇقتىنى خېلىلا تەكىتلىگەن. چۈنكى ئۇ، ئۇلۇغبېكنىڭ ئاسترونومىيە ئىلمىگە بېرىلىشىنى ئوتتۇرا ئەسىر كەنجى ئويغىنىشىغا ۋاكالەتلىك قىلىدۇ، دەپ تونىغان بولسا كېرەك. دېمىسىمۇ ئەقلىنىڭ ئويغىنىشى ئىدىيىنىڭ ئويغىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىيغا كەلسەك، ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى سەنئەتكە يەنى شېئىرىيەتكە بېغىشلىغان. ئۆز شېئىرلىرى ئارقىلىق خۇددى دۇنياغا، ئادەملەرگە ئوخشاشلا مۇرەككەپ بولغان ئىچكى

دۇنياسى يەنى ئۆزىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى شەرھىلىگەن كىشى. ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ماتېرىيالىزم، ئىدېئالىزم، دىئالېكتىكا، سوپىزم ... قاتارلىق بارلىق ئىلغار پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر مۇجەسسەملەشكەن بولۇشى بىلەن پەلسەپە تارىخىدىكى تەتقىقات قىممىتى ئەڭ زور بولغان مۇرەككەپ قاتلاملىق، سىرلىق زېمىن.

نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ساۋاتسىز دېگۈدەك كېتىۋاتقان چەت ـ ياقا جايلاردىكى دېھقانلار ئارىسىدىمۇ ھازىرغىچىلىك ئوقۇلۇپ ـ يادلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى بىلەن ئۇنىڭ بۈگۈنكى پەلسەپە نامراتلىقى كىرزىسىغا دۇچ كېلىۋاتقان خەلقىمىز ئىدىيىسىگە شۇنچە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكى بىلەنمۇ يەنە خېلى ئۇزاق دەۋرلەرگىچە تەتقىقات ساھەسىنىڭ نۇقتىلىق تېمىلىرىنىڭ بىرى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆز كىتابىدا نەۋائىينىڭ ئاساسلىق تۆھپىسى قىلىپ، ئۇنىڭ فارابى دەۋرىدىن مىراس قالغان گرېك ـ شەرق سىنكرېتىك (ئارىلاشما) ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلالىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ گرېك پەيلاسوپلىرى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش بىلەنلا قالماي، بەلكى گرېك پەلسەپە ئىدىيىسىنى سوپىزم ئىدىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۆزىنىڭ خاس پەلسەپە سىستېمىسىنى ياراتقانلىقى بىلەن خۇلاسىلەيدۇ.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا ئايدىڭ بولغىنىدەك، شەرق ئوتتۇرا ئاسىياسىدا ئەرەب ئىسلام ۋە سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرى مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ھاسىل بولغان كەنجى مەدەنىيەت ئۇيغىنىشىدىن كېيىن، چىڭگىزخان ئىستىلاسىنىڭ قالدۇقلىرى بۇ رايوندا يېپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشى بىلەن باشلانغان روھىيەتتىكى بېكىنمە ھالەت شەكىللىنىپ، سوپىزم

AltunOq

ئەكسىيەتچىلىكىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەردى. سوپىزم ئېقىمى — ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكلىرى كەنجى مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسىنى يوقاتتى. دېمەك، «يىپەك يولىنىڭ تەدرىجىي خارابلىششى ۋە ئۇيغۇر روھىيىتىدىكى بېكىنمە ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىدە شىنجاڭدىكى ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكلىرى كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى». يىپەك يولىنىڭ خارابلاشقان ۋە ئۇيغۇر روھىيىتىنىڭ بېكىنمە ھالەتكە مۇپتىلا بولغىنىدىن كېيىنكى بىر قانچە ئەسىر ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر تەپەككۇر نامايەندىلىرى خارلىق، ھاقارەت، زۇلۇم ۋە نامراتلىق ئىچىدە بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىلغار قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ كەلدى. بۇ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرىنىڭ كېمەيگەنلىكى، ئىنسانپەرۋەر قاراشلارنىڭ يالقۇنلۇق ۋە مۇڭلۇق تۈس ئالغانلىقى، مەرىپەتچىلىك تەشەببۇسلىرىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى بىلەن چىرمالغانلىقىنى بەلگە قىلدى. بۇ دەۋردىكى نامايەندىلەر، ئۇلۇغۋار گۇمانىست شائىر مەشرەپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىلغار ئىجتىمائىي قاراشلارنى ئىپادىلىگەن شائىر مۇھەممەد ئابدۇللا خاراباتى، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، مۇتەپەككۇر، مائارىپشۇناس خوجا نەزەر ھۇۋەيدا. . . قاتارلىقلار ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ياشىغان دەۋر يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىشانچىلىق ئەۋج ئالغان، بۆلۈنمە كۈچلەر تەپرىقىچىلىق قىلىۋاتقان، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق خارابلاشقان بىر دەۋر ئىدى. بۇ دەۋرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىۋى ئېقىمى سوپىزمدىن بىخلانغان ئىشانچىلىق مەزھىپى بولۇپ، خۇددى سوپىزمغا ئوخشاش چۈشىنىكسىز ھەم قالايمىقان، شۇڭا بارلىق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىلىرى ۋە تارىخچىلار بۇ دەۋر ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى ۋە خارابلاشقان مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىن قاچىدۇ. بىراق ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆز كىتابىدا بۇ دەۋر

ئۇچۇن، مۇشۇ دەۋر پەلسەپىسى ئۇچۇن ئالاھىدە سەھىپە ئاجرىتىپ ۋە زېھىن سەرپ قىلىپ، شۇ دەۋر نامايەندىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار دۇنيا قاراشلىرىنى ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ ئومۇمىي سىستېمىسىغا كىرگۈزدى. چۈنكى ئۇلار بۈگۈنگىچە پەقەت ئەدىب ـ شائىر، دەۋرلەر ئەدەبىياتىنى ئۇلىغۇچى دەپ قارىلىپلا كەلگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇلار كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ دەۋرلىرىنى ئۇلىغۇچىلارلا ئەمەس، بەلكى، ئۇيغۇر خەلقى ئىدىيە تارىخىنىڭ ئەڭ جاھالەتلىك چاغلىرىدىكى نامايەندە خاراكتېرلىك كىشىلەر ئىكەنلىكى بىزگە ئايدىڭ بولدى.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۆز كىتابىدا XVIII — XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، مۇشۇ ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلاردىن موللا مۇسا سايرامى، مۇھەممەت سادىق قەشقەرى ۋە ئۇيغۇر پەلسەپىسىگە ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن قېرىنداش مىللەتلەر مۇتەپەككۇرلىرىدىن ئاباي قونانباي، توقتوغۇل ساتىلغانوف، ئابدۇللا توقاي قاتارلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرى، مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسى، يېڭىلىق، تەشەببۇسلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاشۇ مۇتەپەككۇرلارغا ئوخشاشلا شۇ دەۋر فېئوداللىق تۈزۈمىگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئاندىن XX ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەرىپەتچىلىك ۋە دېموكراتىك پىكىر ئېقىملىق ئويغىنىشىنى تەتقىق قىلىپ، دىنىي ئىسلاھاتچىلىق ۋە جەدىتىزىم پىكىر ئېقىمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى، مۇشۇ دەۋر نامايەندىلىرىدىن بولغان ئابدۇقادىر داموللام، ئۇيغۇر ئىنقىلابىي دېموكراتىك ئىدىيىسىنىڭ بايراقدارى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ پەلسەپىلىك

قاراشلىرىنى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىگە باغلاپ تەتقىق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىكى ئورنىنى ھەقىقىي مۇئەييەنلەشتۇردى.

ماركسىزملىق ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى، باشتىن ـ ئاخىر دىنىي تەپەككۇر سايىسىدە ئىلگىرىلەپ كەلگەن مىللەت ئارىسىغا تارقىلىشىنى راستتىنلا ئالاھىدە بىر ھادىسە دېسەك بولىدۇ. خۇددى ھېچقانداق دىنىي ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئىسپاتلاشقا ئاساس قىلمىغان XX ئەسىر يېڭىچە پەلسەپىسى ماركسىزمنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىغا يۆلىنىپ تۇرغان ياۋروپا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى گېرمانىيىدە پەيدا بولۇپ، ئاساسەن شەرقىقە تەۋە بولغان روسىيە بىلەن، شەرقنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولغان جۇڭگودا رېئاللىققا ئايلانغانلىقىغا ئوخشاشلا ئالاھىدە ھادىسە. بەلكىم بۇ چوقۇم يۈز بېرىدىغان تارىخىي ھادىسىدۇر. تارىخ ئۆزىنىڭ تاسادىپىلىقىدا بايلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن ئەزەلدىن شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىدىيە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ ئۆتۈشمە تۈگۈنى ھېسابلانغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قوشىنلىرىغا، بۇ رايون خەلقلىرىگە پۈتۈنلەي يېڭىچە ئىدىيە بىلەن تەسىر كۆرستىش پۇرسىتى بەرگەن ئىدى. بەلكىم بىز ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدىكى بارلىق پىكىر ـ ئىدىيە ـ پەلسەپە قاراشلىرىنى پۈتۈنلەي غەربتىن ياكى شەرقتىن قوبۇل قىلغان دېگەن قاراشقا قارشى بولساقمۇ، لېكىن ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيەلەر تارىخىدا ئۇيغۇر ئىدىيىلىرى ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىجادىي كۈچىنى شەرق ۋە غەربنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرى بىلەن تولۇقلىغان دېيىشكە قوشۇلىمىز. ئەلۋەتتە بۇنىڭدا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس پەلسەپە ئىدىيىلىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. بىراق، ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ

ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ماركسىزمنىڭ تارقىلىشى پۈتۈنلەي باشقا مىللەتلەرنىڭ تەسىرى بىلەن بولغان دېگەن خۇلاسىگە كېلەلەيمىز.

يۇقىرىدا بىز ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» دېگەن ئەسىرى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقاتىنى ئاددىيلا باھالاپ ئۆتتۇق. ۋەھالەنكى، بىرەر مىللەتنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى ياكى بىرەر ئالىمنىڭ پەلسەپە تەتقىقاتىنى ئۆزىگە تەگلەشتۇرۇپ تەتقىق قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ بېرىۋاتقىنىمىز باھادىنلا ئىبارەت، خالاس.

قىسقىسى، ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق ئەسىرى ئۇيغۇر خەلقى پەلسەپە ئىدىيلىرى تارىخىنىڭ قەدىمدىن هازىرغىچە بولغان ئۇزلۇكسىزلىكىنىڭ مۇجەسسەم يەكۇنى ھەم هازىرغىچە يېزىلغان شۇ تېمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ يېگانىسىدۇر.



AltunOq

ئالىم 1957 - يىلى مارالۋېشىنىڭ سېرىق بۇيا يېزىسىدا

# يەتتىنچى باب

# ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكىلىق خەزىنىسى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە غايەت زور ئىلھامبەخش ئېتنولوگىيىلىك مەكتىپى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزاق تارىخى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىيەت تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ مۇزىكىلىق خەزىنىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىيەت خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇنىڭ مۇزىكىلىق تۈزۈلۈشى ۋە مىلودىك كۆيلىنىشى مۇزىكا قانۇنىيەتلىرى بىلەن مۇزىكىلىق زوقلىنىشنىڭ ئېستېتىك ـ پسىخىك قانۇنىيەتلىرىنى شۇقەدەر چەبدەسلىك بىلەن بىرلەشتۈرگەنكى، بىر تەرەپتە مۇقامنىڭ ئورۇندىلىش ئوبيېكتى جەھەتتە، ئۇنىڭ پەدىلىرى، ئۇنىڭ دىئاپوزونلىرى، ئۇنىڭ رېتىم، ئۇدار ـ تاكتلىرى، قىسقىسى ئۇنىڭ مىلودىك جەريانلىرى مۇزىكىلىق تىل، شېئىرىي نۇتۇق تىلى، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت تىلىنى بىر ـ بىرىگە ھەمجەمەت قىلىپ رېتىملىق سەنئەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى بەدىئىي گۈزەللىكىنى شەكىللەندۈرسە؛ يەنە بىر تەرەپتە، ئۇ كىشىنىڭ جانلىق ۋۇجۇدىنى، ھېسسىياتچان قەلبىنى، تەپەككۇرچان مېڭىسىنى ئىختىيارسىز لەرزىگە سېلىپ، زوق ۋە دىلكەشلىك ھۇزۇر ـ مەپتۇنلۇقىغا غەرق قىلىدۇ.

— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ

شانلىق نامايەندىسى: «ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مىڭلىغان يىللاردىن بېرى داۋاملىق تاۋلىنىپ كەلگەن بەدىئىي تەپەككۇر كىرىستالى، ئېستېتىك ھېسسىياتىنىڭ مۇزىكىلىق چەشمىسى؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي خاراكتېر ۋە ئېتنولوگىيىلىك تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ پوئېتىك داستانى ۋە فولكلور قەسىرىسى؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا، مۇرەككەپ كۈرەشلەر ئىچىدە ئۈزۈلمەي ياڭراپ كەلگەن جانلىق مۇزىكىلىق مەكتىپى؛ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا تاللانغان مۇتەپەككۇر - سەنئەت ئۇستازلىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان تارىخىي كارىدور؛ ئۇيغۇر خەلقى مەنىۋى دۇنياسى ۋە ئىجادىي ئىقتىدارىنى نامايىش قىلىدىغان رەڭدار تىزما سۈرەت پاۋىلىئونى ۋە چوڭ ھەجىملىك سەنئەت قامۇسى؛ يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋىغىدىكى سېھىرلىك سەنئەت بېغى؛ شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى بىباھا گۆھەر؛ ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنياغا، كەلگۈسىگە تۇتاشتۇرىدىغان مۆجىزىدار ھېكمەتنامە!» — «ئون ئىككى مۇقام» سەنئەتكە ھېرىسمەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى خاس يەرلىك مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئاساسىدا يارانقان بىباھا گۆھىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەنبە ئېقىملىرى، ئەلنەغمە ۋە كلاسسىك شەكىللىرى، بەدىئىي تۈزۈلۈشى ۋە قىممىتى جەھەتتىن ئاجايىپ چوڭ خەزىنە بولۇپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا يارىتىلغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسى»، «ئۇيغۇر بۇددا - مانىزم تەسۋىرى سەنئەت خەزىنىسى» ۋە «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» دىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ خەزىنىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر مۇقاملىرى، بولۇپمۇ كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇزىكىلىرى، ناخشا - ئۇسسۇللىرى، رىتىم، ئۇدار، ۋەزىنلىرى، شېئىرىي تېكىستلىرى، كلاسسىك شائىر ۋە مۇزىكانتلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر

مۇقاملىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە قوشقان تۆھپىلىرى ھەققىدە جاپالىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «ئون ئىككى مۇقام ۋە تۇردى ئاخۇن» ، «ئامانىنساخان ۋە ئون ئىككى مۇقام» ، «رۇخسارى مۇقامى ۋە زىكرى ئەلپاتتا» ، «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» ، «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىيات مەسىلىلىرى» ، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئۇستازى» ، «ئون ئىككى مۇقامنىڭ تارىخىي قاتلىمى ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى» ، «شەرق مۇزىكىچىلىقىدىكى بىباھا گۆھەر» ، «ئون ئىككى مۇقامنىڭ تۆت چوڭ ئارتۇقچىلىقى توغرىسىدا» ، «ئون ئىككى مۇقام ۋە نەۋائىيخانلىق ئەنئەنىسى» ، «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ـ ئېقىملىرى» ، «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە يىگىرمە تۆت مەسىلە» ، «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى — قۇمۇل مۇقاملىرى ھەققىدە» ، «ئون ئىككى مۇقامغا دائىر مۇھاكىمىلەر» ، «دولان مۇقاملىرى بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ يىلتىزداشلىقى» ، «كۇسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى» ، «ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىري ئۇچۇرلىرى» قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلارنى ۋە شۇ ئاساستا مەخسۇس تېمىدىكى «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» ، «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە» ، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» دېگەن ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ نەشر قىلدۇرۇپ، نۆۋەتتىكى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭ 1980 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە» ناملىق كىتابى ئۈچ قېتىم قايتا ـ قايتا بېسىلغان. 1985 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن مەزكۇر ئەسەر خەنزۇ تىلىدا

نەشر قىلىنغان ۋە 1 ـ دەرىجىلىك ئىلمىي ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1983 ـ يىلى موسكۋا كىتاب كۆرگەزمىسىگە قويۇلۇپ قىزغىن ئالقىشلانغان ھەم ياپونىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىغا ساقلاشقا ئېلىنغان.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتىغا خېلى بۇرۇنلا كىرىپ كەلگەن بولۇپ، XI ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ھەرخىل تىل ـ يېزىقتىكى بۇ ساھەگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تەكرار ـ تەكرار كۆرۈش، خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ مۇقام ئىزنالىرىنى توپلاش، يالغۇز يازما مەنبەلەرگىلا تايىنىۋالماستىن، بەلكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىدىن، ئەڭ مۇھىمى ئارخېئولوگىيىلىك دەلىل ـ ئىسپاتلاردىن پايدىلىنىشقىمۇ ئالاھىدە دىققەت نەزىرى بىلەن قاراپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ مۇقام سەنئىتى تەتقىقاتىدىكى ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ، ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى، ئۇنىڭ ھەرقايسى جايلار ۋە دەۋرلەردىكى شەكىللىرى، تەرەققىيات جەريانى، ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ شەكىللىنىشى، تارىخىي قىسمەتلىرى، ئۇنىڭ مۇزىكىلىق، ئېستېتىكىلىق ۋە تېكىستولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى، ئېستېتىكىلىق ۋە سىمانتىكىلىق قىممىتى، خەلقئارالىق ئەھمىيىتى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش يوللىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ناھايىتى تەپسىلىي ۋە روشەن يورۇتۇپ بەردى. ئالىمنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ مېغىزلىق يېرى شۇكى، ئۇ «ئۇيغۇر مۇقاملىرى قانداقتۇر ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ھىندى سەنئىتىنىڭ ئېشىندىلىرىدىن قوپۇرۇلغان سۇنئىي، جانسىز گەۋدە ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ئېتنولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي يىلتىزىدىن كۆكلەپ چىققان

گۈلزارلىق. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ھەقىقىي ئانىسى ئۇيغۇر خەلق مەشرەپ مۇقاملىرى، ئۇيغۇر ئەلنەغمە سەنئىتى ۋە ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇ قەشقەر مۇقامى، كۇچا مۇقامى، دولان مۇقامى، خوتەن مۇقامى، قۇمۇل مۇقامى، تۇرپان مۇقامى ۋە ئىلى مۇقامى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. ئۇيغۇر مۇقاملىرى نوقۇل مۇزىكىلىق سەنئەت ئەمەس، بەلكى مۇزىكا، ناخشا، شېئىر، ئۇسسۇل، تىياتىر ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى قاتارلىق ئامىللارنى بىر گەۋدە قىلغان كۆپ ژانىرلىق ۋە مول مەزمۇنلۇق، شۇنداقلا ئەڭ پائالىيەتچان، ئەڭ نەپىس نەغمىلەر تىزمىسى. شۇڭا، ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىن خەۋەردار بولماي تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى، بەدىئىي، ئەخلاقىي ۋە غايىۋى ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنولوگىيىلىك خاسلىقىنى، مىللىي خاراكتېرىنى، مىللىي ھېسسىيات ئۇرغۇلىرىنى ۋە باشقا مىللىي پسىخىك تۈزۈلمىسىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس»، دەيدۇ.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بىر تەرەپتىن مۇقام تەتقىقاتىدا يېڭى - يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جاپالىق ئىزدەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتىدىكى سەۋەنلىكلەرگە رەددىيە بېرىپ، توغرا بولغان كۆز قاراشنى تىكلەشكىمۇ دىققەت ئېتىبارىنى ئاغدۇرغان. بۇنىڭغا ئۇنىڭ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1992 - يىللىق 4 - سانىغا بېسىلغان «ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەقىقىي تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى» ناملىق ماقالىسىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇ بۇ ماقالىسىدا مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ «ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدىكى دەسلەپكى مۇھاكىمىلەر»، «ئون ئىككى مۇقام سىنىپىيلىكى ئېنىق بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقات قورالى»، «ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەسىرىگە دائىر بىر

قانچە مەسىلە»، «ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر» قاتارلىق تۆت پارچە ماقالىسى ئۇستىدە نۇقتىلىق توختىلىپ ئۆتۈپ، ماقالە ئاپتورىنىڭ مۇقام مەسىلىلىرىدە كەتكۈزۈپ قويغان بىر قاتار يۈزەكى قاراشلىرىغا يېتەرلىك دەلىل - ئىسپاتلار ئاساسىدا رەددىيە بېرىپ، «ئىلىم ۋە ئىنسانىي قەلبنىڭ، مەدەنىيەت قوشۇنى ۋە مەنىۋى مۇھىتنىڭ پاكلىقىنى ھەممىمىز بىرلىكتە مۇھاپىزەت قىلايلى. مانا بۇ مۇددىئا ۋە بۇرچىمىز!» دېيىش ئارقىلىق رەددىيە ماقالىسىنى تۈگەللەيدۇ. بۇ يەردە بىز ئالىمنى «شەخسكە تاجاۋۇز قىلدى» دەپ قارىماستىن، بەلكى «تەتقىقاتنى ئىلمىيلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەسەرگە ئەسەرچە مۇئامىلىدە بولدى» دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز. چۈنكى، ئالىم بۇ ماقالىسىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىنمۇ كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشكە سىگنال بولغان بولسا، ئاز ساندىكى كىشىلەر بۇنىڭغا سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ ئالىمنى «ئەسەر ئارقىلىق شەخسنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىغا تاجاۋۇز قىلدى» (مەن بۇلارنى كۆپچىلىككە خېلىلا تونۇشلۇق بولغان تەتقىقاتچى ئېغىزىدىن ئاڭلىغان ئىدىم — ئا) دېگەننى كۆتۈرۈپ چىققان ئىدى.

ئالىم ئۇزۇن يىللىق مۇقام تەتقىقاتى پائالىيىتى جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىنى مۇنداق جۈملىلەرگە مۇجەسسەملەيدۇ: ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى «ئۇيغۇر خەلقى توپلىغان كىشىلىك پەلسەپىسىنىڭ شېئىرىي، مۇزىكىلىق، ئۇسسۇللۇق بايانى؛ ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىگە خاس مىللىي خاراكتېر ۋە پسىخىك كۈچنىڭ مۇزىكىلاشقان پوئېزىيىسى؛ ئۇ، ئۇيغۇر خەلقى جەمئىيەت شەكلى ئەنئەنىسى، جامائەتچىلىك قائىدە - يوسۇنلىرى، ئېتنىك تۇرمۇش ئۆزگىچىلىكلىرىنىڭ دۇردانىلىرىدىن قۇيۇلغان

غايەت زور تۇرمۇش قەسىدىسى؛ ئۇ، ئىنسانىيەت، ئىلىم ـ مەرىپەت، غايە ـ ئەخلاق، دوستلۇق، مۇھەببەت، ساداقەت، ياشاش (هاياتلىق)، گۈزەللىك ۋە سەنئەت ھەققىدە ناۋا قىلىدىغان مۇزىكا شەكلىدىكى «قۇتادغۇبىلىك»! ئۇنىڭ تارىلىرى دىل تارىسىنى تىترىتىپ، شېئىرلىرى پىكىر يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، سوۋۇپ قالساق قىزدۇرىدۇ، قىزىپ كەتسەك ھاي بېرىدۇ. يۇرتۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق، شۆھرەتپەرەسلىك، ئىغۋاگەرچىلىك، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، ھەسەتخورلۇق، روھىي گادايلىق، تەنتەكلىك، ھاماقەتلىك ئىللەتلىرىمىزگە نەسىھەت، مەسخىرە ياغدۇرىدۇ، مەلھەم بېرىدۇ. راستىمنى ئېيتسام، مەن يېرىم ئەسىردىن بېرى ھېچقانداق كىتاب، تاماق، ئىچىملىك، سەنئەت ۋە راھەت تۈرلىرى ئىچىدە مۇقام لەززىتىدەك لەززەتلەرنى كۆرگەن ئەمەسمەن!»

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا مەزمۇنەن تەكرارلىق، پىكىردە يۈزەكىلىك، بىرخىل قېلىپبازلىقنىڭ يۈز بېرىشىگە ئەسلا يول قويماستىن، تەتقىقاتتا كونىدىن ـ كونىغا چوڭقۇرلىشىش، خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. بىز ئۇنىڭ مۇقام تەتقىقاتىغا دائىر يېزىلغان ماقالە ۋەياكى كىتابلىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتىدا «ئوپېراتسىيە» خاراكتېرلىق ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغان قەيسەر روھىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز.

ئالىمنىڭ 1980 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر ئېتىلگەن «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» ناملىق ئىلمىي ئەسىرى 1973 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋاقتىدا

كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىگەن. ئۇ بۇ كىتابىدا نۇقتىلىق قىلىپ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشى ھەم شۇ رايون خەلقىگە كۆرسەتكەن غايەت زور ئەجايىپ تەسىرىنى ئىشەنچلىك پاكىتلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئالىم كىتابىنىڭ نەشرىگە يازغان «مۇقەددىمە» سىدە: «سەنئەت تارىخىنى تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىش قانۇنىيەتلىرىنى ۋە سەنئەتنىڭ رېئاللىققا بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ. قەدىمكى زامان سەنئىتى ھازىرقى زامان سەنئىتىنىڭ تارىخىي مۆزىيى بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ باي ئوزۇقى ھېسابلىنىدۇ» دەپ يازغان بولۇپ، بۇ بەلكى ئالىمنىڭ بۇ ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىنىڭ تۈپكى سەۋەبى بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم مەنبە بولىدىغان بۇ كىتاب «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى مۇزىكا سەنئىتى»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ئۇسسۇل سەنئىتى»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرىنىڭ تارىخىي باغلىنىشى» قاتارلىق تېمىلاردا يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنىڭ، مۇزىكىلىرىنىڭ ئىخچاملاشقان تارىخىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن تاڭ دەۋرى (تاڭ سۇلالىسى) شائىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى ھەققىدە يازغان قىممەتلىك شېئىرىي ئەسەرلىرى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇلار ئۆز تەتقىقاتلىرىدا ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ كىتابىدىن ناھايىتى كۆپ پايدىلىنىپ ئۆز ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ جانلىق تۈسكە كىرگۈزگەن.

«ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە» ناملىق كىتابمۇ 1973 - يىلى «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» دېگەن كىتابچە بىلەن بىللە ئىشلەنگەن بولۇپ، 1980 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. بۇ كاتتا ئەسەردە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي، بەدىئىي مىراسى ۋە مۇزىكا بايلىقى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» ئۇقۇم - چۈشەنچە، تارىخىي جەريان، خۇسۇسىيەت - ئالاھىدىلىك، تېكستولوگىيە قاتارلىق جەھەتلەردىن مۇپەسسەل بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا، جۈملىدىن مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتچىلىقى مۇشۇ ئەسەر ئاساسىدا يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ئالىمنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتىغا دائىر يازغان بارلىق ئەسەرلىرىنىڭ، شۇنداقلا ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىغا دائىر تەتقىقاتنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسى بولۇپ، ئۇ بۇ كىتابنى يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە ئىككى پارچە كىتابى («شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى»، «ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە») ئاساسىدا دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان چاغدىن ئىككى ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان. ئالىم بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە ئىنچىكە قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «‹ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە› دېگەن ئەسىرىم گەرچە مېنىڭ مەتبەئەدە ئېلان قىلىنغان ۋە ھازىرغىچە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا، بولۇپمۇ ئۆز مىللىتىم ئارىسىدا ماڭا شۆھرەت ۋە رەھمەت ئېلىپ كەلگەن تۇنجى ئەسىرىم بولسىمۇ، گەرچە بۇ ئەسەر ھازىرقى زامان مەتبۇئاتىدا ئۇيغۇر مۇقاملىرى

توغرىسىدىكى ئاساسلىق تارىخىي ھۆججەتلەر، ئامانىنىساخان ۋە يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى مۇقام ئىسلاھاتى، مۇقامنىڭ تېكىستولوگىيە ۋە سېمانتىكا مەسىلىلىرىنى تۈنجى قېتىم جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلغان «بوز ئېچىش» خاراكتېرلىك نەتىجە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئېغىر يىللاردا يېزىلغانلىقى، تەتقىقات چەكلىمىسى تۈپەيلى مۇقام خەزىنىمىزنىڭ مۇناسىپ شەرھى بولۇشتىن خېلىلا يىراقتا ئىدى. يېشىم زورىيىپ، ئۆمۈر قىراۋلىرى چېچىمغا قونۇشقا باشلىغان ۋە چىقىنلىق ئەسىر — XX ئەسىر ئاياغلىشىشقا ئاز قالغان يىللاردا «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى، نىڭ ئالتۇن گەۋدىسى ئەس ـ يادىمنى ئىلكىگە ئېلىۋالدى، قەلبىم قولۇمغا قەلەم تۇتقۇزدى. ھەرقانچە ئوخشىتىپ سىزىلغان رەسىم، تىرىك نەۋقىرانىنىڭ نەق ئۆزى بولالمىغاندەك، مېنىڭ بۇ يېڭى كىتابىممۇ جانلىق ۋە سېھىرلىك ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسىنىڭ پەقەت ساددا بىر ئىنكاسى بولۇپ قالار، خالاس.»

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» يۇقىرىدا زىكىر قىلغىنىمىزدەك، ئالىمنىڭ مۇقام تەتقىقاتىدىكى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ مۇجەسسىمى بولغاچقا، بىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى تەتقىقاتى ئۈستىدە توختالغاندا نۇقتىلىق ھالدا مۇشۇ كىتاب ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمىز. مۇلاھىزىمىزدىن ئاۋۋال شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنى-نىڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغاچقا، 1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا «مۇقام سەنئەتكارى» (مۇقام سەنئىتى ئالىمى) دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن ئىدى.

AltunOq

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇزۇن يىللىق مۇقام تەتقىقات پائالىيىتىنىڭ سەمەرىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەدەنىيەت تارىخىمىزدا تىگىشلىك ئورۇن ئىگىلەيدۇ. تۆۋەندە بىز مۇشۇ كىتاب ئۈستىدە تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۆتىمىز.

خۇددى يىلتىزسىز دەرەخ، مەنبەسىز سۇ بولمىغىنىدەك، ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك ئاساسلىرى بولغان بولىدۇ. ئالىم ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۈستىدە يېزىلغان بۇ كىتابنى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك ئاساسلىرىنى تىلغا ئېلىشتىن باشلاپ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات تارىخىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك (مىللىي مەدەنىيەتشۇناسلىق) ئاساسلىرىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن سۆزىنى يېتەكچى قىلىپ، ئۇيغۇر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ مىللىيەتلىك مەنبەسى ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىدۇ ۋە مۇقاملارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت سىستېمىسىدا تۇتقان ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەدەنىيەتشۇناسلىق خاراكتېرى ھەققىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى نوقۇل مۇزىكىشۇناسلىق نۇقتىسىدىن، نوقۇل مۇزىكىلىق لاد تىزمىسى ۋە نوقۇل مۇزىكىلىق كومپوزىتسىيە نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ.

بىزدە «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتى قولغا ئېلىنغىلى تېخى ئۇزاق بولمىغانلىقى سەۋەبلىك، بەزىبىر سەۋەنلىكلەر ماتېرىيالدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ھالەتنىڭ ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى نۆۋەتتىكى تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن پايدىسىز ئامىللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇكەممەل بولغان بىر تەتقىقات تېزىسى تۈزۈۋېلىش ئىنتايىن

مۇھىم. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر مۇقاملىرى چوڭ خەزىنىسىنى يورۇتۇش ئۈچۈن 33 تېمانىڭ مەزمۇن تۈزۈپ چىققان بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى ھەرقايسى پەن تارماقلىرى بىلەن تۇتىشىدىغان كۆپ قىرلىق تېماتىكا، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىنى ۋە بۇ مەزمۇنلارنى يورۇتۇپ بېرىشنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى تۆۋەندىكىچە ئىخچاملاش مۇمكىن:

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئىنسان مەدەنىيەتشۇناسلىقى بويىچە فولكلور خاراكتېرى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتى بويىچە ئاساسلىرى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ گېنېزىسى (يارىلىش مەنبەسى)؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ راۋاجلىنىش قانۇنىيەتلىرى ۋە تارىخىي فورماتسىيىسى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكۈچى تاشقى (جۇغراپىيىلىك، تارىخىي، ئىجتىمائىي) مۇھىت كاتېگورىيىلىرى بىلەن ئىچكى (ھېسسىي، ئەقلىي، ئېرسىي) ئېتنولوگىيىلىك ئەنئەنۋى ئامىللار مەسىلىلىرى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تۈر ۋە ۋارىيانتلىرى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئاتىلىش مۇئەممىسى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا تاۋۇش قاتارى - لاد تىزمىسى ۋە ئۇنىڭ كۈيشۇناسلىق ئالاھىدىلىكلىرى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرى بىلەن «شەش مۇقام» ۋە ھەرقايسى مۇقام سىستېمىلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مۇزىكىلىق ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە ئۇنىڭ مەنىدارلىق - سىمانتىك قىممىتى؛

— سوپىستىك پىكىر ئېقىمىنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا تەسىرى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا چالغۇ ئەسۋابلار تەدرىجىي تەرەققىيات تارىخى تەتقىقاتى مەسىلىسىنىڭ تۇتقان ئورنى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا ھاپىز ـ ناخشىچىلارنىڭ ئەھمىيىتى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرى تېپى ۋە سىمفونىيە تېپى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا ئۇسسۇل ژانىرى ۋە ئۇنىڭ ئىستېتىكىلىق، ئېتىكىلىق رولى؛

— ئۇيغۇر مۇقام ئۇسسۇللىرى ھەققىدىكى يازما مەنبە ۋە شېئىرىي، تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا شېئىرىيەت، شېئىرىي ۋەزىن ۋە تېكىستولوگىيە مەسىلىلىرى؛

— ئۇيغۇر مۇقام تېكىستلىرىدىكى خەلق تىلى ۋە يازما ئەدەبىيات تىلى، خەلق ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى، ھېسسىي ۋە ئەقلىي تەپەككۇر گارمونىيىسى مەسىلىسى؛ مۇقام تېكىستلىرىنىڭ نىسپىيلىكى ۋە تارىخىي تاللاش نوپۇزى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا تىياتىرلىق بەدىئىي ئامىللار؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەشرەپ سورۇنى ۋە سەھنە شەرتلىرى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يىپەك يولىدىكى تۆھپىسى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ «مىراس گەۋدىسى» ۋە ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىن مۇزىكا بايلىقى سۈپىتىدە ئىجادىي پايدىلىنىش مەسىلىسى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يەرلىك ۋە كلاسسىك ۋارىيانتلىرىغا ۋارىس تەربىيىلەش تارىخىي مەجبۇرىيىتى؛

— ئۇيغۇر مۇقام مائارىپ خىزمىتى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بەدىئىي كاتېگورىيىسى ۋە

تېرمىنولوگىيىسى مەسىلىلىرى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرى تارىخىغا ئالاقىدار كۆيشۈناسلىق نەزەرىيىلىرى تەتقىقاتى؛ سۈجۈپ ۋە فارابىنىڭ مۇزىكا تەلىماتى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرى تارىخىغا ئائىت مەشھۇر كۆيلەر، ئەلنەغمىلەر ۋە «چوڭ نەغمە»لەر ھەققىدىكى ئىزدىنىش؛

— ئۇيغۇر خەلق ۋە كلاسسىك مۇقاملىرى بىلەن تارىختىكى مۇقام تىپىدىكى مەشھۇر كۈي ـ نەغمىلەرنىڭ نوتا مەسىلىسى خىزمىتى؛

— ئۇيغۇر مۇقامچىلىرى تەزكىرىسى؛

— يېڭـــى ئەۋلادتا ئۇيغۇر مۇقام ئېڭـــى ۋە ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىن بەدىئىي لەززەتلىنىش كەيپىياتىنى يېتىلدۈرۈش مەسىلىسى؛

— ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى خەلققە، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈش مەسىلىسى؛

— ئۇيغۇر مۇقام تەتقىقاتى ۋە ئەنزارچىلىقى مەسىلىسى؛

— مۇقام تەتقىقات تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقات.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى چوڭ خەزىنىسىنى يورۇتۇش ئۈچۈن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 33 تېمىنىڭ مەزمۇنىنىڭ كەملىـــق قىلىشى تەبىئىي. ئەمما، بۇ 33 تېمىنىڭ مەزمۇن ساغلام ۋە ئىلمىي ئاساستا يورۇتۇلىدىكەن، بۇ ھەيۋەت بەدىئىي قەسىردە قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا، «مۇقەررەرلىك» ئالـــمـــدىن «ئەركىنلىك» ئالمىگە قاراپ كۆتۈرۈلىدۇ. «كىتابىمىز پەقەت ئۇنىڭ سادىدا، جۇزئى، ئىخچام بايانىدىن ئىبارەت، خالاس».

ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى يۈزەكىلىكتىـــن خالـــي بولغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئۆز جىلۋىسىنـــى كۆرسىتىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. نوقۇل شەرھلەپ قويۇش، ماتېرىيال تىزمىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئارقىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلسا، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئەسلا مۇمكىن

ئەمەس. ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا مېتودولوگىيىلىك پرىنسىپلارنىمۇ يېتەكچى ھەم ئاساس قىلىش كېرەك.

«مېتودولوگىيە — ئىنسانىيەت بىلىش تارىخىدا داۋاملىق راۋاجلىنىپ تۇرىدىغان يېڭىچە بىلىش، ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش يېتەكچى پرىنسىپى تىزمىسى بولۇپ، بۇنداق ئۆز زامانىغا لايىق ئىلغار بىلىش پرىنسىپى يېتەكچىلىكىسىز ئۆز زامانىغا لايىق ھەقىقىي بىلىش ئىقتىدارىغا ۋە ھەقىقەتكە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس».

ئۇيغۇر مۇقاملىرى غايەت زور مەھلىيا كۈچگە ئىگە سەنئەت بايلىقى بولغاچقا، ئۇنى تەتقىق قىلىشمۇ غايەت زور مەھلىيا كۈچگە ئىگە. ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتىدا ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بەش تۈرلۈك پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ پرىنسىپلار:

«بىرىنچى، كۆپ پەن تارماقلىرى بىرلىكتە مۇجەسسەم ۋە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى لازىم.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئۇنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى - سەنئىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى پۈتۈن تۈركىي ۋە مەركىزىي ئاسىيا (خور) مەدەنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش كېرەك.

تۆتىنچى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى يىپەك يولى غەربىدىكى مۇقام ھادىسىسى بىلەن، قوشنا خەلقلەر مۇزىكا مەدەنىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش لازىم.

بەشىنچى، تارىخىي تەتقىقات پرىنسىپى ۋە قاتلاملىق نەزەرىيىسىنى يېتەكچى مېتودولوگىيە قىلىش ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە».

يۇقىرىقى پرىنسىپلار مۇقام تەتقىقاتىدا دىققەت قىلىشقا

Altun

تېگىشلىك تەرەپلەر بولۇپ، ئالىمنىڭ ئۇزۇن يىللىق مۇقام تەتقىقاتىدىن چىقارغان ئىلمىي يەكۈنى ئىدى. شۇڭا بىز بۇ بەش تۈرلۈك پرىنسىپ ۋە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن 33 تېمانىڭ مەزمۇنىنى نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر مۇقام تەتقىقاتى ئۈچۈن سېلىنغان مۇستەھكەم ئۇل، شۇنداقلا ئالىمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن سىزىپ بەرگەن «خەرىتە»سى دەپ يەكۈن چىقىرىشقا ھەقلىقمىز.

ئۇيغۇر مۇقام تەتقىقاتى قولغا ئېلىنغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ گېنېئالوگىيىلىك[1] مەنبەلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەلۇم بىر خىل قاراش بىر مەزگىل ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتكەن بولسا، بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە بىر خىل قاراش ئۈستۈنلۈك ئىگىلەپ ئىلگىرىكى قاراشنى سىقىپ چىقاردى. شۇنداقتىمۇ ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگەن، سىستېمىلاشقان قاراشلار ناھايىتى ئاز ياكى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ گېنېئالوگىيىلىك مەنبەلىرىنى ھىندىستان ۋە ئەرەب مۇزىكىلىرىدىن كۆچۈرۈلگەن تەقلىدى نۇسخا، دېگەن قاراشلارنىڭ ئاساسسىزلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك» دېگەن سۆزىنى چىقىش قىلىپ، تارىختىن قېپقالغان ۋەياكى رىۋايەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئالاقىدار ماتېرىياللارنى توپلاش، جۈملىدىن «رىسالەئى مۇسىقى»، «غىياسۇللۇغەت»، «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، «رىگاۋېدا»، «ئاۋستا»، «ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ مەنبە ـ ئېقىملىرى»، «ئۆلىما ـ راھىبلار تەزكىرىسى»، «ئالتۇن يارۇغ»، «مۇزىكا خادىملىرى بىلەن

① گېنېئالوگىيە (发生学) — ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى ئىنسان تۈركۈملىرى بىلەن مەدەنىيەت رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت پورماتسىيىلىرى ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ گېنېزىسىنى ـ مەنبەلىرىنى ئېنىقلاش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

سۆھبەت» ، «تاڭ دەۋرىدىكى بۇددا نەغمىلىرى» ، «ماقاملار مەسىلىسىگە دائىر» ، «مۇقام ـ ماگاملار» ، «يېقىن ـ ئوتتۇرا شەرق خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىلىرى ۋە ھازىرقى زامان مۇزىكىلىرى» ، «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەتنامە. شەرھى» ، «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى» ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» ، «تۇرپان تېكىستلىرى» ، «خۇسراۋ ۋە شېرىن» ، «گۈلىستان» ، «توخارتىلى دەرسلىكى» ، «قەدىمكى جەمئىيەت» ، «تارىخ» ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» . . . قاتارلىق ئەسەرلەردىن ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبەلىرى ھەققىدىكى ھەرخىل قاراشلارغا باھا بېرىدۇ. «مۇقام» ئىبارىسىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئىستېمال مەنىسى، ئېتىمولوگىيىلىك مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىدا ئىشلىتىلىشى، مەركىزىي ئاسىيا مۇزىكا رىسالىلىرىدە بېرىلگەن ھەرخىل مەنىلىرى ئۈستىدە خېلى ئەتراپلىق توختىلىدۇ. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ گېنېئالوگىيىلىك مەنبەسى ۋە مەدەنىيەتتە مىللىي ئېرسىيەت مەسىلىسى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئۆزگىچە يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ گېنېئالوگىيىلىك مەنبەسى ھەققىدە كەڭ مۇقام ھەۋەسكارلىرىنى مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.

بىز ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەققىدە سۆز ئاچساق، كۆپىنچە ھاللاردا يېقىنقى دەۋرلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالىمىز. بۇ ھەرگىزمۇ مۇقام ھادىسىسىنىڭ يېقىنقى دەۋرلەر مەھسۇلى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. تارىخىي پاكىتلار ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمىي تارىخىدىن گۇۋاھلىق بەرمەكتە. بىز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زارۋئاتساي، سايمالتاش، ئالمۇتا يېنىدىكى تامغالىق تاغ، بايقال، جەنۇبىي سىبىرىيە، چوغاي تاغلىرى، ئالتاي، تەڭرىتاغ قىيالىرىغا سىزىلغان قۇياشقا قاراپ

ئۇسسۇللۇق سىغىنىش قىلمۇاتقان، شامانىنىڭ ئويناۋاتقان، ئىككى كىشىلىك ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر سىزىلغان رەسىملەردىن ئىپتىدائىي ئۇسسۇللارنىڭ ھازىرقى مەركىزىي ئاسىيا مىللەتلىرى ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاش قىسمەن كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرەلەيمىز.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكىمۇ ئالاھىدە سەھىپە ئاجراتقان. مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى ساقلانغان قىياتاش ئويمىلىرى، ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلەر، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆتكەن تارىخچىلار يېزىپ قالدۇرغان تارىخىي ئەسەرلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بارغان. كۆپلىگەن كىشىلەرگە كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئەنە شۇنداق مۇھىم مەنبەلەرنى بۇ ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈش ئەسەرنىڭ تارىخىي قىممىتىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن.

تارىخ چاقى توختاۋسىز ئىلگىرىلەپ شىمالىي ـ جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە غەربىي دىيار مۇزىكا مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ سېھرى كۈچىنى تېخىمۇ نامايان قىلىشقا باشلاپ، چاڭئەن، لوياڭ، لياڭجۇ قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەردە، ھەتتا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا قىزغىن قارشى ئېلىندى ھەم بەي جۈيى، ليۇ مىڭدى، شۈي نىڭ، چېن سىن قاتارلىق مەشھۇر شائىرلارنىڭ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ شېئىرلىرىدا تەسۋىرلىشى، ئىلگىرىكى ناخشا ـ ئۇسسۇللارنىڭ ئالدىغا قويۇشىغا مۇيەسسەر بولدى. «كۇسەن نەغمىلىرى» نىڭ شەرققە تارقىلىشى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە غەربىي يۇرت ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرى يەنىمۇ كۆپىيىشكە، تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلىنىپ ھەقىقىي ئەكس سادا پەيدا

قىلدى ھەم چوڭ ـ چوڭ قامۇسلاردىن ئورۇن ئېلىشقا، مەخسۇس شېئىرلاردا ئەكس ئېتىشكە مۇۋەپپەق بولدى. بۇلار قانداقتۇر يۈزەكى ھادىسە بولماستىن، بەلكى چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ھادىسىدۇر. ئۇلارنىڭ تاشكىمىر سەنئەتلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

غەربىي دىيار مۇزىكا مەدەنىيىتى كۆك تۈرك خانلىقى (535 — 744) دەۋرىدىمۇ شىمالىي ـ جەنۇبىي سۇلالىلەرگە كۆپلەپ كىرگەن. مەلىكە ئاسىنا 568 ـ يىلى قارا بالغاسۇندىن ئەينى زامان شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە كۇسەنلىك سۇجۇپ ئاقارى، بەي جىنتۇڭ ئاقارى، بەي ماندا ئاقارى قاتارلىق مەشھۇر مۇزىكشۇناسلار بىلەن نۇرغۇنلىغان ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئەتچىلىرىنى ئېلىپ بارغان. ئۇ، لياڭ جۇ ـ كۇسەن نەغمىسى ـ «غەربىي ئەل كۇسەن نەغمىسى»، «چى سۇلالىسى كۇسەن نەغمىسى»دىن كېيىنكى «يەرلىك كۇسەن نەغمىسى»نى چاڭئەنگە ئېلىپ بېرىپ، سۇجۇپ مۇزىكا نەزەرىيىسىنىڭ شەرققە تارقىلىشىدا كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەن تارىخىي شەخس ئىدى.

سۇجۇپ( 苏祇婆 ) شىمالىي جۇ(مىلادى 577 — 581 ـ يىللار) ۋە سۈي سۇلالىسى(مىلادى 581 — 618 ـ يىللار) دەۋرىدە ئۆتكەن كۇچالىق مەشھۇر مۇزىكانت بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر مۇزىكشۇناسلىقىنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى بۈيۈك نامايەندىسى سۈپىتىدە «سۈينامە، مۇزىكا تەزكىرىسى»، «جۇنامە» (9 ـ جىلد)، «قامۇسنامە» (146 ـ جىلد)، «كىتابلار جەۋھىرى» (567 ـ جىلد) قاتارلىق تارىخىي خاتىرىلەردە تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ دادىسى ئاتاقلىق «مۇزىكا پىرى» بولۇپ، ئۇ مۇزىكا ئىلمىدا ئۆز دەۋرىنىڭ تەڭداشسىز ئالىمى ئىدى. سۇجۇپ كىچىكىدىن باشلاپلا مۇزىكا ئىلمىنى

قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن ۋە مۇزىكا ئەمەلىيىتى، مۇزىكا نەزەرىيىسىدە ئالاھىدە تالانتلىق كىشىگە ئايلىنىپ كۇچا خانلىقىدا تونۇلغان، شۇنداقلا دادىسى بىلەن بىر سەپتە ئاتاقلىق مۇزىكانتلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. سۇجۇپ مەلىكە ئاسىنا بىلەن بىرگە چاڭئەنگە كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ جۇۋۇدى ئۇنى قىزغىن قارشى ئالغان ھەمدە ئوردا مۇزىكا مەھكىمىسىنىڭ مەنسەپدارلىقىغا تەيىنلەپ، مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلىقىنى يۈكلىگەن.

ئۇ مۇزىكا مەھكىمىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە كۇچا مۇزىكىلىرىنىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسلىنىپ، غەربىي دىيار مۇزىكىلىرىنىڭ ئاساسى بولغان «بەش تارانە، يەتتە ئاۋاز قانۇنى» (ئون ئىككى تېمپېرامېنتسىيىلىك كۈي قانۇنى) نى ئىجاد قىلغان. ھەربىر تارانە بىر خىل ئاھاڭ شەكلى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىدىن يەنە يەتتە ئاۋاز باسقۇچىغا بۆلۈنۈش بىلەن جەمئىي 35 ئاۋاز بۆلەكلىرىگە ئايرىلغان. بۇ يەتتە ئاۋاز، 12 تېمپېرامېنتسىيىلىك كۈي قانۇنى قەدىمكى كۇچا مۇزىكىسىنىڭ كۈيشۇناسلىق نەزەرىيىسى بولۇپ، ئومۇملۇق جەھەتتىن پۈتۈن ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى ئىدى. سۇجۇپنىڭ بۇ بەش تارانە، يەتتە ئاۋاز قانۇنى كۇچا كۈيشۇناسلىق نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كىرىلگەن بىردىنبىر سىستېمىلىق، مۇكەممەل مۇزىكا قانۇنى ۋە دەستۇرى بولۇپ، ئۇ پايتەخت مۇزىكانتلىرى ئۈچۈن يېڭى يول ئاچىدىغان نەزەرىيىۋى قورالغا ئايلانغان. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن سۇجۇپنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىغا قوشقان ئۆچمەس تارىخىي تۆھپىسىنى ناھايىتى ئىخچام بايانلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، «12 تېمپېرامېنتسىيىلىك كۈيشۇناسلىق قانۇنى» نى «ئۆلمەس» لىك ھالىتىگە كەلتۈرگەن.

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» غايەت زور بىر بەدىئىي قامۇس بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي

دەۋرلەردىكى تارقىلىشى، تەسىرى، يازما ۋە تەسۋىرىي سەنئەتلەردە ئەكس ئېتىشى قاتارلىق تەرەپلەرنى خېلىلا مۇكەممەل بايان قىلغان. ئەسەرنىڭ «سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى غەربىي دىيار مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» دېگەن بابىدا سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى غەربىي دىيارنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئىتى؛ شۇ دەۋردە خاتىرلەنگەن غەربىي دىيار، شىمالىي قۇملۇق مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىكى تارىخىي ئىزچىللىق؛ غەربىي دىيار مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئىتىنىڭ يىراق شەرق ئەللىرىگە تارقىلىشى؛ دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرىدا ساقلانغان غەربىي دىيار نوتىلىرى قاتارلىقلار ھەققىدە ئەتراپلىق تەتقىقات يۈرگۈزگەن بولۇپ، تاڭ دەۋرى شائىرلىرىنىڭ غەربىي دىيار مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ھەققىدە يازغان كۆپلىگەن شېئىرىي نەزمە ئەسەرلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭ ئەينى دەۋردە ئوينىغان ئىجابىي رولىنى گەۋدىلەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ دەۋر سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم مەنبە بولىدىغان ئەسەرلەرنىڭ مېغىزلىق جايلىرىدىن بۇ كىتابقا ئورۇن بېرىپ، كىتابنىڭ غايەت ماتېرىياللىق قىممىتىنى ئاشۇرغان. دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرىدىكى نوتىلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، كۇسەن نەغمىلىرىنىڭ نوتىلىرى بولغانلىقى، خۇامۇنىڭ ئالدىغا كۇسەن نوتىسىنى قويۇپ داپ چېلىشنى ئۆگەنگەنلىكى، چاڭئەندە ئوينالغان نەغمىلەرنىڭ نوتا ئارقىلىق چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىغا ئەۋەتىلگەنلىكىدەك تارىخىي پاكىتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

ئۇيغۇرلار تارىخىدا 850 ـ يىلدىن كېيىن قۇرۇلغان ئىدىقۇت قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خانلىقلار دائىرىسىدە

خۇددى باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى مۇقام مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىلگىرى بىرەر سىستېمىلىق، نوپۇزلۇق ئەسەر مەيدانغا كەلمىگەن ئىدى. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»دە بۇ خىل بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ۋاڭ يەندى (938 — 1006)، يېلى چۇ سەي (1190 — 1244) . . . قاتارلىق ساياھەتچىلەر قالدۇرغان ئۇچۇرلار؛ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى، مۇزىكا تەزكىرىسى»، «لياۋ تارىخى، مۇزىكا تەزكىرىسى»، «ئالتۇن يارۇغ»، «ئىككى تېكىن ھېكايىسى»، «مايتىرى سىمىت نوم بىتىگ»، «تۇرپان تېكىستلىرى»، «ئاتاۋاگادىۋا» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەر ھەم كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي بۇيۇملاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ ئەينى دەۋردىكى چالغۇ ئەسۋابلىرى ھەم بىر قىسىم ئۇسسۇللارنى تونۇشتۇرۇپ چىقىپ ئىدىقۇت خانلىقى مۇقام مەدەنىيىتىدىن خەۋەر بېرىدۇ. خۇددى ئىدىقۇت خانلىقىغا ئوخشاشلا قاراخانىيلار خانلىقىدىمۇ خېلى زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن بولغاچقا، بۇ خانلىقنىڭ مۇقام مەدەنىيىتىمۇ خېلى يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قاراخانىيلار خانلىقى مۇقام مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكىمۇ خېلى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بارلىكى ماتېرىياللارنى كۆرۈش ئارقىلىق بىر پۈتۈن خانلىق مۇقام مەدەنىيىتىنى ئەتراپلىق سۈرەتلەپ بەرگەن ۋە ئۇلۇغ ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى ئەل فارابىنىڭ مۇزىكا ساھەسىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى ئىنتايىن ئىنچام سۆز ـ جۈملىلەر ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەرقايسى ئىسلام خەلىپىلىكلىرىگىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئالىم ئۆز كىتابىدا ئىسلام خەلىپىلىكلىرىدىكى مۇزىكىلىق ئىنقىلاب ۋە

باشقا تەرەپلەردىمۇ ئىــــزدىنىـــــش ئېلىـــــپ بېرىپ، مۇقام ھادىسىسىنىڭ كېڭىيىشچانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئىسلام شەرقى مۇقام مەدەنىيىتىدىكى ئون ئىككى ئاۋاز سىستېمىسى ئورتاقلىقى؛ 3\4لىك رىتىم ـ ئۇدارنىڭ ئومۇملىشىشـــى؛ چالغۇلاردىكى ئورتاق ئەسۋابلار — داپ ۋە تارىلىق، نەيلىك چالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى؛ مۇقام ئىبارىلىـــرى ۋە چالغۇ ناملىرىدىكى ئاساسىي ئوخشاشلىق؛ مۇقاملاردا سەرەخپەر ـ باش مۇقامنىڭ بولۇشى؛ قىسمەنلىرىدە ئۇسسۇل بولغاندىن باشقا، ناخشىنىڭ مۇزىكىغا ماسلىشىپ كېلىشى؛ مۇقام نەغمىلىرىنىڭ مەلۇم(ئوخشاش بولمىغان) مىقداردا سېكىل(جەم) ھاسىل قىلىشى؛ بىر قاتار مۇقام سېكىللىرىنىڭ تىزما بولۇپ خاس ئەنئەنىۋى مۇزىكا بايلىقى تەشكىل قىلىشىدىن ئىبارەت ئورتاقلىق ھەربىر مىللەت مۇقاملىرىنىڭ گېنىزىســـى ۋە تارىخىـــي جەھەتلىرىدىكى پەرق؛ مۇقاملارنىڭ مېلودىك تەركىبـــى ۋە مېلودىك تۈزۈلۈشىدىكى پەرق؛ مۇقاملارنىڭ سانى، نەغمە سانى ۋە ئۇلارنىڭ ژانىرلىـــرى(مەســـــلەن، ئۇسسۇللۇق نەغمە، ناخشىلىق نەغمە، نوقۇل چالغۇ نەغمىسى) جەھەتتىكى پەرق؛ چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ نامى ئوخشىسىمۇ، ئۇنىڭ مۇزىكىلىق تۈزۈلۈشى، تاۋۇش ئالاھىدىلىكىـــــدىكـــى پەرق؛ مۇقاملار ئىجراسىدىكى پەرق؛ كلاسسىك مۇقاملاردىن تاشقىرى يەرلىك مۇقام بايلىقىنىڭ بار ـ يوقلۇقى، ئاز ـ كۆپلۈكى جەھەتتىكى پەرق قاتارلىق ئۆزگىچە ئوخشىماسلىقلارنـــى ناھايــــتـــى چۈشىنىشلىك ھالدا سۈرەتلەپ بەرگەن.

ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك، «ئون ئىككى مۇقام» تىلغا ئېلىنسا، يەركەن خانلىقى دەۋرى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. ئابدۇرەشىدخان، ئامانىساخان، قىــدىرخان... لارنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن مۇقاملارنى توپلاپ، رەتلەپ قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىشى تىللاردا داستان بولۇۋاتقان بۈگۈنكى

كۈندە مەخسۇس يەركەن خانلىقى دەۋرىدىكى مۇقام ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ مەخسۇس ئىلمىي ئەسەر ۋۇجۇدقا چىقىرىش زۆرۈر ئىدى. گەرچە يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان بۇ ھەقتە بىر قانچە پارچە كىتاب - ماقالە ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، مەزمۇنى چوڭقۇر ئەمەس. ئۇ يەنىلا يۈزەكىلىكتىن خالىي بولالمايۋاتىدۇ. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ ئەسىرىدە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يەركەن خانلىقى دەۋرى ھەققىدە توختىلىپ ئىشەنچلىك دەلىل - ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈپ، ئىشەنچلىك ھالدا «مېنىڭچە، ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› نى ئوردا ھاياتىدا قايتا تاۋلىغاندا، ئۇنى نوقۇل خانلىق قەسىدىسى ۋە ھەرەم ئىشرەت بەزمىسى قىلىپ قويماي، خەلق بايلىقى قىلىش، ئۇنىڭ ئۈچ سېكىلنى مۇجەسسەم قىلغان گەۋدىسىگە تېخىمۇ نۇرغۇن ئەقىل - ھېكمەت دۇردانىلىرى تېزىش، ئۇنى مىللەتنىڭ مەنىۋى كامالەت خەزىنىسىگە ئايلاندۇرۇش ئامانىساخان، قىدىرخان، دوستى يەركەندىلەرنىڭ ئالىي ئارزۇسى بولمىغان بولسا، ئۇلار بۇ كۆپ قاتلاملىق مەنىدارلىق ۋە تارىخىي قىممەت سىرلىرىنى كۆرەلمىگەن بولاتتى!» دەپ ئېيتقان بولسىمۇ، يەنىلا قىسمەن يۈزەكىلىككە يول قويغان. ئۇ بولسىمۇ، نەۋائىينى باش قىلغان بىر تۈركۈم ئەدىبلەرنىڭ شېئىر - غەزەللىرىنىڭ مۇقام تېكىستلىرىگە دەستلىنىش جەريانىنى مۇنداقچە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىنى، شېئىر - غەزەللىرىدىكى يۈكسەك مەنىدارلىقنى، مۇقام تېكىستلىرىنى تۇرغۇزۇش جەريانىدا تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى، خەلقنىڭ ئۇلارغا بولغان مايىللىقنى - قارشىلىقنى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ مۇقامغا قوشقان ئاجايىپ تۆھپىسىنى، ئەتراپلىق، تولۇق شەرھلەپ ئۆتمەي، زور كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە مەلۇم بولغان ئاغزاكى بايانلارنى كەلتۈرۈپ قويۇش بىلەن كۇپايىلەنگەن.

كىتابتىكى بۇ تەرەپ ئەسىرنىڭ ئەسلىي قىممىتىگە تەسىر يەتكۈزەلمىسىمۇ، لېكىن كىتابخانلارنى رازى قىلىپ ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرالمايدۇ.

ئالىم ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ «گېنىزىسى» ھەققىدە ئالاھىدە توختالغان بولۇپ، قۇمۇل خەلق مۇقامى ۋە دولان مۇقاملىرى ھەققىدە يازغان بۆلەكلەردە قۇمۇل ۋە دولان مۇقاملىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى قىسقا ئەمما قىممەتلىك بايانلار بىلەن شەرھلەپ ئۆتۈپ، ئۇ مۇقاملارنىڭ تولۇق مۇزىكىلىق تىزمىسىنى بەرگەن. يەرلىك خەلق مۇقامچىلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالاتىنى، مۇقاملاردىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرنى تولۇق كۆرسىتىپ، كىتابخانلارنى ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلغان. بۇ ئىككى مۇقامدىكى ئېيتىلىش يىلتىزداشلىقنى تارىخىي دەلىللەر ئارقىلىق ئىسپاتلىغان. تۇرپان، كۇچا، خوتەن، ئىلى، ياركەنت مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، مۇزىكىلىق تىزمىلىرى. . . قاتارلىقلار ھەققىدىمۇ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، يەرلىك مۇقاملارنى تۈنجى بولۇپ، ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە تونۇشتۇرغان. بۇ بايانلار روشەن ئۆزگىچە بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن «خەزىنە»گە جۇلا ئاتا قىلغان.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يېڭى تەرەققىيات دەۋرى ئۈستىدە توختالغاندا، ئالىم XI ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن تارتىپ 1992 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىلغان مۇقام پائالىيىتى ۋە بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ مۇقامغا بولغان مۇھەببىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇقامنى ھەقىقىي ئۆلمەسلىك ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ قىلغان غەمخورلۇقلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ نام مەسىلىسى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ مۇقام تەتقىقاتچىلىرى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم مەسىلە. شۇنداق بولغان ئىكەن «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» دەك ھەقىقىي خەزىنىدىن مۇقام نام مەسىلىسى ھەققىدىكى بايانلارنىڭ ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى مۇقەررەر. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مۇقام نام مەسىلىسى ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدەنگەن، ھەتتا مۇشۇ ھەقتىكى ماقالىلەر ئۇستىدە تەقرىز ئېلىپ بارغان ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن «غىياسۇللۇغەت»، «ماقاملار مەسىلىسىگە دائىر» قاتارلىق قىممەتلىك كىتابلار ۋە مۇھەممەت خارەزمى، سەئىد ئەھمەد ئىبن مىرانشاھ، مەۋلانە لوتفى، ئەلشىر نەۋائىي، بابارەھىم مەشرەپ، مۇجىزى. . . قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان مۇقام ناملىرى ۋە تۇردى ئاخۇن ئاكا ساقلاپ قالغان مۇقام ناملىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە مۇقام ناملىرىنىڭ قىسقىچە ئىزاھاتىنى بېرىپ، مۇقام ناملىرى مەسىلىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا مۇستەھكەم ئۇل سېلىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ مۇزىكىلىق ئىستېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا چالغۇ ۋە ھاپىزلىق، ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا شېئىرىي تېكىست مەسىلىلىرى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا ئۇسسۇل ۋە تىياتىر ژانىرى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ سېمانتىك ۋە ئېستېتىك قىممىتى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۆزى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى دېگەن قىسىملارمۇ يۇقىرى سەۋىيىدە، ھەقىقىي ئىلمىي قىممەتكە ئىگە قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ غايەت زور

مۇزىكىلىق بايلىق ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي نامايەن قىلغان.

قىسقىسى، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، ئۇيغۇر مۇقاملىرى ۋە مۇقامچىلىرى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس سېھرىي كۈچى، يەرلىك مۇقاملاردىكى ئالاھىدىلىك، مۇقام تەتقىقاتىدىكى بوشلۇقلار ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىدىغان قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئالىمنىڭ نامى بىللە مەڭگۈ جۇلالاپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن يۈكسەك ئورۇن ئالىدۇ.



## سەككىزىنچى باب

# غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتى

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى شەرق بىلەن غەرب مەدەنىي ئالاقىلار بەلۋىغىدا مەيدانغا كەلگەن، تىپىك سىنكرېتىك مۇھىتنىڭ ئۆلگىلىك تارىخىي مۇزېيى. ئۇ غەربىي يۇرتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ۋە مەھەللىي سەنئەت تىپى ۋە ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ئاساسىدا، يىپەك يولىنى بويلاپ شەرققە ئېقىپ كەلگەن ھىندىستان، ئىران ۋە گرېك سەنئىتىنىڭ نادىر مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەينى زامان تەقەززاسى ۋە سەۋىيىسى بويىچە ئىجاد قىلغان سەنئەت گۈلزارىدىن ئىبارەت.

— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى قەدىمكى ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ۋە تۇرمۇش، ئىدېئولوگىيە، ئېتىقاد، سەنئەتنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي شەجەرىسىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى، دىنىي ئېتىقادى، ماددىي مەدەنىيەت ئىزنالىرى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مۇبادا بىز پۈتكۈل غەربىي يۇرت تەۋەسىدىكى قىيا تاش

رەسىملىرى، قەدىمكى قەبرىگاھلىقلار، شەھەر ـ قەلئە خارابىلىرى، بۇددا تاشكېمىرلىرى ۋە «مىڭ ئۆي»لەر ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان بولساق، غەربىي يۇرت خەلقىنىڭ ئاجايىپ سەنئەت ماھارەتلىرىدىن قايىل بولىمىز، ئەلۋەتتە. لېكىن، زور ئىقتىسادىي مەنبە ۋە كۆپ خىل تالانتنى تەلەپ قىلىدىغان بۇ خىل تەتقىقات خالىغانچە ئېلىپ بارغىلى بولىدىغان ۋە ئاسانلىقچە روياپقا چىقارغىلى بولىدىغان تېمىلاردىن بولمىغاچقا، ھېلىغىچە بىزدە بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغانلار سان جەھەتتە كۆپەيگىنى يوق. شۇنداقتىمۇ يېزىلمىغان تېمىلاردا قەلەم تەۋرىتىپ كۆنۈكۈپ كەتكەن ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ناھايىتى يۇقىرى مالىيە كۈچى ۋە مەدەنىيەت فوندى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن مۇشۇنداق بىر بۇددىزم سەنئىتى خەزىنىسىنى مۇكەممەل بىر ئۆرنەك كىتاب شەكلىدە بولسىمۇ «ئۆلمەسلىك» ھالىتىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، كەڭ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق «كۈسەن ئۇسلۇبى ھەققىدە»، «قەدىمكى كۈسەننىڭ كلاسسىك ئۇسلۇبى»، «كۈسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسلۇب سەنئىتى»، «كۈسەن رەسساملىرىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى توغرىسىدا»، «ئىسلامىيەتكىچە غەربىي دىيار ئۇسلۇب سەنئىتىنىڭ تەسۋىرى ئۇچۇرى»، «شەرقىي تىيانشان ئېتەكلىرىدە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» قاتارلىق ماقالىلەرنى ۋە شۇ ئاساستا «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىقىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۇتۇقلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش، يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان غەربىي دىيار بۇددا سەنئىتىنى قايتا ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. بىز ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»نى يېزىش جەريانىدا باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى

ئوقۇيدىغان بولساق، بىر تەرەپتىن بۇ تېمىنىڭ ھەقىقەتەن مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالساق، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ تېمىنىڭ ھەرگىزمۇ ئاسانلىقچە يورۇقلۇققا چىقمىغانلىقىنى ۋە شۇنچىلىك ۋايىغا يېتىشنىڭ ئوڭايلىقچە قولغا كەلمىگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئالىم بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:

بىر قانچە قېتىم قولغا قەلەم ئېلىپ، بىر قانچە قېتىم قەلەمنى قويۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. بارغانسېرى مەن قىزىقىۋاتقان تېمىنىڭ مۇشكۇل ۋە مۇرەككەپلىكىنى ھېس قىلدىم:

بىرىنچىدىن، بۇددىزم ۋە بۇددىزم مەدەنىيىتى سىستېمىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمغا توغرا كەلدى. بۇ ئۆز كىتابىمدا تىلغا ئېلىنغان دائىرىنىلا ئەمەس، بەلكى كىتابتا يېزىلمىغان، ئەمما مۇئەللىپ بىلىش زۆرۈر بولغان ناھايىتى كەڭ دائىرىنى بىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا، مېترائىزم، سۋائىزم، براخمانىزمدىن تاكى ھىندىستان، كوشان، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭگو، جەنۇبىي ۋە شەرقىي ئاسىيا بۇددىزم مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى بىلەن يېتەرلىك تونۇشماي، ئۇنىڭ بىر قىسمى بولغان غەربىي يۇرت بۇددا سەنئىتى توغرىسىدا قەلەم تەۋرىتىش بولمايتتى. بۇ ماڭا ئاساسەن ناتونۇش، غەيرىي ئىسلام ھادىسىسى ئىدى.

ئىككىنچىدىن، مەن ئادەتتىكى كىتاب ۋە رەسىملىك ئالبوملاردا ياكى ھازىرقى تاشكېمىرلاردا بولمىغان ئۇزاق تارىخقا، ئاجايىپ گۈزەل قىممەتكە ئىگە بولغان شىنجاڭ بۇددا سەنئىتى نەمۇنىلىرىنى توپلىشىم لازىم ئىدى. مەن گېرمانىيە، ئەنگلىيە، رۇسىيە ۋە ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان ياكى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان مۇنداق سەنئەت نەمۇنىلىرىنىڭ جۇلالىنىپ تۇرىدىغان رەڭدار رەسىملىرىنى يىغدىم. بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىراقلا ھەل

بولىدىغان ئاسان سودا ئەمەس ئىدى. چېچىلغان بۇ جاۋاھىراتلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىش، ئۇنىڭ بالدۇر ـ كېيىنكى، باشقا دۆلەت ـ رايونلاردىكى ئوخشاش تۈردىكى ۋارىيانتلىرى بىلەن سېلىشتۇرما سەنئەت جەھەتتىكى ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ يەنە غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى قىيا رەسىملىرى، بالبال ۋە باشقا تەسۋىرى سەنئەت تارىخىدىن خەۋەردار بولۇشنى شەرت قىلاتتى.

ئۈچىنچىدىن، غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ بۇددا سەنئىتى ئېللىنىزم (گرېك) مەدەنىيەت مەركەزچىلىرى، ئىران مەدەنىيەت مەركەزچىلىرى ۋە ھىندىستان مەدەنىيەت مەركەزچىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ چەت ئەل ۋە جۇڭگونىڭ بۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق ئالىملىرىدىكى غەيرىي ئىلمىي قاراشلارنىڭ قويۇق پەردىسى بىلەن قاپلانغان ئىدى. قانداقتۇر «غەربىي يۇرتتا ئەسلىدىن مەدەنىيەت بولمىغان»، «بۇ يەردىكى مەدەنىيەت ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ ئېشىندىلىرىدىن ھاسىل بولغان» دېگەن قاراشنى بېشىغا تاج قىلىپ كىيىپ يۈرەتتى. ئەلۋەتتە، بۇ تاجدار قاراشنى شاتۇتىدەك قايتا تەكرارلاپ قەلەم تەۋرەتكىلى بولمايتتى.

يۇقىرىدىكى ئۈچ مۈشكۈل ۋە مۇرەككەپلىكتىن كېيىن بۇ كىتاب يېزىلىشقا كىرىشكەندە يەنە ئىككى قىيىنچىلىققا دۈچ كەلدىم. ئۇنىڭ بىرى، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئەجدادلىرى، دىنى ۋە مەدەنىيىتى بىرقەدەر ئۇنتۇلغان ياكى قايتا ئەسلەشكە يېتەرلىك ماجالى بولمىغان خەلققە بۇ تېمىنى قانداق بايان قىلىپ بېرىش ۋە يەتكۈزۈش ھەقىقەتەن بىر قىيىنچىلىق ئىدى. يەنە بىرى، كىتابتىكى قىستۇرما رەسىملەرنى كىتابخانلىرىمىزغا قانداق يەتكۈزۈش ئىدى...

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن. نىڭ غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتى ھەرگىزمۇ

ئوخشايلىقچە روياپقا چىققان ئەمەس. ئالىمنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتى كۆپ قاتلاملىق مەزمۇنغا ئىگە كاتتا بىر ئىلمىي تېما. بۇنىڭ ئۇچۇن غەربىي يۇرت ئىپتىدائىي تەسۋىرى سەنئەت نەمۇنىلىرىنى ئىزاھلاش ئارقىلىق بۇددىزم تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ مەھەللىي ۋە مىللىي ئاساسلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا ۋە غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى تەتقىق قىلىشقا؛ غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى بۇددىزم ئېتىقادى ۋە بۇددىزم ئەدەبىياتىغا ئائىت سەنئەت نەمۇنىلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە تونۇشتۇرۇشقا؛ غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى ئىجتىمائىي رېئال تۇرمۇش ئىپادىلىرى ئۈستىدە ئىلمىي مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشقا؛ غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئىتى تېماتىكىسىغا ئائىت رەسىملەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا؛ غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى تارىخىي ئىزنالار بىلەن ھەرخىل ژانىردىكى يازما مەنبەلەر ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا؛ غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنىڭ مانىزم دەۋرى يادىكارلىقلىرىنى مەخسۇس ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە؛ غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ دۇنخۇاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بۇددا مىڭ ئۆيلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بايان قىلىشقا؛ غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنىڭ ئىسلام «غازات» چىلىرى ۋە چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش ھادىسىسىگە يېقىنلاپ ئۆتۈشكە ۋە غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتىدا ساقلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. روشەنكى، بۇ جەھەتتىكى ھەقىقىي ۋە دادىل ئىلمىي ئىزدىنىش شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل سەنئەت تارىخىغا ئائىت مەنبەلەر بىلەن، جۈملىدىن ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا، شىمالىي ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا

تۈزلەڭلىكنىڭ بۇددىزم سەنئىتى تارىخى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. بۇ كۆپ ئەجىر ـ ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت، ئەلۋەتتە.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتىدا دۇچ كېلىدىغان يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرنى ئالدىن بايقاپ، ھەل قىلىش يوللىرىدا ئىزدەنگەچكە، بۇ بىر غايەت زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە يېڭى تېمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قىزىققۇچىلار دىققىتىگە سۇندى. پۈتكۈل كىتاب ئون ئۈچ باب بويىچە يېزىلغان بولۇپ، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىگە مۇناسىۋەتلىك 200 پارچىگە يېقىن قىممەتلىك سۈرەتلەر كىرگۈزۈلۈپ كىتابنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

«غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق بۇ كاتتا ئەسەر غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى يىرىك تەتقىقات بولۇش سۈپىتى بىلەنلا ئەمەس، ئۇيغۇر قەدىمكى مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئۆز ۋارىسلىرى ئانا تىلىدا ئېلىپ بارغان مۇكەممەل سىستېمىلىق تەتقىقات ئىكەنلىكى، شۇنداقلا مەزمۇن قاتلاملىرىنىڭ روشەن، تېماتىكىسىنىڭ ئېنىق، پاكىتلىرىنىڭ ئەمەلىي، كۆز قاراش تەھلىللىرىنىڭ ئىلمىي، كەلتۈرگەن سىتات ۋە دەلىللىرىنىڭ پاكىتلىق ئىكەنلىكى بىلەن تۆۋەندىكىدەك ھەقىقىي ئىلمىي قىممەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن.

1. ئېنىق مەقسەتچانلىقتا، پىكىر ئىزچىللىقىغا ئىگە نادىر ئەسەر.

مەقسەتچانلىق ۋە پىكىر ئىزچىللىقى ئىلمىي ئەسەردە كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل بولۇپ، بۇ ئامىل تەتقىقاتچىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىغا بولغان كۈچلۈك قىزىقىشى، قىزىقىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن مۇكەممەل چۈشەنچىسى ۋە شۇ

چۈشەنچە ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان غايىسى تۈرتكىسىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئالىمنىڭ تاشكېمىر سەنئىتىگە قىزىقىشى ھەرگىزمۇ بىر ـ ئىككى يىللىق جەريان ئەمەس. ئۇنىڭ بالىلىقىدا باشلانغان بۇ زور قىزىقىش كېيىنكى كۈنلەردە مانا مۇشۇنداق زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىغا مۇستەھكەم ئاساس سېلىپ بەرگەن ۋە بوران چىقسا ئېچىلىپ قالىدىغان بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت قاتلىمى ھەققىدە ئەسىر ئالمىشىشتىن بۇرۇن خاس تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، خاس ئەسەر يېزىش ئىشتىياقى ۋە تارىخىي مەجبۇرىيەت ئېڭى بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ خىل مەجبۇرىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، مەقسەتنى ئىلمىي ئۇسۇلدا يورۇتۇش ھەقىقەتەن جاپالىق ئەمگەك بولغاچقا، باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالىم بىر قانچە قېتىم قولىغا قەلەم ئېلىپ، يەنە قويۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان ۋە ئۆزى قىزىقىۋاتقان تېمىنىڭ مۈشكۈل ۋە مۇرەككەپلىكىنى ھېس قىلغانچە ئىرادىسى شۇنچە كۈچەيگەن. بۇ يولدا ئۇ نۇرغۇن ۋاقىت، زېھنىي كۈچ ۋە ئىقتىساد سەرپ قىلغان. بولۇپمۇ كىتابتىكى قىستۇرما رەسىملەرنى يىغىش، رەتلەش، قايتا رەسىمگە ئېلىش، مۇناسىۋەتلىك رەسىملەرنى چەت ئەللەردىن ئېلىپ كېلىش قاتارلىقلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

«غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دە باشتىن ـ ئاخىر تەكلىماكان قۇملۇقىنى مەركەز قىلىپ بىنا قىلىنغان تاشكېمىرلەرنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن سەنئەت ۋە رەسىملەشكەن تاشكېمىر ھېكايىلىرىنىڭ مەزمۇنى، مەشھۇر رەسساملارنىڭ ھايات پائالىيىتى، ئىجادىيەت ئۇسلۇبى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تەتقىقات ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتتا ئىلگىرى باشقىلار ئوتتۇرىغا قويغان مەزمۇنلار قايتا تەكرارلانماستىن ، ئىجادىي پىكىرلەر، يېڭى نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەر ۋە ئىلمىي قاراشلار دادىللىق

AltunOq

بىلەن ئۇتتۇرىغا قويۇلۇش ئارقىلىق يېڭى سەۋىيە يارىتىلغان.

2. «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»دە تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەتراپلىق چوڭقۇر شەرھىلەنگەن.

راستىنى ئېيتقاندا، بىزدە تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ قىممىتى، ئۇنىڭ تۈرلۈك سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇنىڭ دىيارىمىزدا ئۆزلىشىشى، قويۇق مىللىي تۈس ئېلىشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تارىخى ھەققىدە سىستېمىلىق، مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە كىشىلەر ناھايىتى ئاز. تاشكېمىر سەنئىتى ھەققىدە بىرقەدەر ئەتراپلىقراق بىلىمگە ئىگە بولغان ئالىملىرىمىز تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىنى يورۇقلۇققا چىقارماي ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەتكەنلىكى، كېيىنكىلەردە بۇ تېمىغا قىزىقىشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتىكى تەتقىقات چوڭقۇرلاشمىدى.

«غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» يۇقىرىقى مەزمۇنلار ئاساسىدا نۇقتىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، «ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئەجدادلىرى، دىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۇنتۇپ كەتكەن ياكى قايتا ئەسلەشكە يېتەرلىك ماجالى بولمىغان خەلققە بۇ تېمىنى قانداق بايان قىلىپ بېرىش ۋە يەتكۈزۈش»تىن ئىبارەت مۇشكۈل ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقالىدى. بۇددىزم ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تاشكېمىر سەنئىتى بىناكارلىقى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق ئىگىلەش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى سىرتىدا خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت باشلانمىسىنىڭ نەگە تۇتىشىدىغانلىقىنى، بۇ مەدەنىيەت تارىخىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى بىناكارلىق، ھەيكەلتاراشلىق، رەسىمچىلىك، ئۇسسۇل، مۇزىكا ـ تىياتىر قاتارلىق سەنئەت جەۋھەرلىرىنى كىم ئۈچۈن،

كىم يارانقانلىقى، ئۇلاردا كىملەرنىڭ ئوبرازى، كىملەرنىڭ ھەرىكەت رىتىمى ۋە مەنىۋى مېلودىيىسى گەۋدىلەندۇرۇل-گەنلىكى، بۇ مەسلىسىز جاۋاھىراتلارنىڭ كۆچلۈك ئىزناسى ۋە چاقناق شولىسى ھازىر شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى داۋامىدا ئىپادىلەنگەن - ئىپادىلەنمىگەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرگە چۈشىنىشلىك توغرا جاۋاب بەردى. غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى ھەققىدە ستەيىن قاتارلىق چەتئەل تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئېلىمىزدىكى بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ مەدەنىيەتتە «غەرب مەركەز» ، «بارلىق مەدەنىيەت غەربتىن تارقالغان» ، «غەربىي دىياردا ئەزەلدىن مەدەنىيەت بولمىغان» ، «بۇددىزم جۇڭگو چېگرا رايونىدىكى ياۋايى مىللەتلەرنى ئاقارتتى» ، «غەربىي يۇرتتىكى سەنئەت ھىندىستان بۇددىزمى، گرېك سەنئىتىدىن ئىبارەت» . . . دېگەنگە ئوخشاش كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ئىنتايىن بىمەنە سەپسەتىلىرىگە ئىلمىي پاكىتلار ئارقىلىق كۈچلۈك رەددىيە بەردى. بۇ كىتاب بۇ جەھەتتىكى نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىنىڭ كۈچلۈك ئىلمىيلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، مەدەنىيەتتە «غەرب مەركەز» قارىشىنى پاكىتلىق ماتېرىياللار ئارقىلىق ئاغدۇرۇپ تاشلىيالىغانلىقى بىلەن كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. شۇڭا بۇ كىتاب قايتا - قايتا ئوقۇشقا ۋە قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. كىتابتا يەنە، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى، «غەربىي يۇرت ئۇسلۇبى» يارانقانلىقىدەك ئۆزگىچىلىكى، غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنىڭ ھەم ئوبرازلاشتۇرۇلغان بۇددىزم دەستۇرى، ھەم دىنى يېيىنچا ئاستىدىكى گۈزەل سەنئەت خەزىنىسى ئىكەنلىكى، سەنئەت خەزىنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەينى دەۋردىكى خەلقلەرنىڭ بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسىمچىلىك سەنئەتلىرىدىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسلۇبىدىن

ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش ئىقتىدارى ۋە سەنئەت قابىلىيىتىنى چۇشەندۇرۇپ بەرسە، ئوبرازلاشقان بۇددىزم دەستۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەينى دەۋردىكى خەلقلەرنىڭ ئالەمنى چۈشىنىش، ھادىسىلەرگە بولغان تونۇشىنى ئىپادىلەش، مەسىلىلەرگە قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى، ئەينى دەۋر دىنى مۇھىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بىرىدىغانلىقى چوڭقۇر تەھلىللەر ئاساسىدا چۈشەندۈرۈلگەن. تاشكىمىر سەنئىتىدىكى ئوبراز - قىياپەتلەر، كىيىم - كېچەك، قورال - ياراغ، پورترىت، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى، ئۇلاردىكى قويۇق يەرلىك تۈس ئالغان بەلگە - ئالامەت، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، چالغۇ - ئەسۋابلار، گۈل - گىياھ قاتارلىقلار ئارقىلىق تاشكىمىر سەنئىتىنىڭ خاسلىقى ئىخچام ئەتراپلىق يورۇتۇپ بىرىلگەن. يۇقىرىقىلار ئالىمنىڭ كۆپ يىل كۆزىتىشى، تەتقىق قىلىشى، سېلىشتۇرۇشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىجادىي قىممەتكە ئىگە مۇھىم تەتقىقات نەتىجىلىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر گۈزەل سەنئەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم نەزەرىيىۋى ئاساس بولالايدۇ.

3. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بۇددىزم دەۋرى ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلىدى.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى يورۇتۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، ئۇزۇن يىل ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تۈزۈپ چىققان «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى پروگراممىسى» ناملىق مۇھىم كۆرسەتكۈچىدە مەزكۇر پروگراممىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى «بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»دا غەربىي دىياردا بۇددىزملىق سەنئەتنىڭ شەكىللىنىشىدىن تارتىپ تاكى

خارابلىشىشىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدىكى قىسقىچە ئۇچۇرنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. بۇ پروگراممىدا بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يېزىپ چىقىشتىكى مۇھىم ئاچقۇچ بولۇپ، شۇ ئاچقۇچ بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، بىر پۈتۈن بۇددىزم دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يورۇقلۇققا چىقارغىلى بولاتتى. ئەمما، كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ماتېرىيال كۆرۈش مەنبەسىنىڭ چەكلىكلىكى سەۋەبلىك بۇ ئاچقۇچ ھېلىھەم ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىنى يوق. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇشبۇ پروگراممىنى تۈزۈپ چىققاندىن كېيىن، مۇشۇ پروگراممىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارمىغان بولسىمۇ، لېكىن يازغان ھەربىر پارچە كىتاب، ماقالە ئەسەرلىرىدە، شۇنداقلا قىسمەن شېئىرلىرىدا ئاشۇ پروگراممىدىكى تېزىسلىق باياناتلارنى كېڭەيتكەن ئاساستا ئەسلىتىپ ئۆتۈشنى ھەرگىزمۇ نەزىرىدىن ساقىت قىلغان ئەمەس. بىز ئالىمنىڭ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق كىتابىنىڭ ئالتىنچى باب «غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى بۇددىزم تېمىلىرى» دىكى «بۇددىزم تېمىسىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار»، «‹بۇددىھا قىسمەتلىرى› دىن ئۆلگىلەر»، «‹بۇددىھانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى› دىن ئۆرنەكلەر» دېگەن مەزمۇنلار بىلەن، يەتتىنچى باب «غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى رېئالىزم تېمىلىرى» دىكى «دىنىي سەنئەتتىكى رېئالىزم تېمىلىرى»، «تېۋىنغۇچىلار، ساخاۋەتچىلەر ئوبرازىدا بىۋاسىتە ئىپادىلەنگەن رېئالىزم مەسىلىسى»، «‹بۇددىھا يارالمىش ھېكايىلىرى› بىلەن ‹بۇددىھا قىسمەتلىرى› دە گەۋدىلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى»، «يىپەك يولى ئالاقىلىرى ۋە يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋىغى مەدەنىيىتى — رېئالىزمنىڭ بۇددا سەنئىتىدىكى

ئىپادىلىنىشى» دېگەن مەزمۇنلارنى تەپسىلىي مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇرۇپ چىقمىغان بولساق، ئۇنىڭدىن تىپىك بۇددىزىم دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنىڭ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇددىزىم مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى غەربىي يۇرت تاشكىمىر سەنئىتىدە رەسىم سەنئىتى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «رەسساملىق سەنئىتى ماكان خاراكتېرلىك، تۇرغۇن ھالەتتىكى شەكىل ھاسىل قىلغۇچى سەنئەتنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ ئىككى ئۆلچەملىك تەكشى يۈزە ئۈستىگە سىزىق، شەكىل، بوياق ۋاستىسى بىلەن كونكرېت ۋە ئىندىۋىدۇئاللاشقان ئىنسان ئوبرازى بىلەن جانلىق مەنزىرىنى سىزىش ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشنى ۋە سەنئەتچىنىڭ بەدىئىي قاراشلىرى ۋە ئېستېتىك غايىسىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، كۈچلۈك مەنىۋى تەسىر ۋە ئېستېتىك تەسىر قوزغايدۇ»[1]. شۇ سەۋەبلىك «مىڭ ئۆي»لەرگە سىزىلغان تام رەسىملىرىنى ھېكايىلەشتۈرۈپ چىقمىغان بولساق، ئۇنىڭدا ئاجايىپ زور ئىلمىي قىممىتى بولغان بەدىئىي ئەسەرنىڭ ھېكايەت لىنىيىسىنىڭ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بولغان چۆچەك، رىۋايەتلەردە كۆپىنچە ھاللاردا ئادىل پادىشاھقا ئىنتىلىش، ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئىزچىللاشقان. بىز مەيلى قايسى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان شۇ خىل ئەسەرلەرنى ئوقۇيدىغان بولساق، يۇقىرىقىدەك گۇمانىزملىق ئىدىيىلەر

① ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، 308 ـ بەت.

Altunoq

تەسىرىدىن قايىللىقىمىزنى بىلدۈرىمىز. چۈنكى ئاشۇنداق ھېكايەت لىنىيىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئادەملەرنى تەلىم - تەربىيىگە ئىگە قىلىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە ئايلانغان ئەمەسمۇ؟

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دە: «بۇددىھا يارالمىش ھېكايىلىرى» دىكى بىر قىسىم رەسىملەرنىڭ مەزمۇنىنى ھېكايەتلەشتۈرۈش ئارقىلىق، بۇددىزم دەۋرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تام رەسىملىرىدىكى ئىپادىلىنىشلىرىنى ئەينەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. مەسىلەن: «شاھزادە قالىيامقارا ۋە پاپامقارا ھەققىدە رىۋايەت»، «ئىككى تېگىن ھېكايىسى» قاتارلىق ناملار بىلەن مەشھۇر بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەر — «شاھزادىنىڭ ئۆزىنى يولۋاسقا يەم قىلىشى» مەزمۇنى بىرقەدەر مول، يېتىپ كېلىشى تولۇق، تەلىم - تەربىيە مەزمۇنى ئۆزگىچە ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپى (بۇ مەزھەپ كىشىنى كۆپلەپ جەلپ قىلىپ، رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىمۇ، بارلىق جانلىقلارنىمۇ ئازاب دېڭىزىدىن قۇتقۇزۇشنى تەرغىب قىلىدىغان، باشقىلارغا ئىچ ئاغرىتىدىغان ۋە ھېسداشلىق قىلىدىغان خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشنى، يامان ئىشلارنى قىلماي، ياخشى ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى، ئۆزىنگىمۇ، ئۆزگىلەرگىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئويغانغان، ئاڭلىق ئادەمنىڭ ئۈچ مۇھىم ئەخلاق ئىدىيىسى دەپ قارايدۇ. ئا) گە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ تىپىك نامايەندىلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇددىزم دەۋرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا تېگىشلىك ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. بۇ ئەسەر مەزمۇن جەھەتتە كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ ھېكايەت لىنىيىسى قىزىل «مىڭ ئۆي» لەردىكى 8 -، 38 - كېمىرلەرگە «شاھزادىنىڭ ئۆزىنى

يولۋاسقا يەم قىلىشى» دېگەن ۋارىيانتتا سىزىلغان. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بۇ رەسىمنى قايتا ـ قايتا كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ «ئىككى تېگىن ھېكايىسى» نىڭ تاشكېمىر سەنئىتىدىكى ۋارىيانتىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلاردىن باشقا يەنە ئالىم «مىڭ ئۆي» تام رەسىملىرىدىكى «ساخاۋەتچى پادىشاھنىڭ كۆزىنى سەدىقە قىلىشى» (قىزىل تاشكېمىر 17 ـ كېمىرگە قاراڭ) ، «پادىشاھ ساردونىڭ ئۆز قولىنى مەشئەل قىلىشى» (قىزىل 8 ـ ، 17 ـ تاشكېمىردە ساقلىنىپ قالغان) ، «پادىشاھ سىبىنىڭ كەپتەرنى قۇتقۇزۇشى» (بۇ ھېكايە كۆپلىگەن كېمىرلەردە، جۈملىدىن قىزىل 17 ـ ، 38 ـ كېمىرلىرى بىلەن تۇيۇق 44 ـ كېمىردە، دۇنخۇاڭنىڭ دەسلەپ سىزىلغان تام رەسىملىرى ئۇسلۇبىدىكى 254 ـ كېمىردە سىزىلغان) ، «تومىسىنىڭ لەھەڭ بولۇپ جاراھەتنى داۋالىشى» (بۇ ھېكايە ئېپىزوتلىرى قىزىل 17 ـ ، 38 ـ كېمىرلىرى تورۇسىغا سىزىلغان) ، «مەرۋايىت سۈزۈش» (بۇ كۆپ ۋارىيانتلىق ھېكايىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا پۈتۈن خەلقنى ئەڭ قىممەتلىك مەرۋايىت ـ گۆھەرلەرنى سەدىقە قىلىش بىلەن قۇتۇلدۇرۇشقا بەل باغلىغان شاھزادىنىڭ پۈتۈن قايتا ـ قايتا تۇغۇلغان ۋاقىتلاردىكى ئۆمرىدەك ئۇزۇن ۋاقىت كەتسىمۇ، دېڭىز سۈيىنى يۆتكەپ، ئىچىدىن مەرۋايىت خەزىنىلەر ئېلىپ، خەلققە سەدىقە قىلىشقا بەل باغلىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. قىزىل 14 ـ كېمىرگە سىزىلغان بۇ رەسىم 114 ـ كېمىردە باشقا ۋارىيانتتا ئىپادىلەنگەن. تۇرپان تۇيۇق مىڭ ئۆيلىرىگە سىزىلغان «شاھزادىنىڭ دېڭىزغا كىرىپ مەرۋايىت سۈزۈشى» [善友太子入海求珠] دېگەن تام رەسىم ئۇنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى ھېسابلىنىدۇ) ، «مايمۇن پادىشاھنىڭ ھېكايىسى» (قىزىل 69 ـ ، 38 ـ ۋە باشقا كېمىرلەرگە سىزىلغان) ، «پىلنىڭ ئۆز گۆشىنى ساخاۋەت قىلىشى» (بۇ

ھېكايە قىزىل 8 ـ، 17 ـ كېمىرلەرگە سىزىلغان)، «توشقاننىڭ ھېكايىسى» (قىزىل 8 ـ، 14 ـ كېمىرلەرگە سىزىلغان)، «كەپتەرنىڭ ھېكايىسى» (قىزىل 17 ـ كېمىرگە سىزىلغان)، «دۆلدۆل ھەققىدە ھېكايە» (قىزىل 14 ـ كېمىرگە سىزىلغان)، «ۋاپادار مايمۇننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى» (قىزىل 100 ـ كېمىرگە سىزىلغان) . . . قاتارلىق قىممەتلىك رەسىملەرنىڭ ھېكايەتلىك شەكلىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇ خىل رەسىملەرنىڭ تاشكېمىر رەسىملىرىنىڭ ئۆزىدە جەمخىرلىگەن ئاجايىپ مول بەدىئىي مەزمۇنلارنى چۈشىنىشلىك ھالدا كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان. بۇ بىر تەرەپتىن بۇددىزىم دەۋرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تاشكېمىر سەنئىتىدە ئىپادىلىنىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى رەسىملىرىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىك رولىنى ئوينايدۇ.

4. «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» بۇددىزىمنى ئەڭ چۈشىنىشلىك يوللار بىلەن بايان قىلغان، تۇنجى قېتىم يېزىلغان بۇددىزىم تېمىسىدىكى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ نادىر ئۆلگىسى.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇددىزىم ھەققىدە ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇرچە تەتقىقات ماقالىلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىدە بۇددا دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ باشقا ئەللەرگە تارقىلىش يوللىرى قاتارلىقلار قىسقىچە شەرھلەنگەن. ئەمما بۇددىزىمنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى، ئۇنىڭدا شەكىللەنگەن ئىككى مەزھەپ (بۇددىزىمدا ھىنايانا، ماھاياناد‌ىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپ شەكىللەنگەن — ئا) نىڭ خاسلىقلىرى . . . قاتارلىقلار ھەققىدە ھېلىغىچە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىغان

ئىدى. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن غەربىي يۇرت بۇددىزمغا بېغىشلىغان بۇ قىممەتلىك ئەسەرىدە بۇددىزم تەتقىقاتىدىكى بۇ خىل بوشلۇققا خېلىلا مۇستەھكەم ئاساس سالغان. بۇددىزمنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى بولغان «ئازاب، سەۋەب، خالاس، يول» دىن ئىبارەت «تۆت ساتيا» نىڭ مەنىلىرى ھەققىدە ۋە «خالاس بولماقلىق»، «يول تۇتماقلىق»، «توغرا زېھىن»، «توغرا تەپەككۇر»، «توغرا سۆز»، «توغرا پائالىيەت»، «توغرا ياشاش»، «توغرا پەرق ئېتىش»، «توغرا ئەقىدە»، «توغرا ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇش» قاتارلىقلار ھەققىدە قىسقىچە، ئەمما تولۇق چۈشىنىشلىك مەلۇمات بەرگەن. ھىنايانا ئىلاھىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ھەممە شەيئى بىقارار»، «ھەممە شەيئىدە مەنمۇ بار»، «نىرۋانالا خىلۋەتدار» دىن ئىبارەت «بۇددىزمنىڭ ئۈچ ئۆلچىمى» نى تەبىرلەشتۇرگەن. ئالىم ئۆز كىتابىدا يەنە بۇددىزم تەتقىقاتىدا سەل قارالغان مۇھىم بىر تەرەپ — ماھايانا مەزھىپى بىلەن ھىنايانا مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ، چۈشىنىشلىك يوللار بىلەن كۆرسىتىپ مۇنداق يازىدۇ:

بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ ئىلاھىيەتچىلىك نەزەرىيىسى ۋە ئۆزىنى تەربىيىلەش ئەمەلىيىتى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك پەرقلىرى بولغان. بۇ پەرقلەر قۇلدارلىق ئىگىلىكى تۈزۈمىدىن فېئودالىزمغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي پەرقلەر بىلەن نوقۇل ھىندىستاننىڭ مەھەللىي ئېتقادىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا سىنكرېتىزمغا ئۇچرىغان خەلقئارا تەسىرلەر تۈپەيلىدىن تەدرىجىي دىن ئىسلاھاتى سىياقىدا مەيدانغا كەلگەن.

ھىنايانا بىلەن ماھايانا بۇددىزمىدىكى ئاساسىي پەرقلەر مۇنداق:

بىرىنچى، ھىنايانا بۇددىزمى ساكيامونىنى ھەقىقىي دىن ئۇستازى، تولۇق ئويغانغان ئادەم، ئۇ بىردىنبىر بۇددىھادىن

ئىبارەت دەپ قارايدۇ. ماھايانا بۇددىزمى ساكيامۇنىنى ئىنسانلىقتىن ھالقىغان زات، ئىقتىدار ۋە پاراستى كامىل ئىلاھ بولسىمۇ، ئۇ بىردىنبىر ئەمەس. ئۈچ ئۆتكۈ (ئۆتمۈش، كەلگۈسى، ھازىر) بىلەن ھەممە ئىقلىملاردا يەنە چەكسىز بۇددىھالار بار. ئامىتابا (阿弥陀佛)، دورىگەر بۇددىھا (بھاشاجياگۇرا 药师佛)، چىراغچى بۇددىھا (دىپامكارا 燃灯佛)، مايترى (弥勒佛) قاتارلىقلار پۈتكۈل ئالەم كۈچ-قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى. ئەڭ ئالىي بۇددىھا ھەقىقى يول ئۈچۈن ئالەمگە كەلگەن تاتھاگاتا (Tathagata، 如来佛) بولۇپ، ساكيامۇنى دەل ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى، ھىنايانا بۇددىزمى بۇددىھالىق مۇقامىغا ئېرىشىپ، ئالەم ئازابلىرىدىن خالاس بولماقنى تەرغىب قىلسا، ماھايانا بۇددىزمى بۇتساتۋا (buthisattva) روھىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ماھايانا بۇددىزمى بارلىق جانلىقلارنى ئازاب دېڭىزىدىن قۇتقۇزۇشنى ئىزدەيدىغان تولۇق ئويغانغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى بۇتساتۋا ھېسابلايدۇ. ماھايانا بۇددىزمى بارلىق خۇمار-ھەۋەسلەردىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، نىرۋاناغا چىقىپ، سانسارا ئازابىدىن قۇتۇلغان ئارخات (阿罗汉) تەمسىلىگۈچى دەرىجىسىنى تەشەببۇس قىلغان ھىنايانا بۇددىزمىنى ئۆز غېمىدىلا بولغانلىق دەپ ئەيىبلەپ، ئارخاتلىقتىن يۇقىرى بولغان بۇددىھالىق دەرىجىسىنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە بۇ دەرىجىگە ئېرىشمەكتىن بۇرۇن بۇتساتۋا مۇقامىغا ئېرىشىش لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ماھايانا بۇددىزمى كۆپلەپ كىشىنى جەلپ قىلىپ، رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىمۇ، بارلىق جانلىقلارنىمۇ ئازاب دېڭىزىدىن قۇتقۇزۇشنى تەرغىپ قىلىدۇ. كىشىلىككە سەل قاراشتىن، كىشىلىككە ھامىيلىق قىلىشقا ئۆتۈش بۇددىزم قاراشلىرىدىكى چوڭ بۇرۇلۇشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ماھايانا بۇددىزمىدا دىنىي ئەخلاقنىڭ سالماقلىق ئورۇن

ئۇتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ماھايانا بۇددىزمى باشقىلارغا ئىچ ئاغرىتىش ۋە ھېسداشلىق قىلىشنى، يامان ئىشلارنى قىلماي، ياخشى ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى، ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىلەرگىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئويغانغان ئاڭلىق ئادەمنىڭ ئۈچ مۇھىم ئەخلاق ئىدىيىسى دەپ تەلەپ قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ھىنايانا بۇددىزمى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس سۇبيېكت يوق بولسىمۇ، ئوبيېكتىپ دۇنيا مەۋجۇتتۇر دېگەن «ھەممە مەۋجۇت» پەلسەپىسىگە ئاساسلانغان بولسا، ماھايانا بۇددىزمى سۇبيېكتىمۇ، ئوبيېكتىمۇ ھەر ئىككىسى قۇرۇق ( 我法两空 ) دېگەن سونياتا( 空 ) پەلسەپىسىگە ئاساسلانغان. ماھايانا ھەممە شەيئىلەر ساختا كۆرۈنۈش بولۇپ، ماھىيەتتە يوقتۇر (قۇرۇق) دەپ قارايدۇ.

تۆتىنچى، ھىنايانا بۇددىزمى «مەنئى قىلماق، ئىستىقامەتتە ئولتۇرماق، زېھىن قىلماق» دىن ئىبارەت ئۈچ بىلىمنى تەشەببۇس قىلسا، ماھايانا بۇددىزمى ئۇنى كېڭەيتىپ ۋە ئۆزگەرتىپ «ئالتە كىچىك» ( 六度 paramita ) نى تەشەببۇس قىلىشتى. ئۇ تۆۋەندىكىچە:

ساخاۋەت( 布施 ) — تەلەپ قىلغۇچىغا ئۆزىنىڭ جىسمانىي كۈچى، ئەقلىي كۈچى ۋە مالىيە كۈچى بىلەن ئايانماي پىداكارانە ياردەملىشىپ، نامراتلارنى دۇنيا ئازابىدىن قۇتقۇزۇش؛

پەرھىز ( 持戒 ) — بۇددىزم مەنئى قىلغان ھەممە نەرسىدە پەرھىز قىلىش؛

تاقەت( 忍辱 ) — ھەر قانداق كېلىشمەسلىككە يولۇققاندىمۇ دىلى ئاغماي، رەڭگى سارغايماي تاقەت قىلىش؛

پىداكارلىق( 进精 ) — ئوت دېڭىزى، تىغ زەھىرىگە يولۇقسىمۇ، «ئاۋامنى ئازابتىن قۇتقۇزۇش» يولىدا پىداكارانە ئىلگىرىلەپ، چېكىنمەسلىك؛

ئىستىقامەت ( 禅定 ) — يالغۇز ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش ۋاستىسى بولماي، ئىلاھىي ئىقتىدارغا ئېرىشىش يولى. ئىستىقامەتنى خىلۋەتتە ئولتۇرۇپ تىرەن خىيال سۈرۈش بىلەن ئەمەس، بارلىق جانلىقلار ئارىسىدىكى ئەستايىدىل پائالىيەتكە ئايلاندۇرۇپ ئورۇنداش؛

ئەقىل يورگۇزۇش ( 智慧 ) — يالغۇز ئالەمنىڭ قۇرۇقلۇقى ئۈستىدىكى ئويلىنىش بىلەن چەكلەنمەي، مۇھىمى دۇنيا كىشىلىرىنى ئازاب دېڭىزىدىن ئۆتكۈزۈشتىكى ئاسانچىلىقلارنى ئويلىنىشقا قارىتىش.

«بۇ ئالتە كېچىك — سادپارامىتا» ئازاب دېڭىزىدىن ئۆتۈشتىكى ئۆتكەل دېيىلگەن. بۇ ماھايانا بۇددىزمنىڭ دىنى پەلسەپە بىللە يەنە دىنى ئەخلاقنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى، ئۆز ئەقىدىلىرىنى ئاز ساندىكى راھىبلارغا ئەمەس، پۈتۈن بۇددىزم ئېتىقادىدىكى كەڭ جامائەتچىلىككە قاراتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار بارلىق بۇددىزم ئېتىقادچىلىرىنى «بۇتساتۋا» دەپ قارىدى. ئۆز ئىدىيىلىرىنى «بۇتساتۋا ئىدىيىسى» دەپ ئاتاشتى. ماھايانا بۇددىزمى ئۆز قاراشلىرى ۋە تەشەببۇسلىرىغا يارىشا بىر يۈرۈش نوم - سوترا كىتابلار تۈزۈپ چىقىشتى...

5. «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دە دىيارىمىزنىڭ بىباھا ئەڭگۈشتەرى بولغان تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ ۋەيرانچىلىققا يۈزلىنىش جەريانى تارىخىي يوسۇندا خۇلاسىلەنگەن. بۇ ھەقتە ئېلىمىزدىكى تەتقىقاتچىلار ۋە چەت ئەللىك ئىلىم ئەھلىلىرى خېلى كۆپ ماقالە - ئوبزورلارنى ئېلان قىلىپ، تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ خاراب بولۇش سەۋەبلىرىنى سىرتقى ئەللەرگە ئېلىپ كېتىش، قوغداش، باشقۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ياخشى بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەرگە يىغىنچاقلاپ كۆرسەتكەن بولسا، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ مەخسۇس ئەسىرىدە بۇ مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ۋەيرانچىلىققا يۈزلىنىش

سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكىدەك نۇقتىلاردا پاكىتلىق ماتېرىياللار بىلەن ئېنىق شەرھلەپ كۆرسىتىدۇ ۋە مۇنداق يازىدۇ:

1) ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگۈرۈشى بىلەن يۈز بەرگەن خارابلىشىش.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ خارابلىشىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن بىرىنچى ئامىل بۇ خىل ئوبىيېكتلار جايلاشقان بوستانلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي هايات كاتېگورىيىسىدىن چىققانلىقى بىلەن، بۇ خىل ئوبىيېكتلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدىن مەھرۇم بولغانلىقى ھېسابلىنىدۇ.

2) تەبىئەتنىڭ ئاپەت سېلىشى بىلەن يۈز بەرگەن خارابلىشىش.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنىڭ خارابلىشىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر ئامىل سۇ يالاپ كېتىش، ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن يەر تەۋرەش، بوران ـ چاقماق قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەردىن ئىبارەت بولغان. فون لېكوك تۇرپان قاراقوجۇ — ئىدىقۇتتا تېپىلغان بىر كىتاب ھۇجرىسىدىكى كىتابلارنىڭ نەملىشىپ، قولغا ئالغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى يازغاندا «غايەت چوڭ بىر گۆھەر خەزىنىسى بۇ يەردە غايىب بولدى» دېگەنىدى. ھازىرمۇ كۇچار قۇمتۇرا تاشكېمىرلىرى تاغ ئېغىزىغا ياسالغان قىزىل سۇ ئامبىرىدا سۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى بىلەن خارابلىشىش جەريانىنى تېزلەشتۈرمەكتە!

3) ئۇرۇش، بولۇپمۇ «غازات» ئۇرۇشلىرى بىلەن يۈز بەرگەن خارابلىشىش.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنىڭ خارابلىشىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر مۇھىم بۇزغۇنچى ئامىل ئۇرۇش، بولۇپمۇ «غازات» ئۇرۇشىنىڭ ھالاك قىلغۇچى زەربىسىدىن ئىبارەت بولغان. فون لېكوك «جۇڭگو تۈركىستانىدا ساقلىنىۋاتقان گۆھەرلەر» ناملىق كىتابىدا ئىدىقۇت ئەتراپىدىكى بىر دېھقاننىڭ

تام ئارىسىدىن بىر ھارۋا توشقىدەك كونا قولىيازمىلارنى تېپىۋالغانلىقىنى، بىراق موللامىنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ، دەرياغا تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن، دەپ يازىدۇ. دېھقانىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قول يازمىلارنىڭ سەھىپىلىرى ئالتۇن ھەل بېرىلگەن، ھەرخىل رەڭدار رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن. تۇرپان، كۇچار تاشكېمىرلىرىدە ئاتايەن سامانغا ئوت يېقىپ ئىسلاپ تام رەسىملىرىنى قارايتىۋېتىش ھادىسىلىرى يۈز بەرگەن. لېكوكنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردىكى كىشىلەر ئىدىيىسىدە رەسىمدىكى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆزى بىلەن ئاغزىنى ئويۇۋېتىش لازىم، بولمىسا ئۇ كېچىلىرى تىرىلىپ، ئادەم، ھايۋان ۋە زىرائەتكە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، دېگەن قاراش ساقلانغان. بۇ ئىدىيىلەر ھېلىمۇ تۈزىتىلگىنى يوق.

4) نادانلىق ۋە نامراتلىقنىڭ بۇزغۇنچىلىق سېلىشى بىلەن يۈز بەرگەن خارابلىشىش.

شىنجاڭدا مەدەنىيەت ئاسارئەتىقىلىرىنىڭ خارابلىشىشىغا سەۋەب بولىدىغان يەنە ئىككى ئامىل مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ بىرى «كونا ئوغۇت» يىغىش، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش بولسا (ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ قىسلىقى سەۋەبىدىن، ئىلگىرى ئەمەلدار - بايلار ئادەم ياللاپ بۇددا ئېھراملىرىغا تەۋە كۆپلىگەن ياغاچ - تاشلارنى ئەكەتكەن. ئادەتتىكى ئاھالە ئىچىدىمۇ بۇ خىل ئېگىز ياغاچ - تاشلارنى يۆتكەپ كېتىش ھادىسىلىرى بولۇپ تۇرغان. نەتىجىدە تاشكېمىرلەر ئىلگىرىكى پەلەمپەي، سىرتقى كارىدور تۈزۈلمىسىدىن، تۈز يەرگە ياسالغان ئېھراملار لىم - تۈۋرۈكلىرىدىن مەھرۇم بولغان). ئۇنىڭ يەنە بىرى، «گۆھەر ئىزلەش»، «گۆرگە ئوغرىلىقچى چۈشۈش»تىن ئىبارەت.

5) چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ يۆتكەپ كېتىشى بىلەن بولغان خارابلىشىش.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» نىڭ خارابىلىشىشىغا سەۋەب بولغان ئاخىرقى ئامىل سۈپىتىدە چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىدىن سېۋېن ھېدىن، ستەيىن، گرونۋېدېل، فون لېكوك، ئوتانى، پېللىئوت قاتارلىقلارنىڭ غەربىي يۇرتتا ئېلىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيە-لىرىدىن قىسقا مەلۇمات بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ تۇرغۇنلىغان قىممەتلىك يادىكارلىقلىرىمىزنى ئۆز ئورنىدىن يۆتكەپ مەملىكىتىگە ئېلىپ كېتىپ، بۇ خىل گۆھەرلەر ئارقىلىق ئۆز ئىلىنىڭ مۇزېيلىرىنى گۈللەندۇرگەنلىكىنى يازىدۇ.

ئالىم يۇقىرىقى نۇقتىلار ئۈستىدە توختىلىپ، چوڭقۇر ھاياجان بىلەن: «بىز يىپەك يولىدا بىر قانچە قاتلام سىڭىپ كىرگەن مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرى ئۈستىدە يەنە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە مەدەنىيەت قاتلىمى پەيدا قىلغان بۇ سەنئەت مۆجىزىلىرى بىلەن ئۇچراشماي تۇرۇپ، يىپەك يولىنى قايتا ئېچىش بىناكارلىقىغا قانداق ئۇل قويالايمىز؟» دەيدۇ. كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان تەسىرلىك خىتابى ئارقىلىق ئۆز ۋارىسلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا يىراقلىشىۋاتقان بۇ تېمىدىكى پارقىراپ تۇرغان گۆھەرلەرنى كۆرسىتىپ، ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى سەنئىتىگە ۋە باشقا «مەركەز» لىك رولىنى ئويناۋاتقان ئالاھىدىلىكلەرگە سېلىشتۇرۇپ بېقىشقا ئۈندەيدۇ.

6. «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» مۇكەممەل قۇرۇلمىغا ئىگە.

ھەرقانداق بىر ئەسەردە قۇرۇلما بولىدۇ. قۇرۇلمىنىڭ مۇكەممەل بولۇش - بولماسلىقى شۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىش - چىقماسلىقى، ئىپادىلىمەكچى بولغان تېمىنى راۋان، چۈشىنىشلىك يورۇتۇپ بېرىش - بېرەلمەسلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» مۇكەممەل



AltunDa

قۇرۇلما ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكىرنى رەتلىك ۋە سىستېمىلىق ھالدا ئوقۇرمەنلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرەلىگەنلىكى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئۇلگە. كىتاب ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالىمنىڭ مۇشۇ كىتابنى يېزىش جەريانىغا ئائىت 44 پارچە قىممەتلىك رەسىمدىن باشقا 13 باب ۋە مۇقەددىمە، خاتىمىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، كىتاب مەزمۇنىغا ماس ھالدا ئاخىرىدا سوغدىلار ۋە ئۇنىڭ ئىتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا بىر پارچە ئىلمىي ماقالە بېرىلگەن. ھەرقايسى بابلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماۋزۇلار كىچىك بۆلەكلەر ئارقىلىق بايان قىلىنغان. ھەرقايسى ماۋزۇلاردىكى خاس تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان 161 پارچە قىممەتلىك رەسىم كۈچلۈك پاكىتلىق رولىنى ئويناپ، كىتاب مەزمۇنىنىڭ قايىللىق كۈچىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ كىتابى ئارقىلىق غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن خاراب بولغان ماددا ھالىتىنى ئۇنىڭ ھەقىقى روھىي قۇدرىتى بىلەن ھەقىقى چىن تەسۋىرىدە ئۆزىنىڭ قان ـ تەرى ئارقىلىق قايتا تىكلەپ چىقتى! يوقىتىۋېتىلگەن، ئۈزۈۋېتىلگەن سەنئەت تارىخىنى مەنسۇۋى جەھەتتىن ئەسلىگە كەلتۈردى. غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنى دىنىي ئىسكەنجە ۋە ئىلاھىيەت چۈشەكلىرىدىن ئازاد قىلىپ، ئۇنىڭ خاس سەنئەتلىك قىممىتىنى ئەلگە نامايان قىلدى. ئالىمنىڭ بۇ جەھەتتىكى مېھنىتى، كىتابنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىممىتى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە قىممەتلىك. بۇ نۇقتىنى كىتابنى ئەستايىدىل ئوقۇساق ئاندىن بىلىمىز، ئەلۋەتتە.

[ئەسكەرتىش: بۇ بابنى يېزىشتا ئەمەت دەرۋىشنىڭ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى، نىڭ قىممىتى» ناملىق ماقالىسىدىن پايدىلىنىلدى.]



# توققۇزىنچى باب

# ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تارىخى تەتقىقاتى

## — تۆت تادۇ ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىغا نەزەر

يالغۇز ئىلىم ساھەسىدىلا ئەمەس، تېبابەتچىلىك ساھەسىدىمۇ زور تەسىرلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەسىرداش مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا ھەر تەرەپتىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. تۈرك ئېرپانىنى، ئىلمىنى، تېبابەتچىلىكنى ئاسىيادا ئۇيغۇرلار مۇھاپىزەت قىلدى.

— دوكتور ئا. سۈھەيل ئۈنۋەر

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى جەريانىدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تارىخى تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كۆپلىگەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى تەسۋىرى»، «ئېمپېدوكىل بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆت تادۇ قارىشىدىكى ئومۇملۇق ۋە ئالاھىدىلىكلەر توغرىسىدا»، «ئەلقانۇن فىت تىب» ۋە ئۇنىڭدىكى تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى — ئىبن سىنا»، «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ

قەدىمكى تۆت زات قارىشى توغرىسىدا» . . . قاتارلىق ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تارىخى ھەققىدە سىستېمىلىق بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1984 - يىلى ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى تەسۋىرى» ناملىق ماقالىسى ئۇيغۇر تېبابەت تارىخى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بىرىنچى بولۇپ پايدىلىنىدىغان قىممەتلىك ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ قالدى.

ئالىمنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تارىخى تەتقىقاتىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك تۆھپىسى — ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى تۆت تادۇ (تۆت مادا — ئوت، سۇ، تۇپراق، ھاۋادىن ئىبارەت) ھەققىدە مۇكەممەل بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدۇر. ئۇ بىز يۇقىرىدا ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ماقالىلىرىدا ۋە «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ناملىق كىتابلىرىدا تۆت تادۇ ئۇقۇمىنىڭ ھەرگىزمۇ يېقىنقى دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى ئۇزاق تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئىشەنچلىك دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تۆت تادۇ ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئالىمنىڭ تەتقىقاتىنىڭ سېغىلىشىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەتقىقاتىدىن ئۆزگە مەنبەلەر چوڭقۇرلۇقتا ئىگە بولالمىغان. تۆۋەندە بىز ئالىمنىڭ مەخسۇس تۆت تادۇ ھەققىدىكى تەتقىقاتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆز قاراشلىرىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تونۇشتۇرۇپ كۆرسىتىپ ئۆتۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ تېبابەتچىلىك تارىخى تەتقىقاتىغا باھا بېرىپ ئۆتىمىز.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئانىمىزملىق كۆز قاراشلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن تۆت تادۇ ئۇقۇمى زامان - زامانلاردىن بېرى ئىزچىل داۋاملىشىپ مەيلى شامان، مەيلى مانى، مەيلى بۇددا ۋە مەيلى ئاتەشپەرەسلىك ۋە ھەتتا ئىسلام دىنى مۇھىتىدا

بولسۇن، ھامان ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىستېمىلىق، قايىل قىلارلىق ھالدا ئىلمىي سۇپەتتە روياپقا چىقىشى قاراخانىيلار دەۋرىدىلا يېتۈك ئەللامەلەردىن بولغان فارابى، ئىبن سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار تەرىپىدىن تاماملاندى.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن بايقالغان تۆت ماددا — تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت دەسلىپىدە بىر پۈتۈن ئىنسان ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشتەك ئالاھىدە تەرەپلىرى ئارقىلىق مۇھىم بىر ئېتىقاد ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ ئۇلۇغلىنىپ، يازما ۋە ياكى تەسۋىرىي سەنئەت ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن بولسا، كېيىنچە تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەممە مەۋجۇداتلارغا، جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ بارلىققا كېلىشى، ھاياتلىق پائالىيەتلىرى، ساقلىق - كېسەللىك ئەھۋاللىرىغا چەمبەرچاس باغلىنىپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ھەقىقەتەنمۇ تۆت چوڭ ماددا ئىنسانلار تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قۇياش (ئوت) تەبىئەتنى قىزىتىش، نۇر بېرىش ئارقىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرىدۇ. ئاشلىق ۋە دانلارنى پىشۇرىدۇ. بۇنى ئىنسانلار ئىستېمال قىلىدۇ. ھاۋا بولسا پايدىلىق تەركىبى بىلەن ئىنساننىڭ نەپەسلىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. كونا بۇخاراتلارنىڭ ئورنىغا يېڭى ھاۋا بېرىپ، روھنى ئۇلغايتىدۇ. سۇ بولسا، ئىنسان تۈزۈلۈشىنىڭ ئاساسىي ماددىسى بولۇپ، ئۇنىڭسىز ئىنساننى قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس. تۇپراق بولسا، ئىنسان پەيدا بولغان ۋە قايتىدىغان تەبىقە بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئىنسان ئۆزىنىڭ ماكانىغا ئىگە بولالايدۇ، ئۇنىڭدىن چىققان ئوزۇقلۇقلار بىلەن ھاياتنى داۋاملاشتۇرالايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۆت چوڭ ماددا پۈتكۈل دۇنيانىڭ تۈزۈلۈشى، جانلىق ۋە جانسىزلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە

AltunOq

ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىشىنى تەمىنلەپ تۇرغۇچى تۆۋرۈك ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاتاقلىق تىببىي ئالىم، شەرق ۋە غەرب تىبابەتچىلىك تارىخىدىكى يېتۈك شەيگۇل رەئىس (ئالىملار رەئىسى)، پەلسەپە شاھى، تىبابەت سۇلتانى ئەبۇئەلى. ئىبن سىنا ئىنسىكلوپېدىك ئەسىرى «ئەل قانۇن فىت تىب» تا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، تۆت تادۇنىڭ ئىككىسى ئېغىر، ئىككىسى يەڭگىل بولۇپ، يەڭگىلى ئوت بىلەن ھاۋا، ئېغىرى سۇ بىلەن تۇپراقتۇر. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تەبىئىيتى ۋە رولى — خاسىيىتى بولغاچقا، بارلىق جاندارلارنىڭ تەبىئىيتى نورمال ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇلار بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. مۇبادا ئۇلاردىن بىرەرى كەملەپ كېتىدىكەن، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن بۇ تۆت چوڭ ماددىنىڭ تەبىئەتنىڭ بىر پۈتۈن تەڭپۇڭلۇقىنى، جۈملىدىن ئىنسانلار ھاياتىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش جەھەتتىكى ئاجايىپ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان زور تۆھپىلىرىنىڭ بىرى بولغان تۆت ماددا تەلىماتى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋلەردە — يىراق قەدىمكى زامانلاردا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بىزگە پەقەت بۇ ھەقتىكى قىسمەن يازما مەلۇماتلارلا يېتىپ كەلگەن.

تۇپراق — ۋەزىن جەھەتتىن مۇتلەق ئېغىر جىسىم بولۇپ، كەيپىياتى قۇرۇق سوغۇق ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، قۇياشنىڭ ئىسسىتىش، قۇرۇتۇش، سۇنىڭ بىرىكتۈرۈش، پارچىلاش تەسىرلىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق جانلىق ۋە جانسىز شەيئىلەرنىڭ شەكىل، سۈپىتىنى ساقلايدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن سۇنىڭ زىيادە ھۆللۈك تەسىرى ۋە قۇياشنىڭ زىيادە ئىسسىقلىق تەسىرىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ، پۈتكۈل

جانلىقلارغا زۆرۈر بولغان ئوزۇقلۇقلارنى يېتەرلىك مىقداردا ساقلايدۇ. يەنە بەزى نەرسىلەرنى پارچىلاش، پىششىقلاش رولىغا ئىگە بولۇپ، ئەڭ قەدىمكى تاش قوچاقلار، ھەر خىل مۇئەككەل ئوبرازلىرى لايدىن ياسىلىپ، ئوتتا پىشۇرۇش بىلەن تەييارلانغان. تۇز ۋە سۇمۇق تېشى، تۇرلۇك مەدەنلەر ھېكمەتلىك سانالغان. جەسەتلەر قىزىل توپىغا كۆمۈلگەن. ئانا ئۇرۇقى جامائەسى دەۋرىدە ئايال سىيماسىدا لايدىن قوچاق ياسىلىپ مۇئەككەل قىلىنغان. قاش تېشى، كۆك تاش (لازۇرىت تېشى) ، فىرۇزا تېشى، قىزىل بەدەقشان ياقۇتى، قاراشەھەر كۆك تاختا تۇزى، قىزىل سىغىز، گۆگگۈرت قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سېھرىلىق كۈچى بىلەن قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا — توران ئاھالىسىنى مەھلىيا قىلىپ كەلگەن. كېسەل داۋالاش، بەدەننى بوياش، ھەر خىل ھاشاراتلارنىڭ ئاپىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بەدەنگە سىغىزلاي سۇركەش. تېرىقچىلىق، كاھىشچىلىق (كۇلالچىلىق) ، ئۆي ـ قەلئە قۇرۇلۇشى تۇپراقنىڭ «ئانا تەڭرىسى» لىكتىن ئىبارەت مۇستەھكەم ئانىمىزملىق ھۆلىنى بەرپا قىلىشقا سەۋەب بولغان. نەتىجىدە يېڭى يىل — نورۇز بايراملىرىدا كونا يىللىق لاي قوچاقلار توپىغا ئايلاندۇرۇلۇپ، قايتىۋاشتىن يېڭى يىللىق بەخت ھامىلىرى ياسىلىدىغان ئادەت بولغان. ھەتتا ھونلار ھەر يىلى يېڭى يىل بايرىمىدا تەڭرىقۇت ئوردىسىدا شۇنداق بەخت مۇئەككەللىرىنى ياساش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈشكەن. بۇ خىل ھالەتنىڭ ئومۇملىنىشىغا ئەگىشىپ ھەر خىل يازما ئەسەرلەردە تۇپراق (يەر) ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، «تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» دا: «مۇقەددەس يەر ـ سۇ بىزگە مەدەت بېرىدۇ» (غەرب تەرەپ 38 ـ قۇر) ، «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» دا: «ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى

يارىتىلىپتۇ» (شەرق تەرەپ 1 ـ قۇر)، «مۇقەددەس يەر ـ سۈيى مۇنداق دەپتۇ» (شەرق تەرەپ 10 ـ قۇر). «ئۈستىمىزدىكى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمىسە، ئاستىمىزدىكى يەر يېرىلىپ كەتمىسە، دۆلىتىڭلار ۋە قانۇن ـ تۈزۈمىڭلارنى كىم بىتچىت قىلالايدۇ؟» (شەرق تەرەپ 22 ـ قۇر)، «بىلگەخاقان مەڭگۈ تېشى» دا: «مۇقەددەس يەر ـ سۇ» (شەرقىي يۈزى 35 ـ قۇر). «ئاستىمىزدىكى يەر ـ زېمىن ساقلىغانلىقى ئۈچۈن» (شىمالىي يۈزى 10 ـ قۇر). «بايانچور مەڭگۈ تېشى» دا: «تەڭرى ۋە يەر دىدەك ـ قۇللىرىمنى، خەلقىمنى ساقلىدى». «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا: «يۇقىرىدا كۆك تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى، تۆۋەندە قوڭۇر يەرنىڭ بېقىشى بىلەن ئېلىمنى قۇردۇم» (غەربىي يۈزى 3 ـ قۇر)، «تۆۋەندە قوڭۇر يەر» (شەرقىي يۈزى 19 ـ قۇر)، «ئالتۇن يارۇق» دا: «تۆت ئەتراپتىكى يەر ـ زېمىن» (607 ـ قۇر)، «دەل شۇ چاغدا، (تېگىنلەرنىڭ) ئانىسى خانىش شەھەردىكى ئېگىز راۋاقتا يېتىپ، ئۇيقۇدا ناھايىتى يامان چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە، ئەمچىكى پۈتۈنلەي پىچىلىپ كېتىپتۇمىش، ئېزىق چىشلىرى قومۇرۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەنمىش. ئۈچ كەپتەر باچكىسى لاچىن قوغلاپ، بىرسىنى تۇتۇپ كېتىپتۇمىش، قالغان ئىككىسى قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇمىش. مۇشۇنداق چۈش كۆرۈپ ياتقان ئىكەن، يەر تەۋرىشى بىلەنلا چۆچۈپ ئويغىنىپ، غەم ـ ئەندىشە بىلەن (ئۆز ـ ئۆزىگە): «نېمە سەۋەبتىن يەر مۇنچىۋالا قاتتىق تەۋرەيدىغاندۇ؟ دەريا ـ كۆللەر تېشىپ، دەل ـ دەرەخلەر ئىرغاڭلاپ، قۇياش خۇددى (بىر نەرسە يۈزىنى) توسۇۋالغاندەك نۇرسىزلاندى. كۆزۈم، كۆكسۈم تەۋرەپ باشقىچە بولۇۋاتىدۇ. يۈرىكىمگە ئوق ئاتقاندەك سىقىلىۋاتىمەن، ئازابلىنىۋاتىمەن. پۈتۈن بەدىنىمنى تىترەك بېسىپ (كۆڭلۈم) زادىلا تىنچىمايۋاتىدۇ. كۆرگەن چۈشۈمنىڭ يامانلىقىغا قارىغاندا، جەزمەن ئىنتايىن يامان بىر بالايىئاپەت يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ،

دېدى» (620 — 621 ـ قۇرلار) . «ئىككى تېگىننىڭ
ھېكايىسى» دا: «يەرچى[①]سۇچى، كېمىچى بولسا كەلسۇن»
(22 ـ قۇر) . «چاشتانى ئىلىگ بەگ ھېكايىسى» دە: «قوڭۇر
يەر ئىگىسى» ، «بۇ يەردىكى تۇپراق زەررىچىلىرىنىڭ سانى» ،
«بۇ يەر ـ جاھاندا بورخانلىق كۆن تەڭرى ئۆرلەپ چىقىدۇ» .
«مايترى سىمىت» تا: «ھەممە نېمىسى تولۇق يەر» (ئۈچىنچى
بۆلۈم تۆتىنچى ياپراق ‹ب› 1 ـ قۇر) . قەدىمكى ئۇيغۇرچە
شېئىرلاردىن «دالا ناخشىسى» دا: «قاتمۇ ـ قات تاغلاردا» ،
«مەدھىيە پارچىسى» دا: «قاراقۇزغۇندەك تۇپراق ئۈستىدە
قالاي» ، «مانىغا مەدھىيە» دە: «ئىنسانلار دائىم دېگۇدەك،
قايتىدىن دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئۇلار تۇپراق
ئىچىگە كىرگىنىدە (ھېچنېمىنى) بىلمەيدۇ ۋە سەزمەيدۇ» ،
«بۇ تۇپراق ۋە ئىنسانىيەت پۈتۈنلەي گۇمران بولماسمىدى؟» ،
«ساۋاپلىق ئىشلارغا مەدھىيە» دە: «(ئۇنىڭدا) يەر ـ جاھاننىڭ
ئۈمىد ئۇندىن» ، «دانىتپالا» ناملىق بۇددا دىنىغا خاس
رىۋايەتتە: «ئۇ شۇنداق ھەسرەتلىك سۆزلەرنى سۆزلەۋاتقان
چاغدا يەر يېرىلىپ» (154 ـ قۇر) ، «قوڭۇر يەر تىترىدى»
(163 — 166 ـ قۇرلار) ، «جاكاتا» ناملىق رىۋايەتتە: «بۇ
چەكسىز قوڭۇر يەر تىترەپ، ئالتى تۈرلۈك ئوغرىدىن[②]
تەۋرىدى» 91 ـ، 92 ـ قۇرلار) . «پالنامە» دە: «قوڭۇر يەر
يۈزى ياشاردى» (3 ـ قۇر) ، «كۆن تەڭرى يەر تېگىگە پاتتى»
(22 ـ قۇر) ، «تۇپراق ئۈستىگە تۇپراق ئۇندى» (46 ـ قۇر) ،
«قوڭۇر يەردىن بىر چوققا پەيدا بولدى» ، «يەرۇ ـ ئاسمان
تەۋرەشتى» (66 — 67 ـ قۇرلار) ، «ئىدىقۇت شېئىرلىرى»
دا: «قارا تۇپراققا كىرگۈچە مەدەت بېرەرمىز» . «يەر ۋە

① ئۇلار يەرنى مۇقەددەس بىلگەچكە، يول بىلگۈچى، يول باشلىغۇچىنى «يەرچى» دەپ ئاتىغان.
② ئوغرىدىن — بۇ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، ئادەمنىڭ ئالتە سەزگۈ ئەزاسىنى كۆرسىتىدۇ.

سۇنىڭ بەختى بۇزۇلىدۇ»، «ئاممىتا يۇردىيانا سۇترا» دا: «سۇزۇك ۋايتۇرىلىق قوڭغۇر يەر» (100 ـ قۇر)، «تۆۋەندىكى قوڭغۇر يەردە» (194 ـ قۇر)، «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا: «ئاق تاش(نى) ئېلىپ يەر(نى) سىزىپ پال ئاچتى» (36 ـ 37 ـ قۇر). «قۇانشى ئىم پۇسار» (ئاۋاز ئاڭلايدىغان ئىلاھ) دا: «يەر يۈزىدىكى ئازاب چەككەن جانلىقلارنىڭ» 6 ـ قۇر)، «يەر يۈزىدىكى سانسىزلىغان» (9 ـ قۇر)، «يەر جاھاندا سانسىز» (42 ـ قۇر)، «يەر كۆزەتكۈچىسى» (46 ـ قۇر)، «بۇ يەر يۈزى» (101 ـ قۇر)، «يەر يۈزىدە ئەڭ يۇكسەك ئۇنلۇكتۇر» (204 ـ قۇر)، «مانى تۆۋە دۇئاسى» دا: «يەر ۋە ئاسماننى كىم ياراتتى؟ زامان ئاۋۋالدىكى يەر ۋە ئاسمان قانداق قىلىپ كېيىن يوق بولۇپ كېتىدۇ؟» (75 ـ، 76 ـ قۇر) . . . دەپ يېزىلىپ تۆت تادۇ ئىچىدىكى تۇپراق ئالاھىدە گەۋدىلەندۇرۇلگەن.

سۇ ئېغىرلىق جەھەتتىن تۇپراقتىن يەڭگىل، ھاۋادىن ئېغىر بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، نىسپىي ئېغىر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئالەمدىكى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئوزۇقلۇق ماددىلارنى تېگىشلىك ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش، سۇيۇقلاشتۇرۇش، ماددىلارنى ئېرىتىش، ھەرىكەتلەندۇرۇش، ماددىلارنىڭ ئوت (ھارارەت) تەسىرىدىن پارچىلىنىپ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن مۇداپىئە قىلىش، جانلىقلارنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇشى جەريانىدا ھاسىل بولغان كېرەكسىز ماددىلارنى ھەر خىل يوللار بىلەن ئېقىتىپ سىرتقا چىقىرىۋېتىش رولىنى ئۆتەيدۇ. ئورۇن جەھەتتىن تۇپراقنىڭ ئۇستىدە تۇرىدۇ، كەيپىياتى ھۆل سوغۇق بولىدۇ. سۇمۇ خۇددى تۇپراققا ئوخشاشلا قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ ئالەم بىنا قىلغۇچى مۇقەددەس شەيئىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلانغان. سىر دەريا «شىپالىق سۇ» دەپ قارالغان. ئېيتىلىشىچە «تۆتۈكەن»

ئىبارىسى «سۇلۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. قەدىمكى شامان باقشىلىرى ئۆيلەنمەستىن ئۆزىگە «سۇ ئىلاھىنىڭ قىزىنى مەھبۇب قىلىپ، پاكلىقنى يا تۇتىدۇ» دېگەن قاراشلار بولغان. كونا مىران (كروراينا) ۋە رولان خارابىلىرىدىن قاروشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەردە سۇ تىلەش مەزمۇن قىلىنغان مۇناجەتنامە ۋە مۇراسىم قائىدىلىرى يېزىلغان. ئۇيغۇر ۋە ھەر قايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسىدە خۇددى فېيېرباخ «خرىستىئان دىنىنىڭ ماھىيىتى» ناملىق كىتابىدا سۆزلىگىنىدەك: «سۇ تەبىئىي باراۋەرلىك ۋە ھۆرىيەتنى شەكىللەندۈرگۈچى نەرسە، ئالتۇن دەۋرنى ئەكس ئەتكۈچى ئەينەك» بولۇپ قالغان، سۇ توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر بەئەينى تۇپراق (يەر) چۈشەنچىسىگە ئوخشاشلا ئورخون ـ يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا ۋە يۇقىرىدا بىز ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ تۆت تادۇ ھەققىدىكى بىر قاتار ماقالە ـ ئەسەرلىرى ۋە «‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە بىرقەدەر ئەتراپلىق توختالغان بولغاچقا، بۇيەردە ئارتۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرۇشتىن كۆرە، ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى ئەسلىي پېتى كەلتۈرۈشنى لايىق كۆردۇق.

ھاۋا ھەققىدىكى قاراش قەدىمكى نەپەس ۋە ھايات، ھاۋارايى ۋە پەسىل ھەققىدىكى كۆزقاراشلار بىلەن زىچ تۇتىشىپ ئالەم ئامىللىرىنىڭ بىرسى ھېسابلانغان. ھاۋا كۆك تەڭرىسىنىڭ شەپقىتى، ئاتا تەڭرىسى بىلەن ئۇلۇغ ئانا تەڭرىسى يەر ـ سۇ ئارىسىدىكى ئاساسىي ئالاقىچى سۈپىتىدە ھايات، تەقدىر، جەڭ، سەپەر، تىرىكچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا تولىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىلاھى تۈس ئالغان.

«ئۇيغۇرچە تېببىي تېكىست» دە: «شامال تەڭرىسى ئاغرىپ قالسا خىرقىرايدۇ» دېيىلسە، «ئۇيغۇرچە مانى

تېكىستى» دە: «يەنە شامال تەڭرىسى يولغا چىقتى» دېيىلگەن. «ئىرق پۈتۈك» تە بولسا: «يەر قايغۇرسا تەڭرى بۆلۈتلۈق بولدى» دەپ يېزىلغان.

ئوت قەدىمكى ئوتتۇرا، مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى نەزىرىدە يەنە بىر مۇھىم ئالەم ئامىلى ھېسابلانغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غار تۇرمۇش خارابىلىرىدىن تېپىلغان كۆل قاتلاملىرى، تارىم ۋادىسىنىڭ ئۇدۇن قاتارلىق جايلىرىدىن تېپىلغان ئوت يالقۇنى چۈشۈرۈلگەن ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە قىيا تاش ئويمىلىرى، برونزا (تۇچ) قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئافاناسوۋ مەدەنىيىتى، ئاندروپوۋلار مەدەنىيىتى ۋە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000 — 2000 يىللار ئارىسىدىكى قاراسۇقلار مەدەنىيىتى تېپىندىلىرى ئارىسىدىن ئوتنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار ئېلىنغان. ئوتقا ھۆرمەت قىلىش، ئوتقا سىغىنىش، قاپاق كۆيدۈرۈش، ئاي ـ كۈن تۇتۇقلاشقاندا مەشئەل كۆتۈرۈپ شېئىرىي تالاۋەت قىلىش، كېلىننى ئوتتىن ئۆتكۈزۈش، كېسەلنى ئوت بىلەن ئۇچۇغداش، بېشىدىن ئوت ئايلاندۇرۇش، مۇردا چىققاندا چىراغ يېقىش، جىن ـ ئالۋاستىلارنى چاچاتقۇ ئوت بىلەن قوغلاش، ئوت چېچىپ دۇئايى بەنت قىلىش قەدىمكى تۇران ئاھالىسىنىڭ ئوتقا بولغان ئىلاھىي تۇيغۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

كۈن بىلەن ئاي ئوتنىڭ ئىككى مۇقەددەس سىمۋولى دەپ قارالغان بولۇپ، «كۈن تەكرىدىن بولمىش»، «ئاي تەكرىدىن بولمىش» دېگەن سەلتەنەت ناملىرى بىلەن «ئالتۇن ياروق» قا سىڭگۈسەلى تۇتۇك قولى بىلەن يېزىلغان «يېڭى چىققان كۈن تەڭرىدەك»، «يېڭى چىققان ئاي تەڭرىدەك» دېگەن تەسۋىرىي ئىبارىلەر بىر ـ بىرىنى ئىزچىللاشتۇرغان. لوپنۇر بويىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ بىرقانچە چەمبەر قوزۇق قېقىلىپ نۇر

چېچىپ تۇرغان قۇياش سىيماسىدا هازىرلىنىشى، ئالتاي قىياتاش سۈرەتلىرىدىكى قۇياش سۈرىتى ۋە ئوتنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان «卐» تامغىسىنىڭ كۆپ جايلاردا ئۇچرىشى، دالالاردا بىرقانچە چەمبەرتاش تىزىلىپ قۇياش كۆرۈنۈشى هاسىل قىلىنىشى قۇياشقا بولغان سىغىنىشنى گەۋدىلەندۈرگەن.

هون تەڭرىقۇتلىرى ئۆزىنى تەڭرى پەرزەنتى. قۇياش (كۈن) پەرزەنتى هېسابلاشقان. ئۇلار قۇياش كۆتۈرۈلگەندە قۇياشقا، ئاي چىققاندا ئايغا قاراپ ئولتۇرغان. ئاي تولغاندا جەڭگە ئاتلانغان. ئاي قارايغاندا جەڭدىن چېكىنگەن. بەزى تەتقىقاتچىلار «هون» ئاتالغۇسىنى «كۈن» سۆزىدىن كېلىپ چىققان. «كۈنەس»، «كۈنچى» قاتارلىق توپونىمىك ئاتالغۇلاردىمۇ قۇياش ئىبارىسىنىڭ مەنىسى بار، دەپ قارىماقتا.

ئاي بىلەن كۈن، جۈملىدىن ئاسمان جىسىملىرى ۋە هاۋا بىرلىشىپ مۇسبەتلىك يەنە قۇتۇپنى — ئاتا تەڭرىسى — كۈن تەڭرىنى هاسىل قىلغان بولغاچقا، ئورخون - يەنسەي پۈتۈكلىرىنىڭ كۆپلىگەن قۇرلىرىدا كۆك تەڭرىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان.

تۆت زات — تۇپراق، سۇ، هاۋا، ئوت ئىككى چوڭ گورۇپپىغا — مەنپىي قۇتۇپلۇق ( 阴 ) ئانا تەڭرى، ئانا قۇتى يەر، سۇغا ۋە مۇسبەت قۇتۇپلۇق ( 阳 ) ئاتا تەڭرى، ئاتا قۇتى ئوت ۋە هاۋاغا بۆلۈنۈپ قارالغان. «ئالتۇن يارۇق» دىكى: «ئوت بىلەن شامال بىللە بارار»، خەلق ئاغزىدىكى «سۇ بىلەن يەر كۆكۈيۈر»، «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دېگەن سۆزلەر مانا مۇشۇ مەنپىي - مۇسبەت دىئالېكتىكىسىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك «بىلگەقاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزىدىكى 22 -، 27 - قۇرلار بىلەن «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزىدىكى 27 -، 37 - قۇرلاردا ئوت بىلەن سۇ مۇسبەت - مەنپىيلىك ئىككى مۇقەددەس نەرسە

سۇپىتىدە تىلغا ئېلىنغان.

مەلۇمكى، تۆت تادۇ قارىشى ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە ئىزاھلاش ئورۇنۇشلىرىغا ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى تەرىپىدىن قوشۇلغان مۇھىم بىر ھەسسە بولغاچقا، مۇقەررەر ھالدا قەدىمكى ھىندىستاننىڭ «چارۋاقا» تەلىماتىغا، قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ «تۆت فىزىس» قارىشىغا سالماقلىق تەسىر كۆرسەتكەن. ۋەھالەنكى ئۇ، ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى تۈپەيلىدىن گرېك پەيلاسوپى ئېمپىدوكىل (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 490 — 430 - يىللار) ۋە ئارىستوتېللار) مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 484 — 425 - يىللار) نىڭ «تۆت فىزىس» تەلىماتىدىن پەرقلىنەتتى.

ھىندىستاننىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅱ — Ⅳ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ «چارۋاقا» تەلىماتىدا ئوت، شامال، سۇ، تۇپراق ئالەمنىڭ ئاساسىي دەپ ئىزاھلانغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىئانلىرىنىڭ ھىندىستانغا يۆتكىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ كۆز قاراشتىن ئىلگىرى قەدىمكى ھىندىستان يەرلىك ئاھالىسى ئالەمنى ھاۋادىن تەشكىل تاپقان دېگەن قاراشتا بولغان. «چارۋاقا» ئاتالمىسىنى كىشىلەر قەدىمكى مەلۇم بىر مۇتەپەككۇرنىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغان ياكى «چار» يېمەكلىكتىن لەززەتلىنىش. «ۋاقا» سۆز دېمەكلىك دەپ ئىزاھلاپ كەلگىنىدىن قەتئىينەزەر، «چارۋاقا» تۆت جۈملە دېگەن سۆز بولۇشى مۇمكىن، بۇ خىل كۆز قاراش مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ — Ⅳ ئەسىرگە ئائىت «مەنپەئەتدارلىق كىتابى»، «مانۇ قانۇنى»، «رامايانا» داستانىدا تىلغا ئېلىنغان. «رامايانا» دا پادىشاھ خالى ھامىلىغىدىكى دانىشمەن شېپلى چارۋاقا تەلىماتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى ھېسابلانغان. ئۇ تۆت ئامىل بىرلەشكەندىلا ئاڭ پەيدا بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئەمما «چارۋاقا» تەلىماتى ھىندىستاندا ئىزچىل ئەنئەنىگە ئىگە بولالمىدى.

قەدىمكى مىسىر ۋە بابىللىقلار ئالەمنىڭ مەنبەئى سۇ، ھاۋا دەپ قاراشقان.

قەدىمكى شەرق خەلقلىرىنىڭ توپ زات ھەققىدىكى قاراشلىرى گرېك مۇتەپەككۇرلىرى ۋە تەبىئەتشۇناسلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. فالىس (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 624 — 542 ـ يىللار) ئالەمنىڭ توپ مەنبەسى سۇ، ھەممە نەرسە سۇدىن ھاسىل بولغان، ھەممە نەرسە يەنە سۇغا ئايلىنىدۇ، دەپ قارىغان. گرېك تارىخچىسى پولۇ تارىخنىڭ كۆرستىشىچە، فالىس «ھەممە شەيئىنىڭ باش سەۋەبى ۋە ئەمەلىي مەنبەسى سۇ دېگەن قاراشنى مىسىرلىقلاردىن ئۆگەنگەن» دەپ كۆرسەتكەن. قەدىمكى گرېك مۇتەپەككۇرى ئاناكسىمان ھەممە شەيئى ھاۋادىن ھاسىل بولغان دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ ھەتتا تەڭرىلەرمۇ ھاۋادىن پەيدا بولغان دەپ قارىغانىدى. گراكلىت (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 540 — 480 ـ يىللار) ئالەمنىڭ توپ مەنبەسى ۋە ئەسلىي ماھىيىتىنى ئوت دەپ ئىزاھلىغان. ئۇنىڭچە، ئالەم قانۇنىيەت بويىچە ئۆزلۈكسىز يېنىپ ۋە ئۆچۈپ تۇرىدىغان ئوتتىن ئىبارەت.

قەدىمكى گرېكلار پەقەت ئېمپېدوكىل، ھىپپوگرات (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 460 — 377 ـ يىللار)، ئارىستوتېل دەۋرىگە كەلگەندىلا «تۆت فىزىس» كۆز قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن.

شۇ نەرسىنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، گرېك پەلسەپىسىدە سۇ، ھاۋا كۆز قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە قەدىمكى مىسىر، بابىلىيىلىكلەرنىڭ مۇئەييەن تەسىرى بولغىنىدەك، «تۆت فىزىس» قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئوتتۇرا ئاسىيادىن قارا دېڭىز ساھىلى ۋە بالقان ئارىلىنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ بارغان سكەت (سكىف) قەبىلىلىرى ئېلىپ بارغان تۆت تادۇ قارىشىنىڭ تەسىرى بولغان. گرېك تارىخچىسى ھىرىدوتىس

(مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 425 — 484 ـ يىللار) غەربكە كۆچكەن سىكىفلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەنىدى. قەدىمكى مەشھۇر گىرېك دوختۇرى ھىپپوگرات سىكىفلارنىڭ تۆت تادۇ قارىشى ۋە تېبابەتچىلىك تەجرىبىلىرىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىگە ئۇچرىغان. ب. د. پېترووۋ مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، سوۋېت ئىتتىپاقى مېدىتسىنا ئاكادېمىيىسى نەشر قىلغان «تېبابەتچىلىك تارىخى» نىڭ 1 ـ تومىدا ھىپپوگرات ۋە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان سىكىفلار ئارىسىدا ياشىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىدە «ھاۋا، سۇ ۋە تۇپراق» ناملىق ماقالە يازغانلىقىنى تىلغا ئالغان. پېرىكىل پادىشاھلىق قىلغان زاماندا ئافىنادا سىكىف تېبابەتچىلىرىنىڭ ھۆرمىتى يۇقىرى بولغان. ھىپپوگرات «تۆت تادۇ» نى «تۆت فىزىس» ، «تۆت مىزاج» نى «تۆت تېمپېرامېنت» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ «تېبابەتچىلىك ئەقلىيەلىرى» ناملىق ئەسىرىدە سىكىف — ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا تېبابەتچىلىك ھېكمەتلىرى ئىپادىلەنگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەشھۇر تېبابەتشۇناس سۇڭ سىماۋنىڭ (682 — 581) «بىباھا غەيرىي دورا نۇسخىلىرى» ناملىق كىتابىدا غەربىي دىيار تېبابەتچىلىرىنىڭ «ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق» دىن ئىبارەت تۆت تادۇ قارىشىغا ئاساسلىنىدىغانلىقى يېزىلغان بولسا، «سەنخەيجىڭ، غەربىي تاغلار بابى» دا: «غەربىي دىيارلىقلار تۇپراققا تەئەللۇق كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغاندا، سۇغا ئائىت ئۇسۇللارغا ئىلتىجا قىلىپ شىپا تاپىدۇ» دەپ يېزىلغان. فون. لىكوك 1906 ـ يىلى تۇرپاندىن تاپقان كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر مانىي دۇئاسىدا: «يورۇقلۇق بىلەن تۆت تادۇ قوشۇلۇپ ئالەم تەڭرىسى ھورمۇزدانىڭ ئاساسىنى تەشكىل ئەتتى» دېگەن سۆز يېزىلغان. يۇقىرىقىلاردىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى،

تۆت تادۇ تەلىماتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تەرىپىدىن ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ھېچقانداق دەلىل - ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر، خالاس.

ھەرقانداق بىر ئىلىم بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ، تەدرىجىي تەرەققىياتنى بېشىدىن كەچۈرگىنىدەك ئوخشاش تۆت تادۇ تەلىماتىمۇ، بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ، تاكى IX — X ئەسىرلەرگە قەدەر خېلى زور دەرىجىدە سىستېمىلىشىپ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن تېخىمۇ مۇكەممەللىشىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. ئەمما مەخسۇس تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسى بىلەن شوغۇللىنىدىغانلارنىڭ سان جەھەتتىن ئاز بولۇشىدەك بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ ھەقتە ئىلمىي بولغان نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇش تولۇق تاماملانمىدى. بۇ خىل بوشلۇقنى تولدۇرۇش كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدى. تارىخ ھامان ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ قەھرىمان ياراتقىنىدەك، ئوتتۇرا ئەسىر تېبابەتچىلىك تارىخىدا يېڭى - يېڭى تېبىبىي ئالىملار مەيدانغا كېلىپ، كۆپ قېتىملىق سىناق، تەجرىبىلەر ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى، داۋالاش تەدبىرلىرى تېپىپ چىقىلدى. شۇ قاتاردا ئەل فارابى، ئىبنى سىنا، يۇسۇپ خاس ھاجىپتەك يېتۈك زاتلار تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگىنىش، ئۆگىنىش جەريانىدا ئىزچىل ھالدا كېسەللىكلەر ھەققىدە ئىزدىنىش بىلەن بىرگە تۆت تادۇ تەلىماتى ھەققىدىمۇ توختىلىپ ئۆز ئالدىغا ئىلمىي بولغان بىرقاتار كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ يەنىمۇ بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

«ئوتتۇرا ئەسىر ئارستوتېلى» نامى بىلەن ئاتالغان ئۇلۇغ

ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى ئەبۇ نەسىر مۇھەممەت ئىبنى تارخان ئىبنى ئۇزلۇق فارابى (مىلادىيە 870 — 950 - يىللار) ئارىستوتېل پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيا تۆت زات كۆز قارىشىنىڭ كۈچلۈك ئەنئەنىۋى تەسىرىدە ئۆزىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسىگە ئاساس سالغان ئىدى. ئۇ ئارىستوتېلنىڭ «تۆت زات» توغرىسىدىكى رەسمىي پەلسەپىۋى بايانلىرىنى ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى. ئارىستوتېل ئالدى بىلەن تۆت ئاساسىي سۈپەت خۇسۇسىيەت: ئىسسىق، سوغۇق ۋە ھۆل، قۇرۇقلۇقنى «بىرىنچى سۈپەت» دەپ كۆرسىتىش بىلەن، ئۇلارنى ئىككى قارىمۇقارشى گۇرۇپپىغا — ئىسسىق - سوغۇق گۇرۇپپىسى ۋە ھۆل - قۇرۇق گۇرۇپپىسىغا ئاجراتقان. ئاندىن بۇ ئىككى ئاساسىي (بىرىنچى) سۈپەتلىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئوخشىمىغان مىقداردىكى قوشۇلمىسىدىن تۆت زات شەكىللىنىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئارىستوتېلچە، ئىسسىق ۋە قۇرغاقلىقتىن ئوت ھاسىل بولسا، ئىسسىق ۋە ھۆللۈكتىن ھاۋا ھاسىل بولاتتى. سوغۇق ۋە ھۆللۈكتىن سۇ ھاسىل بولسا، سوغۇق ۋە قۇرغاقچىلىقتىن تۇپراق ھاسىل بولاتتى. فارابى بىر ئۆمۈر ئارىستوتېل ئىزىنى بويلاپ ماڭغان ۋە ئارىستوتېل ئەسەرلىرىگە شەرھى يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىلغار كۆز قاراشلىرىنى قوبۇل قىلغان، ئۆزلەشتۇرگەن.

فارابىنىڭ تۆت زات ھەققىدىكى تەلىماتى ئۇنىڭ پۈتۈن ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپىۋى سىستېمىسىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان. ئۇنىڭچە تۆت زات ئالەم مەۋجۇتلۇقىنىڭ تۈپ نېگىزى ھېسابلانغان بىرىنچى ماددا، ئەسلىي زات (سۇبستىرات)

بولۇپ، بۇنىڭسىز ماددا ۋە شەكىل، سۇبستانسىيە[1] ۋە ئاكسىدېنسىيە[2]، مۇقەررەرلىك ۋە مۇمكىنلىك، مەڭگۈلۈك ۋە ئۆزگىرىشچانلىق، سەۋەب ۋە ئاقىۋەت مەسىلىلىرىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. فارابى «پەنلەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە تۆت زات توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئەگەر بىز ئۇنى تۈرگە ئايرىپ بايان قىلساق، ئۇ تۆتلىك شېئىر بولۇپ چىقىدۇ، ئۇلار ئوت، ھاۋا، سۇ ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت. ئۇلار تەھتى سامادىكى سۇبستانسىيىلەرنىڭ ماسسىلىرىنى ھاسىل قىلغان. ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىمۇ تۆت خىل بولۇپ، ئاتاپ ئېيتقاندا ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل ۋە قۇرغاقتىن ئىبارەت، بۇ ئۇلارنىڭ سۇبستانسىيىلىرىنى تاسادىپىلەشتۈرىدۇ، ئۇنىڭدا تەسىر ۋە تەسىرلىنىش پەيدا قىلىدۇ. مۇشۇ تۆت تۈپ ئاساستىن دەسلەپ ئوقۇتۇلىدىغان تۆت پەن (ئارىفمېتىكا، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە، مۇزىكا — ئاپتور) بىلەن تەھتى سامادۇنياسى توغرىسىدىكى پەنلەر كېلىپ چىققان».

فارابىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئېمپېدوكىل، ھېپپوگرات، ئارستوتېللار كۆپىنچە ھاللاردا تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت زات ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان بولسا، فارابى پەقەت مۇشۇ تۆت زات ئۇقۇمى توغرىسىدىلا توختالماستىن، بەلكى يەنە «ساما» دىن ئىبارەت بەشىنچى زات ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «بىلىش لازىمكى، ماددا بەش خىل بولۇپ، ئۇنىڭ ناملىرى تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت ۋە سامادىن ئىبارەت. سامامۇ ئۆز تەبىئىيتى بويىچە ئۇلاردەك ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ، قالغان

---

① سۇبستانسىيە — كونا پەلسەپەدىكى مۇھىم كاتېگورىيىلىك ئىبارە بولۇپ، ئالەمنىڭ ئەسلىي زاتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇ سۈپىتىدە كەڭ قوللىنىلغان ئىدى.

② ئاكسىدېنسىيە — كونا پەلسەپەدىكى مۇھىم كاتېگورىيىلىك ئىبارە بولۇپ، ئالەمنىڭ ئەسلىي زاتى — سۇبستانسىيىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنى، ئالامىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇ سۈپىتىدە كەڭ قوللىنىلغان.

تۆت زاتنى ئارىلاشتۇرۇپ ۋە بىرلەشتۇرۇپ ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ». «گەرچە ئاسمان جىسىملىرىمۇ تۆت زاتتىن تۈزۈلگەن، ئۇلارنىڭ ئۇمۇمىي خۇسۇسىيىتى ماددا ۋە شەكىلدىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، ئاسمان بوشلۇقىدىكى ماددا ۋە جىسىملار ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتىن يەنە تۆت زات ماددىسىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئاسمان بوشلۇقى ۋە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ شەكلى تۆت زات شەكلىدىن پەرقلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۈپەت جەھەتتىن ئورتاق جىسىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇلارنى ئۆچ ئۆلچەملىك دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ». فارابى تىلغا ئالغان ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇقنىڭ «ئۇزۇنلۇق»، «كەڭلىك»، «ئېگىزلىك» خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتەتتى. فارابى ئۆزىنىڭ تۆت زاتتىن تاشقىرى بەشىنچى زاتنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئىزاھلاپ: «سامانىڭ بەشىنچى زات ھېسابلىنىشىغا دەلىل شۇكى، ساما سوغۇقمۇ ياكى ئىسسىقمۇ ئەمەس، ھۆلمۇ ياكى قۇرغاقمۇ ئەمەس، يۇمشاقمۇ ياكى قاتتىقمۇ ئەمەس، روشەنكى، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى بۇ تۆت زاتتىن تاشقىرى بولىدۇ» دەپ يازغان ئىدى. بۇ خىل قاراش فارابى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغان پەيلاسوپ ـ تەبىئەتشۇناسلارنىڭ قاراشلىرىدىن پەرقلىق ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، تارىخ بېتىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئالدى.

بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئەل فارابىنىڭ كۆزى يۇمۇلۇپ توپتوغرا 30 يىلدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى نۇرلۇق چولپان، «ئۇچىنچى ئۇستاز» دەپ شۆھرەت قازانغان تەبىئەتشۇناس مۇتەپەككۇر ئەبۇئەلى ھۇسەيىن بىننى ئابدۇللا ئىبن سىنا (980 — 1037) بۇ دۇنياغا تەۋەللۇت بولدى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ پەنلەر قاتارى تىبابەتچىلىك پېننى زور ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىپ، 10 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ

AltunOq

چىقتان مەشھۇر ئەسىرى، شەرق ۋە غەربتە 600 يىل تىبابەتچىلىك دەرسى قىلىنغان ئېنسىكلوپېدىيە «ئەل قانۇن فىت تىب» تا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىكى تۆت تادۇ ئۇقۇمى توغرىسىدىمۇ توختىلىپ ئۆتۈپ، فارابى كۆز قارىشىنى يېڭىلىدى. ئۇ مەزكۇر ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تەبىئىي ئۇنسۇرلار تۆت، ئۇلارنىڭ تۆتتىن ئارتۇق ئەمەسلىكىگە تەبىئەتشۇناس ئالىملار ئىشەنسۇن، ئۇنسۇرلارنىڭ ئىككىسى يەڭگىل، ئىككىسى ئېغىردۇر. يەڭگىلى ئوت ۋە ھاۋا بولۇپ، ئېغىرى سۇ ۋە تۇپراقتۇر. تۇپراق ئاددىي جىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىي ئورنى ھەممە جىسىملارنىڭ ئوتتۇرىسىدۇر... تۇپراقنىڭ تەبىئىيىتى قۇرۇق ۋە سوغۇقتۇر... سۇ سوغۇق ۋە ھۆلدۇر... ھاۋانىڭ تەبىئىيىتى ... ئىسسىق ۋە ھۆل. ئوت مۇتلەق يەڭگىل... ئۇنىڭ تەبىئىيىتى ئىسسىق ۋە قۇرۇق».

ئىبن سىنا ئالەمنى سۇ، ئوت، تۇپراق ۋە ھاۋادىن ئىبارەت تۆت زاتنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن ھاسىل بولغان؛ ئادەم ھاياتى خاراكتېرى بىر - بىرىگە زىت بولغان ۋە بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان تۆت خىل ھاياتى ماددىنىڭ — تۆت خىلتىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا تايىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىبن سىناچە، سۇ ھۆل سوغۇقلۇقنى، تۇپراق قۇرۇق سوغۇقلۇقنى، ھاۋا ھۆل ئىسسىقلىقنى، ئوت قۇرۇق ئىسسىقلىقنى ئۆزىگە توپ ئالامەت قىلغان. ئۇ بۇ مەسىلىدە ھىپپوكرات، ئارىستوتېل ۋە فارابىغە ۋارىسلىق قىلىپ، «تۇپراق» — زېمىن مەركەزلىك كۆز قارىشىدا چىڭ تۇردى. ئۇنىڭچە، تۇپراق ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئورنى جەھەتتىن ھەممە جىسىملارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ؛ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن سوغۇق ۋە قۇرۇق بولىدۇ؛ سۇ بىلەن ھاۋا تۇپراقنى قورشاپ تۇرىدۇ، سۇ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن سوغۇق ۋە ھۆل بولىدۇ؛ ھاۋانىڭ تەبىئەتتىكى ئورنى ئوتنىڭ ئاستى،

سۇنىڭ ئۇستىدە بولۇپ، تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ئىسسىق ۋە ھۆل بولىدۇ؛ ئوتنىڭ تەبىئەتتىكى ئورنى باشقا زاتلارنىڭ ئۇستىدە بولۇپ، تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ئىسسىق ۋە قۇرۇق بولىدۇ. ھاۋا بىلەن ئوت ئادەم بەدىنىنى دەسلەپكى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان نەپەسنىڭ ئاساسىي سەۋەبى بولۇشى بىلەن بىللە يەنە ئىنساندىكى روھى (پىسخىك) پائالىيەتكە ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭچە: «تۆت زات ۋە ئۇلارنىڭ كۇللىياتى (ئارىلىشىشى) دىن باشقا جىسىم مەۋجۇت ئەمەس»، «ئالەم بىر، ئالەمدىن باشقا ئالەم يوق» ئىدى. ئۇنىڭچە، تەڭرى مۇقەددەسلىكى تېگى ـ تەكتىدىن يەنىلا جىسىملارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت ئىدى.

ئىبن سىنا بۇ كۆز قاراشنى ئىنسان ھاياتىغىمۇ تەتبىق قىلغان. ئىبن سىناچە تۆت زاتنىڭ ئىنسان بەدىنىگە تەسىر قىلىشىدىن تۆت خىلىت — قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدا ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ خىلىتلار داۋاملىق ماددا ئالمىشىش بىلەن يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، خىلىتلارنىڭ ھەرىكەتچان تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ياكى شەرتى ھېسابلىنىدۇ. ئىبن سىنا تۆت زات تەلىماتى ئاساسىدا خىلىتلار فىزىئولوگىيىسى كۆز قارىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ كونكرېت جىسمانىي ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى، تۆت زاتتىن ھاسىل بولغان تۆت خىلىتنىڭ ھەر بىر كونكرېت ئادەمدىكى نورماللىق (ئېتىداللىق) تەڭپۇڭ نۇقتىسى بىر خىل بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇ «مەۋجۇداتنىڭ بۆلۈنۈشى توغرىسىدا رىسالە»، «بىرونى بىلەن ئىبن سىنانىڭ سوئال ـ جاۋابلىرى»، «تېببىي داستان» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىمۇ تۆت زات قارىشى ھەققىدە توختالغان. مەسىلەن، ئۇ «تېببىي داستان» دا مۇنداق مىسرالارنى تۈزۈپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەنئەنىۋى تۆت تادۇ قارىشىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشىدۇ:

بىلسەڭ تىبىبىي نەرسىلەرنى رۇكىن[1]لاردىن،
ئۇلار قارشىسىدىن پەيدا بولۇر بەدەن.
بۇ خۇسۇستا بۇقرات[2]سۆزى توغرا ئېرۇر،
تۇپراق ۋە ئوت، سۇ ھەم ھاۋا مەنبە بولۇر.
بۇڭا دەلىل ـ جىسىم ھالاك بولسا ئەگەر،
مۇقەررەركى تۆت ئۇنسۇرغا قايتىپ كېتەر.
رۇكىنلار بولسا گەر بىر خىل تەبىئەتتە،
كۆرۈنمەيتتى كېسەل ھېچبىر تىرىك زاتتا.

ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە ئىزاھلاش ئىزدىنىشلىرىگە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرى تەرىپىدىن قوشۇلغان مۇھىم ھەسسە بولغان «تۆت تادۇ» قارىشى فارابى ۋە ئىبىن سىنالار تەرىپىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە ئەگىشىپ، ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، مۇتەپەككۇر يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن كلاسسىك پەلسەپىۋى تۈسكە كىرگۈزۈلدى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ — فارابى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى مۇكەممەل قامۇس ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» نى يېزىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ پەننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە نىسبەتەن مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق نامايان قىلدى. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە ئارىستوتېل، فارابى ۋە ئىبىن سىنالارنىڭ تۆت تادۇ ھەققىدىكى پىكىرلىرىگە ياندىشىپ بىر قاتار ئىلغار كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 60 ـ، 143 ـ،

---

① رۇكىن — موجە، ئېلېمېنت، قىسىم.
② بۇقرات — (ھىپپوكرات مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 460 — 377 ـ يىللار) قەدىمكى گىرېك تېبابەتشۇناسى

144 ـ، 145 ـ، 1053 ـ، 3579 ـ، 3725 ـ،
3726 ـ، 4620 ـ، 4621 ـ، 4622 ـ، 4623 ـ،
4625 ـ، 4626 ـ، 4627 ـ، 4628 ـ، 4627 ـ،
4628 ـ، 4629 ـ، 4631 ـ، 4632 ـ، 5866 ـ،
5867 ـ، 5868 ـ، 6006 ـ، 6007 ـ، 6008 ـ،
6009 ـ، 6010 ـ، 6011 ـ، 6014 ـ بېيتلىرىدا تۆت تادۇ، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى، تۆت تادۇنىڭ ئالەم تەرتىپىدە تۇتقان ئورنى، تۆت تادۇنىڭ زىددىيىتى ۋە گارمۇنىك بىرلىكى، تۆت تادۇنىڭ تۆت پەسىل، تۆت مىجازغا مۇناسىۋىتى ھەتتا ئادەمنىڭ چۈشىنى تۆت تادۇ ۋە ئۇنىڭ كونكرېت ئادەمدىكى ھالىتى ئاساسىدا ئىزاھلاش قاتارلىقلارنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ تۆت تادۇ ھەققىدىكى قارىشى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا پەلسەپىۋى بىلىش تارىخىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ ئەڭ نادىر ئۈلگىسى بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

بىرىنچىدىن، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تۆت تادۇ قارىشى ھىندىستاننىڭ «چارۋاقا» تەلىماتى ياكى قەدىمكى گرېكلارنىڭ «تۆت فىزىس» تەلىماتىنىڭ كۆچۈرمىسى بولماستىن، بەلكى ئەڭ قەدىمكى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تۆت تادۇ قاراشلىرىنى ئۆزىگە بىۋاسىتە ئاساس قىلغان.

ئىككىنچىدىن، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تۆت تادۇ قارىشى بويىچە ئالەمنىڭ ماددىي نېگىزى بىر ـ بىرىگە ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان، پارالېل قىممەتتىكى تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت. بۇ خىل خاس كۆز قاراش ئىبن سىنانىڭ «بىرۇنىي بىلەن ئىبن سىنانىڭ سوئال ـ جاۋابلىرى» ناملىق ئەسىرىدە روشەن بايان قىلىنغان. ئىبن سىنا مۇنداق يازغانىدى: «سېنىڭ ھېكايە قىلغىنىڭ بۇ تۆت ئۇنسۇرنى بىر، ئىككى ياكى ئۈچ دېگۈچىلەرنىڭ تەشەببۇسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، مەسىلەن، سالىس (فالىس) بۇ زاتنى سۇ دەيدۇ، فوقلىتىس (گراكلېت)

ئوت دەيدۇ، دىۆزونىس (زىننو) ھاۋا بىلەن سۇ ئوتتۇرىسىدىكى بىر جەۋھەر (سۇبستانسىيە، ئەسلى زات) دەيدۇ. ئاناكسىماندىرىس ھاۋا دەيدۇ. ئاناكسىماندىرىس سەن ھېكايە قىلغان سۆزگە قايىل بولۇپ، بىرىنچى جەۋھەر ھاۋادۇر، ئەگەر ھاۋاغا سۇيۇقلۇق كەيپىياتى تەگسە سۇغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر پەلەكنىڭ ھەرىكەتلەندۇرۇشى بىلەن ھاۋا قىزىدۇرۇلسا ئوتقا ئايلىنىدۇ. . . دەيدۇ»، «نەرسىلەرنىڭ بەزىسىگە ئايلىنىش مەسىلىسىدە سۇنىڭ ھاۋاغا ئايلىنىشىنى مىسال كەلتۈرۈپسەن، سۇ بۆلەكلىرى ھاۋاغا تارقىلىپ كۆزدىن غايىب بولىدۇ، دېيىش خاتادۇر. بۇ پەقەت سۇ ماددىسىنىڭ سۇ سۈرىتىنى تاشلاپ ھاۋا سۈرىتىگە كىرىشىدۇر»، ئەمما، ھاۋادىكى سۇ يەنىلا سۇ بولۇپ، ھاۋا ئەمەس. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقىدىكى تۆت تادۇنىڭ بىر - بىرىگە ئۆزگەرمەيدىغان، پاراللېل تۆت تۈپ زات ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىزچىل ۋە ئالاھىدە قارىشىنى گەۋدىلەندۇرگەن.

ئۈچىنچىدىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېمپېدوكىل، ھىپپوگرات، ئارىستوتېل قاتارلىق گرېك مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ «تۆت فىزىس» قارىشىدىن ئەڭ كەم دېگەندىمۇ ئۈچ جەھەتتىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلار:

(1) ئېمپېدوكىل تۆت فىزىسنى پاسسىپ، ھەرىكەتلەندۇرگۈچى كۈچ تەرىپىدىن ھەرىكەتلەندۇرۇلىدىغان نەرسە دەپ قارىغان. ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى بولسا دەۋر قىلىش خاراكتېرىدىكى بوشلۇقتىكى ئايلانما ھەرىكەت دەپ قارىغاندى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۆت تادۇنى پائال ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭ ھەرىكەت، زىددىيەت، بىردەكلىكنى ئالەمدىن ئادەمگىچە، ماكاندىن زامانغىچە ئومۇمىي خاراكتېرلىك قىلىپ ئىزاھلىدى.

(2) ئارىستوتېل تۆت خۇسۇسىيەتنى — ئىسسىقلىق،

AltunOq

قۇرغاقچىلىق، سوغۇقلۇق، ھۆللۈكنى — تۆت تادۇنىڭ ئالدىغا قويغان، بۇ خىل «تۆت خۇسۇسىيەت» نى «بىرىنچى سۈپەت»، «تۆت فىزىس» — ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراقنى «ئىككىنچى سۈپەت» دېگەنىدى. قارابى، ئىبىن سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئارىستوتېلنىڭ ئەراز (ئاكسىدىنسىيە) نى جەۋھەر (سۇبستانسىيە) نىڭ ئالدىغا قويغان خاتالىقىنى تۈزىتىپ، تۆت تادۇ توغرىسىدىكى ئەڭ مۇكەممەل كۆز قاراشقا ئاساس سالدى.

(3) ئەگەر قەدىمكى گرېك مۇتەپەككۇرلىرى تۆت تادۇ - تۆت فىزىس ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىنى ئىزاھلىغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۆت تادۇ قارىشىنى پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسى، ئىنساننىڭ تەبىئىي ھايات ۋە ھالىتى، جۈملىدىن ئىجتىمائىي ھايات مەسىلىلىرىگە تەتبىق قىلغان. ئۇ تۆت تادۇنى نېگىز قىلغان ناتۇرال پانتېزملىق قاراش ئاساسىدا ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە غايىۋى جەمئىيەت چىرتيوژىنى پىلانلىغان.

(4) يۈسۈپ خاس ھاجىپ، تۆت تادۇنىڭ ئېغىر - يەڭگىللىك سېلىشتۇرمىسى ئاساسىدا ئالەمنىڭ قاتلام تۈزۈلمىسىدە ئېغىرلىقنىڭ مەركەزلىك قارىشىنى — تۇپراق مەركەزلىك نەزەرىيىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تۆت تادۇ قارىشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، پۈتۈن سۇ، ھاۋا، ئوت، زېمىننى مەركەز قىلىدۇ، دېگەن يەر مەركەزلىك نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم مەنبەسى ئىدى. گرېك ئاسترونوملىرى «تۆت فىزىس» نىڭ ئېغىر - يەڭگىللىك قاتلام ھاسىل قىلىشى قارىشى بويىچە يەر مەركەزلىك نەزەرىيىسىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. ۋەھالەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆت تادۇ تۇپراقنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قارىشى يەر شارى ۋە قۇياش، پلانىتلار مۇناسىۋىتىدىكى «گېئوسېنترىزم» (يەر مەركەزلىك) قاراشلىرىدىن كەڭ

ھەجىملىك چۈشەنچە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەس.

ئومۇمەن پەلسەپە، تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە، خىمىيەت پەنلىرى بولۇپمۇ تىبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن تۆت تادۇ قارىشى، تەبىئەتنى تەبىئەت بويىچە ئىزاھلاشنىڭ دەسلەپكى مۇھىم بىر بىلىش قاتلىمىنى ھاسىل قىلغان.

بىز يۇقىرىدا ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تىبابەتچىلىككە دائىر ماقالە - ئەسەرلىرىدىكى تۆت تادۇغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇپ چىقتۇق. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى يەنى نەزەرىيە تەرەققىياتى تارىخىدا ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تۆھپىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك. ئەگەر ئۇ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى بولغان تۆت تادۇ ھەققىدە يۇقىرىقىدەك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يورۇقلۇققا چىقارمىغان بولسا، تىبابىتىمىزنىڭ بۇ تەرەپتىكى تارىخى قوبۇل قىلىنغان تارىخ سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىپ كېتىلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئالىم ئۆشبۇ ئەسەرلىرىدە، يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۆت تادۇ ئۇقۇمىنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى تۆت تادۇ ئۇقۇمىنى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مەھسۇلى دەيدىغان قاراش بار ئىدى.

ئومۇملاشتۇرغاندا، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك تارىخى تەتقىقاتىدا خۇددى باشقا تەتقىقات ئەسەرلىرىدىكىدەك باشقىلار ئاچمىغان بوزنى ئېچىپ ئەڭ ياخشى ھوسۇل بەردى.



# ئونىنچى باب

# ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەت، ئارىيان — سىكتاي — ساك — تۈركىي خەلقلەر تۈركۈمىدىكى مەدەنىيەتلىك خەلق. ئۇلارنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيىتى ۋە قان ئالاھىدىلىكى، تىل ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئېتنوگرافىك تۇرمۇش ئادىتى ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى يىراق تارىخىي قاتلاملىرىنى، تارقىلىش ماسشتابىنى، مىللەت مەنبەسى ۋە ھەر خىل تەركىبلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى، ئەجدادلىرىنىڭ بارلىق مۇنەۋۋەر فولكلورى ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىش سالاھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسىدا: «ئۇيغۇر روھىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق تۇرمۇش مەدەنىيىتىدىكى ئىپادىلىرى ئۇلارنىڭ ياۋروپا مىللەتلىرىدەك ئۆز روھىيىتىنى ئىنسانىنىڭ تەبىئەتكە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۇق قىلىپ ئۇيۇشتۇرغان تەبىئەت تەقلىدچىلىكى ۋە تەبىئەت پەلسەپىسى تىپىدىكى مەدەنىيەتكە تەۋە ئەمەسلىكىنى، يىراق شەرق مىللەتلىرىدەك ئۆز روھىيىتىنى ئىنساننىڭ پادىشاھ ۋە

هوقۇقدارغا بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۇق قىلىپ ئۇيۇشتۇرغان هوقۇق مۇقەددەسلىكى ۋە هوقۇق كىشىلىك قاراشلىرى تىپىدىكى مەدەنىيەتكىمۇ تەۋە ئەمەسلىكىنى، ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيا، جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە غەربىي ئاسىيا مىللەتلىرىدەك ئۆز روھىيىتىنى ئىنساننىڭ ئىلاھىيەتكە، ئىنساننىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۇق قىلىپ ئۇيۇشتۇرغان پانتېئىزىم — تەبىئەت — ئىلاھىيەت — ئىنسانىيەت بىردەكلىكى قاراشلىرى تىپىدىكى مەدەنىيەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ يازغان ئىدى. ئالىمنىڭ يۇقىرىقىدەك قاراشلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۆزىنىڭ دائىرىسى كەڭ بولغان ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر ئېلان قىلغان «نان ۋە تونۇر»، «قەدىمكى كۇسەن كلاسسىك ئۇسسۇلى»، «تۇرپان ئۇزۇمى ۋە تۇرپان شارابى»، «كۇسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى»، «گۈللۈك دوپپا»، «كلاسسىك مەدەنىيەت ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر»، «مەدەنىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئىلمىي قاراش — سىنكېرتىك قاتلام قارىشى توغرىسىدا»، «ئاسىنا مەلىكە ۋە غەربىي يۇرت سەنئىتى»، «سىكتاي — ساك — ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئېتنولوگىيىلىك ئىزچىللىق توغرىسىدا»، «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى غەربىي يۇرت ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى»، «كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي قىممىتى»، «ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى غەربىي يۇرت ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى»، «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مەي مەدەنىيىتى»، «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى»... قاتارلىق ماقالىلىرىدا ۋە نەشر قىلىنغان «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» قاتارلىق كىتابلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرىدىن ئۇچۇر بېرىشنى

ۋە ئۇ ھەقتە مەخسۇس توختىلىشنى باشقا تەتقىقات تېمىلىرى قاتارى چىڭ تۇتقان.

ئالىم تەتقىقات پائالىيىتى جەريانىدا تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قىزىلمىلاردا ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت تېپىلىرى بىلەن ساكلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلاردىن تېپىلغان، شۇنداقلا ساكلارغا تەۋە بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىن قىزىۋېلىنغان ساكلارنىڭ ھەمدەپنە بۇيۇملىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش، تارىخىي مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋردە ھەقىقەتەن تۇرغۇنلىغان ماددىي مەدەنىيەت ئىختىرالىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن ئىكەنلىكىدە شەك يوقلۇقىنى، بۇ ھەقتە مۇبادا سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلسا ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش قەدىمى تېخىمۇ تېزلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

ئالىم «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مەي مەدەنىيتى» ناملىق ماقالىسىدا مەركىزىي ئاسىيادا مەي پائالىيىتىگە ئائىت ئەڭ قەدىمكى يازما مەلۇماتلارنى نەقىل كۆرسىتىشتىن باشلاپ تاكى كلاسسىك ئەسەرلەردىكى مەي تەسۋىرى، تېپىلغان يادىكارلىق بۇيۇملىرىدىكى مەي تەسۋىرى، ھەر قايسى ئەل شائىر ـ ئەدىبلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەي مەدەنىيتى ھەققىدە قالدۇرغان قىممەتلىك خاتىرىلىرى . . . قاتارلىقلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدىكى مەي مەدەنىيتى يىراق قەدىمكى زامانلاردىن بېرى مەيدانغا كەلگەن ۋە داۋاملاشقان بىر پۈتۈن ئېتنولوگىيىلىك مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ ئالاھىدە بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تۇرمۇش قارىشىغا سىڭگەن ئالەم قاراشلىرىنى

ئىپادىلىدى. خەنجەر بىلەن مەي ئالامەتلىرى ھايات ـ مامات ئالامەتلىرى گەۋدىلەنگەن بالىلار، ھەيكەللەر، رەسىملەردە نۇقتىلىق تەسۋىرلەندى. ئۇ مۇسبەتلىك ۋە مەنپىيلىك، جەڭگىۋارلىق ۋە كۆڭۈل ئازادىلىك، مۇھەببەت ۋە نەپرەت قاراشلىرىدىن پىسخىك ئەخلاقىي قاراشلىرىغىچە بىر پۈتۈن زىددىيەتنىڭ بىردەكلىكىنى روشەن كۆرسەتتى. ئۇ، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ كۆپ قىرلىق، كۆپكە سىمۋوللۇق مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدا خاس فولكلور ۋاستىسى بولۇپ كەلدى» دەپ يازسا، «مەركىزىي ئاسىيادا ئىپتىدائىي قۇياش ئېتىقادچىلىقى» ناملىق ماقالىسىنىڭ خاتىمە قىسمىدا: «مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئاھالىسىنىڭ قۇياش ئىلاھچىلىق قاراشلىرى ئۆز تەرەققىياتىدا يۇلتۇز بۇرۇج، مۆچەل كالىندارچىلىق قاراشلىرى ئەنئەنىسىنى؛ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا ئالاقىدار گۈزەل ئەپسانىلارنى؛ ئۇچار ئات ۋە غايىۋى ئىقلىم توغرىسىدىكى خەلق ھېكايە ـ چۆچەكلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتە ھەسسە قوشتى. ئۇ يەنە ئېتنىك مەنىدىكى ھەر خىل نەقىش، زىبۇزىننەتكە ئائىت بۇيۇملىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى» دەپ يېزىش ئارقىلىق، يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقات پائالىيىتى جەريانىدا سەل قارالغان مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىخلىرى ھەققىدىكى يۈزەكىلىكلەرنى تۈزىتىشنىڭ يىپ ئۇچىنى تېپىپ بەردى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى غەربىي يۇرت ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخى ئۇچۇرى»، «ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى غەربىي يۇرت ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخى ئۇچۇرى»، «سىكتاي — ساك — ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئېتنولوگىيىلىك ئىزچىللىق توغرىسىدا» ناملىق ماقالىلىرى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سەنئەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەبى

تارماق مەدەنىيەتلەر ھەققىدىكى ئەڭ ئىخچام، ئەڭ مېغىزلىق، ئەڭ ئىشەنچلىك پاكىتلارنى ئۆزىدە تولۇق ھازىرلىغان بولۇپ، بۇ ماقالىلارنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىدىغان بولساق بۇ ھەقتە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

بۇيەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئالىم ۋاپات بولۇشتىن بىر يىل ئىلگىرى يازغان «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى يىلتىز داشلىقى، مەدەنىيەت قاتلاملىرى ئىنتايىن مېغىزلىق بايان قىلىنغان. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىدىن زور كۆپچىلىكى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ماقالىدىكى بايانلار ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىدىن قىسقىچە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇيغۇر تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ۋە ياكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى يېزىشتا دەسلەپكى تىزىسلىق رول ئوينايدۇ. بىز ئالىمنىڭ مەزكۇر ماقالىسىدىكى ئاچقۇچلۇق بايانلارنى كۆرۈپ باقايلى: «ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيا تىپىدىكى قەدىمكى قەبىلە ۋە خەلقلەردىن تەشكىل تاپقان. جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى ئۇلارنىڭ مىللەت مەنبەسى توغرىسىدا كۆپ ئىزدەندى. ئۇلار مىلادىيىدىن 2000 — 3000 يىل ئىلگىرى شىمالىي ئالتاي دالىسىدىكى ئاندرونوۋ — مىنوسىنىك رايونلىرىدا ياشىغان. ئارى (ئاريان) قەبىلىلىرى، سىكتاي — ساك خەلقلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئاسىياچە ئاق جىنسلىق (ئاق تەنلىك) ئەجدادلىرى دەپ قاراشماقتا. قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ باش سۆڭەك ئانالىزى، قان تىپى، قەدىمكى ئاريان — سىكتاي — ساك ئەپسانە فولكلورى، كىيىنىش ۋە مۇزىكا، ئۇسسۇل، بايرام، سەيلە ـ مەرىكىلىرى بۇ مۇھاكىمىگە كۈچلۈك ئىسپات ھازىرلاپ بەردى. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ ئاريان — سىكتاي — ساك خەلقلىرىنىڭ يىراق ئەۋلادى،

تۈركىي تۈركۈمىنىڭ يىقىن ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەت، ئارىيان — سىكتاي — ساك — تۈركىي تۈركۈمىدىكى مەدەنىيەتلىك خەلق. ئۇلارنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيىتى، مىللىي ئېتنوگرافىك تۆرمۇش ئادىتى ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى يىراق تارىخىي قاتلاملىرىنى، تارقىلىش ماسشتابىنى، مىللەت مەنبەسى ۋە ھەر خىل تەركىبلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى، ئەجدادلىرىنىڭ بارلىق مۇنەۋۋەر فولكلورى ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىش سالاھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن، ھەممە شەرتلىرى مۇكەممەل ئېتنولوگىيىلىك مىللەت ئىكەنلىكى شۈبھىسىزدۇر. ئۇيغۇرلار تارىخى ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتى بۇ ھۆكۈمنى ھەر تەرەپلىمە ئىسپاتلايدۇ.»

گەرچە ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن پۈتكۈل ئىجادىيەت ھاياتىدا يازغان كىتاب، ماقالە، شېئىر، نەسرلىرىدە ھامان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن مەخسۇس بۇ ھەقتە چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ئەسەر يازمىغان. چۈنكى، مېنىڭچە ئالىم ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئىجاد قىلغان ئەسەرلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ھېچكىم قەلەم تەۋرەتمىگەن، تەۋرەتكەندىمۇ چوڭقۇرلۇقتا يۇزلىنەلمىگەن تېمىلاردۇر. ئەمما مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدىكى تېمىلار بولسا تازا چوڭقۇر بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا خېلى ياخشى يېزىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. ھەتتا مەخسۇس بىر قانچە يىل ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانلارمۇ مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا ئالىم باشقىلار جۈرئەت قىلسا يېزىش ئىمكانىيىتى بولغان تېمىلار ئۈستىدە مەخسۇس توختالماي، ئەسەرلىرىدە پارچە بايان ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يەنى مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ

تەتقىقاتىدا سەل قارالغان تەرەپلەرنى تولۇقلاپ ماڭغان. ئېيتقانلىرىمىز گەرچە بەزىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىن تولۇق ئۆتمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئالىمنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىقمىدىغان بولسا، سۆزىمىزگە قايىل بولمىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئاخىرىدا شۇنى قەيت قىلىش زۆرۈركى، مۇبادا ۋاقىت، شارائىت يار بېرىپ بىز ئالىمنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ ئوقۇپ چىقىپ، ھەر بىر ئەسىرىدە ئۇچرىغان مەدەنىيەت دېتاللىرىنى خاتىرىلەپ ئاخىرىدا بىرلىككە كەلتۈرىدىغان بولساق، خېلىلا مۇكەممەل بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى ئوقۇشلۇقىنى ۋۇجۇتقا چىقىرالىشىمىز تامامەن مۇمكىن.

AltunOq



# ئون بىرىنچى باب

# يىپەك يولى تەتقىقاتى

«يىپەك يولى» تەڭرىتاغلىقلارنى ئاددىيغىنا تېرىقچى ۋە ھۈنەرۋەن، يەرلىك تىجارەتچى ئەمەس، بەلكى خەلقئارا سودا تىجارەت ماھىرلىرىدىن قىلمىغان بولسا، خوتەن، يەكەن، قەشقەر، كۈسەن، لوپنۇر، شورچۇق، قوچۇ بۇددا تاشكېمىرلىرىدەك تولىمۇ پۈلپەز سەنئەت سارايلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

— ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، كىتابىمىزنىڭ مۇشۇ بابىغا كەلگەندە بەلكىم سىز ھازىرغىچە خېلى كۆپلىگەن كىشىلەر يىپەك يولى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان تۇرسا، بۇ ھەقتە يەنە ئايرىم توختىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

سىزگە مەلۇم، ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان يىپەك يولى تەتقىقاتى بىلەن تونۇشۇپ چىققان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكىدە يىپەك يولىنىڭ تارىختا ئوينىغان ئاجايىپ رولى، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن باشقا ئەل مەدەنىيىتىنىڭ ئۆتۈشۈشىگە كۆرسەتكەن تەسىرلىگۈسىز ئارتۇقچىلىقلىرى ھەدەپ تىلغا ئېلىنغان. ئەمما ئۇنىڭ خارابلىشىشقا يۈزلىنىش تارىخى ۋە قايتىدىن يېڭى يىپەك يولى ئېچىشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى ھەم بۇ

جەھەتتە قىلىدىغان تەييارلىقلار ھەققىدە تەپسىلىي مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىلمىغان. لېكىن ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن يىپەك يولى تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان «يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنگۇشتەرىنى قايتا تېپىۋېلىش»، «ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ يىپەك يولىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى»، «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ»، «يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى»، «يىپەك يولىدىكى يېڭى سەھىپە ۋە تۆگە قۇشى روھى»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»، «يىپەك يولى تەتقىقاتىدىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەسىلىلىرى»، «يىپەك يولى ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات»، «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» . . . قاتارلىق ماقالىلىرىدا ئوبرازلىق تىل ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى ئېلىپ كەلگەن بېكىنمىچىلىك بىلەن يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ئېلىپ كەلگەن گۈللىنىش مەنزىرىسىنى تەپسىلىي سۈرەتلەپ بەرگەن.

ئالىمنىڭ يىپەك يولى تەتقىقاتىدىكى ئەسەرلىرىدىن «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە ئالىمنىڭ يىپەك يولى تەتقىقاتىغا قىزىققۇچىلار مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئېلان قىلىنغان «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ناملىق ماقالە يېزىلىش ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچە، ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنىنىڭ يېڭى بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن يىپەك يولى تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ماقالە يىپەك يولىدىكى يول ۋە سىرتقى تىجارەت؛ ھۈنەر ـ سەنئەت مەدەنىيىتى؛ تەبىئەتنى بىلىش ھېكمىتى؛ تېبابەت ھېكمىتى؛ ناخشا ـ ئۇسسۇل ھېكمىتى؛ تەسۋىرىي سەنئەت مۆجىزىسى؛ تىل ـ ئەدەبىيات خەزىنىسى؛ مېھماندوستلۇق گۈلشىنى؛ يىپەك يولى مەنىۋى

مەدەنىيىتىنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرىدىن ئىبارەت توققۇز بۈيۈك خەزىنىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇلارنىڭ تەپسىلاتى، يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى ۋە ئېچىلىشىنىڭ كۆرسىتىدىغان تەسىرى قاتارلىقلار ھەققىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق «يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، مۇھىمى، قەدىمكى يىپەك يولىدا قارار تاپقان توققۇز مۆجىزىدار ھېكمەتنى قايتا ئويلاش ۋە يېڭى يىپەك يولى جاۋاھىراتلىرىنى بەرپا قىلىشتا.» دەپ خۇلاسە چىقىرىپ، يىپەك يولى بويلىرىدا ياشاۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇرنى يۇقىرىقى توققۇز ھېكمەتنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش ۋە شۇ ئاساستا گۈللەنگەن يىپەك يولى ئارقىلىق خارابلىققا ئايلىنىۋاتقان مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئاتا ـ بوۋىلار ياراتقان يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى ئەۋلادلارغا يەنىمۇ بېيىتقان ھالدا «مىراس» قالدۇرۇشىمىزنى تەۋسىيە قىلىدۇ. دېمىسىمۇ ئالىم تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن توققۇز ھېكمەت تارىم مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسىي ھۇللاردىن ئىبارەت. مۇبادا ئاشۇ خاسىيەتلىك توققۇز سانىغا مۇجەسسەملەنگەن ھېكمەت دۇردانىلىرى ئەسلىي ھالىتىنى يوقىتىپ بىر پۈتۈنلۈكنى يوقاتسا، يىپەك يولىنىڭ قايتا خارابلىشىشىنى كۈتمەي ئامال يوق. شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم بىرلىكىنى ھەر ۋاق ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز زۆرۈر.

ئالىم «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» ناملىق ماقالىسىدا: «يىپەك يولىنى ‹جاھاننامە› قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆز ـ ئۆزىنى كۆرۈش، يىپەك يولى ئۇلىغا كۆمۈلگەن تېپىشماقلارنى يېشىپ، ئۇنىڭدىن ئەقىل ـ چىرىغىنى يېقىش ئۈچۈن خەلقىمىزگە ئىككى نەرسە كېرەك. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، تارىخىي ئېپتىخار ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئىشەنچتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، تارىخىي خاراكتېرلىك نومۇس تۇيغۇسى ۋە ئۇنىڭدىن يارالغان

جاسارەتتىن ئىبارەت. قەدىمكى يىپەك يولىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ۋە يېڭى يىپەك يولى بوسۇغىسىدا تەمتىرەپ تۇرغان خەلق ئۈچۈن بۇ ئىككى روھىي زىلزىلىنىڭ ھېچ بىرىمۇ كەم بولماسلىقى كېرەك. روشەنكى، ئىپتىخار تۇيغۇسى بولمىغان قەلبتە نومۇس ئېڭى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ۋەھالەنكى، نومۇس ئېڭى ھەقىقىي ئىنسانىي ئىپتىخارنىڭ بىرىنچى ئىستىھكامىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىكى، ئالىم يىپەك يولى تەتقىقاتىدا ھەرگىز يىپەك يولىنىو تارىختىكى شۆھرىتىنى سۆزلەشنى ئاساس قىلماي، ئەكسىچە يوقالغان ئاشۇ شۆھرەتنى قانداق قىلغاندا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. ئۇ يىپەك يولى تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان باشقا ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرىدۇ. مەسىلەن. «يىپەك يولىدىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەسىلىلىرى» ناملىق ماقالىسىدا: «يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ئالدى بىلەن خەلقئارا سودا ۋە پۇل مۇئامىلىسىنى ئاساس قىلغان قىزغىنلىق بىلەن باشلىنىدىغانلىقى تەبىئىي. ئەمما، ئۇ ئۆز تەرەققىياتىدا ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، مەنىۋى كامالەت تەلەپلىرىنىڭ تارىخىي تەقەززاسىنى داۋاملىق، بىر قانچە ئەۋلاد ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ خەلقلەر باراۋەرلىكى، ئۆزئارا مەنپەئەتدارلىقى، ھەمكارلىق ۋە ئورتاق گۈللىنىش ئاساسىدا ئىنسانىيەت تارىخىنى ئورتاق ئىقتىسادىي گەۋدە ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە باشلىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

بۇ ھال بىزدىن ‹يىپەك يولى ۋە مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتى› ئۈستىدە ئىلگىرىكى ئارخېئولوگىيىلىك، ئانتروپولوگىيىلىك، سەنئەت، سىلىشتۇرما ئەدەبىيات، سىياسىي، تارىخ نۇقتىلىرىدىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا، ئومۇملۇقنى، ئەڭ بولمىغاندا بىر قاتار ئىنسانىيەت

مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەسىلىلىرىنى ئورتاق ھەل قىلىشنى، بۇ جەھەتتە دىنىي، جۇغراپىيىۋى، ئىرقىي، سىياسىي، تەپەككۇر قېلىپى بىر تەرەپلىمىلىكلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىلىمگە، دۇنياغا ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىدىغان ئورتاق تىلغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ» دەپ يازسا، «يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى» ناملىق ماقالىسىدا: ‹يىپەك يولى› نىڭ قايتا ئېچىلىشى ئىقتىساد بىلەن مەدەنىيەتنىڭ، مەنپەئەت بىلەن ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ بىللە راۋاجلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ» دەپ يېزىپ ئۆز تەتقىقاتىنىڭ يىپەك يولى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقاتىدىن روشەن ھالدىكى ئۆزگىچىلىكنى نامايان قىلىدۇ. دېمىسىمۇ، يىپەك يولىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى تەتقىقاتتا چوقۇم ئالىم تىلغا ئالغان يۇقىرىقىدەك تەرەپلەر ئۇستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئالىمنىڭ يىپەك يولى ھەققىدىكى باشقا ماقالە ـ ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ خىل تەرەپ ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى ئارقىسىدا نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئەنئەنىسىدىن بىر پۈتۈن ئەنئەنە سۈپىتىدە ئايرىلىپ قالغانلىقىمىزنى ھەممە بىلىشى ۋە ئېنىق شۇنداق قاراش تىكلىشى زۆرۈر. دەرھەقىقەت، ئېسىل ئەنئەنىمىز دەل مۇشۇ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئەنئەنىسى ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە قايتىۋاشتىن يىپەك يولىنى گۈللەندۈرۈش، يىپەك يولىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى باھارىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈنمۇ يەنىلا نەزەرىيىۋى تەپەككۇرغا موھتاجمىز» دەپ يېزىپ يېڭى باھارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر بىلەن قوراللىنىشىنىڭ تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشى ئالىمنىڭ «ئىزچى» لىق خاراكتېرىنى ھەقىقىي يورۇتۇپ بېرىدۇ.



ئالىم 1953 - يىلى شىئەندە

# ئون ئىككىنچى باب

# شېئىر ئىجادىيىتى

قەبرە تېشىمغا شائىر دېگەن سۆزنىڭ ئويۇلۇشىنى ئۈمىد قىلمايمەن.
خەنجەر ۋە دوبۇلغا قويۇپ قويۇلسىلا بولغىنى.

— ھېنرىخ ھېينى[①]

## 1. قىسقىچە بايان

«شېئىرىيەت — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن، سالماقلىق ئورۇن ئىگىلىگەن، ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى بەدىئىي ژانىر. ئۇيغۇر خەلقى ئاجايىپ رەڭدار ئېغىز ئەدەبىياتى چەشمىلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۆلگىلىك كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسى، تەرجىمە ئەدەبىياتى ماھارىتى ۋە يېڭى ئەدەبىيات دۇردانىلىرى بىلەنمۇ ئېپتىخارلىنىشقا ھەقلىق. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق ئۆركەشلىك ئېقىمىدا پەلسەپە، ھېكمەت، ئىلىم، تىبابەت، تارىخ ۋە تەلىم - تەربىيە ئۈنچىلىرى ئۆزگە لايىق شېئىرىي تۈستە گەۋدىلىنىپ كەلگەن. مەلۇم مەنىدە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى ئۇيغۇر خەلقى مەۋجۇدلۇقىنىڭ مەنىۋى تىنىقى،

---

① «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1988 - يىل نەشرى، 51 - بەت.

ئۇيغۇر خەلقى هايات سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئىنتىلىشچان تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئوبرازچانلىق بىلەن شۆھرەت تاپقان بەدىئىي پاۋىلىئونى دېيىش مۇمكىن»①.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئاپرىنچۇرتېكىن، كى كى، پراتيا ياشىرى، چىسۇيا تۇتۇڭ، قالىم كەيشى، بۇيان قاياقال، سىلىغ تېگىن، ئاتساڭ، فارابى، ئىبن سىنا، يۇسۇپ خاس هاجىپ، خوجائەخمەت يەسسەۋى، ئەخمەد بىننى مەهمۇد يۈكنەكى، مازۇچاڭ، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، نەۋائىي، ئايازبېك قوشچى، سەئىدخان، ئابدۇرەشىدخان، ئامانىساخان، قىدىرخان، خىرقىتى، خاراباتى، ئەرشى، زەلىلى، نۆبىتى، موللائەلەم شەهيارى، موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى، مۇهەممەد سىدىق بەرشىدى، قوسۇرى، قەلەندەر، مەهزۇن خوتەنى، موللا نىيازقارى سابىرى، ئابدۇرەھىم نىزارى، تۇردى نازىم غەربى، نىيازى، گۇمنام، تەجەللىي . . . قاتارلىق كلاسسىك ئەدىبلىرى ۋە ئابدۇقادىر داموللام، شەمسىدىن داموللام، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، نىمشېھىت، لوتپۇللا مۇتەللىپ، ئابلىز مەخسۇم، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىبراھىم تۇردى، تېيىپجان ئېلىيوف، ئەھمەد زىيائى، ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇشۈكۈر مۇهەممەتئىمىن، هاجى ئەھمەت كۆلتېگىن، روزى سايىت، قۇربان بارات، مۇهەممەتجان راشىدىن، بوغدا ئابدۇللا، ئارسلان، ئوسمانجان ساۋۇت . . . قاتارلىق هازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان شائىرلىرىنىڭ قان ـ تەر سىڭدۈرۈشى نەتىجىسىدە بۈگۈنكى دەۋرگىچە يېتىپ كەلدى. ئۇ هەرقايسى دەۋرلەرنىڭ ئالمىشىشى، كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزىدە دەۋرگە، كىشىلەرنىڭ ئارزۇ ـ

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇهەممەتئىمىن: «شېئىرىيىتىمىزگە ئائىت بىر قانچە ئىستېتىكىلىق مەسىلە توغرىسىدا»، «تارىم» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىل 1 ـ سان، 110 ـ بەت.

ئېھتىياجىغا ماسلاشقان خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى مۇجەسسەملىگەن شېئىرىيەت بولۇپ تەرەققىي قىلدى. «تەڭرىنىڭ سۆزچىسى» (پلاتون)① دەپ ئاتالغان شائىرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ «خەلق روھىيىتىنى قەغەزگە سىزىش» تىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچىنى ھەردائىم ياخشى ئورۇنلاپ، ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ روھىي ھالىتىنى، خاراكتېرىنى، دۇنيا قارىشىنى، قىزىقىشىنى. . . ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان كۆپلىگەن ئەدىبلىرىمىز چۇچۇك، يارقىن مىسرالىرى ئارقىلىق خەلق قەلبىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى. ئەنە شۇلار قاتارىدا ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن قىسقىغىنە ئىجادىي پائالىيىتى داۋامىدا مەخسۇس شېئىر يېزىش بىلەنلا شوغۇللانمىغان بولسىمۇ، ئەمما سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۇچۇن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭ كىتابخانىلارغا تەقدىم قىلغان 2000 پارچىگە يېقىن شېئىرى (مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ئا) قىممىتى مەڭگۈ يوقالمايدىغان بىباھا مەدەنىي بايلىق قاتارىدا كېيىنكى ئەۋلادلارغا «مىراس» قالدى. بۇ «مىراس» لارنىڭ قىممىتىنى تولۇق تونۇپ، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن جەۋھەرلەرنى ئايرىپ چىقىش ھەربىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. چۈنكى ھەرقانداق بىر يېڭى شەيئى بارلىققا كېلىشتىن ئاۋۋال ئىلگىرىكى شەيئىلەرنى ئۆزىگە مەنبە قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئىلغار تەرەپلەرنى قوبۇل قىلىپ، ناچار تەرەپلەرنى شاللىۋېتىش ئارقىلىق يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تىگى ماھىيىتىدىن

① يۇقىرقى ئەسەرنىڭ 118 ـ بېتىگە قاراڭ.

ئېلىپ ئېيتقاندا شائىر ئەمەس، بەلكى دۇنياغا تونۇلغان ئالىم. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ئىنسانىيەتكە تونۇتقان ئىستىداتلىق تەتقىقاتچى، ئۇنىڭ بىزگە تەقدىم قىلغان 2000 پارچىگە يېقىن شېئىرى «ئۇستەل ئۈستىدە شائىرانە ئوبراز بىلەن يېزىلمىغان، ئۇ كوچىلاردا، هارغىن ئەمگەكتىن كېيىن، ئەۋرەز يولىدىن چىقىپ هاقارەت ئۆتكەندە، بىرەر خاتىرە ئورنىغا بېرىشتىن بۇرۇن، ماشىنىدا، ئويغىنىپ كەتكەندە يېزىلغان ‹سەرگەردان› شېئىرلار»[①]بولسىمۇ، ئەمما ئۇ هەقىقىي ئىجادىيەت سوروۇنى هازىرلىغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن كۆپلىگەن شېئىرلارغا قارىغاندا يەنىلا يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى «سەرگەردان» شېئىرلار دەپ قارىماستىن، شېئىرىيەت تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلمىدىغان بولساق، ئۇ شېئىرلاردا ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ــ پاراستى، پەن ــ مەدەنىيىتى، تارىخى، دۇنيا قارىشى . . . قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلارنىڭ جايىدا قوللىنىلغان مەجازى ۋاستىبلەرنىڭ ياردىمى بىلەن روشەن هالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ئالىمنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى 1940 ــ يىللىرىنىڭ ئاخىرى باشلانغان بولۇپ، 1995 ــ يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە ۋەزنى مىڭ پاتمان كېلىدىغان كۆپلىگەن «سەرگەردان» شېئىرلارنى يازغان، ئۇ گەرچە شائىر بولمىسىمۇ، ئەمما ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىش ئارقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈن خالىس تۆهپىلەرنى قوشتى. يالغۇز ئىجاد قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى ئىجادىيەتچىلەر ئۈچۈنمۇ ياخشى ئىزدىنىش يوللىرىنى ئىچىپ كۆرسىتىپ بېرىپ: «مەن شائىرلارنىڭ مۇتەپەككۇر بولۇشىنى ۋە بۇ ساهەگە

① ئا. مۇھەممەتئىمىن: «تۆمۈر تەلقىنلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1997 ــ يىل 1 ــ سان، 14 ــ بەت.

قىزىققۇچىلارنىڭ كەمرەك بولۇشىنى، ئالىي ماقاملىق كەسپىي شائىرلاردىن باشقىلىرىنىڭ پەلسەپە، قانۇن، ئىقتىساد، تەبىئىي پەن، تىبابەت، ماشىنىسازلىق، تېخنىكا پەنلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئاساسىي ئىقتىدار ۋە تۆھپىكارلىق ئورنىغا قويۇشىنى، رەڭلىك شار قويۇۋېتىش ۋە ساليوت زەمبىرىكى ئېتىشنى ئاساس قىلىۋالغان مەيخانا ئىشىكىدىكى قىزىل كاستيوملۇق «خوش كەلدى جانان» بولۇپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن» دېيىش ئارقىلىق، ئىككى مىسرا شېئىر تۈزۈۋېلىپلا ئۆزىنى «شائىر» ئاتىۋالغان بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىجادىيەتچىلەرگە خاس خاراكتېر يېتىلدۈرۈشىنى تەۋسىيە قىلدى.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن شېئىرىيەت ئىجادىيىتى جەھەتتە شېئىرىيەتنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىدا كىشىنى قايىل قىلارلىق ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى بەرگەن بولغاچقا، شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ھەققىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى بىر سىستېما، غەزەللىرىنى بىر سىستېما، تۇيۇق ۋە تەجنىسلىرىنى بىر سىستېما، رۇبائىيلىرىنى بىر سىستېما، شېئىرىي رومان (تارىخىي قىسسە) نى بىر سىستېما قىلىپ ئۆگىنىش، تەھلىل ـ تەتقىق قىلىش زۆرۈر. چۈنكى ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىمۇ كۆپ خىللىققا ئىگە بولغاچقا، شېئىرىيەتنىڭ ھەرقايسى تۈر ـ ژانىرلىرىدا يېزىلغان ئەسەرلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن. بۇنداق ئىنچىكىلىك ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى شېئىرلارنى ئايرىم ـ ئايرىم سىستېمىلارغا بۆلۈپ ئۆگىنىش، تەھلىل ـ تەتقىق قىلىش ئارقىلىقلا تېخىمۇ كونكرېت كۆرسىتىپ بەرگىلى ۋە ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

## 2. شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ھەققىدە

بىر شائىر ئالدى بىلەن رېئالىزمچى بولۇشى كېرەك. ئەگەر رېئالىزمچى بولمايدىكەن، ئۇ ئەرزىمەس شائىر ھېسابلىنىدۇ. بىر شائىرنىڭ يازغىنى ئەقىلغا سىغمايدىغان نەرسىلەر بولۇپ، ئۇنى ئۆزىدىن باشقا ئادەم چۈشەنمىسە، بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ يازغىنى تامامەن ئەقىلغا سىغىدىغان نەرسىلەر بولۇپ، ئۇنى ھەرقانداق دۆت ـ كالۋالارمۇ چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ كەتسە، بۇ تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدۇر.

— پابلو نېرۇدا①

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىجادىيىتى شېئىرىيەتتىن باشلانغان. بىزدە ئەدەبىياتقا قىزىقىدىغانلار كۆپ ھاللاردا تەبىئىي رەۋىشتە شېئىرىيەتكە ئالدى بىلەن قىزىقتى. ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئىرادە قىلغانلارمۇ تەبىئىي رەۋىشتە ئىجادىيىتىنى شېئىرىيەتتىن باشلىدى. مىللىتىمىز ئەزەلدىن ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن خەلق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ناخشا ـ قوشاق، ئۇسسۇل بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئاشۇنداق ئەدەبىيات مۇھىتىدا ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىجادىيىتىنىڭمۇ شېئىرىيەتتىن باشلىنىشى تەبىئىي ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىرىيەتكە قەدەم قويۇشىدىكى تۈرتكىلىك كۈچلەر توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«مېنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىمگە تەسىر قىلغان نەرسە تۆت بولدى: بىرىنچى، ئائىلە تەسىرى. بولۇپمۇ ئانامنىڭ

① «مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى، 25 ـ بەت.

تەسىرى ئىدى. ئانام ماڭا تولىراق «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا»، «پەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «چاھاردىۋان» قاتارلىق نەۋائىي داستانلىرىنى ۋە غەزەللىرىنى، جۈملىدىن مەشرەپ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى. ئىككىنچى، بىز بىر دەڭدە ئولتۇراتتۇق. قوشنىمىز بولسا بىرلا قارىغۇ قىزى بار تۇل خوتۇن بولۇپ، خەلق ھېكايە ـ چۆچەكلىرىنى ئېيتىشقا ئۇستا ئىدى. مەن «ھەمرا ـ ھۆرلىقا»، «بابا روشەن»، «گۆر ئوغلى سۇلتان»، «كەلىلە ـ دىمنە» قاتارلىقلارنى شۇ ئايالدىن جىن چىراغ ئاستىدا، ئايدىڭدا، ھەتتا قاراڭغۇ ئۆيدىكى بورا ئۈستىدە ئاڭلىغانىدىم. ئۈچىنچى، مەن دوستلىرىم بىلەن ھېيتگاھتا مەدداھلارنىڭ جەڭنامىلىرىنى، ھېكايەتچىلەرنىڭ «يۈسۈپبېك ـ ئەخمەتبېك» داستانىنى، راۋاب چېلىپ ئوقۇلىدىغان «سېيت نوچى»، «ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم» قاتارلىق پاجىئەلىك داستانلارنى قىزىقىپ ئاڭلايتتىم ۋە خانىقالارغا كىرىۋېلىپ، خانىقا مۇقاملىرىنى ئاڭلاپ، خانىقا سامالىرىنى كۆرەتتىم.

ماڭا ئۈچەمەس تەسىر قىلغىنى ئائىلىمىزنىڭ 1944 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگىچە ھارۋىدا قىلغان توقسان تۆت كۈنلۈك سەپىرى بولدى. بۇ جەرياندا ماڭا جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھاياتى چوڭقۇر تەسىر قىلدى. بىز خەلق ھاياتىنىڭ كۆپ تەرەپلىرىنى — بازارلاردا، مەدداھلار، مۇقامچىلارنى، ئاشخانىلاردىكى سازەندىلەرنى كۆردۇق. بىز ئاقسۇغا بارغىنىمىزدا دادام ماڭا ئاق پاكچۇ كۆڭلەك، قارا شىم كىيگەن، بېشىغا چاچ قويغان كىشىنى كۆرسىتىپ: «ئوغلۇم، ئەنە لۇتپۇللا مۇتەللىپ» دەپ كۆرسەتتى. ھازىر ئەسلىسەم، شۇ چاغدا ئاتا ـ ئانام مېنى شېئىرىيەتكە قىزىقتۇرغان ياكى مەندىكى شېئىرىيەتكە قىزىقىشنى ھېس قىلىپ، ماڭا ئىلھام بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر تەسىر قىلغىنى ئەينى زاماندىكى ئىلغار ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ھەرىكەتلەر، تۇنقۇن ۋە

نامايىشلار، كىنو ۋە تىياتىرلار، ئىلغار كىشىلەر، بولۇپمۇ ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يالقۇنلۇق لېكسىيىلىرى، نۇرانە ئۈلگىلىرى بولدى.

تۆرتىنچى كۈچلۈك بولغان تەسىر — جۇڭگو ۋە چەت ئەل كلاسسىك ئەدەبىياتى تەسىرى بولۇپ، بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، بولۇپمۇ ئۆزلۈكىمدىن كىتاب ئوقۇشۇم ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. مەن ماڭا كۈچلۈك تەسىر قىلغان ئەسەرلەر قاتارىغا چۈيۈەن ئەسەرلىرىنى، تاڭ، سۇڭ دەۋرى نەزمىلىرىنى، فاڭ جىمىنىڭ «سۆيۈملۈك جۇڭگو» ناملىق ئەسىرى ۋە ئۆمەر مۇھەممەدى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ شېئىرىيىتىنى، چەت ئەلنىڭ «ئودىسا»، «رامايانا»، «ماخاپخاراتا»، «دون جوئان»، شېكسپىر دراملىرى، سونېتلىرىنى، «گۈلىستان»، «كەلىلە دىمنە» ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىمەن»[①].

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ شېئىر ئىجادىيىتى 1940 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى باشلانغان. ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى 1959 ـ يىلى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغىچە بولغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، شېئىرىيەتتە خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەينى دەۋردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ياش شائىرلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ بۇ مەزگىللەردە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتىن سىرت شېئىر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ «كىم بولىمەن؟»، «مەن پەيدائىيمەن»، «تاڭ بۆشۈكىدە»، «بالىلار ئارىسىدا»، «ئۇنتۇلماس قۇربانلارغا»، «قىرانقۇش قوشىقى»، «ئالتۇن تۇپراق»، «ۋەدە كېچىسى»، «پرومېتى ۋە ئادەم»، «ئۈچ ئەۋلاد رابىيە»، «قانداقمۇ پاتاركى بۇ كىچىك

① ئابلىمىت ئىسمايىل، ماخمۇتجان ئىسلام: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى، 350 ـ، 351 ـ، 352 ـ بەت.

AltunOq

نەيگە؟» ، «چۈپان كۈيلىرى» ، «بىر پويىز مۇھەببەت، بىر كارۋان» ، «دەۋرىمىز ئاجايىپ ئەزىمەتمىكەن؟» ، «رەڭگىدە بەرق ئۇرىپ تاڭنىڭ جىلۋىسى» ، «بىر قىز توغرۇلۇق ھېكايە» ، «مەشرەپلەر قىزىدى مۇندا بىر كېچە» ، «تەبىئەت تەقلىدى، كۆڭۈل تەقلىدى» ، «ئىككى سۆزۈك يۇرۇكۇمنى ئېپ قالدى» ، «قەلب ئۇنچىلىرى» . . . قاتارلىق شېئىرلارنى ئېلان قىلدى. سىياسىي ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن بولسا ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ 2000 پارچىگە يېقىن شېئىر ئېلان قىلدى. بۇ شېئىرلار ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرىنىڭ ئوندىن بىرىگە توغرا كەلسىمۇ، ئەمما ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەخسۇس توپلام بولۇپ نەشر قىلىنمىدى. پەقەت 100 پارچىگە يېقىن شېئىر پارچىلار، غەزەل، مۇخەممەسلەردىن تۈزۈلگەن «چوغلۇق» ناملىق توپلىمىلا نەشر قىلىندى. شۇڭا بىزنىڭ بۇ يەردە ئاساسلىنىدىغىنىمىز «چوغلۇق» توپلىمىدىكى شېئىرلار ۋە «تارىم» ، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ، «تەڭرىتاغ» ، «شىنجاڭ گېزىتى» . . . قاتارلىقلاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرىي ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت بولدى، خالاس.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان دەسلەپكى يىللاردا ئۆزىنىڭ شېئىرىيەتكە دائىر بىلىمىنىڭ كەمچىل بولۇشىغا قارىماي، ئەينى دەۋر رېئاللىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ جاھالەتلىك تۇرمۇشقا بولغان نەپرەتلىنىش، تاڭغا تەشنالىق بىلەن تەلمۈرۈش، ئازادلىق ـ ھۆرلۈككە ئىنتىلىش، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنىڭ بەربات بولۇپ، خەلقنىڭ ئەركىن ـ ئازادە تۇرمۇشقا ئېرىشىشىگە بولغان ئىشەنچىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە بىر تەرەپتىن خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى ئەكس ئەتتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېس ـ تۇيغۇسى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ روھىيىتىنى، ئاڭ

جەھەتتىن ئويغىنىشىنى ئىپادىلىدى. ئۇ 1951 ـ يىلى يانۋاردا يازغان «كىم بولىمەن؟» ناملىق شېئىرىدا:

نېمە قىلاي،
نېمە قىلغىنىم تۈزۈك ئۆمرۈمدە؟
مېنىڭ سۆيگۈنۈم
بولغۇسى نېمە؟
ۋارقىرىتىپ،
ۋارقىرىتىپ،
نەھرە قويۇپ،
ھەيدىسەم ئوت هارۋىنى چاپتۇرۇپ.
يولۇمغا
ئۇرۇقلار چېچىپ،
چېچەكلەر تېرىپ،
ئۇچسام
لاچىنلار بىلەن جۇش ئۇرۇپ.
. . . . . . . . .
چىڭ تۇتسام، كويىقاپ بورانلىرىغا
بوي بەرمەستىن رولۇمنى.
ھەر تەرەپتىن تاش ئاتسىمۇ
پىسقى ـ پاسات دۆپىرلىرى،
تارىخنىڭ ھالقىلىق جەڭ يىللىرىدا.
ئوت ھارۋامنى ھەيدىسەم قېنىپ ـ قېنىپ،
بوشاتماستىن قولۇمنى.
ھەي مەلئۇن پۇتلىكاشاڭلار،
رېلىسىمىزغا تاش تىزىپ توسالمايسىلەر.
. . . . . . . . .
بىز غالىب بىز، تارىخ بىزنىڭكى،

. . . . . . . . . . .
تارىخ ئوت ھارۋىسىنى ھەيدەش،
مىلىيونلار بىلەن،
يېڭىلانسا جاھان توزاڭدىن،
يايرىماسمۇ شۇندا دىل ـ سىنەم!

دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆمرىدە نېمە ئىشلارنى قىلىش، بۇ قىسقا ھاياتتا زادى قانداق ياشاش ھەققىدە شېئىرىي مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، «لاچىنلار بىلەن جۇش ئۇرۇپ» ئۇچۇپ ئەركىن پەرۋاز قىلىش، «كويىقاپ بورانلىرى» «ھەر تەرەپتىن تاش ئاتسىمۇ» ئۇنىڭغا زور جاسارەت بىلەن قارشى تۇرۇش ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە شۇنداق قىلالىغاندىلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي خۇشاللىققا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئوبرازلىق سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى دەسلەپكى تالانتىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ 1951 ـ يىلى كۈزدە يازغان «مەن پىدائىمەن» ناملىق شېئىرىدا:

مەن پىدائىمەن!
مەن پىدائىمەن دەپ ئېيتسام ناخشامنى،
تاۋۇشلىرىم شاڭگەنلىڭگىمۇ يېتەر.
ئۇچقۇر تاۋۇشلىرىم
چاۋشيەن پارتىزانلىرىنىڭ ئوق ئۈنى بىلەن
يىراقتىكى خەنچېڭگىمۇ كېتەر.
مەن پىدائىي بوپ،
چاۋشيەن يېرىدە يۈرسەم جەڭ قىلىپ،
قولۇمغا ئاپتومات ئېلىپ،

ئېتسپ، ئېتسپ.
چىل بۆرىلەرنىڭ بېشىغا ئېتسپ،
پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىرىپ،
قاندۇرسام ئارمىنىمنى
شۇ چاغدىلا دىلىم گۈللەيتتى. . .

دېيىش ئارقىلىق قولىغا قورال ئېلىپ ياۋۇز دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرسە، «تاڭ بۆشۈكىدە» ناملىق شېئىرىدا:

قايتا تۇغۇلدۇم تاڭ بىلەن
تاڭ بۆشۈكىگە بۆلۈنۈپ،
كۈلدۈم
شەبنەم قۇچقان چېچەكتەك
شەپەق دۇنياسىغا چۆمۈلۈپ.

دەپ تاڭغا، ئازادلىق ـ ھۆرلۈككە تەنتەنە قىلدى ۋە:

لەنەت، لەنەت،
مۇدھىش قارا دۇنياغا مىڭ رەت،
ئۇ چاغلاردا
بېشىمىزدا قۇزغۇن،
يەلكىمىزدە بىھېساب كۈلپەت.

دېگەن مىسرالىرى بىلەن جاھالەتلىك ئۆتمۈش زامانغا لەنەت ئوقۇدى.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ شېئىرلىرىدا شېئىرىي ھېكمەت، يەنى شېئىرىي پىكىر ناھايىتى ئوبرازلىق

هالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، بۇ خىل هالەت شېئىرىي مەنزىرە ئاساسىدا ئۆز ماقامىغا يەتكەن. كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، «شائىر ئۆزى ياراتقان شېئىرىي ئوبراز ۋە شېئىرىي گۈزەللىك ئارقىلىق شېئىرىي ئىدىيىنىڭ مەنىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ خىل شېئىرىي ئىدىيىنىڭ مەنىسى دەل شېئىرىي ھېكمەت، يەنى شېئىرىي پىكىردۇر. بېلىنسكىي مۇنداق دەيدۇ: ‹پوئېزىيە ئىدىيىسىنىڭ مەنىسىنى تاشقى كۆرۈنۈشتە ئىپادىلەيدۇ ۋە مەنىۋى ئالەمنى پۈتۈنلەي ئېنىق، پلاستىك (گۈزەل، كۆركەم، سىلىق) ئوبرازلاردا يورۇشتۇرىدۇ›، بۇ يەردە ئېيتىلغان مەنىۋى ئالەم — شېئىرىي مەنزىرە بولۇپ، ئەنە شۇ مەنزىرىگە شېئىرىي ئىدىيىنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. چۈنكى، ھەربىر شېئىرىي مەنزىرە كۆرۈنۈشىدىن شائىرنىڭ تاشقى دۇنيا توغرىسىدىكى تەسىراتى، باھاسى ۋە غايىسىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرىي پىكىر مەيدانغا كېلىدۇ. بېلىنسكىينىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ‹ھەربىر تاشقى ھادىسىدىن ئاۋۋال تىلەك، ئارزۇ، نىيەت، ئاخىرىدا پىكىر تۇغۇلىدۇ. ھەربىر تاشقى ھادىسە ئىچكى يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر.› شېئىرىي پىكىر دەل شائىر ئوتتۇرىغا قويغان شېئىرىي مەنە بولۇپ، بۇ شېئىرىيەت ئىلمىدە شېئىرىي ھېكمەت دېيىلىدۇ. ئەنە شۇ شېئىرىي ھېكمەت پەقەت شېئىرىي مەنزىرە تەسۋىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. شېئىرىي مەنزىرىدە ئىپادىلىنىدىغان شېئىرىي ھېسسىيات شائىر قەلبىدىكى شېئىرىي ھېكمەتنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ، كىتابخان قەلبىگە قايتىدىن ئېلىپ كىرگۈچى سېھرىي كۈچتۇر. شۇڭا، شېئىرىيەتتە ھەم شېئىرىي مەنزىرە، ھەم شېئىرىي مەنە (ھېكمەت) بولۇشى، بۇ ئىككى تەرەپ ھامان

AltunOq

بىر گەۋدە بولۇشى زۆرۈر»[1]. بىز ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «چوغلۇق» توپلىمىدىكى شېئىرلىرىنى ئوقۇساق، يۇقىرىدىكى پىكرىمىزگە ئىسپات تاپالايمىز. ئۇ كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا چوڭقۇر، ئەھمىيەتلىك پەلسەپىۋى پىكىرنى بەلگىلىك تىپىكلىككە ئىگە بولغان گۈزەل، چىن شېئىرىي مەنزىرە تەسۋىرىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ، يەنى ئۇ شېئىرىي ھېكمەتنى شېئىرىي مەنزىرە ئىچىدە يورۇتىدۇ. شېئىرىي مەنزىرىنى شېئىرىي ھېكمەتنىڭ چىرىغى قىلىدۇ. شائىر «دەريانىڭ ئىككى قېشىدا»، «پرومىتى ۋە ئادەم»، «قەيسەر»، «تۇرمۇش ۋە مۇھەببەت»، «ئۇلۇغ ھەيكەل» دېگەن شېئىرلىرىدا ناھايىتى ئاددىي، ئەمما گۈزەل مەنزىرىلەرنى نەپىس تەسۋىرلەپ، ئۆزىنىڭ ھېكمىتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

زېمىن سەن بىر توم كىتاب،
كائىنات كىتابخانىسىدا.
يىللار سېنىڭ ئۈچۈن پەقەت بەت،
ساڭا يېزىلىپ كەلدى تا تاڭغىچە.
ئۈستىخان قەلەم بىلەن،
ئىمىر - چىمىر يوغان - يوغان قانلىق خەت.
ئەمدى تۈپرىقىم - تارىخ ساڭا،
بولغا تۇتۇپ پۈتەر باشتىن ئالتۇن بەت:
تۈنجى بېتى - پرومىتى ئازاد،
تۈتاش بېتى - ئېرەمدىكى[2] ئادەم، دەپ.

(«پرومىتى ۋە ئادەم»)

---

① «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا»، 65 - بەت.
② ئەپسانىدە تەڭرى ئادەم بىلەن ھاۋانى ئېرەم بېغى (جەننەت) دىن ھەيدىۋەتكەن دېيىلىدۇ.

بۇ شېئىردا ئىنسانىيەت تارىخى يېزىلىپ، ئەركىنلىك ئىدىيىسى مەدھىيىلەنگەن بولۇپ، شېئىرنى ئوقۇساق ئۇزاق تارىخىي جەريان ۋە شۇ جەرياننى سۆزلەۋاتقان تارىخچى شائىر كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

ۋەتەن، ئەل - يۇرت تېمىسى مەڭگۈلۈك تېما، ئۇ مەيلى پروزا ئەسەرلىرىدە بولسۇن، ۋەياكى پوئېزىيە ئەسەرلىرىدە بولسۇن، هامان ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋايىغا يەتكەن ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمىدە چىن، ھەقىقىي تەسۋىرلەندى. بىراق ئىجادىيەت ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ۋەتەن بىلەن ئادەم مۇناسىۋىتىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىشىدە پەرقىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى سەۋەبلىك ھەرقايسى ئەدىبلەرنىڭ ۋەتەن تېمىسىدا ئېلىپ بارغان ئىجادىيىتىدە ھەر ۋاقىت خاسلىق شەكىللەندى. بىزدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ھەممە شائىر مەيلى قايسى شەكىلدە بولمىسۇن ۋەتەننى كۈيلىگەن، ئۆزىنىڭ ۋەتەننى چىن دىل - ۋىجدان بىلەن سۆيىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايەن قىلغان ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس - تەشۋىق قىلغان. چۈنكى، «ھەرقانداق ئالىيجاناب شەخس ۋەتەن بىلەن ئۆزىنىڭ قانداشلىقى، قېرىنداشلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ»[1] (ۋ. گ. بېلىنسكىي) ئەمەسمۇ؟

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنمۇ خۇددى باشقا ئەدىبلەرگە ئوخشاشلا ۋەتەن تېمىسىغا قەلەم تەۋرەتكەن بولۇپ، ئۇ ئەسەرلىرىدە ۋەتەننى زور ئىشتىياق بىلەن كۈيلىدى، كۈيلىگەندىمۇ ئوبرازلىق تىل، دەل جايىغا چۈشكەن ئوخشىتىشلار، سىمۋوللۇق ۋاسىتىلەردىن مۇۋاپىق ۋە ئۈنۈملۈك

---

[1] «تەپەككۇر گۈلشەنى»، 16 - بەت.

پايدىلىنىپ، خىلمۇخىل ۋايىغا يەتكۈزۈپ كۆيلىدى. ئۇ 1955 ـ يىلى يازغان «ئالتۇن تۇپراق» ناملىق شېئىرىدا ئۆزى تۇغۇلغان تۇپراقنى «سۇلىرىڭ قېنىمنىڭ نىشانى»، «سەن بىلەن قەلبىمگە يېقىلغان چىراغ»، «لاچىنمۇ بەختىيار زەڭگەر ئاسماندا، ھۆسنىگدىن زوقلىنىپ قاققاندا قانات»، «بۇلبۇلمۇ بەختىيار سەندەك چىمەندە، بەرگلەردىن مەي ئىچىپ قىلغاندا ناۋا»، «زۇمرەتتەك ئۈزۈمگە تەم سالغان ئۆزۈڭ» دېگەندەك چىرايلىق، ئوبرازلىق سۆز ۋە ئوخشىتىشلار بىلەن كۆيلىدى ۋە:

ئاناممۇ، يارىممۇ، بەختىم ھەم كۆلكەم،
ئۆزۈڭسەن مۇقەددەس ئى ئالتۇن دىيار.
سەن بىلەن كۆڭۈل توق، ھاياتىم كۆركەم،
سەن بىلەن سىزىمەن غۇرۇر ئىپتىخار.

ئاش ـ نېنىم ئىلىنغان توپاڭدىن ۋەتەن،
ئۆيۈممۇ، خىشىممۇ سەندىن ئىپتىدا،
سەنسىز يوق ھاياتىم، سەنسىز يوق بۇ تەن،
سەنسىز يوق قۇۋۋانچىم، ئىقبالىم ھەتتا.

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق ۋەتەننى — مۇقەددەس ئانا تۇپراقنى ئۇلۇغلاپ، ئادەم بىلەن ۋەتەننى بىر گەۋدە سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى. ۋەتەن بىلەن ئادەمنىڭ خۇددى قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى، ئادەمنىڭ تەقدىرىنىڭ ۋەتەن تەقدىرى بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى، ۋەتەنسىز ھېچ نەرسىنىڭ — خۇشاللىق، بەخت، ھەتتا ئاش ـ ناننىڭمۇ بولمايدىغانلىقىنى روشەن ئىپادىلىدى. بۇ ئارقىلىق شائىر ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىش، ئۇنى جان تىكىپ قوغداشنىڭ ماھىيەتتە، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز بەختى، شادلىقى ئۈچۈن

ئىشلىشى ۋە شۇنى قوغدىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. مۇنداق روشەنلىك كىشىنى ئۆتكاي جەلپ قىلىدۇ، كىشى قەلبىگە تېز ئورۇنلىشىدۇ، جان پىدالىققا، قەيسەرلىككە ئۈندەيدۇ. ئۇ ئاخىرىدا:

دەريانىڭ ھەر تامچە سۇيى دەرياني،
سۆيگەندەك سۆيىمەن سېنى دەريايىم.
ياش قوزا سۆيگەندەك ئانا باغرىنى،
سۆيىمەن باغرىڭنى ئى كەڭ دىيارىم.

دېگەندەك ھاياجانلىق مىسرالار بىلەن ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى نامايان قىلدى. بۇ مىسرالاردىكى «تامچە» بىلەن «دەريا» ، «قوزا» بىلەن «ئانا باغرى» سۆزلىرى دەل جايىدا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇلار ئادەم بىلەن ۋەتەننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەشتە ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلغان.

مۇھەببەت تېمىسى جاھان ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئۆلمەس تېما. چۈنكى ئىنسانىيەت مۇھەببەت ئارقىلىق مەۋجۇت بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇ دۇنياۋى ئورتاق تېمىغا ئايلانغان. بىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ناھايىتى قويۇق ئىشىق ـ مۇھەببەت پۇراقلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇ ئەسەرلەردە كۆپ تىلغا ئېلىنغان مۇھەببەت نوقۇل «يار» ئوبرازى ئارقىلىق «يار»نى گەۋدىلەندۈرۈش مەقسىتىدە يېزىلغان بولماستىن بەلكى، «يار» ، «مۇھەببەت» نى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى كۆپ تەرەپلىمە ئىشلارنى ئەكس ئەتتۇرۇشتىن ئىبارەت سىمۋوللۇق ئوبراز بولغان ئىدى. كلاسسىك ئەدىبلىرىمىز چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئەكس ئەتتۇرۇشتە «يار» ئوبرازىنى ۋاستە قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى

ئەكس ئەتتۇرۇشتىمۇ «يار» ئوبرازىنى ۋەتەننىڭ سىمۋولى قىلغان[①]بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئەسىرلەر ئالمىشىپ بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندىمۇ يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتكەن تالانتلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بىز ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، بۇ خىل ئالاھىدىلىكنىڭ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. ئۇ بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك پائالىيىتىدىن خۇلاسە شەكلىدە يازغان «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» دە: «مېنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىمنى ئىشقى مۇھەببەت نۇقتىسىدىن ئىزاھلىغۇچىلاردىن كۆرە، ئۇنى رۇبائىيلار، غەزەللەر، لىرىك نەسرلەر ۋە روھنى پاكلاشتۇرغۇچى، كەلگۈسىگە ئىنتىلگۈچى تېمىدىكى ماقالىلىرىم ئىچىدە گەۋدىلەنگەن سىمانتىك پىكىر - ھېسسىيات بىلەن تەرىپلىگۈچىلەر مۇددىئايىمنى چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن ھەرخىل ئەسەرلىرىمگە، ھەرخىل تېمىدىكى قول يازمىلىرىمغا، ھەتتا ئۇنىڭدىكى بىر تال قىزىل رومال ياكى ئاق توپلىغا بىر پۈتۈن روھىيەت دۇنيارىمنىڭ قەترە ياكى زەررىلىرىنى سىڭدۇرۇشكە تىرىشتىم. بۇ ماڭا ئۆمەر ھەييامغا مەي، ئەلىشىر نەۋائىيغا مۇغبەچە، بابارەھىم مەشرەپكە ئىشق ئىبارىلىرى قانداق ماجازى ۋاستە بولسا، خۇددى شۇنداق ماجازى ۋاستە ھەم تەمسىللىك ئۇسۇل ئىدى. ئابستراكت غايىلەرنىڭ غەمكىن، ئەمما ئۈمىدۋار شەكلى مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن ھاۋالە سىمۋوللىرى تېپىشتا ھەمىشە موھتاج بولۇپ كەلگەن» دەيدۇ.

---

① نەزىرە مۇھەممەد: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يار ئوبرازى ھەققىدە»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1996 - يىل 3 - سان، 113 -، 114 - بەتلەر.



AltunOq

شېئىر گەرچە ھەجىم جەھەتتىن ناھايىتى قىسقا يېزىلسىمۇ، ئەمما شائىر بەدىئىي تالانتى ئارقىلىق، قىسقا يېزىلغان شېئىرلاردا نۇرغۇنلىغان مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. شائىرنىڭ ئىقتىدارى ھەرگىز ئۇنىڭ قانچىلىك يازغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ دىلىدا سترولۇق بىرخىل كەيپىيات پەيدا قىلىپ، تىلىدا ياد بولۇپ قالغۇدەك بىرەر پارچە ئەسەر يازالىغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. پەقەت شېئىر يېزىش ئۈچۈنلا زورۇقۇپ يېزىلغان، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنلىرىنى ئاددىي ئۇقۇملاشتۇرۇش يولى بىلەن تەكرارلايدىغان، ئىنسانلار ئۈچۈن نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى تونۇشلۇق بولۇپ كېلىۋاتقان شەيئىلەرنى خۇددى فوتو ـ سۈرەتكە ئوخشاش ئەينەن تەسۋىرلەپ بېرىدىغان، «دىتسىز، سەۋىيىسىز يېزىلغان يۈزلەپ ئەسەرلەردىن، دىت ۋە ماھارەت بىلەن يارىتىلغان بىرگىنە شېئىر قىممەتلىك»[1] (ئى. ھەققۇلوف). بىز ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، دىت ۋە ماھارەت بىلەن يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ئاساسى سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇ ئۇيغۇرلار تارىخىنى پىششىق بىلىدىغان تونۇلغان تارىخشۇناس بولغاچقا، شېئىرىي ئەسەرلىرىدىمۇ ئانا يۇرتىنىڭ قەدىمكى تارىخىنى ئەكس ئەتتۇرۇشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىشتىكى بىرىنچى قول مەنبەلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن تارىم ۋادىسىدىكى كۆپلىگەن تارىخىي ئىزلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چىققان بولۇپ، بۇ جەرياندا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى شېئىرىي ئەسەرلىرىدىمۇ ئەكس ئەتتۇرگەن. ئۇ 1989 ـ يىلى ئېلان قىلغان «شەرقىي شىنجاڭ قەدىمكى ئىزلىرىنى بويلاپ»

---

[1] «كىتاب ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى، 44 ـ، 45 ـ بەت.

ناملىق چوڭ ماۋزۇ ئاستىدىكى «سالام بوغدا ئانام»، «پەنجىر تاغ ئېتىكىدە»، «كۆپچاي قىيا سۈرەتلىرى تۈركۈمىدە»، «داۋانچىڭ مەنزىلگاھىدا»، «يىپەك يولىدا توقسۇن»، «تۇرپان دىيارى»، «ئەسقەر ھاجى كارىزى بويىدا»، «چاققاق تىكەنگە قاراپ»، «يارغول قەلئەسىدە»، «سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىسىنى كۆرۈپ»، «بېزەكلىك يولىدا»، «ئىدىقۇت شەھىرىگە كىرگەندە»، «پىچان سۇ بېشىدىن ئۆتكەندە»، «جاپا چېكىپ ئۈنچە تېرىش»، «چىقتىم قەدىمكى بېكەت خارابىسىدا»، «تەگرى تېغىنى بويلاپ»، «ئاق پاشا — ئابلەت قادىرى بېغىدا»، «قۇمۇل ئالتۇنلۇقىدا»، «قەيس غوجام قەبرىگاھلىقىدا»، «قۇمۇل قارا دۆۋە قەبرىگاھلىقىدا»، «ھىمىت غوجامنىياز ئاكا ھويلىسىدا»، «لاپچۇق قەلئەسى يېنىدا»، «گايىت ـ ئاقخان ئۆيىدە مەشرەپ»، «قۇمۇل ئەلنەغمىسىنى كۆرۈپ»، «چوڭ ‹دەردى يامان› مۇقامىنى ئاڭلاپ»، «نازىركۇم — توخۇ ئۇسسۇلىنى كۆرۈپ»، «باركۆل جىلغىسىدا»، «قەدىمىي يايلاق يولىغا قاراپ»، «ئايال ئىلاھى ھەيكىلىنى كۆرۈپ»، «قاراڭغۇ جىلغا ئاغزىدىكى قەبرىگاھ يېنىدا»، «باركۆل كۆلى ياقىسىدا»، «مورى يولىدا»، «ئەنە بېشبالىق»، «يەتتە قۇدۇققا بېرىشتا»، «يارغول قەلئەسىدىن قايتىۋېتىپ» قاتارلىق شېئىرلىرىدا شەرقىي شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخىدىن قىسقا مەلۇماتلارنى بەرگەن. ئۇ «كۆپچاي قىيا سۈرەتلىرى تۈركۈمىدە» ناملىق شېئىرىدا:

ئىككى ئۆركەشلىك تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئىككى كىشى،
تىكە، ئارقار قوغلىماق يولۋاس بىلەن بۆرە ئىشى.
ئەنە كۈننىڭ سۈرىتى پارلاپ تۇرۇپتۇ ئورنىدا،
تامغا تاشلار چەشمەسىدىن بولدى سەنئەت ئۆركىشى.

دېيىش ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىن قىسقىچە

ئۇچۇر بېرىدىغان 4000 — 6000 يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ قارالغان[1] قىيا تاش سۈرەتلىرىدىن بىرى بولغان كۆكجاي (كۆجەي) قىيا تاش سۈرەتلىرىدە ئەكس ئەتكەن مەزمۇنلارنى شېئىرىي يول بىلەن كۆرسىتىپ بېرىپ، قەدىمكى دەۋرلەردە توقسۇندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇۋچىلىق مەدەنىيىتىنى ئەسلىتىدۇ. «يىپەك يولىدا توقسۇن» ناملىق شېئىرىدا:

يالتىراپ قەدىم يىپەك يولىدا توقسۇندۇر ئېرۇر،
پەنجىرە ـ ئالغۇي بويىدا بىر تۆمۈر يولمۇ تۇرۇر.
ئاشۇ شامال تۈگمەن تاغ ئەسلىي غۇز يۇرتى ئىدى،
ئەمدىكى ئەۋلاد قەدىم ئەجدادىدىن دېرەك بېرۇر.

دەپ يېزىپ ئوغۇزلارنىڭ ئەسلىي يۇرتى بولغان بۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىدىن قىسقىچە ئۇچۇر بەرسە، «قۇمۇل قارا دۆۋە قەدىمىي قەبرىگاھلىقىدا» ناملىق شېئىرىدا:

قارا دۆۋە قەبرىسىدە نەچچە مىڭ يىللىق جەسەت،
قىپقىزىل تۇپراق تېگىدە ئەڭ قەدىم ياغاچ لەھەت.
بۇ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ گەۋدىلىك قەد ھالىغا،
ھېلىمۇ، قەدىمدىمۇ ئۇيغۇر ئىزاھاتتۇر پەقەت.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش جەريانىدا قۇمۇل قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان 3000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولغان «قۇمۇل پالۋىنى» نىڭ دەپىن ئادىتىنى، يەنى جەسەتلەرنى ياغاچ لەھەت ئىچىگە ئېلىپ دەپنە قىلىش ئادىتىنى كۆرسىتىپ، گەنە شۇ جەسەت

---

① «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، 205 ـ بەت.

ئارقىلىق قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى تارىخىنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك شېئىرىي مىسرالارنىڭ ياردىمى بىلەن كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سۇنغان. ئۇ يۇقىرىدا ئىسمى زىكرى قىلىنغان باشقا شېئىرلىرىدىمۇ مۇئەييەن تارىخىي چىنلىقنى ئاساس قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغان. بىز بۇ يەردە شۇ خىل شېئىرلارغا ۋەكىل قىلىپ ئۇنىڭ 1991 ـ يىلى يازغان «قەشقىرىم» ناملىق قەسىدىسىنىڭ تولۇق تېكىستىنى كۆرۈپ ئۆتۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

شەرق بىلەن مەغرىب ئارا نامىڭ نۇر ئەفشان قەشقىرىم،
تارىخىڭ، زاتىڭ سىماسى دىلىدا ئايان، قەشقىرىم.
ئوق بىلەن يا ئىلكىدە ئارتۇچدا ئەۋلادىم ئىزى،
سەندە پامىردا تېپىلغان كونا گۈلخان، قەشقىرىم.
دەسلەبا تاش كەتمەنى بىرلەن بىنا ئەيلەپ ئېكىن،
تۇنجى بوز ـ چەكمەن بىلەن ئۇستىنى ياپقان، قەشقىرىم.
ئول ئوغۇزخان دۈلدۈلى باغرىڭدا كىشنەر تىك تۇرۇپ،
قوۋمى ئۇيغۇر بايرىمى سەندىن قۇتانقان، قەشقىرىم.
كۆلدى لوپنۇردا مەلەك مىلادىدىن مىلاد بۇرۇن،
جامى جەمشىت ئەكسىدە ھۆسنۈڭ نامايەن، قەشقىرىم.
بىر تۈمەن كېيىك تېرىگە «ئاۋستا»نى پۈتكەن چېغى،
ئۈنچە، ياقۇت، قاشى بىرلەن نەقشى تاپقان، قەشقىرىم.
ئالدى ھەم ئارقىغا تەڭ ئوق ئۈزدى لاچىن لەشكىرىڭ،
قەي ئېلىنىڭ خۇسراۋى يانىڭدا ۋەيران، قەشقىرىم.
باشىدا بۆركۈت دوبۇلغۇ، كۆكسى زەر ساۋۇت ئېگىن،
قەھرىمان ئەپراسىياپقا بارىگاھان، قەشقىرىم.
يۇمسا كۆز ئېفرات، ئەجەم، باش ئەگسە ھىندۇ قوشمۇ ھەم،
سەندە ئىسكەندەر چېكىندى، شانى ئاسمان قەشقىرىم.

رىم بىلەن تاكى يىراق چىنگىچە كارۋان مەنزىلى،
ئىستىقامەت ئەھلىگە ئالىپتە داسخان، قەشقىرىم.
مەستەكى رۇم، چىن تاۋارى، ھىندۇ ئەنبەرىن يىپەك،
كۆللى ئالەم قىزلىرىنىڭ زەۋقىنى ئالغان قەشقىرىم.
تەڭرىتاغدا بارگاھ قۇرغان سىياق تەڭرى — ئىلاھ،
چوڭ قۇرۇمدا قاش يەنە ئالتايدا زەركان، قەشقىرىم.
ساك ۋە يۇرچى كونا زەرگەر، شاھىدى مىڭ ـ مىڭ لەھەت،
كۆن، يورۇقلۇق، پاكلىقتىن دىلدا ئىمان، قەشقىرىم.
تارىمۇ باغراش ۋە ئورخۇنلاردا كۆپلەپ قالدى باغ،
باغۇبوستانلار ئارا شاھانە ئەدنان قەشقىرىم.
پىرى شامان داپ ئۇرۇپ ئەلگە سەھەتلىك ئىزلىگەن،
ئاتەشى زەر دوشىت چېغى نۇردىن زەرەپشان قەشقىرىم.
مىڭ ئەدەب كەپتەرلىرىن ئاسمانغا قويدى بۇددىھا،
نەقشى سەنئەت بابىدا «مىڭ ئۆي» ياراتقان قەشقىرىم.
ئىشقى دەرياسىدا ئۈزگەن مۇندا تاھىر ـ زۆھرە ھەم،
قىسسەسى مىڭ يىل بۇرۇن تىللاردا داستان قەشقىرىم.
ئول گۈزەل ئەرمەن قىزىنى بەند ئېتىپ ئۆز قەلبىگە،
پەرھادىڭدىن ئۆزگە كىم ئىشق ئىچرە سۇلتان قەشقىرىم.
سەندە قايتا ئالدى تەلىم خۇيلىن ھەم كومراجىۋا،
رەقس ـ چالغۇ سازنى كەڭ ئالەمگە يايغان قەشقىرىم.
نالە ئىنزھارىم تالاي چۆل ئۈستىدە يىغلار بۇلۇت،
ئۈستىخانىم بىر ئەمەس، مىڭلارچە بارخان، قەشقىرىم.
قۇم دۆۋىسى قانچە ئىزگۇ يۇرت ـ ماكاننى قىلدى غەرق،
ئەگدى قەددىڭنى ئۆزۈڭدىن پىتنە بوران، قەشقىرىم.
باشىدا پاك سەللىسى ساتۇق بۇغرا ئاتام،
قايتىدىن جىسمىڭنى يۇيدى نۇرى ئىرفان، قەشقىرىم.
ھېكمىتىڭ خارابىدا جەم قىلدى مەشرىق غەربنى ھەم،
شۆھرىتىڭنى كۆككە يايدى تۈركى دىۋان، قەشقىرىم.

«قۇت بىلىگ» جاۋاھىرىن ۋايىگە يەتكۈزدى يۈسۈپ،
يەسسەۋىي ھېكمەتلىرىدەك دۇرى رەيھان قەشقىرىم.
بولدى ئۇستاز سەددىدىن قەشقەر مۇبارەك جامىگە،
مىر ئەلىشىر نەزمىگە دۇرىنى چاچقان قەشقىرىم.
مالىك، ئەھمەت قەشقەرى تۈزدى سەمەرقەنت ھۆسنىنى،
مىرزا ھەيدەر قەلبىگە ئاتەشنى سالغان، قەشقىرىم.
تەمبۇرىدە «چەببىيات»، قەلبى ناۋا ئامانىسا،
قۇتلۇق «ئون ئىككى مۇقام»دا مەڭگۈ مۇزگان، قەشقىرىم.
ئىككى كۈن - تۈن چالسىمۇ پۈتمەس ساتارىڭ نالىسى،
ئىزگۈ، كۆرك، سۆيگۈ، ناۋادا سەن جاھان خان قەشقىرىم.
خىرقىتى، مەشرەپ، زەلىلى، نۆۋبىتىدىن تا بۈدەم،
ئەرشى ھەم خامۇشنى باغرىغا باسقان قەشقىرىم.
قالدى خاكىڭ قوينىدا نىزارى تۇردۇم بۇلبۇلى،
سادىقىڭ يازمىشلىرى خۇنابى ئەبغان، قەشقىرىم.
قوم بېسىپ يىپەك يولىن كەتتى ئەسىرلەپ قۇت قوشۇڭ،
كۆزلىرى ئۆچمەس ئۈمىد كۆكىدە چولپان قەشقىرىم.
بولدى يات قۇرداشلىرىڭ، كەستى شېخىڭنى ئوت چېقىن،
ئۈنتۇدى شەجرەڭنى ھەم قوينىڭدا جانان، قەشقىرىم.
بىر رىۋايەتتەك بۈدەم نامىڭنى ئەسلەر كەڭ جاھان،
بىر زامان ئىقلىم كۆزىدە شاھى مارجان قەشقىرىم.
سەن گويا «ئەسھاب كەھەپ»دە كۆپ ئەسىر ياتقان يىگىت،
نۇر پېشانەڭدە يەنە تەقدىرى جەۋلان قەشقىرىم.
سەن قالۇرسەن بىز كېتەرمىز بۇ نەپەس گويا رابات،
ئېتىبارىم تەختىدە تۈز ھەققى خاقان قەشقىرىم.
مېھرى سۆيگۈڭ ئاتەشى قىلدى مېنى يۇرت ئاشىقى،
خاكىڭگا بېشىم قويسام، بۇ كاتتا دەرمان، قەشقىرىم.
سۆزلە سوقرات، ئەپلاتون، كۇڭفۇزى، سەكيامۇن يەنە،
سىز گۇناھ دەمسىز ماكانىن سۆيسە ئوغلان، قەشقىرىم.

مەن گۇناھ دەرمەن جىمى بەڭباشلىقىم، بىخۇتلۇقۇم،
مەن ساۋاب دەرمەن تاۋاپ ئىلماقنى ھەرئان قەشقىرىم.
روھى شەيدالىق تىشىپ، شەيدائى يازدى ئىشقىنى،
قۇت ماڭا كۆكسىنى ئاچسا ئۆز قەدىردان، قەشقىرىم.
پىتنىلەر ھەريان ھۆرۈپ باغىم تۇزۇتسا ئەيىب ئەمەس،
ئىشقىدىن دەرد تارتىمىقىم پاك خەير - ئىھسان، قەشقىرىم.
قىل ھەزەر بىر جىننى گەر ئىشقتىن پاسات سۆزلەر ساڭا،
ئەقىل - ھېكمەتسىز سانا - ئۇل لاپى شەيتان، قەشقىرىم.
ئاز ئەمەس پىرقە - نىزا، پىتنە تۇپەيلى تارتقىنىڭ،
توختىماي ماتەم يېشىڭ بىر نەچچە دەۋران، قەشقىرىم.
ئەندىجان باغىدا تۇزدۇم ئۇشبۇ ئىشقىڭ نامەسىن،
زەررە تۇپراقى شۇدەم تەختى سولايمان قەشقىرىم.

ئەنگلىيىنىڭ XIX ئەسىردىكى شائىرى س. ت. كولودىگىس ناھايىتى ئىخچام قىلىپ «بىر ئادەم مۇبادا يېتىلگەن پەيلاسوپ بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۇلۇغ شائىر بولالىشى مۇمكىن ئەمەس»[①]دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، ھەرقانداق بىر شائىر مەلۇم پەلسەپىۋى بىلىمگە ئىگە بولمىسا، ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى پۇچەكلىكتىن خالى بولالمايدۇ. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ياش ۋاقتىدا ماركسىزم - لېنىنىزم پەلسەپىسى ئاسپرانتلىق سىنىپىدا ئوقۇغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە - ئىدىيە تارىخىنى كۆپلەپ تەتقىق قىلغان ئالىم بولغاچقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا پەلسەپىۋى پىكىرلەر ناھايىتى كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەچكە، ھەرقانداق بىر شېئىرىدا مەلۇم مىقداردا پەلسەپىۋىلىك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ.

---

① ئابدۇقادىر جالالىدىن: «ئەقىل مۇسى ۋە شەيتان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1998 - يىل نەشرى، 89 - بەت.

ئەلۋەتتە پەلسەپۋى پىكىر قۇرۇق خىياللاردىن، كۆككە ـ ساماغا قاراپ يېلىنىشلاردىن پەيدا بولمايدۇ. ئۇ مۇقەررەر يوسۇندا ئىجتىمائىي ھاياتنى، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چوڭقۇر كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭدىكى ماھىيەتلىك، قانۇنىيەتلىك نەرسىلەر ئۈستىدە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشتىن پەيدا بولىدۇ.

ئەقىلسىز دوستۇڭدىن، دۈشمەن تاپ دەنا،
يېڭىلسەڭ بۇنىڭدا بىر ھېكمەت مەنا.
نادانىنى يەڭمەكنى چاغلىما زەپەر،
ئەرزىمەس قىلماقلىق ئۇڭا تەمەننا.

چىن دوستنى تاشلىما ھەسرەت چېغىدا،
ئارتۇقچە ھەم يۈرمە شادلىق بېغىدا.
دىل تۇرۇپ دىلدارسىز تۇتما دىلىڭنى،
ۋە ئۇنى رەنجىتمە ھەسرەت دېغىدا.

رەنامۇ موھتاجدۇر ئاۋام سۆزىگە،
ئەقىلمۇ كۆچ تاپار ئەلدىن ئۆزىگە.
ئۆزگىلەر سۆزىنى سىناپ پەرق ئەتكىن،
كۆز تۇرۇپ ئالدانما ئۆزگە كۆزىگە.

تەپەككۇر بايلىقىڭ چۈشەنسەڭ ئىبرەت،
ئىبرەتسىز جۇلاسىن يوقتار ھېكمەت.

ئۇنىڭ «ئىبرەت ۋە ھېكمەت» دېگەن مانا مۇشۇ شېئىرى ئۆزىگە پەلسەپۋى پىكىر ئۇچقۇنلىرىنى مۇجەسسەملەشتۇرگەن بولۇپ، پىكىرلەرنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن كىشىنى قايىل

قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر كۇپلېتى بىر رۇبائىيغا ئوخشايدۇ. بۇ ھال ئالىمنىڭ باشقا شېئىرلىرىدىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئىنسان خەلق ئارىسىدا چوڭ بولۇپ، خەلقنىڭ ياردىمىدە ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ. شۇنداق بولغاچقا زېمىنگە ئاپىرىدە بولۇپ، ئىللىق تۇپا ھىدىنى پۇرىغان، خەلقنىڭ مېھرىبانلىقىغا مۇيەسسەر بولغان ھەرقانداق ئىنساننىڭ خەلقنى سۆيۈشى، خەلق ئۈچۈن ئوت دېڭىزىدىن يانماسلىقى مۇقەررەر. «دەۋرنىڭ ۋىجدانى» (ئايتماتوف) بولغان يازغۇچى - شائىرلار ئۆز قەلىمى ئارقىلىق خەلقپەرۋەرلىكنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ قارايدىغان بولغاچقا، خەلقپەرۋەرلىك ئۇلارنىڭ كۆپ كۈيلەيدىغان تېمىسىغا ئايلانغان. شۇڭا ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنمۇ ئەسەرلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىگە شۇخىل ئىدىيىنى سىڭدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ خەلققە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن.

ئۇ «ئەللىك ياشتا ئەلنى قۇتلايمەن» ناملىق شېئىرىدا:

كەتتى ياشلىق ئىككى ئون يىلىم،
گويا ئېقىپ ئۆتكەندەك قىيان.
قۇيۇنلاردا سۇنمىدى بېلىم،
ئەل - جامائەت بولغاچ مېھرىبان.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق 20 يىل سىياسىي ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋاقىتلىرىدا ئەل - جامائەتنىڭ مېھرىبانلىقىدىن كۈچ ئېلىپ تەتۈر قۇيۇنلار ئالدىدا باش ئەگمەي غالىبلاردىن بولۇپ ياشىغانلىقىنى ئىپادىلىسە،

ئەل قايغۇردى، قايغۇردۇم ئەلگە،
«كۆپ ھازىسى بەئەينى بىر توي».

ئەل يىغىسى ئايلىنىپ سەلگە،
زۇلمەت كېتىپ، گۈل چاچتى خۇش بوي.

دېگەن مىسرالاردا قاراڭغۇ ـ جاھالەتلىك تۇرمۇشقا دۇچار بولغان ئەلنىڭ قوزغىلىپ، بەختلىك تۇرمۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى، ئەل قايغۇسىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ قايغۇسى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە:

ئەل بولمىسا قارا تۈنلەردە،
يورۇتاتتى تار يولۇمنى كىم؟
ئەل بولمىسا ئېغىر كۈنلەردە،
مەدەت ئىدى ماڭا قاي ھېكىم؟!

ئەللىك ياشتا ئەلنى قۇتلايمەن،
ئاتاممۇ ئەل، ئۇستازىممۇ ئەل.
بارلىقىمنى ئەلگە ئاتايمەن،
ئەل شەنىگە تىكلەيمەن ھەيكەل.

دېيىش ئارقىلىق زۇلمەت ھۆكۈم سۈرگەن قاراڭغۇ تۈنلەردىمۇ يورۇقلۇق ئاتا قىلغۇچى نىجاتكار — خەلق ئاممىسىنىڭ ئېغىر مۇشكۈلاتلاردىمۇ پەرزەنتلىرىنى غەم ـ قايغۇدىن خالاس قىلىپ، يورۇق تاڭغا باشلايدىغانلىقىدىن ئىبارەت روھىنى مەدھىيىلەش بىلەن بىرگە «ئاتاممۇ ئەل، ئۇستازىممۇ ئەل، بارلىقىمنى ئەلگە ئاتايمەن، ئەل شەنىگە تىكلەيمەن ھەيكەل» دەپ ئۆزىنىڭ ئەل ـ خەلققە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس كۆپلىگەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ ھەقتە ئۇنىڭ

خىزمەتدىشى تۇرسۇن قۇربان ئەپەندى «شېئىرىي مەنزىرە ۋە شېئىرىي ھېكمەت» ناملىق ئوبزورىدا مۇنداق يازىدۇ: «رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرىنىڭ تىرەنلىكىنى ئۆزىگە خاس ئېستېتىك يۈكسەكلىك بىلەن كۆزىتىش، ئېستېتىك ۋە تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا تەسەۋۋۇر قىلىش، تەپەككۇر قىلىش، شېئىر ئوبرازىنى ئېستېتىك تەسەۋۋۇر، ئېستېتىك ئوبرازلاشتۇرۇش ۋە ئېستېتىكىلىق بەدىئىي قۇرۇلما ئارقىلىق يارىتىش، ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنى بىر ئورگانىك گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ تەسۋىرلەش، ھېسسىياتنى ئاساس قىلىش، لېكىن ھېسسىياتنى ئەقىلگە بويسۇندۇرۇش، مەلۇم شېئىرىي كۆرۈنۈشنى تەسۋىرلەپ مەلۇم پەلسەپىۋى ياكى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە پىكىرنى ئىپادىلەش، لىرىكا بىلەن مەنىنى روھ ۋە تەنىنىڭ مۇناسىۋىتىدەك ئىپادىلەش — ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا كۆرۈلگەن ئالاھىدىلىكلەردۇر... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ شېئىرلىرى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش جەھەتتە بەزى ياش ۋە ئوتتۇرا ياش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدەك تويۇنغان ھېسسىياتقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھەقىقىي شېئىردەك ئادەمنى مەھلىيا قىلالىشى — ئۇنىڭدىكى قائىدىلەرنىڭ ئۆزگىچە، يېڭىچە، ئەھمىيەتلىك بولغانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ»①.

ئومۇمەن، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەم يۇقىرى سەۋىيىلىك بولدى. ئۇ كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەسەرلىرىگە پەلسەپىۋى ھەقىقەتنى ناھايىتى چوڭقۇر سىڭدۈرگەن بولغاچقا، كىتابخانلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنىڭ پەرقلىق بولۇشى سەۋەبلىك كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان بولسىمۇ، ئاز بىر قىسىم

① «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا»، 71 ـ، 72 ـ، 78 ـ بەت.

كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى. پابلونېرۇدا توغرا ئېيتىدۇ: «بىر شائىر ئالدى بىلەن رېئالىزمچى بولۇشى كېرەك. ئەگەر رېئالىزمچى بولمايدىكەن، ئۇ ئەرزىمەس شائىر ھېسابلىنىدۇ. بىر شائىرنىڭ يازغىنى ئەقىلغا سىغمايدىغان نەرسىلەر بولۇپ، ئۇنى ئۆزىدىن باشقا ئادەم چۈشەنمىسە، بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ يازغىنى تامامەن ئەقىلغا سىغىدىغان نەرسىلەر بولۇپ، ئۇنى ھەرقانداق دۆت - كالۋالارمۇ چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ كەتسە، بۇ تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدۇر»①.

## 3. غەزەل ئىجادىيىتى ھەققىدە

غەزەللىرىمگە پۈتۈن خەلقنى قەلبىگە يوشۇرغان روھىيىتىم يوشۇرۇنغان.

— ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن②

بىرىنچى بېيتىنىڭ ھەر ئىككى مىسراسى بىر خىل (ئوخشاش) قاپىيىدە كېلىپ، قالغان بېيتلارنىڭ ئاخىرقى مىسراسى شۇنىڭغا قاپىيىداش يېزىلىدىغان لىرىك شېئىرنىڭ غەزەل دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. بۇ خىل شېئىرىي شەكىل ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان تۈرلەرنىڭ بىرى.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن شېئىرىيەت ئىجادىيىتى داۋامىدا غەزەل ژانىرىدىمۇ كۆپلەپ ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ غەزەللىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇنىڭدا چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىنى ھېس

① «مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، 25 - بەت.
② «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1997 - يىل 1 - سان، 13 - بەت.

قىلمىز. ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدە «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» دە خېلى مۇھىم قاراشلىرىنى ۋە ئەسەرلىرىگە قارىتا ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بىز ئۇچۇن ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە، ئۇ يۇقىرىقى ئەسىرىدە شېئىر ئۇستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەسىلىنى قويۇپ يەشمەسلىك، ماجازى غۇۋالىق، ھەممىنى تراگېدىك تۈستە ياساندۇرۇش، چاقماق چېقىپ قويۇش، كۆز يېشىنى مىسرا قىلىپ قاتۇرۇش مېنىڭ ئىزدىنىشىم بولسىمۇ، ناباب شېئىرلىرىمۇ ئاز ئەمەس، ئۇلاردا ياكى گۈزەل بىر پىكرىي روشەنلىك ماقامىغا يېتەلمەي قارا قۇلۇلە قارىنىدىكى مەرۋايىتتەك قامىلىپ قالغان ياكى ئەرزىمەسلىك ئىچىگە ۋاز كېچەلمەس ئىبارىلەر يوشۇرۇنغان. بۇلارنى قايتا ئىشلىمىدىم. مەن تاسادىپىي، كوچىدا تىترەپ ياكى مەيۈسلۈك كۆز يېشىغا چۆمۈپ شېئىر «قوسقان» لىقىم ئۈچۈن شائىرلىق ئىستىكى ۋە تەھرىرلىك تەلىپى بىلەن تەكرار ئىش ئېلىپ بېرىشقا ھەۋەسلىنىپ كۆنمىدىم. نەتىجىدە، شېئىرلىرىم يوشۇرۇن، تەبىئىي، ئىپتىدائىي جاڭگال پېتى قالدى. بۈگۈن ئۇنى تۈزەي دېسەم، ئەينى زاماندىكى ئىلھاملىرىمنىڭ چىنلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن ۋە گۆدەككە ئاتمىش ياشلىق چوڭ دادىسىنىڭ قېنىدىن ئوكۇل بېرىشنى مۇناسىپ بىلمەيمەن. مۆرىكىگە تەرجىمان، شېئىرغا تەھرىرنىڭ ھاجەتسىزلىكى ھەققىدە مۇتلەق بىر نېمە دېگۈم يوق.

غەزەلنى بەش ـ يەتتە بېيىتلىق ئەنئەنىدىن ئاشۇرماسلىقنى، پىكىر بىلەن سىمۋولنى بىرلەشتۈرۈشنى خالىسامۇ ياۋا مېۋىلىرىمنىڭ ھەممىسى بىر دەك چىقمىدى. ياقتۇرمىغان، زاكاز تەلىپىدە ئېلان قىلىنغان غەزەللىرىمدىن تېنىۋالالمايمەن. ئەمما، غەزەللىرىمگە پۈتۈن خەلقنى قەلبىگە يوشۇرغان روھىيىتىم يوشۇرۇنغان، ئۇلارنىڭ قانچىكى روشەنلىكتىن مەھرۇملىرىدا بۇ سىر ئۆز زامانىسىغا لايىق مۇساپىسىدە

قاتموقات ماجازىلاشقان. ئەنسىرەيدىغىنىم، بۇ قېلىن پوستلۇق بادامىلارنىڭ سەنەم لېۋىدىن چەتتە قېلىشىدىن ئىبارەت. كىمكى ئىرىنمىسە ۋە تىلسىم ئاچقۇچىنى تاپالىسا، بۇ غەزەللەر ئىچىدىكى مېغىزنى ئاچىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەيلى ئۇ بىر قانچە كىشى بولغاندىمۇ! » دەيدۇ. بىز يۇقىرىقى جۈملىلەرنى ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ شېئىرىيەت( غەزەل) ئىجادىيىتىدىكى خاسلىقىنى تېپىپ چىقالايمىز. ئۇ غەزەللىرىگە «پۈتۈن خەلقنى قەلبىگە يوشۇرغان روھىيىتى»نى يوشۇرغان بولغاچقا، غەزەللىرىدە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ئىنسانىي پەزىلەتلەر. . . روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ۋەتەن سەن رەنجى دەرمانىم تېپىلماس تۇتىيا سەنسىز،
ئىلىم ئەماسىغا يوقتۇر جاھاندا زەر زىيا سەنسىز.

ۋەتەن قۇت ـ بەختى تاجىمسەن جۇلادۇر ھەر مەھەل مېھرىڭ،
پەرىدۇن تەختى ئايۋانى كېرەكسىز بورىيا سەنسىز.

سۆيۈك شەربەت، تېشىڭ ياقۇت، تېنىمگە تۇپرىقىڭ سىما،
تۈگەل پىردەۋسى جەننەتمۇ چېچەكسىز بىر گىيا سەنسىز.

ئىلىم ـ ئېرپانغا زەركانسەن، سېنىڭسىز تولمىغاي قامۇس،
بەئەينى بىر جۇنۇن ھەتتا ئاتالغان ئەۋلىيا سەنسىز.

ۋەتەن قوينۇڭ گۈلىستانىم، ئىپارىڭ سۆيگۈ ئىلھامىم،
چېكەلمەس خۇش ناۋا بۇلبۇل بولۇپ زاغۇ گويا سەنسىز.

گۈزەللەر گۈلشىنىسەن ئەل سېنىڭدە ئەۋجى يۈكسەكلىك،
جاھان تەسۋىرىگە يوقتۇر كۆڭۈلدە مەھلىيا سەنسىز.

نىچۈن شەيدابى قوينۇڭدىن يىراقلاپ كۆز يېشى تۆكمەس،
ماڭا مىڭ يىل ئىبادەتمۇ ساۋابسىز ساپ رىيا سەنسىز.

ئۇ ۋەتەن ھەققىدە يېزىلغان يۇقىرىقى غەزىلىدە ۋەتەنىنىڭ سۈيىنى شەربەتكە، تېشىنى ياقۇتقا ئوخشىتىپ، زوق - شوخ ئىشتىياق بىلەن كۈيلىسە، بەزى غەزەللىرىدە «سېنى ئەسلەپ ئېگىلدىم يۇرت، ئاتامدىن پىشىۋا ئەيلەپ، ئەقىدەمدىن سالام قىلدىم ئانامدىن ئەتىۋا ئەيلەپ»، «شەيدايى تۇغۇلماقتىن بۇرۇن، روھى ئەل يۇرت ئابىغا چۆمگەنمىدى»، «ۋەتەنىنىڭ زەررىچە خاكى سۇلايمان مۈلكىدىن قۇتلۇق»، «ۋەتەن قەدرىنى بىلمەس چەكمەگۈنچە خارۇ پىرقەتنى»، «ئەقىل مىراجىدا قۇت نۇر ئۆزۈڭسەن، ئي ئەزىز ئەل يۇرت، شۇ نۇرسىز خەستە جانىمدا نە قىلسۇن زەررە ئىمكانىم»... دېگەندەك مىسرالىرى ئارقىلىق تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا ۋەتىنىنىڭ ئۇلۇغۋار خىسلەتلىرىنى نامايەندە قىلىپ بېرىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن خەلقپەرۋەرلىك ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىجادىيىتىدىكى ئىككى ئاساسلىق تېما بولۇپ، ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا ۋەتەننى ئۇلۇغلاپلا قالماستىن، بەلكى ئاشۇ ۋەتەندە ياشاپ، مېھنەت قىلىۋاتقان كەڭ خەلق ئاممىسىنىمۇ ئۇلۇغلايدۇ، خەلقنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچىگە چەكسىز ئىشىنىدۇ، ئۆزىنى خەلق قوينىغا ئاتىدۇ، خەلقنى دۇنيانىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئاساسى دەپ قارايدۇ. شۇڭا خەلقنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى مەدھىيىلەيدۇ. خەلقنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۆزىنى خەلق بىلەن بىر گەۋدە دەپ قاراش ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن كۆپ تەكىتلەيدىغان پىكىر

AltunOq

غورۇرۇم قۇببىسىدا ئەل مۇقەددەس سەن پاناھىم بار،
دىلىمدا بىر ئۈمۈر پۈتمەس ساڭا ھەمدۇسانايىم بار.

ساڭا ئىشقى ئەقىدەمدىن گۇمان گەر ئەيلىسەڭ زەررە،
كۆزەت مەشغۇللۇغۇمنى ئوت خىيالىڭ دىلدا دائىم بار.

سىنىڭ ئۆلپەتلىرىڭ ئۆلپەت، رەقىبىڭ دىل كۆشەندەمدۇر،
غەزەپتىن گەر ئاتار بولساڭ جىنىم ئوق، جىسمى يايىم بار.

كۆلۈپ چىقساڭ شەپەقتەك يۈزلىرىڭگە نۇر جۇلا ئەيلەپ،
قەدەم باسقان ئىزىڭدا چىمن ساداقەت ئىقتىدارىم بار.

كۆزۈمنى يۇمۇپ باقسام سىنىڭ ئىقبالۇ بەختىڭگە،
ئۇنىڭ نۇر لۈتپىگە پەرۋانە بولماغلىققا رايىم بار.

كۆزۈمنى گەر ئېچىپ باقسام سىنىڭ ھۆردەك جامالىڭغا،
ئۇنىڭدىن ئايرىما جانىم دېگەن ئوتلۇق دۇئايىم بار.

ساداقەتلىكتە شەيدايى كۆتۈردى تاغۇ تاقەتنى،
غورۇرۇم شۇل! مەگەر ئۆلسەم سىنىڭ قوينۇڭدا جايىم بار.

ئۇ يۇقىرىقى غەزىلىدە ئۆزى بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك سۆز - جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. باشقا غەزەللىرىدىمۇ خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ناھايىتى يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان بولغاچقا، بۇ ھەقتە ئايرىم تەتقىقات ئېلىپ بېرىش كېرەك دەپ قارايمەن.
ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھاياتتىن زارلىنىشقا

كۆڭۈكۈپ كەتكەنلەرگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىغان شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ ئىنسان دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان ئىكەن، مەلۇم مەقسەت، مەلۇم نىيەت بىلەن ياشىشى كېرەك. جاپا ـ مۇشەققەت ئالدىدا باش ئەگمەي مەردانە ياشىشى لازىم. غەم ـ قايغۇ ئادەمنى قېرىتىدۇ، ئۈمىد ياشنىتىدۇ. شۇڭا غەم ـ قايغۇنى بىر ياققا چۆرۈۋېتىپ، ئۈمىد بىلەن ياشاش كېرەك، ھەمدە ئارزۇ ـ ئۈمىدنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تىرىشىپ ئۆگىنىش، تۇرمۇش بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. . . دېگەندىن ئىبارەت ئىدىيىلەرنى ياقلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بىز ئۇنىڭ مەيلى شېئىر، مەيلى غەزەللىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، يوقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەرەپلەرنىڭ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى غەزەلنى كۆرۈپ ئۆتسەك كۇپايە.

پۈتمەس جاھاننىڭ قىسمىتى چەككەن جاھانچە غەم بىلەن،
قازساڭ قېزىلماس ئاخىرى بۇ سىرنى شۇنچە يەم بىلەن.

شېرىن تېتىمدۇ بۇ ئۆمۈر دەيدۇ جاھانىڭ مەنىلىك،
بىمەنە غەمسىز ئۆمۈرنىڭ شېرىنلىكى شۇ تەم بىلەن.

ئالەمگە كەلدىڭ غەم بىلەن رىزقىڭ پىشۇرغان غەم ئوتى،
غەم قەدرىسىز كەيپۇ ساپا تەققاس ئېرۇر ماتەم بىلەن.

پەرياد چېكىش بىھۇدىلىك، نالەڭگە كىم تىلماچ بولۇر،
سەن يىغلىساڭ ئۆزگە كۈلۈر سازىدا زىرۇ ـ بەم بىلەن.

غۇنچە ۋۇجۇدۇڭ گۈل بولۇپ، گۈلدەك نىگار بولغاي خازان،

باسقان قىراۋدىن غەم يىمە، كۆلگەي زېمىن كۆكلەم بىلەن.

ھەيرەتتە شەيدايى يۈرۈپ بىلدى ئاخىر غەمنىڭ سىرىن،
قىممەت سۇلايمان بەختىدىن تەڭ كۆلمىكنىڭ ئالەم بىلەن.

ھەممىگە مەلۇم، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ مەشھۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار ئۆز تارىخىدا ياراتقان «كۇچا مۇقامى»، «قۇمۇل مۇقامى»، «دولان مۇقامى» . . . قاتارلىق مۇقام شەكىللىرى بىلەن مەنئۇيىتىنى تويۇندۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ھازىرقى گەۋدىگە كېلىشىگىچە بولغان ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان مۇقامغا قىزىققۇچى سازەندىلىرىمىز، مۇقامشۇناس تەتقىقاتچىلىرىمىز بۇ ساھەگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ، ئۇنىڭ مەڭگۈ نۇر چاقناپ تۇرۇشى، دۇنيا ئەللىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللانغان ۋە يۇقىرى پەللە ياراتقان ئالىم بولۇپ، ئۇ «‹ئون ئىككى مۇقام› ۋە نەۋائىيخانلىق ئەنئەنىسى» ناملىق ماقالىسىدە مۇقام ھەققىدە توختىلىپ: «مەلۇمكى، ‹ئون ئىككى مۇقام› — شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى بىباھا گۆھەر. ئۇ يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلبېغىدىكى ئويناق سەنئەت بۇلىقى؛ ئۇ ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق رىتىملىق بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن نۇر چاقناپ تۇرغان جەۋھەرلەر مۇجەسسىمى؛ ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا، ناخشا، داستان، دراما، ئۇسسۇل، مەشرەپ ۋە

شېئىرىيەتتىن ئىبارەت ئېتنىك فولكلور ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن كلاسسىك مۇزىكا خەزىنىسى، ئۇ ئۇيغۇرلاردا ئەسىرلەر داۋامىدا ئىزچىل ياڭراپ كەلگەن جانلىق جامائەت ئاساسىغا ئىگە مۇزىكا مەكتىپى؛ ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېلىمىز ۋە جاھان مەدەنىيىتىگە قوشقان تارىخىي قىممەتلىك تۆھپىسى، ئېسىل مەدەنىيەت مىراسى ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىشتىكى جۇشقۇن روھىيەت قانىتى! ئۇ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتى گەۋدىسىگە ئاساس سالغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي دىنىي ـ بەدىئىي مۇراسىم پائالىيەتلىرىدىن تاكى ‹ ماھادۇر › ، ‹ ئۇلۇغ كۈي › دەپ ئاتالغان مۇزىكا شەكىللىرىگىچە ۋىدۇساكا، سۇجۇپ، ماندا ئاقارى، فى شىڭنۇ، فى شىڭفۇدىن تاكى ئەبۇ نەسىر فارابى، ئەلشىر نەۋائىي، قىدىرخان، ئامانىساخان، دوستى يەركەندى قاتارلىق مۇقامخۇمار ئۇستازلارغىچە خەلقىمىزنىڭ پۈتكۈل تارىخى بىلەن ئوخشاش، تولىمۇ ئۇزۇن زامان مۇساپىسىنى بېسىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ نادىر كلاسسىك قەسىرىسىنى بەرپا قىلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنىك مۇزىكىلىق ئىشتىياقى ۋە ماھارىتى بولمىغاندا ئىدى. شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر خەلقى مىڭلىغان يىللار داۋامىدا يىپەك يولى مەدەنىيەت ئالاقىلىرىغا بىۋاستە ۋە پائال ئىشتىراك قىلمىغاندا، ئالەمدە مۇنداق نەغمە شەكلى ئەڭ كۆپ، مىلودىك ھوزۇرى ئەڭ گۈزەل مۇزىكا مۆجىزىسىنى تاۋلاپ كامالىغا يەتكۈزەلمىگەن بولاتتى! » دەيدۇ. بىز ئۇنىڭ مەخسۇس مۇقام تەتقىقاتىغا دائىر يېزىلغان ئىلمىي ئەسەرلىرىنىلا ئوقۇپلا قالماستىن، بەلكى شېئىرىي ئەسەرلىرىنى جۈملىدىن غەزەللىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» غا ھەقىقەتەن ھېرىسمەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن «مۇقام» نى ئەسەرلىرىدە تىلغا ئالماي، ئۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارماي تۇرالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت «مۇقام ئالىمى» غا

خاس روھىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ ئۆز غەزەللىرىدە:

ساتارنى قولغا ئالغاندا جاراڭلايدۇ مۇقام ـ نەغمەم،
دىلىم ئۆركەش ياسار قايناپ ئۇنىڭدىن ئۇرغۇسا نەزمەم.

ئۇرۇپ داپنى ئاڭا تەڭكەش قىلىپ چالسام غىجەك، تەمبۇر،
زامانەم شەنىنى كۈيلەر مېنىڭ چالغان جىمى پەدەم.

خالايىق ئىختىرا قىلغان بۇ ئون ئىككى مۇقامىمنى،
ئۇنىڭ «چوڭ نەغمە» «داستان» «مەشرەپى» سازىمدا بولغان جەم.

مۇقاملار تەسۋىرنى ئىپتىدا قىلسام گۈزەل «راك»تىن،
«مۇشاۋۇرەك» «سىگاھ» «چارگاھ» مۇقام دۇردانىسى كۆركەم.

ئۇلاپ مەن «پەنجىگاھ» بىرلەن «بايات» ھەم «چەببىيات» چالسام،
«ئۇشاق» ، «ئىراق» ، «ناۋا» ، «ئۆزھال» ، «ئەجەم» زۇمرەت بۇلاق ـ
چەشمەم.

«جۇلا» بىرلەن «سەنەم» چالسام ئۇسسۇل جەۋلانىغا يەتسە،
مۇقاملار مەشرىپىدە ئەۋجىگە چىققاي خۇشال بەزمەم.

ساتارىم تارى دىل رىشتى، ناۋاسى ئەل ساداسىدۇر،
ھايات بەخش ئەتتى سازىمغا تۇمەن گۈل چاقنىغان سەھنەم.

قېنى باشلاي مۇقامىمنى ئىلىپ تاڭ نۇرىدىن ئىلھام،
ئەسىرلەر قوينىدا ياڭرار بايلىقىم ـ خەزنەم.

دەپ جاراڭلىق توۋلاپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخرى، غورۇرى

ھېسابلانغان «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان كۈي ـ نەغمىلىرىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. بۇ بىر تاسادىپىيلىق بولماستىن، بەلكى شائىرنىڭ مۇقامغا بولغان قىزغىنلىقى، مۇقام تەتقىقاتى بىلەن ئەتراپلىق شۇغۇللانغانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

يىغىنچاقلىغاندا، ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ غەزەللىرى مەيلى مەزمۇن، مەيلى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن، روشەن خاسلىققا ئىگە.

## 4. تۇيۇق ۋە تەجنىسلىرى ھەققىدە

خۇشال بولۇشنىڭ يولى ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن ئىشنى قىلىشتا ئەمەس، بەلكى قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلارنى ياقتۇرۇشۇڭدا.

— جامىس. م. بارىرنىي

تۇيۇق — ئەجدادلىرىمىز ئىجادىي مېھنىتىنىڭ بىر ئۈلگىسى بولۇپ، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىكى تۆت مىسرالىق قوشاقلار زېمىنىدە تۇغۇلۇپ، خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك جەھەتتە تۇراقلاشقان، مۇئەممالىق (تېپىشماقلىق) شېئىرىي شەكىللەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ مەزمۇن جەھەتتىن تۇرلۇك مەزمۇنلاردا يېزىلىدۇ، قۇرۇلما جەھەتتىن تۆت مىسرا، ئۈچ ئۇمۇنىملىق سۆزدىن تۈزۈلىدۇ. تۇيۇقنىڭ باشقا مۇئەممالىق شېئىرىي شەكىللەردىن پەرقى شۇكى، ئۇنىڭغا قاپىيە ئوچۇن شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش، ئەمما مەزمۇن جەھەتتىن باشقا ـ باشقا ئۇقۇم بېرىدىغان ئۇمۇنىم سۆزلەر تاللىۋېلىنىدۇ. مۇشۇ خىل ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بۇ شېئىرىي شەكىلنى تېپىشماقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. تۇيۇق قەدىمدىن ھازىرغىچە يازما ئەدەبىياتىمىزدا قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان تېپىشماقلىق شېئىرىي

شەكىل بولۇپ، بۇ خىل شەكىلنى قوللىنىش ئانا تىلىمىزنىڭ لۇغەت سوستاۋىنى بېيىتىش، مۇكەممەللەشتۇرۇش، ئومۇنملىق سۆزلەرنىڭ لۇغەت سوستاۋىمىزدىكى نىسبىتىنى ئاشۇرۇش، ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىشلىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تىل بايلىقىنى ئۆستۈرۈش، ئومۇنىم سۆزلەرنى ئۆز جايىدا توغرا ئىشلىتىش، توغرا قوللىنىش جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۇيۇقنىڭ قانچىنچى ئەسىرلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەنلىكىگە ئائىت ئېنىق بىر تارىخىي مەلۇمات هازىرغىچە تېپىلغىنى يوق. ئەمما بىز ئاتاقلىق ئالىم يۇسۇپ خاس هاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق قامۇسى ئەسىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇنىڭدا «تۇيۇق» شېئىرىي شەكلىنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز.

«ئۆگ» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىم ئورنىدا كەلگەندە ئىدراك؛ سۈپەت مەنىسىدە كەلگەندە چوڭ، ئۇلۇغ؛ پېئىل بولۇپ كەلگەندە ماختىماق دېگەن ئۇقۇملارنى بېرەتتى. شائىر يۇسۇپ خاس هاجىپ بۇ سۆزدىن پايدىلىنىپ مۇنداق بىر تۇيۇق يارانقان:

1993. قايۇ ئەردە بولسا، ئوقۇش بىرلە ئۆگ،
ئانى ئەر ئاتاغىل، نەچە ئۆگسە ئۆگ.

1994. ئوقۇش، ئۆگ، بىلىك كىمدە بولسا تۇگەل،
ياۋۇز ئەرسە كەدتە، كىچىك بولسا ئۆگ.

يەشمىسى:

كىمدە ئەقىل ۋە ئىدراك بولسا، ئۇنى ئەر دەپ هېسابلا،

قانچە ماختىساڭ ماختا، كىمدە ئەقىل ئىدراك،
بىلىم جەم بولىدىكەن، ئۇنى يامان بولسا ياخشى،
كىچىك بولسا، ئۇلۇغ، دەپ بىل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى كلاسسىكلىرىمىز جۈملىدىن نەۋائىي، لۇتفى . . . قاتارلىقلارمۇ تۇيۇق ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ خېلى كۆپ تۇيۇق يېزىپ، بۇ ژانىرنىڭ تەرەققىياتى ۋە كېيىنكى دەۋرلەرگىچە ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشتى. تۇيۇق ئىجاد قىلىش باشقا شەكىللەرنى ئىجاد قىلىشقا قارىغاندا زور كۈچ تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ خىل شېئىرىي شەكىلگە ئىشتىراك ئەتكەنلەر ناھايىتى ئاز بولدى. لېكىن ئۆز ئىجادىيىتىنى خەلق ئۈچۈن بېغىشلاپ، خەلق تۇرمۇشىدىن تېما ئېلىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر قىسىم ئىجادكارلىرىمىز بۇ خىل شېئىرىي شەكىلگە ھەردائىم قەلەم تەۋرەتتى ۋە تەۋرەتمەكتە.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن شېئىرىيەت ئىجادىيىتى جەريانىدا تۇيۇق شەكلىدىمۇ خېلى كۆپ ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭ بىر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن تۇيۇقلىرى «رۇبائىيات» ناملىق توپلامدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ 50 پارچىگە يېقىن تۇيۇقى رۇبائىيلار قاتارىدا كىتابخانلار بىلەن دىدارلاشقان. ئۇ تۇيۇق ئىجاد قىلىشتا ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى تۇيۇق ئىجاد قىلىش شەكلىدىن بىر دەرىجە ھالقىپ ئۆتكەن:

ماڭا قىسمەت ئىدى بىر سىر، ئۇنىڭ پالىنى ئەل ئاچتى،
ئادالەت زەر ئۈزۈككە كۆز بولۇپ ياقۇت لەھەل ئاچتى.
خۇشال خەندان ئېتەرمەن، زوق ئېتەر كۆلكەمگىمۇ بۇلبۇل،
كۆرۈڭ پەرھادىغا شېرىن، گۈزەل رەڭگىن تۇگەل ئاچتى.

مەزكۇر رۇبائىينىڭ 1 ـ مىسراسىدىكى «ئاچتى» ـ پال كۆردى، 2 ـ مىسراسىدىكى «ئاچتى» ـ زىننەتىنى ئاشۇردى، 4 ـ مىسراسىدىكى «ئاچتى» ـ يۈزىنى ئاچتى مەنىسىدە كەلتۈرۈلگەن. بۇ رۇبائىيدىكى ئۈچ «ئاچتى» ئۈچ مەنىدە كەلگەن تۇيۇق (مۇھتەمىلات) بولۇپ، ئىش ئۆز ئۆلچىمى بويىچە ئورۇنلىنىپ بولغان ۋە ئۇلارنىڭ يېنىغا يەنە قاپىيىمۇ زۆرۈر ئەمەس ئىدى. ئاپتور بۇ يەردە شەكىلداش سۆزنىڭ يېنىغا ئەل، لەھەل، تۆگەل دېگەن قاپىيىلەرنى كەلتۈرۈپ، قوش قاپىيىلىك رۇبائىي، قوش قاپىيىلىك تۇيۇق (مۇھتەمىلات) يارىتقان. تۆۋەندە ئۇنىڭ تۇيۇقلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن باشقا ئەسەرلىرىدىكىگە ئوخشاش تۇيۇقلىرىدىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. شۇنداق قىلىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تۇيۇقلىرىنىڭمۇ ئاساسلىق تېمىلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. ئۇنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى شېئىرىي پىكىرلىرى، ھېكمەتلىرى بىر تەرەپتىن ۋەتەننىڭ ئۇلۇغ، مۇقەددەسلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن كىشى قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، كۈچلۈك ئېستېتىك زوق پەيدا قىلىدۇ.

گۈزەلدىن ئايرىلىپ ھىجران ئوتىدا مەن ناۋا تۈزدۈم،
كۆكۈل چاقماقى بىرلە كۆز يېشىمدا بىر ھاۋا تۈزدۈم.
ئەگەردە ئۆز گۈلىستانىم مېنى ئاجراتسا قوينىدىن،
بۇلۇتتەك ئايرىلىپ يەردىن پىغاندا بىر ساما تۈزدۈم.

بۇ تۇيۇقتا كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، ئالىمنىڭ ۋەتەنپەرلىكنى ئىپادىلەشتىكى كۆز قاراشلىرى يېڭى ھەم ئۆزگىچە، پىكىرلىرى ناھايىتى كۈچلۈك، يارىتقان ئوبرازلىرى

كىشىنى قايىل قىلارلىق بولۇپ، يېزىلىش جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە.

ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن خەلقپەرۋەرلىك ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىجادىيىتىدىكى ئاساسلىق تېما بولغاچقا، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ۋەتەنپەرلىكنى كۆيلەپلا قالماستىن، بەلكى ئاشۇ ۋەتەندە ياشاپ، ئىجاد ئەتكەن كەڭ خەلق ئاممىسىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۇلارنى زوق - شوق بىلەن كۆيلەيدۇ. خەلقنىڭ ئۇلۇغ كۈچ - قۇدرىتىنى مەدھىيىلەيدۇ.

ئۆمۈر گۈلشەنلىرىڭ ئەلۋەك، خەلقنى دىلغا جا ئەتسەڭ،
كۆڭۈل ئەينەكلىرىڭ روشەن، ئىلىمگە ئىلتىجا ئەتسەڭ.
سائادەت ئول سائادەتنى ئۆتۈنمەك بىرلە بولغاي تەل. . .
سۇلايمان ئامىتىڭ بەربات. . . ھەسەتنى مۇددىئا ئەتسەڭ.

تۆيۇقلار رۇبائىيلارغا ئوخشاشلا ھايات ھېكمەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساسلىق ئالاھىدىلىك قىلىدىغان بولغاچقا، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تۆيۇقنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە ھەر ۋاقىت ھۆرمەت قىلغان. ئۇ باشقا تېمىلاردىكى تۆيۇقلىرىدىمۇ ھامان مەلۇم ھايات ھېكمىتىنى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەيدۇ. ئۇ بەزى تۆيۇقلىرىدا مەخسۇس ھايات ھېكمىتىنى كۆرسىتىپ، چوڭقۇر مەزمۇنلارنى ئىپادىلىگەن. بۇ خىل مەزمۇندىكى تۆيۇقلارغا تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن.

كۆڭلۈڭ گۈزەللىك تاپمىسا ئىستەك بېغىڭ ئۆرتەپ يانار،
ئىزگۈ ھىدايەت قىلمىساڭ تايغان ئېتىڭ چىشلەپ يانار.
ئامەت ياراشماس بولمىسا زېھنىڭ بىلەن ئەل رەھمىتى،
تەقلىدى روستەمدەك سادىق ئاتساڭ ئوقۇڭ ئۆزگە يانار.

ئەجىر ـ ئەمگەك بىلەن شۆھرەت تاپار ئادەم قېرى ـ ياشى،
دەقىقىنىڭ ۋەزنى ئالتۇندۇر نەسىپ گەر بولسا يۇز ياشى.
ھەۋەس گويا ۋاقىتنىڭ قەستىدە يۈرگەن قاراقچىدۇر،
پۇچەك ئۆتكۈزمە ۋاقتىڭنى سېنى قىستايدۇ كۆز ياشى.

دېمەك ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تۇيۇقلىرى مەيلى يېزىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتىن بولسۇن، ۋە مەيلى ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنىنىڭ موللۇقىدىن بولسۇن، روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە.

تەجنىس — ئادەتتە ئاز ئۇچرايدىغان شېئىرىي شەكىللەرنىڭ بىرى. ئۇ يېزىلىش شەكلى ئوخشاش، مەنىسى باشقا بولغان سۆزلەردىن تۈزۈلىدىغان بولۇپ، بۇ خىل سۆزلەردىن پايدىلىنىپ شېئىرلاردا سۆز ئويۇنى ياساش ۋە ماھارەت نامايىش قىلىش — كلاسسىك ئەدەبىياتتا بىر خىل ئەنئەنە.

تەجنىسمۇ «قوشتادغۇبىلىك»تە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن: «قىز» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ھازىرقى زامان مەنىسىدىن تاشقىرى «قىس»، «كەم»، «نادىر» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدىغان ئومۇنىملىق سۆز بولۇپ ئىستىلاتتى. شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازىدۇ.

564. بۇ مۇنداغ كىشىلەر بولۇر ئېزى قىز،
بۇ قىز قىزلىقى قىلدى قىز ئاتى قىز.

يەشمىسى:
مۇنداق كىشىلەر بەكمۇ قىس بولىدۇ.
قىس نەرسىلەر قىممەتلىكى ئۈچۈن قىزنىڭ ئېتىمۇ قىز
بولغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ھېساب» دېگەن سۆز «ساقىش» دېيىلەتتى. بۇ سۆز «ساق» ۋە «ئىش» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكمىسىدىن ياسالغان. شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنىڭدىن مۇنداق بىر سۆز ئويۇنى تۈزىدۇ.

2221. ھېساب ساقلىقىدىن ئاتالدى ساقىش،
كۆرەرسەن، ھېساب ئۇ ئۆزى بەك ساق ئىش.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل شەكىل ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، «رۇبائىيات» توپلىمى ئارقىلىق يورۇقلۇققا چىققان. «رۇبائىيات» نىڭ 1 ـ قىسمىنىڭ بېشىدا مەرھۇم نۇرمۇھەممەت ئېركى «ياش ئالىمنىڭ يېڭى ئەمگىكى» ماۋزۇسى ئاستىدا بىر پارچە چوڭ تېپتىكى تەتقىقات ماقالىسىنى بەرگەن بولۇپ، ئۇ بۇنىڭدا «رۇبائىيات» تىكى مۇۋەپپەقىيەتلەردىن تەجنىس ھەققىدىمۇ خېلى ئەتراپلىق تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. بۇ يەردە بىز ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى كۆرۈپ ئۆتۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.
ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم رۇبائىيلىرىنى يەككە ۋە بەزىسىنى قوش تەجنىس بىلەن يازغان. شۇنداق شېئىردىن بىر مىسال:

ئالا بولغان ئالا بولغاندىن ئارتۇق،
كۆمۈلگەن تەلمۈرۈپ تۇرغاندىن ئارتۇق.

مەزكۇر «مەسنىۋى» نىڭ 1 ـ مىسراسىدىكى ئىككى «ئالا» سۆزى بىر خىل يېزىلغان ھەم بىر خىل ئېيتىلغان بولسىمۇ،

ئەمما ھەر بىرىنىڭ مەنىسى بۆلەك. بىرىنچىسى، «ئالا» بولغان (يا ئاق، يا قارا ئەمەس)، ئىككىنچىسى، بەرەس (پىسى) بولغان مەنىسىدە كەلتۈرۈلگەن. ئالىم بۇ شېئىردا ئادەم بىر ئىشتا ئا (يا ئوغرى ئەمەس، يا توغرى ئەمەس) بولغاندىن پىسى بولغان ياخشىراق. بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا بى ھاجەت ئۇچۇن تەلمۈرۈپ تۇرغاندىن، ئۆلۈپ كۆمۈلگەن تۈزۈك دەيدۇ. ئۇ بەزى رۇبائىلىرىنى يەككە تەجنىس، بەزىلىرىنى قوش تەجنىس بىلەن يازغان.

يەككە تەجنىسنىڭ مىسالى:

ئاڭلىغانتىم بۇ گۈزەلنىڭ تۆت تەرەپتىن داڭقىنى،
شەنگە ياققان ئىدىم ھەر كۈندە ئىسرىق داڭقىنى.
. . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . .

بۇنىڭدا 1 ـ مىسرادىكى «داڭقىنى» سۆزى «شۆھرىتىنى» دېگەن مەنىدە كەلسە، 2 ـ مىسرادىكى «داڭقىنى» ئىسرىق سالىدىغان «داڭقان» مەنىسىدە كەلگەن.

قوش تەجنىسنىڭ مىسالى:

مۇھەببەت تويىغا سەۋزە تېنىمنى سەن قەلەم قىلدىڭ،
ساداقەت شەجىرىگە قاش كىرپىكىڭنى سەن قەلەم قىلدىڭ.
لىۋىڭدە مەس قىلىپ جەڭگە ئىتەكىڭنى ئەلەم قىلدىڭ،
قىلىپ بەنت ئىشقى زىندانىڭ ئارا ئاخىر ئەلەم قىلدىڭ.

بۇنىڭدا 1 ـ مىسرادىكى «قەلەم» سۆزى «توغراش»، 2 ـ مىسرادىكى «قەلەم» سۆزى ئادەتتىكى قەلەم (خەت يازىدىغان) مەنىسىدە، 3 ـ مىسرادىكى «ئەلەم» سۆزى «بايراق» مەنىسىدە، 4 ـ مىسرادىكى «ئەلەم» سۆزى «دەرت» مەنىسىدە كەلگەن.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «رۇبائىيات» توپلىمىدا سۆز ئويۇنلىرىنىڭ باشقا خىللىرىمۇ بار. بۇنىڭدا مەلۇم سۆزدىكى ھەرپلەرنى باش - ئايىغىغا يەڭگۈشلەش ياكى مەلۇم سۆزدىن بىرەر ھەرپنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن بىر خىل، قوشقاندا بىر خىل مەنا ئاڭلىتىدىغان تېپىشماق ياكى مۇئەمما (چىيىستان) خاراكتېرىدىكى شېئىرىيەت سەنئىتىنى نامايەن قىلغان.

«قىپ»نى «پىق» قىلساڭ قوشۇپ باشىغا «رە»،
بال قۇيار نەشتەر تۇتۇپ تۇرغان ھەرە...
تەسكىرى قىلساڭ ئۇنى باغىڭ خازان،
ئەجدىھا بوپ تەۋرىگەي ھەتتا پىلە.

بۇ رۇبائىنى بىر ئوقۇش بىلەن يازغۇچىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىش تەس. بۇنى ئالدىرىماي ئوقۇپ، ئاڭلاپ، بىرئاز ئىدراك ئىشلەتكەندە، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاشكارا بولىدۇ.

«قىپ» ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش، بىر سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ھەرپ. «ق» باشتا، «پ» ئايىغىدا. بۇ ھەرپلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ «قىپ»نى «پىق» قىلىپ كۆرەيلى. ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا «رە» ھەرپىنى قوشايلى. «پىق»نىڭ بېشىغا «رە»نى قوشساق «رەپىق» بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا — دېيدۇ شائىر — نەشتەر تۇتۇپ تۇرغان ھەرە ھەسەل بېرىدۇ. يەنى «رەقىپ» (دۈشمەن) «رەپىق» (دوست) قا ئايلىنىدۇ. «پىق»نى «قىپ» قىلىپ بېشىغا «رە»نى قوشساق «رەپىق» «رەقىپ»قا ئۆزگىرىدۇ - دە، ئاددىي پىلە قۇرۇتى ئەجدىھاغا

ئايلىنىپ، يەنى دوستلۇق دۈشمەنگە ئايلىنىپ بېشىڭغا بالا بولىدۇ.[①] بۇ خىل شەكىلدە شېئىر يېزىش بىر خىل مېڭە ئىشلىتىدىغان، زور كۈچ تەلەپ قىلىدىغان سۆز ھۈنىرى - ماھارىتى، خالاس.

دېمەك، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «رۇبائىيات» توپلىمىدىن ئورۇن ئالغان بىر تۈركۈم تۇيۇق ۋە تەجنىسلىرى ھەممىدە سۆز ئويۇنى شەكلىدە يېزىلغان ئاز بىر قىسىم رۇبائىيلىرى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى تۇيۇق، تەجنىس يېزىش شەكلىدىن ئىجادىي پايدىلىنىش ۋە تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا يېزىلغان بولغاچقا، تۈزۈلۈش، مول مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش، جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ يۇقىرى بولۇش. . . قاتارلىقلار جەھەتتە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇناسىپ ئورۇن ئىگىلىگەن. شۇڭا بۇلارنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تەتقىقاتىدا، تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ بىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

## 5. رۇبائىيلىرى ھەققىدە

كۆڭۈلكىم گەر ئەجەل يەتسە مېنى تەكلىماكانىمغا،
نە ھاجەت غەم گۈلىن تاقماق مېنىڭ سۆيگەن جاھانىمغا.
لەھەتكە كىرسىمۇ جىسمىم كۆمۈلمەس ئاتەشىن قەلبىم،
يۇرەر سازەندىدەك روھىم يەنە قانماي ماكانىمغا.

قەبرە تېشى تەكتىدىن ئىزدىگەيسىز زاتىمنى،
سۆيگۈ پاجىئەسىگە قوشۇپ مىسكىن ئاتىمنى.

---

① «رۇبائىيات»، 1 - قىسىم، 36 -، 37 -، 38 - بەتلەر.

AltunOq

كېزەر روھىم گوياكى پەرۋانىدەك بىئارام. . .
ئۆتكۈزمەككە ئەل ئارا جىسمسىز ھاياتىمنى.

ئۆلۈمدىن قەرز ئېلىپ بۇ جاننى كەلدىم ئۇشبۇ ئالەمگە،
ئۆلۈمنى سىڭدۈرۈپ ئۆتتۇم ھاياتىم ئىچرە ھەردەمگە.
ماڭا يۈكسەك، ئۇلۇغ تاڭ ئىشقىدا پەرۋانىدەك ئۆلمەك،
ھاياتلىق يا ئۆلۈمدىن پەخرىلەر قاتماقتا كۆلكەمگە.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھايات ۋاقتىدا كىتابتىن، ئىجادىيەتتىن بىردەممۇ نېرى بولماي «خۇددى يېقىندا كاتتا ئېمتىھان بولىدىغاندەك» زور ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن بولغاچقا، بۇ دۇنيادىن كۆز يۇمغاندىن كېيىنمۇ، يۇقىرىقى ئۈچ پارچە مول مەزمۇنلۇق رۇبائىيسىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ياتتى. ئۇنىڭ قەبرە تېشىغا چېكىلگەن يۇقىرىدىكى بىرىنچى رۇبائىيدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇ رۇبائىي ئىجادىيىتىدە سۈپەت مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قاراپ، ۋەزنى مىڭ پاتمان كېلىدىغان كۆپلىگەن رۇبائىيلارنى ئىجاد ئەتكەن. بىز ئالىمنىڭ رۇبائىي ئىجادىيىتى ھەققىدە توختىلىشتىن ئاۋۋال رۇبائىي ژانىرى ئۈستىدە ئازراق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۆتەيلى.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، رۇبائىي — ئەرەبچە «تۆتلىك»، «تۆت مىسرالىق مۇستەقىل شېئىر» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، قەدىمدىن بېرى قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان، ئۆزىگە خاس بەزى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن شېئىرىيەتنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىرخىل ئۆزگىچە شېئىرىي ژانىر ھېسابلىنىدۇ. گەرچە، رۇبائىي دېگەن بۇ سۆز «تۆتلىك» ياكى «تۆت مىسرالىق مۇستەقىل شېئىر» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلاتسىمۇ، لېكىن تۆت مىسرادىن تەركىب تاپقان شېئىرلارنىڭ

ھەممىسىلا رۇبائىي بولىۋەرمەيدۇ. ھەتتا مۇستەقىل بىر پىكىرنى ئۇقتۇرىدىغان كىچىك شېئىرىي ژانىرى «قىتئە» نىڭ تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەنلىرىمۇ رۇبائىي ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى «قىتئە» ئالماش قاپىيىلىك بولىدۇ. رۇبائىيدا بولسا، تۆت مىسرانىڭ ھەممىسى ياكى بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى مىسرالىرى قاپىيىداش بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بىر رۇبائىي — بىر مۇستەقىل شېئىر. ئۇ ناھايىتى تۆتلا مىسرادىن تۈزۈلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 10 — 20 كۇپلېت شېئىر ئورنىغا خۇلاسە تەرىقىسىدە يېزىلغان بىر كۇپلېت شېئىر. «ئۇ، شۇنداق بىر كۇپلېت شېئىركى، ئۇنىڭدا بىر قانچە كۇپلېت شېئىرنىڭ جەۋھىرى بايان قىلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىگە بېرىلگەن بىر كۇپلېتتا بىر پۈتۈن پىكىر، بىر پۈتۈن ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ ۋە بېرەلىشى لازىم. ئۇنداق قىلالمىسا، ئۇ تۆت مىسرالىق قىلىپ يېزىلىشى بىلەن شەكلەن ‹رۇبائىي› غا ئوخشىسىمۇ، مەزمۇنەن ‹رۇبائىي› بولالمايدۇ.

‹رۇبائىي› غا قويۇلىدىغان تەلەپ، ئادەتتىكى شېئىرلارغا قويۇلىدىغان تەلەپتىن يۇقىرى، ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپ ھەجمى كىچىك، ۋەزنى ئېغىر بولۇش، مىتاللار ئىچىدە ئالتۇن شۇ خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ‹رۇبائىي› ئەگەر ئۇ مەزمۇنەن رۇبائىي بولسا، ئۇنى ‹شېئىرلارنىڭ ئالتۇنى› ياكى ‹ئالتۇن شېئىر› دەپ ئاتاش مۇمكىن»[①].

رۇبائىي — تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا قەدىمكى زامانلاردىنلا مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ھەقتە كۆپتىن بېرى تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئالىملارنىڭ بىرى. ئې. ئە. بېرتېلس: «پارس - تاجىك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «قەسىدە ۋە غەزەللەردىكى يېگانە قاپىيە ئەلۋەتتە ئەرەبلەرنىڭ،

① ئا. مۇھەممەتئىمىن: «رۇبائىيات»، 1 - قىسىم، 8 - بەت.

لېكىن جۈپ قاپىيە ئەرەبلەرگە مۇتلەق مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئۇلارغا رۇبائىيمۇ نامەلۇم بولغان. لېكىن بەكمۇ قەدىمكى زامانلاردا رۇبائىي ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر فولكلورىدا ئەڭ يېقىملىق شەكىللەردىن بىرى بولغان. شۇنىڭدەك ئەرەبچە ئاتىلىدىغان مۇرەببە، يەنى ھەربىر مىسراسى ‹ئائائاب› كۆرۈنۈشىدە قاپىيىلەنگۈچى بەند شەكلى بەك كۆپ. بۇ، تۈركىي خەلقلەر فولكلورىدا ئۇچرايدىغان تۆتلىكلەردىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى تەن ئالماسلىق مۇمكىن ئەمەس»①.

رۇبائىيمۇ ئەدەبىياتىمىزدا خېلى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى كەڭ قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نامايەندىلىرىنى ئېنىقلاش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۈركىي خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇر رۇبائىيچىلىقىنىڭ دەسلەپكى نامايەندىلىرى ھەققىدە سۆز بولغاندا كۆپىنچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىلغا ئېلىنىدۇ. مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ تۈزگەن «يېڭى رۇبائىيلار» ناملىق توپلامدا «بىز ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى تارىخىدا رۇبائىينىڭ دەسلەپكى ئۈلگىلىرىنى ‹قۇتادغۇبىلىك›تىن كۆرىمىز» دېيىلگەن بولسا، مەرھۇم ئالىم، يازغۇچى، شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا» ناملىق كىتابىدا، «بۇ ژانىرنىڭ دەسلەپكى نامايەندىلىرى پارسلاردا ئۆمەر ھەييام، تۈركىي خەلقلەر (مۇھىمى ئۇيغۇرلاردا) دە يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر» دېيىلىدۇ. ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 980 يىللىقى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 928 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس

---

① «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1998 ـ يىل 1 ـ سان، 33 ـ بەت.

ھاجىپ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا رۇبائىي ژانىرىنى تۇنجى باشلىغۇچىدۇر» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى ۋە «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1999 ـ يىل 2 ـ سانىدا ئىسمايىل تۆمۈرى بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان «‹قۇتادغۇبىلىك› داستانىدىكى رۇبائىيلار ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدا: «ۋەھالەنكى 1926 ـ يىلى ‹لوندۇن شەرق تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى› نىڭ مۇدىرى دېنسون گوس ئىسىملىك ئېنگلىز ئالىمىنىڭ ئىسپاتلاپ چىقىشىچە، ئۆمەر ھەييام 1040 ـ يىلى تۇغۇلغان. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› داستانى يېزىلىپ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋايىغا يەتكەن مەزگىلدە ئۆمەر ھەييام ئەمدىلا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، ئەسەرلىرى تېخى كەڭ تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشمىگەنىدى. ‹دۇنيادىكى مەشھۇر ئەدىبلەر› لۇغىتىدە يېزىلىشىچە ئۆمەر ھەييام 30 يېشىدىلا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى يورۇقلۇققا چىقىپ تارقىلىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ رۇبائىيلىرى شەرقتىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان. بىز يۇقىرىدىكى دەلىللىرىمىز ئارقىلىق شەرق خەلقلىرى كلاسسىك ئەدەبىياتىدا رۇبائىي ژانىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن باشلانغان دېگەن ئىلمىي يەكۈننى چىقىرىشقا تامامەن ھەقلىقمىز»① دەپ يازىدۇ. يۇقىرىقى تەتقىقاتچىلارنىڭ بىردىنبىر سەۋەنلىكى ئۇلار پەقەت يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلەن ئۆمەر ھەييام ھەققىدىلا توختىلىپ، ئەكسىچە ئۇلاردىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى ئەبۇنەسىر فارابى (870 — 950) ۋە ھەممە پەنلەر بويىچە

---

① «بۇلاق» 1999 ـ يىل 2 ـ سان 93 ـ بەت.

ئەللامە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن جاھانشۇمۇل ئالىم ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنالار (980 — 1037) نىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىدىكى رۇبائىي ژانىرىدا يېزىلغان مىسرالارغا نەزەر ئاغدۇرمىغان. بىز فارابى ۋە ئىبن سىنالارنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇيدىغان بولساق، تۈركىي خەلقلەر رۇبائىيچىلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نامايەندىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولماستىن، بەلكى فارابى ۋە ئىبن سىنا، جۈملىدىن فارابى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالىشىمىز مۇمكىن. فارابىدىن بۇرۇن ئۆتكەن كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى بىزگىچە تولۇقى بىلەن يېتىپ كەلمىگەچكە، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ رۇبائىي ژانىرى بولۇشى مۇمكىن دېگەن پىكىرنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ دەلىلى ئۈچۈن تۆۋەندە فارابى ۋە ئىبن سىنالارنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىدىن جەملەنگەن بىرقانچە رۇبائىيسىنى مىسال تەرىقىسىدە كەلتۈرىمىز. فارابى رۇبائىيلىرىدىن نەمۇنە:

پىشماين سىرى ۋۇجۇت خام قالدى ئالەم ئۆز پېتى،
يا تېشىلمەي گۆھىرى ھەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى.
گەر ئەقىل يۈرۈق چېچىپ، ھەر كىم ئىزاھات ئېيتسىمۇ،
ئەسلىي چىن تەسۋىرىدىن كەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى.

قەسەم بىللا ھاياتلىقتىن بىزارمەن كۆڭۈلسىز ئەمدى،
بەئەينى ئوق كەبى تەندىن چىقار جان ۋاقتى تېز ئەمدى.
بەخت باشلانسا يەتكەيلەر زاۋاللىققا بەختسىزلىك،
تەبىئەت جىنسى بىز ئۆز جىنسىمىزغا قايتقۇمىز ئەمدى.

ئىبن سىنا رۇبائىيلىرىدىن نەمۇنە:

AltunOq

قارا يەر قەئرىدىن تا ئەرشى زۇھەل،
كائىنات مۇشكۇلىن بارىن قىلدىم ھەل.
كۆپ مۇشكۇل - تۈگۈننى يەشتىم، چۇشەندىم،
يېشەلمەي قالغىنىم بىرگىنە ئەجەل.

مەي مەستكە دۇشمەنۇ، ھوشيارغا ياردۇر،
ئازى تەرياك[1]، كۆپى بىر زەھرى ماردۇر[2].
كۆپ بولسا زەرەرى ئاز ئەمەس ئۇنىڭ،
ئاز بولسا ئۇندا كۆپ مەنپەئەت باردۇر.

دېمەك، بىز يۇقىرىقىلارغا ئاساسلىنىپ تۈركىي مىللەتلەر رۇبائىيچىلىقىنىڭ دەسلەپكى نامايەندىلىرىنى فارابى ۋە ئىبنى سىنا دەپ ئېيتالايمىز.

تارىخ چاقى توختاۋسىز ئىلگىرىلەپ XX ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىغا قەدەم قويغاندا ئۇيغۇر رۇبائىيچىلىقى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، كۆپلىگەن شائىرلار ۋە نۇرغۇنلىغان رۇبائىيلار بارلىققا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تۆھپىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى. ئۇ ئىجادىي پائالىيىتى جەريانىدا شېئىرىيەتنىڭ باشقا تۈرلىرىدە ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش، ئىلمىي تەتقىقاتقا قىزغىن ئىشتىراك قىلىش بىلەنلا قالماي 1000 پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىينى ئېلان قىلىپ، كىتابخانلارغا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى «رۇبائىيات» توپلىمىنى تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەرقايسى بەھرلىرىدە يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ھەقىقى بىر رۇبائىيغا خاس ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىدە تولۇق مۇجەسسەملەشتۇرگەن. ئۇ ئۆز

---

① تەرياك — ئەپيۇن.
② مار — يىلان.

رۇبائىيلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «‹رۇبائىيات›
نامىدا ھازىرچە مىڭ پارچىدىن ئارتۇق پارچىلارنى ئېلان
قىلالىدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز پىكرىنى يېتەرلىك
ئىخچاملىغان غەزەلنىڭ توختىشىدىن، بەزىلىرى كۆزۈمگە
چۈشكەن ھايات ماھىيەتلىرىنىڭ ئىچىلىپ قالغان
رۇجەكلىرىدىن، بەزىلىرى تەلۋە قويۇندىن ئاپىرىدە بولغان. مەن
شائىر ئەمەس، رۇبائىيچىمۇ ئەمەس، شۇڭا، رۇبائىيچىلىقنىڭ
شەكلەن تارىخىغا، تېماتىك پىكىرنىڭ تەقلىدى تەكرارلىنىشىغا
نەزەر سالغىنىم يوق. مەن ئۆزۈمنى ۋە ئەينى زاماندىكى ئۆز
قەلبىمدىكى خەلق روھىيىتىنى ‹كالتە غەزەل› شەكلىدە
يازدىم. پىكىرنىڭ سۆيۈلدۈرۈلۈشى ياكى تەكرارلىنىشىنى
كېچىرىشكە بولغاندا ئىدى، ھەر بىر رۇبائىيلىرىمنى غەزەل
قىلغىلى بولاتتى. بۇ رۇبائىيلار ئۇچۇن ئۆلۈمدىن ئىبارەت
ئىدى. رۇبائىيلىرىم 80 ـ يىللاردا رۇبائىي قىزغىنلىقى پەيدا
قىلدى».

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن رۇبائىيلىرى ئۆز
ئىچىدە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك پەلسەپىۋى جاۋاھىراتلارنى
يوشۇرۇپ ياتقان بولۇپ، تۆۋەندە بىز نۇقتىلىق قىلىپ ئۇنىڭ
رۇبائىيلىرىدا ئەكس ئەتكەن بىر قانچە تەرەپ ئۈستىدە ئاز ـ
تولا مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

**1) ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە — ۋەتەن**

چۆلدە ئۆسۈپ يۈرگەن جانىۋارلارمۇ تۇغۇلغان يېرىنى ئۆز ماكانىنى
بىلىدۇ. ھاۋادا ئۇچقۇچى قۇشلارمۇ، دېڭىز ۋە دەريالاردىكى بېلىقلارمۇ
ئۆز ئۇۋىلىرىنى ھىس قىلىدۇ. بالىلىرى ۋە بالىلىرىنىڭ بالىلىرىمۇ ئۆز
ئۇۋىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئادەملەرمۇ قەيەردە تۇغۇلۇپ
تەربىيىلەنسە، شۇ جايغا چەكسىز مېھرىبان بولىدۇ.

— ف. سكورىنا

ئىنسان بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇپ، ئىللىق توپا ھىدىنى پۇرىغان، دەريا شاۋقۇنلىرىنى ئاڭلىغان، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىللىق مېھىر بىلەن بېقىشىنى ھېس قىلغان كۈندىن تارتىپ تۇغۇلغان ئانا يۇرتىنىڭ سېخىيلىقىدىن بەھىر ئېلىپ چوڭ بولىدۇ. «تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز» دېگەندەك، ھەرقانداق ئىنسان تۇغۇلغان يۇرتىدا ئەزىز. شۇڭا، ھەر بىر ۋەتەنپەرۋەر ۋەتەن مۇھەببىتى بىلەن ئۆزگە ھاياتىي كۈچ تاپىدۇ، ئاشۇ كۈچ ئارقىلىق ھەرقانداق قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىدۇ ۋە ئۇنى يېڭىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ۋەتەن قوينىدا تارتقان ھەرقانداق جاپا ئۇنىڭ ئۈچۈن راھەت.

ئانا يۇرت — «ۋەتەن» تېمىسى ئۇلۇغ تېما. شۇنداقلا ئەڭ كۆپ يېزىلغان تېما. دۇنياغا كەلگەن ھەر بىر يازغۇچىنىڭ ۋەتەن ھەققىدە بىر نېمە دېمەي ۋاپات بولغىنى يوق. گەپ بۇ تېمىنى بىرقەدەر ياخشىراق يېزىشتا. «يەنە دېسەم يەنە شۇ» گەپلەردىن ھالقىپ ئۆتۈشتە، جان ـ جىگەردىن چىقىرىپ ئېيتىپ، جان ـ جىگەرگە تەسىر بېرىشتە. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ تېما ئۈستىدە ئۆز رۇبائىيلىرىدا بىر قاتار سەممىي، تەسىرلىك ۋە چوڭقۇر پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ۋەتەندۇر تەخت، ۋەتەندۇر بەخت، ۋەتەنسىز ئامىتىڭ مازغاپ،
ۋەتەن قانات، ۋەتەن تۇلپار، ۋەتەنسىز ئەر قالار ئاقساپ.
ھەشەملىك روزىغار، شۆھرەت ياراشماس بولمىسا ئۆز يۇرت.
بۆلەك ئەل مىسلى بىر ئەگلەك چىقارغاي ئاقىۋەت تاسقاپ.

ئالىم بۇ رۇبائىيىدا دەيدۇ: ۋەتەن ئىنسان ئۈچۈن مەڭگۈلۈك تەخت، بۇ تەخت ئىنساننى تاكى تۇغۇلۇپ، قارا يەر قەئرىگە كىرىپ كەتكۈچە ئۆز ئۈستىدە ئولتۇرغۇزىدۇ. ھەرقانداق بەخت ۋەتەنسىز قايغۇ بىلەن باراۋەر. ۋەتەنسىز

ئادەمنىڭ ئامىتى كېلىپ بەخت قۇشى ئۇنىڭ بېشىغا قونسىمۇ، ئۇ ئۇزاققا بارمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆمرى مازغاب كەبى بولىدۇ. ۋەتەن سەن ئۇچقۇن ئۇچۇشقا قانات، چېپىشقا تۇلپار بولالايدۇ. ۋەتىنى يوق ئىنسان ئۆمرى ئۇزاققا بارمايدۇ. ئۆزگە يۇرتتا ھەشەمەتلىك، شۆھرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرسەڭمۇ، ئۇنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئۇ ساڭا خۇددى ساھىبجامالغا پوقاق ياراشمىغاندەك ياراشمايدۇ. ئۆزگە ئەل گوياكى بىر ئەگلەك، سەن ئۆزۈڭنى ھەرقانچە پەردازلاپ كۆرسەتسەڭمۇ، يەنىلا ئۇ «ئەگلەك»تىن ئۆتۈپ كېتىسەن. شۇڭا ئۆز ۋەتىنىڭنى سۆي، ئۇنىڭ قەدرىگە يەت.

ۋەتەن ئۇل ئۇستىخان، قاندۇر، ھاياتلىق ئىچرە ھەم جاندۇر،
ۋەتەن گەر بولمىسا دىلدا تىرىكلىك كۆركى يالغاندۇر.
قىيامەت جەبرى مىڭ ئەۋزەل ۋەتەنسىزلىك بالاسىدىن،
ۋەتەن ئەنگۈشتىرىن بىلمەك كىشىگە تونجى ئىرفاندۇر.

ئالىم بۇ رۇبائىيسىدا ۋەتەن ھەققىدە توختىلىپ ئىنسانلارغا خىتاب قىلىدۇ: سەن تۇرغان تۇرقۇڭغا قاراپ غادىيىۋالما، ئۇستىخىنىڭمۇ ۋەتەن، قېنىڭمۇ ۋەتەن، جېنىڭمۇ ۋەتەن. ئۇستىخىنى بولمىغان، قېنى بولمىغان، جېنى بولمىغان ئادەم قانداقمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئەگەر شۇ ئۈچىدىن بىرەرسى سەندە مۇستەسنا بولسا ھاياتلىقىڭدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ سەن تىرىكلىكىڭنى ئەۋزەل بىلىپ، دىلىڭغا ۋەتەننى پۈكمىسەڭ، تىرىكلىكىڭ ھەققىدە قانداقمۇ ئىشىنىش ئىمكانىيىتى بولسۇن. سۇدىن ئايرىلغان بېلىقنىڭ ھاياتلىقىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولامدۇ؟ ۋەتەننى كۆڭلۈڭگە پۈك، ۋەتەنسىزلىك بالاسى ھەممىدىن يامان، ھەتتا قىيامەت جاپاسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلمەيدۇ. سېنىڭ ۋەتىنىڭنىڭ قەدرىنى

بىلىپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلالىشىڭ سەن ئۇچۇن تۇنجى ئىرفاندۇر. شۇڭا كۆزۈڭنى ئېچىپ يىراققا نەزەر سېلىپ «تۇنجى ئىرفان» ئۇچۇن تىرىشقىن. ئۇ ساڭا ئابىھايات تەقدىم قىلالايدۇ.

سېغىندىم لەبزىڭنى يار، كېرەكمەس ئۆزگە شەربەتلەر،
پاناھ بولماس سېغىنغاندا بۆلەك ئەلدە مۇرۇۋۋەتلەر.
ئارامگاھىم ۋەتەن قوينى، ئۇنىڭدا رەنجى دەرمانىم،
ئاتا قىلماس ماڭا قۇت غەيرىي ئەلدە مىڭ ئىبادەتلەر.

ئايلاندىم كۆپ دىيار ـ ۋەتەننى، ياتنى،
تاپمىدىم ئۆز يۇرتتەك قۇدرەت ـ قاناتنى.
ئەل ئالتۇن بۆشۈكۈم، ئەل گۆھەر تەختىم،
قۇت بىلدىم بىر زامان چەككەن پەرياتنى.

ئالىم بۇ رۇبائىيلىرىدا بىر تەرەپتىن ۋەتەنگە بولغان سېغىنىشنى يار سېغىنچىغا تىمسال قىلىپ ئۆزگە ئەللەردە ھايات كەچۈرۈۋاتقانلارنىڭ ۋەتەن سېغىنچى تۇتقاندا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ، ھەرقانداق سەۋەبنىڭ ئۇنىڭغا دەرمان بولالمايدىغانلىقىنى، ئۆز يۇرتىنىڭ بولسا ئارامگاھ، سەيلىگاھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا رەنجى دەرمانىنىڭ بارلىقىنى، يات ئەللەردە يۈرۈپ مىڭ ـ مىڭ ئىبادەتلەر قىلسىمۇ، ئەمما ۋەتەنسىزگە بەخت ـ قۇتنىڭ ئۆز سايىسىنى كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى ئوبرازلىق تىللار بىلەن ئىپادىلەپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزگە ئەللەرنى قانچە كۆپ ئايلانغان بولسىمۇ، ئۆز يۇرتىدەك قۇدرەت ـ قاناتنى تاپالمىغانلىقىنى سۆزلەش ئارقىلىق «ئەل ئالتۇن بۆشۈكۈم، ئەل گۆھەر تەختىم» دەپ جاراڭلىق توۋلاپ، ئۆز يۇرتىدا چەككەن ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ،

AltunOq

ئۆزى ئۇچۇن بەخت ئىمكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. بۇ قانداقتۇر ئالىمنىڭ قۇرۇق شۇئارۋازلىقى بولماستىن، بەلكى يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان قەلب ئىنزھارى ئىدى، خالاس.

## 2) خەلقتىن ئايرىلغان ئىنسان مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماس

كۆپچىلىكتىن بۆلۈنمە، خەلقتىن ئايرىلما، ئەگەر خەلق بىلەن بىرلىكتە بېشىڭغا ئۆلۈم كەلسىمۇ، ئۇنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن توي ـ مەرىكە دەپ بىلگىن.

— موللا مۇسا سايرامى

خەلقپەرۋەرلىك خۇددى ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم. ۋەتەننى سۆيمىگەن ئادەمنىڭ خەلقنى، خەلقنى سۆيمىگەن ئادەمنىڭ ۋەتەننى قەدىرلىشى ناتايىن. مۇبادا ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن خەلقپەرۋەرلىك ئىنسان ۋۇجۇدىدا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدىغان بولسا، ئۇنىڭدا تىرىكلىك نىشانى بولمايدۇ. ئەگەر ئادەم بۇ دۇنيادا ھەقىقىي ياشايمەن دەيدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ يۇقىرىقى ئىككى تەرەپنى ئۆزىدە ئالدى بىلەن مۇجەسسەملەشتۈرۈشى كېرەك. ئالىم ئابدۇشۇكۈر مۇھەممەتئىمىن رۇبائىيلىرى خۇددى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى روشەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرگىنىگە ئوخشاش خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىمۇ ئۆزىدە ھازىرلىغان.

زامان موھتاج زەكىلەرگە، زەكىلەر كانى ئەل ئىچرە،
زەكى ئېيتۇر: زەكىنىڭمۇ چۈشەنسەڭ جانى ئەل ئىچرە.
مەگەر ئەل بولمىسا قايدىن ئىلىم مۇخلىسلىرى چىقسۇن،
گۈزەل دەۋرانىنىڭ ھەم ھەتتا چېچەك بوستانى ئەل ئىچرە.

شائىر بۇ رۇبائىيدا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: زامان ھەرقاچان دانا، ئەقىللىق، زېرەك كىشىلەرگە موھتاج. خەلق بولسا ئەنە شۇ دانا، ئەقىللىق، زېرەك كىشىلەرنىڭ بۇلىقىدۇر. ئەقىللىق كىشىلەر ئېيتىدۇكى، ھەرقانداق دانىشمەن ئىنسانلارنىڭ جىنى ئەل ئىچىدە بولىدۇ. ئەگەر ئەل - خەلق بولمىسا، بۇنداق ئىلىم ئىگىلىرى نەدىنمۇ چىقسۇن؟ ئەل مەۋجۇتلا بولىدىكەن ئىلىم ئىگىلىرى كۆپلەپ چىقىدۇ. ئىلىم ئىگىلىرى ئەلدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۇلارنىڭ ھاياتى ئۇزاققا بارمايدۇ. دەۋرنىڭ گۈزەللىكلىرىمۇ ئەل قولىدا. ئەل ئۆزلىرىنىڭ ئىشچان قوللىرى ئارقىلىق دەۋرگە گۈزەللىك ئاتا قىلىدۇ ۋە شۇ دەۋرنىڭ «چېچەك بوستانى»نى يارىتىدۇ. شۇڭا سەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىڭنى ساقلاپ قالاي دېسەڭ، ئەل ئىچىدىن ئىبارەت ئالتۇن بۆشۈكتە مەڭگۈلۈك تەۋرەن. ئۇ سېنىڭ ئەبەدىيلىك ئارامگاھىڭ.

بېرىلمە كۆلكىلەرگە، بەلكى ئۇندا ھىيلە مەلئۇن بار،
كېرىلمە شۆھرىتىڭدىن، كىم بىلۇر باشىڭدا قاي كۈن بار؟
مەگەر پاكلىق كۈتەر بولساڭ، خالايىق قوينى كەڭ دەريا،
خالايىقتىن كېيەك ئالساڭ ئۇنىڭ ۋەزنىدە ئالتۇن بار.

يۇزلىرىمدۇر بەرگى گۈل، قان تامچىسىدۇر شەبنىمى،
بىخەۋەر مەن ئۆز غېمىمدىن، ئۆز غېمىمدۇر ئەل غېمى.
بەند ئېتىلسە قاپقا غەملەر، بولسا ئەل غەمدىن خالاس،
تەننى قاپ قىلسام، يىغىلسا خەلقارا غەملەر جېمى.

ئالىم مەزكۇر رۇبائىيلىرىدا مۇنداق پىكىرلەرنى ئالغا سۈرىدۇ: ئىنساننىڭ كۆلكىسىگە ئىشەنمە. ئۇنىڭ تېگى - تەكتىگە نۇرغۇن نەرسىلەر يوشۇرۇنغان. ئۇنىڭ تەكتىدە

ياخشىلىقتىن كۆپرەك ھىيلە ـ مەلئۇن بار. ئازغىنە نەتىجەڭنى كۆرۈپ ئۆزۈڭگە تەمەننا قويما. دۇنيادىن ئىنسانلارچە ھەقىقىي تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېتىمەن دەيدىغان بولساڭ، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بىرگە بول. ئۇلارنىڭ قوينى بەئەينى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان شاۋقۇنلۇق دەرياغا ئوخشاش تەبىئەتكە، ئىنسانلارغا ئىللىق چىراي بىلەن باقىدۇ. خەلقنىڭ ھەر نەرسىسى بىباھا بايلىق. سەن «خالايىقتىن كېپەك ئالساڭ، ئۇنىڭ ۋەزنىدە ئالتۇن بار»، شۇڭا «ئۆز» لۈكنى تاشلاپ ئەل ـ ۋەتەن ئوتىدا يان، شۇندىلا مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشكەن بولىسەن. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەندە كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئېغىر دەرد ـ ئەلەملەر بولسىمۇ، بۇنىڭدىن قىلچە زارلانمايمەن ۋە غەم يېمەيمەن. مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ئەل غېمى. دۇنيانى غەملەر قاپلاپ كەتتى. مۇبادا دۇنيادىكى ھەممە غەملەرنى بىر قاپقا سولىغىلى بولغان بولسا ئىدى، تېنىمنى قاپ قىلىپ جىمى غەملەرنى سولىۋالغان، بىر ئۆزۈملا دەردىنى تارتىپ كەتكەن بولار ئىدىم دەيدۇ. بۇ رېئاللىققا ئايلىنىشى مۇمكىن بولمىغان ئارزۇ بولسىمۇ، لېكىن ئالىمنىڭ يۈكسەك خەلقچىللىق روھىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى ئىدى.

### 3) ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقىي زىننەت — ئىلىم

ئىنسان بىلىمگە ئىنتىلىدۇ، قاچانكى ئىنساندا بىلىمگە بولغان تەشنالىق تۈگەيدىكەن، ئۇ ئىنسانلىقتىن مەھرۇم بولىدۇ.

— ف. نانسېن

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن رۇبائىيلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا بىرخىل ئىزچىللىق مەۋجۇت، ئۇ بولسىمۇ ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقىي زىننەتنىڭ ئىلىم ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى تونۇش ۋە تونۇتۇشتىن ئىبارەت. ئۇ ئۆز

رۇبائىيلىرىدا قانداقتۇر كلاسسىكلار ئېيتقان ۋە باشقا كىشىلەر ئېغىزىدىن چۇشۇرمەيدىغان قىلىپلىشىپ قالغان سۆز ـ جۇملىلەرنى «كۆچۈرۈپ» كەلمەستىن بەلكى، يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئىچكى ھېسسىياتىنى ئەينەن ئىپادىلەپ، ھەقىقىي بىر ۋىجدان ئىگىسى، ھەقىقىي بىر ئالىم سۈپىتىدە تۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزدى.

ھېچقاچان گۈمبەزنى كۆك دەپ قۇش ئاڭا قاقماس قانات،
تار قەپەسكە ئۇۋا سالماق ھەرقاچان بۇلبۇلغا يات.
بۇت بىلەن سۈرەت جاھاندا بولسىمۇ غايەت گۈزەل،
ۋەسلى چۈن ئۆرتەنسىمۇ دىل كۈتمىگەي ئۇندىن نىجات.

ئالىم بۇ رۇبائىيدا: قۇش پەقەت كۆك ئاسماندا ئەركىن قانات قېقىپ، ئەركىن يايرىيالىغاندىلا ئۇزۇن مۇددەت ھايات كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەگەر ئۇ كۆك ساماغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان كۆك گۈمبەزگە قاراپ ئۇچىدىكەن تېزلا ھالاك بولىدۇ، شۇڭا ئۇ كۆك گۈمبەز تامان قانات قاقمايدۇ. بۇلبۇل گۈل ئىشقىدا بىر ئۆمۈر رىيازەت چەكسىمۇ، ھەرگىز كەم ئەقىللىق قىلىپ تار قەپەزگە ئۇۋا سېلىپ، ئۇ جاينى ماكان تۇتمايدۇ. سەن ئىنچىكە كۆزىتىدىغان بولساڭ ئاتاقلىق فوتوگرافلار تارتقان سۈرەت، داڭلىق ھەيكەلتاراشلار تاراشلىغان ھەيكەل ـ بۇت ناھايىتى گۈزەل ـ چىرايلىق بولسىمۇ، ئۇ پەقەت سەن قانداق قىلىپ قويساڭ شۇ پېتى تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن نىجات كۈتۈش ئەخمىقانىلىق دەپ خىتاب قىلىدۇ. قارىماققا بۇ ئۇدۇللا ئېيتىلغان سۆزدەك قىلىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىچىگە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر يوشۇرۇنۇپ ياتقان. ئۇ بولسىمۇ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە ئىلىم، ئىنسان ئىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەڭ يۇقىرى كامالەتكە يېتەلەيدۇ. ئىلىم ئۆگەنگەن

ئەقىللىق كىشىلەر خۇددى كۆك گۈمبەزنى ساما ھېسابلاپ ئۇچمايدىغان قۇشلارغا ئوخشاش، شەيئىلەرنىڭ سىرتىغا قاراپلا باھا بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئىچكى ماھىيەتلىرىنى كۆزىتىدۇ. بۇلبۇل تار قەپەزگە ئۇۋا سالمىغىنىغا ئوخشاش، ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەرمۇ تار رامكىغا چۈشۈپ قېلىشنى خالىمايدۇ ھەم ئۇنداق قىلمايدۇ. بىلىمسىزلەر سىرتىنى ھەرقانچە پەردازلاپ كۆرسەتسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم نەزەرىنى ئاغدۇرمايدۇ. بۇ خۇددى چىرايلىق ياسالغان بوت ۋە ياخشى تارتىلغان سۈرەتتىن ھېچكىمنىڭ نىجات كۈتمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىش. شۇ ۋەجىدىن سەن سىرتىڭنى پەردازلاپ كۆرسىتىشتىن كۆرە ئازراق بولسىمۇ ئىلىم ئۆگىنىپ روھىيىتىڭنى تويۇندۇر، شۇندىلا سەن ھەقىقىي ئىنسانىي تۇرمۇشقا قەدەم قويغان بولىسەن. . . دېگەندىن ئىبارەت.

تۇرىدۇ قورقۇنچ سىلىپ تەنھا ھەشەمەتلىك تېرەك،
شاخلىرى گويا دىۋە ئەلپازىدىن بېرىپ دېرەك.
يۈزلىگەن شاپتۇل، ئاناردىن ئاشسىمۇ گەر ھەيۋىتى،
ئىچى پور بولغاچ ئوتاندىن ئۆزگىچە بولماس كېرەك.

رۇبائىيدا ھەشەمەتلىك پور تېرەك بىلەن شاپتۇل، ئانارلار سېلىشتۇرما قىلىنىش ئارقىلىق ئىلىملىكلەر بىلەن ئىلىمسىزلەرنىڭ قەدىر - قىممىتى ھەققىدە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تېرەك ناھايىتى ھەيۋەتلىك، بۇ جەھەتتە شاپتۇل، ئانارلار ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنەرسىگە تۇغرا كەلمەيدۇ، ئۇ شاخ - پۇتاقلىرىنى خۇددى دىۋە پۇت - قوللىرىنى ھەرەڭ - سەرەڭ كۆتۈرۈپ يەرگەنگە ئوخشاش ھەر تەرەپكە كېڭەيتسىمۇ، ئۇ يەنىلا پور تېرەك، خالاس. شاپتۇل، ئانارلار گەرچە تېرەكتەك ھەيۋەتلىك ئۆسمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا

تېرەكتىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشىدىغان خىسلەت بار. بۇ بەئەينى بىلىملىكلەر بىلەن بىلىمسىزلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىدەكلا بىر ئىش. بىلىملىكلەر ۋىجىك، پاكار، كۆرۈمسىز بولسىمۇ، ئادەمگە ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. بىلىمسىزلەر ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆركەم بولسىمۇ، ئادەمگە يىرگىنىشلىك ئەلپازدا كۆرۈنىدۇ. پور تېرەكنى ئوتۇندىن باشقا ھېچنەرسىگە ئىشلەتكىلى بولمىغاندەك، بىلىمسىزنىمۇ ھېچنېمىگە ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ تىرىكلىكى بىلەن ئۆلۈكلىكىدە پەرق يوق. شۇڭا سەن «پور تېرەك»نى دورىما، «شاپتۇل» ، «ئانار» بول.

ئەسىر بولماق يامان ھېسقا ـ تۇتۇلماق مىسلى ئىبلىسقا،
ھاياتنىڭ قەدرى مەزمۇندا، دېمە ئالتۇننى تەڭ مىسقا.
ئىلىم ئەماسىغا بىر يىل ئۇزاق، ئېرفاندا كۆز ئاچساڭ،
ساڭا جەمشىت بىلەن نوھ ئۆمرىمۇ بولغاي يەنە قىسقا.

ھاياتلىق بىر قونالغۇ، بۇ قونالغۇدا كىممۇ مەڭگۈلۈك تۇرالىسۇن؟ سەن بۇ قىسقىغىنە ھاياتلىق مەنزىلىگىدە ئىلىم ـ ھېكمەت ئۆگىنىشنى يار قىلماي تۇرۇپ، ئۇلۇغ مەقسەتلەر يولىدا بولما. ئويۇن ـ تاماشا، يامان ھېسقا بېرىلىدىكەنسەن، بۇ بەئەينى يامان نىيەتلىك ئىبلىسقا تۇتۇلغىنىڭ بىلەن باراۋەر. ھاياتنىڭ قەدرى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى مەنىدار، مەزمۇندار ئۆتكۈزۈشتە، ئالتۇننى مىس بىلەن تەڭ دەپ قاراپ، ئادەمگە ھامىنى بىر ئۆلۈم خەۋپى كېلىدۇ، شۇڭا پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ قانغۇدەك «ياشىۋالاي» دەپ ئويلىما. ئەگەر ئۇزۇڭگە ئىلىم ـ ھېكمەتنى يار قىلماي ھايات كەچۈرىدىكەنسەن، ئۆتكەن بىر يىلىڭ نەچچە ئون يىل بىلەن باراۋەر بولىدۇ. مۇبادا سەن مەرىپەت ئىزدەپ، ئىلىم ـ پەن

ئۆگىنىپ، ئىلىم - ئىرفان بىلەن كۆز ئاچساڭ ئىلگىرىكى ئون يىلدەك بىلىنگەن بىر يىل كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئىلىم - بىلىم ئىگىلەپ جەمشىت ۋە نوھتەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسەڭمۇ، ئۇ سەن ئۈچۈن يەنىلا قىسقا ھاياتتۇر. ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنى ئويلىماي ۋاقىتنىڭ قەدرىگە قانداق يېتىشنى ئويلان. شۇ چاغدىلا قۇت - ئامەت سېنى ئىزلەپ تاپىدۇ، دەيدۇ ئالىم مەزكۇر رۇبائىيدا.

ئالىم ئەسەرلىرىدە ئىلىمنى تولىمۇ قەدىرلەيدۇ ۋە بىزگە ئۇنى قەدىرلەشنى تاپىلايدۇ. ئۇ يەنە نېمە بولسا بولسۇن، ئىلىملىككە ھۆرمەت قىل، ئۇلارنىڭ قەدرىگە يەت، دۇنيا مۇرەككەپ، ئىنسانلارمۇ ھەم شۇنداق. سەن دۇنيانىڭ ئىشىغا ئىلمىيلىك بىلەن، ئەقلىڭ بىلەن مۇئامىلە قىل، ھەربىر مەسىلىگە ئىلمىي قارا، ئالەمدە ئىلمىي ياشا، ئىلمىي ئادەمنىڭ ئۆمۈر ئىزلىرى گۈل بىلەن تولىدۇ دەيدۇ.

مەيلى سەن ھايات دەپ ئۆزۈڭنى بەزلە،
مەيلى سەن ئۆلۈم دەپ ئىبادەت ئىزلە. . .
ھەق - ناھەق چىرمىشىپ كەتكەن ئالەمدە،
ئىلىمنى قەدىرلەپ ھەق سۆزنى سۆزلە.

## 4) ياخشى دوست — تۈگىمەس خەزىنە

دوستلۇق قانچىلىغان خىلمۇ خىل ئىمتىيازلارنى ئۆزىدە جەملىگەن! قاياققا قارىماڭ، ئۇ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە، ئۇ ھەممە جايدا تەييار، ئۇ ھېچ ۋاقىت جىنىڭىزغا سانچىلمايدۇ، ئۇ ھېچقاچان مۇنداقلا بىر سەۋەب بىلەن كەلمەيدۇ. ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە يېڭىچە مەزمۇن بەخش ئېتىدۇ. ئۇ ياردەملەشكەندە ھەرقانداق ئامەتسىزلىكلەرمۇ تۈگەپ كېتىدۇ.

— تىستېسرون

ئالىم ئۆز رۇبائىيلىرىدا كىشىلەر ئارا بولىدىغان دوستلۇق ھەققىدىمۇ ئالاھىدە توختالغان بولۇپ، قىسقا سۆز - جۈملىلەر ئارقىلىق چوڭقۇر مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرگەن.

لاۋازىملىق ئەمەس دوستلۇق، ئۇنىڭ يىلتىزى - شىخى ھۆرمەت،
مەگەر دوستلۇققا دان تىكسەڭ، ئۇنىڭ ياپراق - بىخى ھۆرمەت.
ئۇنى بۇ، بۇنى ئۇ ئىشقا سېلىش دوستلۇق ئەمەس، لاپقۇت،
غەرەز شۇ بولسا دوستلۇقتىن ئۇنى سەن باشتىراق تەرك ئەت!

دوستلۇق بىر - بىرىنى ئەخمەق قىلىش، قەدرىگە يەتمەسلىك ئەمەس، ئۇنى كۆچەيتىدىغان ۋە مەڭگۈ ساقلاپ قالىدىغان نەرسە دوستلارغا ھۆرمەت — دەيدۇ ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، — دوستلۇق بىر - بىرىنى ئۆز ئىشلىرىغا سېلىۋېلىش ئۈچۈن قۇرۇلسا، ئۇنىڭ ھۇلى مۇستەھكەم بولمايدۇ. ئازىراقلا شىۋىرغانغا دۇچ كەلسە تېزلا غۇلاپ كېتىدۇ. ئەگەر دوستۇڭنىڭ نىيەت - مەقسىتى سېنى ئۆز ئىشلىرىغا سېلىۋېلىش، سەندىن نەپ ئۈندۈرۈۋېلىش بولسا، ئۇنداق دوستقا ئۇچۇق چىراي ئاچماستىن، تېزراق ئۆزۈڭدىن يىراق قىل، ئۇلار ساڭا زىيان كەلتۈرسە كەلتۈرىدۇكى، ھەرگىزمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرىدىغىنى خۇددى پاقىنىڭ قۇدۇق ئىچىدە تۇرۇپ سىرتنى كۆزەتكىنىدەكلا ئىش، خالاس.

دۈشمىنىڭ بال سۆزىدىن، دوست ئاچچىقىن ئەۋزەل تۇت،
دۈشمىنىڭ خارلىق كۈتسە، ساڭا دوستۇڭ تىلەر قۇت.
دۈشمەنىنىڭ شېرىن سۆزى ئەجدەر بولۇپ ھۆۋلىسا،
شەمشەر تۇتۇپ ئات چاپساڭ، دوستۇڭ بولار ھەم قول - پۇت.

ئالىم بۇ رۇبائىيسىدا مۇنداق دەيدۇ: دۈشمەن شېكەر يالىتىلغان سۆزلەرنى قىلىپ، سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئۇتۇۋېلىش قەستىدە بولىدۇ. ئەمما دوستۇڭنىڭ كۆڭلىدە مۇنداق مەقسەت يوق. ئۇ سېنى ياخشى بولسۇن دەپ بەزىدە ئاچچىق تېگىدۇ. ئەمما ئۇ پەقەت سەن ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. دۈشمەننىڭ ھەسەلدەك يېقىملىق سۆزلىرىگە ئالدانماي، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەت. مۇبادا پىشكەلچىلىككە دۇچ كەلسەڭ، دۈشمىنىڭ سېنىڭ مەغلۇپ بولۇشىڭنى كۈتسە، دوستۇڭ بۇنىڭ ئەكسىچە، ساڭا بەخت ـ ئامەت، زەپەر تىلەيدۇ. دۈشمەننىڭ شېرىن سۆزى ئەجدىرھا بولۇپ ھۆۋلاپ ساڭا ئېتىلسا، سەن ئۇنىڭغا قارشى ئات چاپساڭ، دوستۇڭ سەن ئۈچۈن قول ـ پۇت بولالايدۇ. ئويلاپ باق، دۇنيادا ھەقىقىي دوستلۇقتىنمۇ ئارتۇق بايلىق بارمۇ؟

## 5) تىل — مىللەتنىڭ قەلبى

تىلدا خەلقنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋەتىنى گەۋدىلىنىدۇ. . . تىل خەلقنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ھەم كېلەچەك ئەۋلادىنى مۇستەھكەم بىر پۈتۈنلۈككە، تارىخىلىق ۋە جانلىقلىق جەھەتتە جىپسىلىققا ئايلاندۇرغۇچى ئەڭ ھاياتىي، ئەڭ باي، ئەڭ مۇستەھكەم ۋاستىدۇر.

— ك. د. ئۇشىنسكىي

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئالدىغا تىلى بولىدۇ. ئۇلار ئۆز تىللىرى ئارقىلىق مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايدۇ ۋە باشقا مىللەتلەردىن روشەن ھالدا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۆز تىلىنى ساقلاپ قالالمىغان، بېيىتالمىغان مىللەت ھالاكەتكە يۈزلەنگەن مىللەتتۇر. بىر مىللەتنىڭ تىلىنىڭ قانچە ساپ، قانچە مەزمۇنغا باي بولۇشى شۇ مىللەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي مەنبەسىدۇر. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆز رۇبائىيلىرىدا تىل ۋە تىل پەزىلىتى ھەققىدىمۇ توختالغان بولۇپ، رۇبائىيلىرى

ئارقىلىق ئانا تىلغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن.

كۆڭۈلنىڭ قۇلۇپىنى ئاچقاي سۆزۈڭدە بولسا گەر ھېكمەت،
جېدەلنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقاي سۆزۈڭدە بولسا گەر ئىللەت.
ئاشار قەدرىڭ سۆزۈڭ بىرلە، بۇنىڭغا يۈز دەلىل، شاھىد،
گۈزەل سۆز قۇت ئاتا قىلسا، خۇنۇك سۆز يەتكۈزەر كۈلپەت.

ئالىم يۇقىرىقى رۇبائىيسىدا ئىخچام قىلىپ ئېيتىدۇ: ئادەمنىڭ كۆڭلى بەئەينى بىر قۇلۇپلانغان خەزىنىدۇر. سەن بۇ قۇلۇپنى ئېچىشقا ھېچقانداق جايدىن ئاچقۇچ ئىلىپ كېلەلمەيسەن. ئۇ ئاچقۇچ پەقەت ئۆزۈڭدە، ئۇ بولسىمۇ يۈرەك قېتىڭدىن ئۇرغۇپ چىققان ساپ نىيەت بىلەن ئېيتىلغان مەنىلىك، ھېكمەتلىك ئىبارىلەر بىلەن بېزەلگەن سۆزۈڭدۇر. ئەگەردە سەن سۆزۈڭنى ئويلىماستىن، ئالدىراقسانلىق بىلەن قىلىپ، ئۇنىڭدا نە ھېكمەت، نە مەنىنىڭ بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرمەي، ھەرخىل جېدەل ئۇرۇقلىرىنى چاچىدىغان يوشۇرۇن ئىللەتلەرنى ئۆز سۆزۈڭگە مەنبە قىلىپ ئېيتساڭ، ئۇ ئۆزۈڭگىمۇ ۋە ئۆزگىگىمۇ بالايى ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. سېنىڭ قىلغان ھەربىر سۆزلىرىڭ يۈز - ئابرۇيىڭغا بېرىپ تاقىلىدۇ. خەلق ئالەم ئالدىدىكى قەدرىڭنىڭ قانداق بولۇشى سۆزۈڭگە باغلىق، بۇ ھېچقانداق ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت. سۆزۈڭنى گۈزەل قىل، ئۇ ساڭا بەخت - ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، نۇرغۇن كۈلپەتلەرنى يەتكۈزىدۇ، ھەتتا جېنىڭدىنمۇ ئايرىشى مۇمكىن.

كۆڭۈل بىر قۇش، گۈزەل سۆز دان - ئوزۇقى،
بۇ دان - ئوزۇقتا ھەم بار قۇش تۇزىقى.
گۈزەل سۆز بولسا گەر دىلدىن بېشارەت،

ئۇنىڭ مەغرۇر لەپىلدەر غەلىبە تۇغى.

كۆڭۈل بەئەينى بىر قۇش، ھەرقانداق قۇش مۇۋاپىق ئۇزۇقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىسە، ئۇنى ھالاكەت ئۆز يېنىغا چاقىرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىگە دان - ئوزۇق ئىزلەيدۇ. قۇش ياخشى ئوزۇقلۇققا موھتاج بولغىنىدەك، كۆڭۈلمۇ ياخشى سۆزگە موھتاج. ئەگەردە كۆڭۈل ياخشى سۆزدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۇنى تېزلا ھەسرەت قاپلايدۇ. ھەرقانداق دان - ئوزۇقتا قۇش تويغىنى يوق دەپ ئېيتىشقا مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ھەرقانداق سۆزدىمۇ يامان نىيەتنىڭ يوق بولۇشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. گۈزەل سۆز قانداقتۇر سۈپەتلەش سۆزلىرىنى يېپىنچا قىلىپ ئېيتىلغان سۆز بولماستىن، بەلكى تىلى بىلەن دىلىنى بىر قىلىپ ئېيتىلغان سۆزدۇر. شۇڭا، سۆز دىلدىن بىشارەت بېرىپ ئېيتىلسا، مەغلۇبىيەت غەلىبىگە ئايلىنىپ غەلىبە تۇغى لەرزان لەپىلدەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك دىلىڭ بىلەن تىلىڭنى بىر تۇت، ئۇ ساڭا مەڭگۈلۈك ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ دەيدۇ ئالىم ئۆز رۇبائىيسىدا.

مىللەتنى مىللەتنىڭ تىلىدىن بىلدىم،
مىللەتنىڭ تىلىنى ئېلىدىن بىلدىم.
ئۆز تىلىن خار قىلغان مىللەت خار مىللەت،
ئۇلارنى بىخۇتلار خىلىدىن بىلدىم.

ئالىم بۇ رۇبائىيسىدا مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ

تۇرۇشىنىڭ ئاساسى بولغان «تىل» ھەققىدە توختىلىپ، ئاددىي ئەمما مەنىسى چوڭقۇر بولغان سۆزلەر ئارقىلىق مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بارىدۇ. بىر مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆز ئېلىدىكى كىشىلەر ئاسرىمىسا، ئۇنىڭ ساپلىقىنى قوغداپ قالمىسا، تىللار ئارا ئاسسىمىلياتسىيىلىشىش ھادىسىسىگە يول قويۇۋەرسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش كىشىنى ئېغىر ئۇھسىندۇرىدۇ. «ئۆز تىلىنى خار قىلغان مىللەت خار مىللەت»، «ئۇلارنى بىخۇتلار خىلىدىن بىلدىم» بۇ مىسرالار ئۆزىنىڭ قىسقا بولۇشىغا قارىماي، كۆپلىگەن مەزمۇننى مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، ئالىم بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ئۆز تىلىنى خارلىماسلىقىنى، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

كىشىلىك زىننىتى سۆزدۇر، يەنە ئالەمگە خاقان سۆز،
گۈزەل سۆز باغۇ بوستان، تۇتى ھەم بۇلبۇلچە خەندان سۆز.
ئۆمۈر — مەكتەپ، تالاۋەت ئەيلىسەڭ ئېرپان ـ ئىلىم كۆپتۇر،
بۇ ئېرپانلارنى مىڭ يۇلتۇز دېسەڭ، زەر پەرقى چولپان سۆز.

ھەرقانداق بىر ئىنسان بىراۋغا سۆز قىلىدۇ ۋە بىراۋنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ. ئۇ قانداقلا سۆز قىلمىسۇن، قايتا ـ قايتا ئويلاپ، ياخشى ـ ياماننى پەرق ئېتىپ قىلىشى لازىم. «كىشىلىك زىننىتى سۆز» بولغاچقا، سۆز ـ تىل پەزىلىتىنىڭ زادى قانداق بولۇشى شۇ شەخسنىڭ ئەخلاقى ـ پەزىلىتىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھەقىقىي مەنا بىلەن ئېيتىلغان سۆزنىڭ ئالدىغا ھېچقانداق نەرسە چىقالمايدۇ. ماھىيەتتە، سۆز ماھارىتى ئىلىم جۇملىسىگە كىرىدۇ. سۆزۈڭ سېنىڭ بىلىملىك ياكى

بىلىمسىزلىكىڭنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇڭا سۆزگە ئالاھىدە ئېتىبار قىل، ئېغىزدىن چىققان سۆزنى مەڭگۈ ياندۇرۇپ بولماس، دەيدۇ ئالىم.

دېمەك، ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن رۇبائىيلىرى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن روشەن ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە ئۆزىدە ئىنسان تەپەككۇرىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان تەرەپلەرنى مۇجەسسەملىگەن. كىتابىمىزنىڭ ھەجىمى چەكلىمىسى سەۋەبلىك بۇ ھەقتە مۇشۇنچىلىك توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 6. «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ھەققىدە

خۇددى بەش بارماق تەڭ بولمىغىنىدەك ۋە ياكى بىر توپ مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىلىرىنىڭ تەمىمۇ بىر خىل بولمىغىنىدەك، ئىجادىيەتتىمۇ تۇرغۇنلۇق، سۇسلۇق، شۇنداقلا يۇقىرى پەللە بولىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مۇئەييەن تۇرغۇنلۇق ياكى چېكىنىش ۋە ياكى چۇكۇش، ئىزىغا دەسسەشنىڭ كۆرۈلۈشىنى ھەرگىزمۇ شەپقەتسىزلەرچە مەغلۇبىيەت دارىغا سۆرەپ ئاپىرىۋەتمەسلىك كېرەك. ئاقىللار ھەرگىزمۇ تېپتىنچ سۇ تەكتىدىكى ئۇلۇغ قايىنامنى چەتكە قاقمايدۇ.

— مۇئەللىپتىن

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە يۇقىرىقىدەك بىر قاتار مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە تارىخىي قىسسە (شېئىرىي رومان) يېزىش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ئۆزىنىڭ كۆپ خىل تالانتىنى ھەقىقىي نامايان قىلدى. ئۇنىڭ «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق شېئىرىي رومانى مانا شۇلار جۈملىسىدىن بولۇپ،

1963 ـ، 1964 ـ يىللىرى يېزىلغان. 1984 ـ يىلى ئۈستىدىن قايتا بىر قېتىم ئىشلەنگەندىن كېيىن، 1988 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. گەرچە بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن شېئىرىي رومانلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇناسىپ ئورۇن ئىگىلىسىمۇ، لېكىن، سانىي ئەمەس، سۈپەتنى بەكرەك تەقەززا قىلىدىغان ئەدەبىي پوزىتسىيە ۋە بىرقەدەر قاتتىق ئۆلچەم بويىچە سېلىشتۇرۇپ باھالىغاندا، ئۇ ئىپادىلەش ۋە بايان قىلىش، ئېستېتىكا، تىل نۇقتىلىرىدىن كىتابخانلارنىڭ كۆتكەن يېرىدىن تولۇق چىقالمىغان.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئالىم ئۆز ھاياتىدا باشتىن ـ ئاخىر تارىخنىڭ پايانسىز ھېكمەت دالالىرىغا مەستخۇش بولۇپ، بىر ئۆمۈر تارىخ تېپىشماقلىرىنى يېشىش ۋە كۆمۈلگەن تارىخىي مىراسلارنى تېپىپ ئانا خەلققە، دۇنياغا، ئىنسانىيەت، جەمئىيەت ئالىمىگە ئاشكارىلاش، شۇنداقلا يىرىك تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت جاپالىق يولنى سەۋدايىلارچە تاللىۋالغان. ئۇ يىپەك يولىدىن ئىبارەت ئالتۇن كۆۋرۈكنىڭ ھەر بىر قۇم زەررىسىدىن دۇنيانى كۆزەتكەن. شۇنداقلا ھېكمەتدار، مەنىگە باي خەلقنىڭ ئىدىيە ۋە تەپەككۇرىدىن، قويۇق سەنئەتكارغا خاس تۇرمۇش ھاياتىدىن شەرق، غەرب، يۇنان، گرېك، رىم، ھىندى. . . مەدەنىيەت ئارىلاشمىلىرىنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدىكى جۇغلانما نەمۇنىلىرىنى كۆرۈپ، ئاجايىپ پەخىرلەنگەن. سەنئەتنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ دۇنياۋى ئورنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدا مەست بولۇپ چىققان ئەدىب. تارىخقا بولغان بۇ خىل ئاشىقانە مەستلىك ئۆز نۆۋىتىدە ئالىمنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك شېئىر، غەزەل، رۇبائىيلىرىدا تارىخىي پۇراقنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ

يۇرتىمىزنىڭ يىراق تارىخى ۋە تارىختا ئۆتكەن شەخسلەرنى ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلغان.

«قارلىق تاغ شەجەرىسى» شېئىري رومانى ئاپتورىنىڭ تارىخقا بولغان مەپتۇنكارلىقىنىڭ يەنە بىـــر نامايەندىســـى. ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىدىكى:

كۆن تاققا چاپلاشتى چاچرىتىپ شەپەق،
قىزىل لاك سۈركىدى لېۋىگە ئۇپۇق.
بوغدانىڭ ئۈستىدە شۇدەم بولدى تەق،
ئالمىرۇق، ھالۋايى، سەبدە رەڭ يوپۇق.
نە قىسمەت چەكمىگەن قارلىق تاغ ـ دىيار،
ئەزىمەت پەرزەنتلەر قىسمىتىسىمان.
ئۇنىڭدا مىڭ ـ مىڭ يىل ھېكايىتى بار،
ھەر ئۆركەش مىسالى بىر قىسسە ـ داستان!
ئوغۇزخان، ئۇرۇمقان،[①] ئايچۈرەك ـ ماناس[②]
سۇغارغان خاكىڭنى تۆكۈپ ئىللىق قان.
قانچىلىك تەگرىقۇت ـ تىكىنلەر قىقاس ـ
كۆتۈرگەن جەڭلەرگە سەن شاھىت ماكان.
نوزۇگۇم، گۈلەمخان... قىسقىسى سەندە.
سەرگەردان مەشرەپكە[③] سەن بولغان پاناھ،
سەن ماڭا ئىشتىياق سالغان نىكەمدە،
قارلىق تاغ ئۆزۈڭسەن ئىلھامغا دەرگاھ!

دېگەن مىسرالارنىڭ ئۆزىدىنلا بىز ئاپتوردىكى تارىخىي ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈش ھەمدە تارىخنىڭ تەسۋىرىنى سىـــزىپ

① ئۇيغۇر ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دىكى جەڭگىۋار پېرسوناژ.
② «ماناس» داستانىدىكى قەھرىمان ماناس. رىۋايەتلەرگە كۆرە مەھبۇبى ئايچۈرەك بىلەن تەگرى تاغلىرىدىن ئۆتكەن.
③ لىرىك شائىر ۋە مۇتەپەككۇر بابارەھىم مەشرەپ نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

چىقىشقا بولغان ھەۋەسىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ يېتەلەيمىز.

ھەقىقەتەنمۇ، ئالىم «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ئارقىلىق قۇمۇل دىيارىدىكى ۋاڭ، تەيجىلەرنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقى ئەۋجىگە چىققان، تۆمۈر خەلىپە، غوجىنىياز ھاجى قوزغىلىڭىدىن كېيىنكى قۇمۇلنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيىتىنى ئىپادىلەش، شۇنداقلا خورلانغان، ئېزىلگەن جاپاكەش خەلقنىڭ قۇللۇق زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن قان كېچىپ قىلغان كۆرەشلىرىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق، خەلقتىن ئىبارەت يىمىرىلمەس گەۋدىنىڭ، ئويغىنىۋاتقان ئىنگىلمەيدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ قارا بۇلۇتنىڭ ھامان تارقاپ، پارلاق قۇياش نۇرىنىڭ يۈز ئاچىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. گەرچە يازغۇچى پاك مۇھەببەت ئۈچۈن زور بەدەللەرنى تۆلىگەن ئالمىخان ۋە سۇلتاندىن ئىبارەت بۇ ئىككى ياشنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش يولىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق، بىر پۈتۈن قۇمۇل شۇنداقلا داۋالغۇپ تۇرغان ۋادىسىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىن مۇئەييەن ھالدا كارتىنا خاراكتېرلىك يورۇقلۇق ئېچىشنى مەقسەت قىلغان ھەمدە مۇئەييەن نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، يەنە مەلۇم دەرىجىدە سەۋەنلىكلەرگە يول قويغان. بىز ئالىمنىڭ شېئىرىي تالانتىنى ھەرگىز چەتكە قاقمايمىز. «قارلىق تاغ شەجەرىسى» رومانىدا ئۇنىڭ تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكى ۋە بايان قىلىش خاسلىقى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بولۇپمۇ 60 - يىللاردىكى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ سۈپىتى بىلەن روماندىكى تىل، بايان قىلىش، شېئىرىي مۇھىت ۋە ۋەقەلىك، پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالەت، ھەرىكەت تەسۋىرىنى ئىپادىلەشتە خېلى يۇقىرى سەۋىيە ھازىرلىغانلىقىنى شەكسىز ھالدا ئېتىراپ قىلىپ، مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. لېكىن بىز سەھىپە ئېھتىياجى

بىلەن ئاپتورنىڭ بۇ روماندا سادىر قىلغان مەلۇم دەرىجىدىكى سەۋەنلىكلىرىنى يۈزەكى بولسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى بىرقەدەر توغرا بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىدۇق.

ئالىم تارىخقا بولغان مەپتۇنكارلىق نۇقتىسىدا، ھەۋەسىدە قولىغا ئالغان بۇ ئەسىرىنى يارىتىشتا تارىخنىڭ ھەرقانداق بىر ئۈچۈرىنى ئەسەرگە كىرگۈزۈشكە بەكرەك زورۇققۇۋەتكەن ھەم تارىخنى تارىخ بويىچە يەتكۈزۈپ قويۇشنىلا بىردىنبىر مەقسەتدار ئورۇنغا ئۆتكۈزۈپ قويغان. شېئىرىي رومان، رومان بولۇشتىن ئاۋۋال شېئىردۇر. شېئىرىي رومان يازغۇچى ئەلۋەتتە بۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، شېئىرغا ئىنسانىيەت روھىي دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت يۈكسەك بۇرچ، مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ ياندىشىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئالىم ئەسىرىدە تارىخنى ياكى بولمىسا ۋەقەلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ قويۇش بىلەن، يەنى ھادىسىلەرنىڭ تاشقى قاتلىمىدا بەكرەك توختىلىپ قالغان. پۈتۈن شېئىرىي رومان ئىچىدە ۋەقەلىك بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن تراگېدىيىلىك چوڭقۇرلۇق ياكى ئېستېتىك يۈكسەكلىك ئاساسەن كۆزگە چېلىقمايدۇ. ئالىمخان بىلەن ۋاڭنىڭ يۈزمۇ ـ يۈز تىركىشىشلىرى، ساتقىنلارنىڭ ئىپلاسلارچە ئېلىپ بارغان زىيانكەشلىك خۇشامەتلىرى، شۇنداقلا ھەقنى، ئادالەتنى قوغداش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققان ھۇسەن، نۇر ئاتا. . . لارنىڭ كىشىنى خېلىلا ھاياجانغا سالالايدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە بولسۇن مۇئەللىپ ئۇلارنىڭ دىئالوگىنى ۋە تەسۋىرىنى سۈپەتلەش بىلەن كۇپايىلەنگەن.

مۇئەللىپ ۋەقەلىكنى بايان قىلدى، بىر تۇتاش ۋەقەلىك تەسۋىرى ئارقىلىق، پېرسوناژلىرىنى يەتكىچە ھەرىكەتلەندۈردى. لېكىن پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى، پسىخىكىسىنى ئېچىپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلدى. ئالىمخاننىڭ خاراكتېرىدىن قەتئىيلىك، تىز پۈكمەسلىك چىقىپ تۇرغان

بىلەن ئۇ ۋايىغا يەتكەن، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالغۇدەك ئېستېتىك دۇنياغا ئايلىنالمىدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

مېنىڭچە بۇنى مۇئەللىپنىڭ بىرىنچىدىن، «بۇ دېگەن شېئىرىي رومان» دېگەن ئىدىيىدە تۇرۇپ بەزىدە نوقۇللا قاپىيە، شەكىل قوغلىشىپ كەتكەنلىكىدىن؛ ئىككىنچىدىن، پېرسوناژلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ھەقىقى ھالدىكى پىنھان يۈرەك سوقۇشنى ئاشكارىلاشقا ئاجىزلىق قىلغانلىقىدىن؛ ئۈچىنچىدىن، بايان قىلىشتىن ئىبارەت ئاخبارات شەكلىگە بەكرەك تايىنىۋېلىپ تارىخنى، ۋەقەلىكنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي خۇلاسە دۇنياسىغا، تەپەككۇر ئالىمىگە سۈرەپ ئەكىرىپ، ھەق بىلەن ناھەق ئوتتۇرىسىدىكى تراگېدىيىلىك توقۇنۇشقا ئەقلىي نۇقتىسىدىن، بىرقەدەر پەلسەپىۋىلەشكەن تەپەككۇر يۈكسەكلىكىدىن چۈشۈپ مۇھاكىمە قىلالمىغانلىقىدىن بولغان دەپ قارايمەن. بولۇپمۇ شېئىرىي شەكىل قوغلىشىپ تىلنى قالايمىقان، مەجبۇرلاپ قوللىنىۋېرىشى بەكلا ئېغىر بولۇپ كەتكەن. كىتابخانلار بىر ئوقۇسىلا مۇئەللىپنىڭ تىل ئىشلىتىشتە قوللانغان قاتتىق ۋاستىسىنى ئوڭايلا ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ.

قىسقىسى، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» كىشىلەرنى بىر لەھزە شېئىرىي مۇھىت ياكى تراگېدىيىلىك توقۇنۇشتا لەرزىگە سېلىپ مەھلىيا قىلالايدىغان شەجەرىگە ئايلىنالماستىن، ئالىمنىڭ ھاياتىدىكى يېڭىلىك بىلەن يېزىلغان بىر تارىخىي قىسسە ياكى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدە بارلىققا كەلگەن ئادەتتىكى قىسسەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

يىغىنچاقلىغاندا، ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئۇيغۇر شېئىرىيەت خەزىنىسىگە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان تالانتلىق ئەدىبتۇر. ئەمما ئۇ شېئىرىي ئەسەرلىرىدە پەلسەپىۋى پىكىر - تەلقىن،

مۇلاھىزىلىرىنى ئىپادىلەشكە بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، شېئىرىي ئەسەرلىرى ئاممىباب قوشاق، شېئىرلارغا قارىغاندا ئومۇملىقتا يۇزلىنەلمىدى. شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ئۇنچىۋالا دىققەت نەزىرىنىمۇ تارتىپ كېتەلمىدى. بۇ ئادەتتىكىچە ئەھۋالدىن ئىبارەت. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، بىز مۇشۇ بابنىڭ بېشىدا يەنى ئالىمنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئۇستىدە توختالغاندا سىتاتا كەلتۈرگىنىمىزدەك، بۇ ئەسەر مۇئەللىپى (ئالىم) ئۇچۇن پابلونېرۇدانىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا بىر ئېچىنىشلىق ئەھۋال بولۇپ قالىدۇ، خالاس.



AltunOq

# ئون ئۈچىنچى باب

# نەسر ئىجادىيىتى

نەسر ئەدەبىياتنىڭ جىمىكى فورمىلىرى ئىچىدە ھەممىدىن شوخ، ئەركىن، ھەممىدىن بەك چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان بەدىئىي فورمىدۇر. ئۇ خەنجەرمۇ، تاپانچىمۇ بولالايدۇ؛ ۋەزىيەت ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىدىغان ئەپچىل ئۇرپ ـ ئادەت خەرىتىسىمۇ بولالايدۇ؛ كىشىگە خۇشاللىق ۋە ئارام بېغىشلايدىغان كەچلىك سازمۇ بولالايدۇ. ئۇنىڭدا تەنتەنە قىلىشقىمۇ، مەدھىيە ئوقۇشقىمۇ، چوقان سېلىشقىمۇ، سۆكۈشكىمۇ بولىدۇ؛ بەخىرامان سۆزلەشكىمۇ، نازۇك سۆزلەرنى ئېيتىشقىمۇ، بوش ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشقىمۇ، دېكلاماتسىيە قىلىشقىمۇ بولىدۇ؛ كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشقىمۇ، غەزەپلىنىپ تىللاشقىمۇ، گەپ ئويۇنى قىلىپ ۋەقە بايان قىلىشقىمۇ بولىۋېرىدۇ.

— كې لىڭ[1]

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تۈرى — نەسر ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇ بۇ ساھەدىمۇ نۇرغۇنلىغان نەتىجىلەرنى ياراتتى. گەرچە ئۇ بۇ ساھەدە ئىزچىل تۈردە قەلەم تەۋرىتىپ خاسلىق بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارمىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرى،

[1] «مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، 36 ـ بەت.

ھايات ھەققىدىكى زىكىر، تەلقىنلىرى، ئىنسانىيەت ھەققىدىكى تىرەن مۇلاھىزىلىرىنى لىرىك، جۇشقۇن، شوخ، شۇنداقلا تەپەككۇرنىڭ بوغۇچلانغان، ئاللىقانداق فورمۇلالارنىڭ مۇئەييەن قانۇنىيەتنى ئەندىزە قىلغان تار سولاقمىسىدىن ئەركىن ھالدا ھالقىپ چىققالايدىغان نەسردىن ئىبارەت بۇ توسقۇنسىز ژانىر ئارقىلىق بايان قىلىپ بەرگەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، مەدەنىيەت، سەنئەت، ئەدەبىيات، دىن، ئېتقاد، ئادەمىيلىك، ئەرك، مۇھەببەت، چىنلىق. . . قاتارلىق ئىنسانىيەت روھىيىتىگە يىرىپ تاقىلىدىغان بارلىق مەدەنىيەت ئامىللىرىنى شەپقەتسىزلەرچە قىرغىن قىلىپ، زېھىن، ۋاقىت، ئەقىل، كۈچنىڭ تويماس تار زىندانىنى ياساپ چىققان ئاپەتلىك يىللار، خەلق تىلى بويىچە ئېيتقاندا 10 يىللىق «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە ئالىم ئۆزىنىڭ بارلىقىنى، كۈچىنى، ئىنسانىي مۇھەببىتىنى بارلىق بىلەن يوقلۇقنىڭ ئىنچىكە سىزىقىغا قاراملىق بىلەن ئارتىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەت ھەققىدىكى ئاجايىپ چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرىنى، پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ھېس - تۇيغۇ، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، دەھشەتلىك بوغۇلۇش، ئەركتىن، ئەركىن تەپەككۇردىن ئايرىلىشتىن ھاسىل بولغان مىسلىسىز پەرىشانلىق، ئازابلىرىنى نەسىر يولى بىلەن پىنھان ھالدا ئىنسانىيەتكە شىۋىرلاپ ماڭدى. 10 يىللىق ئاپەت مەزگىلىدە بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز ھودۇقۇش، ئەندىشە، ساراسىمە ۋە ئىچكى ئازاب تۇيغۇسى ئىچىدە جان تالاشقان بولسا، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى ئۆزىنى تارىخنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس تەلقىنلىرىدىن تاسقاپ سۈزۈۋالغان ساۋاق پەلەكلىرىگە تاشلاپ تۇرۇپ، بىپايان كۆكتىن كۆيۈۋاتقان ئادەمىيلىككە قاراپ زار - زار يىغلىدى. گۈل پىراقىدا، تاڭ پىراقىدا، ئىشقنىڭ كۆيدۈرگۈچ ئوتلىرىدا يۈرىكىنى ئۆرتەپ

بوقۇلدىغان كاككۇك كەبى قان قۇسۇپ نالە قىلدى. بىزنىڭ تالاي زىيالىيلىرىمىز بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتكەن ئىجتىمائىي مۇھىت، ياڭاق شۆپىكىگە پىتىپ كەتكەن تەپەككۇر ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس هايۋانىي مۇھىت ئىچىدە ئۆز بېشىنىڭ غېمىنى يەپ ۋايساۋاتقان ئاشۇ ۋاقىتتا سۆيۈملۈك، قەلبى ۋىجدانىغا، مۇھەببەتكە لىپمۇلىق تولغان ئالىمىمىز ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن قىسمەتتىن بىر ئۇلۇغ خەلقنىڭ تۇتەككە ئايلىنىۋاتقان روھىيەت دۇنياسىنى كۆرۈپ يەتكەچكە، ھېچنەرسىگە قارىماي ئىزدەندى، يازدى. قەھرىمانلارغا، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ۋايىم يېگەن ئەزىمەتلەرگە تىنىماي ندا قىلدى. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىندەك ئىنسانىيەت ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىش، تەقدىرى ھەققىدە ئىزلىنىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تىنىماي ياش تۆكۈش بىزدە كەم ئۇچرايدىغان چاقناق روھ ۋە يېتىلدۈرۈپ بولماس تالانتتۇر.

ئالىم 1966 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە بولغان ئېغىر بالايىئاپەت يىللىرىدا ئۆز بېشىغا كەلگەن ئەلەم ـ كۈلپەتلەرنىلا ئەمەس، مۇھىمى بىر پۈتۈن ئەلگە كەلگەن بالايىئاپەتلەر ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، مۇتەپەككۇرانە جاسارەت بىلەن قولىغا قەلەم ئالغاندى. ئىدراك ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرى ئاياغ ئاستى قىلىنغان شۇ مەزگىللەردە ئالىم «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دېگەن ئومۇمى ماۋزۇ ئاستىدا 500 پارچە پەلسەپىۋى لىرىك نەسر يېزىپ چىقتى. بۇ لىرىك نەسرلەر «كاككۇكنامە»، «مارجاننامە»، «سۇمۇرغنامە»، «جاھاننامە»، «نىجادىيەتنامە» قاتارلىق بەش نامدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئالىم «كاككۇكنامە» دىكى 100 نەسر ئارقىلىق ھۆرىيەتنى، «مارجاننامە» دىكى 100 نەسر ئارقىلىق دېڭىز ئاستىغا تاشلانغان مارجانلارنى ئاسمان يۈزىگە چاچمىغۇچە ئۇيقۇ يورىمايدىغانلىقىنى، «سۇمۇرغنامە» دىكى 100 نەسر ئارقىلىق تارىخ

ھېكمەتلىرىنى، «جاھاننامە» دىكى 100 نەسر ئارقىلىق رېئاللىق ئىبرەتلىرىنى، «نىجادىيەتنامە» دىكى 100 نەسر ئارقىلىق ھايات يولىنى يىغىنچاقلىماقچى بولىدۇ. كېيىنكى مەزگىللەردە، يەنى 10 يىللىق بالايىئاپەت مەزگىللىرىدىن كېيىن، پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ نەمۇنىلىرى سۈپىتىدە «ئارىفنامە» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 4 ـ، 5 ـ قوشما ساندا ئېلان قىلىنغان)، «تۇپراقنىڭ مونولوگى» («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 5 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان)، «سۈكۈنات» («شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» نىڭ 1995 ـ يىللىق 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈندىكى ساندا ئېلان قىلىنغان)، «تەبەسسۇم» («شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» نىڭ 1995 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىكى ساندا ئېلان قىلىنغان) قاتارلىق نەسرلەرنى يازدى ۋە ئېلان قىلدى.

ئالىم مېھنەت بىلەن ئىجاد ئەتكەن، ئەمما ئېلان قىلىشقا، مەتبۇئات يۈزىگە چىقىرىۋېلىشقا غادىيىپ، تەمەننا قىلىپ كۆشەپ يېتىشقا، ئەمگىكىنىڭ شېرىن تەمىنى سۈرۈپ دەم ئېلىشقا ئېتىبار بېرىپ كەتمىگەن ئالىيجاناپ، ھېرىس — تەمەسىز ئەدىب. شۇڭىمۇ ئۇ ئارىمىزدىن كەتكىنىگە نەچچە يىللار بولغان بولسىمۇ، ھېلىھەم ئەسەرلىرى مەتبۇئات يۈزىدىن ئۈزۈلۈپ قالغىنى، نەشرىيات ئورۇنلىرى ئۇنىڭ مۇبارەك قەلەم ئىزىدىن ئايرىلىپ قالغىنى يوق، بەلكى ھايات ۋاقتىدىكىدىن ياخشىراق ئېلان قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىنلا بىز ئالىمنىڭ قانچىلىك كەمتەرلىك ۋە ئۇلۇغۋار مۇددىئا، مەقسەت بىلەن ئىجاد ئېلىپ بارغىنىنى، قانچىلىك مەسئۇلىيەت ۋە ۋىجدان، غورۇر، قەرز تۇيغۇسى بىلەن ئەمگەك قىلغىنىنى، تىنىمسىز تەر تۆكۈپ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا يىمىرىلمەس مەنىۋى ھەيكەل تىكلىگىنىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. ئۇ ئۆلۈمى بىلەن تەڭلا مەرسىيە، قەسىدىلەردىن باشقا يەردە ئىسمى ئۇنتۇلۇپ

كېتىۋاتقان بىر قىسىم ئەدىبلىرىمىزگە قارىغاندا تەتقىقات، تەپەككۇر، تۆھپە، قىممەت، غۇرۇر، ھۇزۇر سۇپىسىدا ئۆزگىچە، ئالاھىدە تەسىر ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئالىمنىڭ نەسىرلىرى تېخى ئابدۇقادىر جالالىدىن كۆرسىتىپ ئۆتكەن «ئۇنتۇلغان بولۇق» سۈپىتىدە پۈتمەس ـ تۈگىمەس ھايات ھېكمەتلىرىنى ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلاپ ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تېخنىكىغا ئەمەس، ساپلىققا ۋە ھېكمەتكە بەكرەك نەزەر ئاغدۇرۇشنى بۇرچ دەپ بىلىدىغان ئاقىللارنىڭ نەزىرىدە مەۋجۇتلۇق تەقدىرىمىزنىڭ ئوخشىتىشى، ئىنسانلىقنىڭ چۇقانى، تەپەككۇرنىڭ تىرىلىشى، مۇھەببەتنىڭ ئىلاھى ۋەھيىلىرى بولالايدۇ. بىز ئاز بولۇپ قالغان، ئەمما كۆپىنىڭ باراۋىرىدە كۆزىمىزگە سۈرتۈپ پەخىرلىنەلەيدىغان بۇ نەسرلەردىن ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئىدىيىسى، ئىنسانىيەت ھەققىدە يۈرگۈزگەن چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرىنى ۋە بەدىئىي تالانتىنى روشەن كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» نامىغا توپلانغان نەسرلەرنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ ئاپەتلىك يىللار مەزگىلىدىكى دەردلىك ئىسەنكىرىشى، بوغۇلۇشتىن قۇتۇلۇشقا بولغان ئازابلىق چۇقانى ۋە ئەركىن تىنالماي ھالسىرىغان ئېغىر تىنىقى دېسەك، ئەسەرگە توغرا مۇئامىلە قىلغان بولىمىز. بىزنىڭ مۇھاكىمىمىز ئالىمنىڭ ئەينى يىللاردىكى نەسرلەرنى يېزىش مۇددىئاسىغىمۇ ۋە ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش، كېيىنكى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئارىسالدىلىق تۇيغۇسىغىمۇ ماس كېلىدۇ. لېكىن ئالىم بۇ نەسرلىرىدە نوقۇل «مەنلىك» نىلا ئەمەس، بەلكى «مەنلىك» تىن ھالقىغان «مەن» دىن ئىبارەت بىر ئومۇمىي توپنى ھالقا قىلغان ھالدا مەركەزلىك پىكىر يۈرگۈزگەچكە، ئۇنىڭ ھەربىر مۇھاكىمىسى گەۋدىلىك ھالدا شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ روھىي ھالىتىنى، تېگىرقاشلىرىنى، زىددىيەتلىك دۇنياسى ۋە ئوي ـ

AltunOq

خىياللىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئۇنىۋېرسال مۇھاكىمىگە ئايلىنالىغان.

«كاككۇكنامە» دىكى «ئۆزۈم توغرۇلۇق كۆز ياش ئاققۇزۇشنى تارتىنىمەن، مەندە مۇنداق كۆز ياشلار يوق» دەپ پەقەت بۇرمىلانغان ئۆزلۈك ئۈچۈن تىپىرلاۋاتقان هايات تەلۋىلىرىگە سوغۇققان بېقىۋاتقىنىدا، «سۇمۇرغنامە» دە «مەن ئىنسانىيەتنى نەزەردە تۇتىمەن. ئۇ مېنىڭ جىسمىمدا تىنىمسىز سوقۇۋاتقان ھەقىقىي يۈرەك» دېگىنىچە ھۆكۈمالار، دانىشمەنلەر ئىزچىل تەكىتلەپ تۇرسىمۇ، يەنىلا قەلبىنىڭ سىرتىدا قېلىپ قىلىۋاتقان ئىنسانىيەتنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق كاپالىتى بولغان ئىسسىق يۈرىكىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەندە ۋە «مېنىڭ مۇھەببىتىم پۈتۈن ھەقىقىي كىشىلىك» دەپ ئالەمچە مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن خۇسۇسلارنىڭ مەنپەئەتى ھەققىدە ئويلىنىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئۆزى ئىنسانىيەت بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن ھالدا كۆز ئالدىمىزغا نۇر ھالىتىدە سوزۇلۇپ چۈشىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئالىم باشتىن ـ ئاخىر پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ تىنىقىنى ئۆزۈمنىڭ ھاياتلىق كاپالىتى دەپ ياشاپ كەلگەن ۋە شۇ ئەقىدە ـ ئېتىقاد بىلەن ئۆزىنى چەكسىز كېڭىيىپ بارغان ئۆزلۈك سەتھىگە تاشلاپ مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ روھتەك تىلسىملىق «باياۋان» ىدا ئەركىن يۈرەلىگەن مۇتەپەككۇر. ئۇنىڭ ئەسىرلىرىدە بارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە، تارىخ، قەھرىمانلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى، تارىخنىڭ شىۋىرلاشلىرى ئورگانىك بىرىككەن ھالدا يېڭى ئوي ـ پىكرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئەسىرلىرىدىن شەخسكىلا تەۋە بولغان ۋايساش ياكى ھاياجانلىنىشنى ناھايىتى ئاز ھېس قىلىمىز. ھەتتا ھېس قىلمايمىز دېسەكمۇ خاتالاشقان بولمايمىز.

«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دا ئالىم ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاپەتلىك يىللاردىكى روھى ھالىتىنى ئىپادىلەشنى

مەركەزلىك ئورۇنغا قويغان. ئۇ ئۆزى قەپەسكە سولانغان كاككۇك، دېڭىز تەكتىگە تاشلىۋېتىلگەن، جۇلالىقىنى نامايان قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان مارجان ھەمدە سۇمرۇغدەك ئەركىن پەرۋاز قىلىپ، جاھاننامە ئەينەكلىرىدەك تارىخنىڭ ھايات ساۋاقلىرى، ھېكمەتلىرىنى مۇجەسسەملىگەن ئىنسانىي تەپەككۇر ئارقىلىق ئىجادىيەتكە كىرىشىش مۇددىئاسىنى، ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە بۇ جەرياندىكى بوغۇلۇشلىرىنى، بوغۇلۇش ئىچىدىكى ئۆلمەس ئۈمىدىنى، تاڭغا، يورۇق قۇياشقا، كەڭرى، ئەركىن تەبىئەتكە بولغان تەلپۈنۈشىنى قانغۇچە بايان قىلىدۇ.

«ئەلمىساقتا بىر مەنتىقە، قىيامەتتە بىر مەنتىقە تۇرىدۇ» دەپ شەكسىز ئىشەنگەن مۇتەپەككۇر نەسىرلىرىدە باشتىن ـ ئاخىر تاڭ ئاتىدىغانلىقىنى تارىخىي، ئەقلىي يۈكسەكلىك دەرىجىسىدە مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ۋە تىنىماستىن «ئۈمىد، ئۈمىد، ئۈمىد!!!» دەپ ۋارقىرايدۇ. ئەركىنلىككە چەكسىز ئىنتىلىدۇ. لېكىن ئۇ بۇ خىل ئۈمىدنى قانداقتۇر تەڭرىدىن ياكى تەقدىردىن ۋەياكى ئامەتتىن ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىدىن ئىزدەيدۇ. ئۆز ـ ئۆزىنى بوغۇپ قويۇپ، يەنە پاراۋانلىق، باياشاتلىق دەۋاسى قىلىۋاتقانلارغا ھەيران بولۇپ ۋارقىرايدۇ:

«ھەيرانمەن! تەپەككۇر كورلۇقى، ئەرك قۇللۇقى، كۆڭۈل بەندىلىكى جەننەت پاراۋانلىقىنىڭ شەرتىمىدۇ؟» ئۇ يۇقىرىدىكى مۇھاكىمىسى ئارقىلىق شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىتىدىكى بىكىك، چۈشكۈن ياشاش مەنتىقىسىدىن ئۆچۈر بەرسە، ھەقىقىي پاراۋانلىق، باياشاتلىق، ئادەمىيلىك ھەققىدە ئىنسانىيەتكە ئېغىر سوئال تاشلايدۇ.

ئالىم بارلىق نەسىرلىرىدە ئاڭلىق ھالدا ئىنسانىي باراۋەرلىكنى، ئىنسانىي بىرلىكنى باشتىن ـ ئاخىر كۈيلەپ

كەلدى. ئۇ غەرب ئەدەبىياتىدىكى قەھرىمانلار، گرېك ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىكى قەھرىمانلار، ھىندى داستانلىرىدىكى ئوبرازلار، خەنزۇ خەلق ئەپسانىلىرىدىكى پېرسوناژلار ۋە پارس، تۈرك خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىكى شەخسلەرنىڭ ئۇلۇغۋار روھى ئارقىلىق ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ، خەلقپەرۋەرلىكنىڭ ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ھېچقانداق مىللەتكە يات ھادىسە ئەمەسلىكىنى، ئىنسانىيەت جەزمەن ئەقلىي تەرەققىي، ئادەمىي روھ، ئىنسانىي خىسلەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە ئاجايىپ ئۆتكۈر زەنجىرسىمان باغلىنىش ھاسىل قىلىدىغان ئۆزلۈلمەس مىلۇدىيە ھېسابلىنىدىغان مۇھەببەت ئارقىلىق ھەرگىزمۇ بىر ـ بىرىگە يات ئەمەسلىكىنى، مىللەت، ئىرق، جۇغراپىيىلىك مۇھىت تەۋەلىكىنىڭ، ئوخشىماسلىقىنىڭ ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بار كۈچى بىلەن جاكارلاپ كەلدى.

زارۇئاستىر، شامان، بۇددا، ئىسلام دىنلىرىدىكى ئىنسانىي بىلىش مەزمۇنلىرى ۋە ئىلاھقا باغلانغان روھىيەت يىپلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تۈتۈپ ئەكىلىپ ھەممىسىنىڭ يەنىلا ئىنسانىيەتتىن ئىبارەت غول شاخقا بىۋاستە تۇتىشىدىغانلىقىنى، ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، شۇڭا ئىنسانىيەتنى سۆيۈش كېرەكلىكىنى ئۆزلۈكسىز تەكرارلىدى. سوقرات، ئەپلاتۇن، لاۋزى، ھەللاج، مەشرەپ، شەمسىدىن تەبرىزى، پرومېتوس، دانتى، نەۋائىي. . . لار ئارقىلىق ئىنسانىيەت ئۇچۇن تۆكۈلگەن ياش، ئاققان قان، چىققان تەرلەرنىڭ ۋەزنىنى ۋە ئۇ ئېرىشۋاتقان قەدىر ـ قىممەتنى، دۇچ كېلىۋاتقان ئېغىر قىسمەتنى ھالال ۋىجدان بىلەن ئىپادىلەشنى قەرز دەپ بىلدى.

«تەڭرىنىڭ نامى، ئىستىقامەتخانىلارنىڭ ئىسمىلىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كونىستانتىنپولدىكى سوفىيە ئىبادەتخانىسى ئىسلام جامەسىگە ئۆزگىرىپ، ئەيسا ئورنىغا مۇھەممەت زىكىر قىلىنىدۇ. ئەمما، ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ نامى ئەزەلدىن بىردەك، يەر يەنىلا ئانا ماكان، ئاسمان يەنىلا ئىلاھىيەت

سەھىپىسى. . . ».

مۇتەپەككۇر يۇقىرىقى قىسقا بايانلىرى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ دىنىي ـ ئېتىقاد پەرقى بىلەن بىرلىكىنى چەتكە قاقماسلىقنى، ئۇلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئاۋۋال قان ـ قېرىنداش ئىنسان ئىكەنلىكىنى، ياشايدىغان زېمىن ۋە چوقۇنىدىغان ئىلاھىنىڭ ماھىيەتتە بىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئىنسانىيەتنى بىرلىك تۇغىغا چاقىرسا:

«ئەنە پرومىتۇس! ئافىنانىڭ ئەمەس، پۈتكۈل ئالەمنىڭ پرومىتۇسى.

ئەنە ئاتلاس! ئەپسانىۋى دۇنيانىڭ ئەمەس، ھەقىقىي تارىخنىڭ ئاتلاسى.

ئۇ گراكىلنى، گرېكنى ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ گراكىلىنى: پەرھاتنى، خوتەن شاھزادىسى پەرھاتنى ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پەرھاتىنى كۆتىدۇ» دەپ يېزىش ئارقىلىق ھەربىر شەخسنىڭ تار چەكلىمىلەردىن ھالقىغان ھالدا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مەنسۇپلۇقىنى، ھەربىر شان ـ شۆھرەت ۋە پاجىئە ـ تراگېدىيىنىڭ مەيلى قايسى جاي، قايسى مىللەت ئىچىدە، قانچىلىك چوڭ ـ كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىمىزگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلسا، «ساكيامۇنى، ناگارجۇنا مۇرتلىرى، كۇمراجىۋا، مۇسا ۋە قارۇن ئۇممەتلىرى، ئەيسا، دانكو، سپارتاك، ئەھلىسەلىپ يۈرۈشى، ئەفلاتون، فارابى، كامپانىلا» لارنىڭ مۇشەققەتلىك سەپەر ـ ئىستىقامەتلىرىنى خۇلاسىلاش ئارقىلىق «ئەنە، ئاچلىق، كېسەللىك، مۇھتاجلىق ۋە تەلمۈرۈش ئىچىدە نىجادىيەتكە تەلپۈنۈۋاتقان مىليون، مىليون يۈرەكلەر. . . ».

نىجادىيەت ئاشۇ مۇھتاجلارنىڭ سىرتىدا ئەمەس! . . . دېگەننى خۇلاسىلەپ ئايرىمچىلىقنا، بۆلگۈنچىلىككە يۈزلىنىۋاتقان ئاتالمىش «دۇنياۋى تەرەققىيات» نىڭ ماھىيەتلىك

ئاجىزلىقىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلايدۇ ھەمدە ئاچچىق تۇز سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان يارا يۈرىكى ئارقىلىق بىر مىللەت، بىر دۆلەت، بىر قەۋم ياكى بىر تەبىقىنىڭ ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ غېمىنى يەيدۇ.

ئالىمدىكى بۇ ئۇلۇغۋار ئىنسانپەرۋەرلىك چوقانى بۈگۈنكى كۈندە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان شاۋقۇندۇر. ئۇ ئادىي بىر ئادەملىكتىن ھالقىغان ئادەمىيلىك، ئىنسانلىقتىن ھالقىغان ئىلاھىيلىق بىلەن جاھاننىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ پىكىرلىرىدىن ئىنسانىيەتنىڭ شادىيانە تەنتەنىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ۋە ئۇنى ئارزۇلاپ ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان يۈرەكنىڭ ھىجران، ۋىسال تەقەززالىقىدا زارىقىش بىلەن تەلپۈنۈشلىرى، ھاياجان بىلەن ئويناقلاشلىرى، شۇنداقلا ۋەھىمە، ۋەسۋەسە بىلەن دۈپۈلدەشلىرى، ئازاب بىلەن تولغىنىشلىرى، قەھر بىلەن ۋارقىراشلىرى، شۇنداقلا ئازابلىق تۇيغۇ پەسكويىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان سالماق، تەمكىن ئۇھسىراش، سوغۇققان كۆزىتىش تەڭلا تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.

بىز مۇتەپەككۇرنىڭ نەسىرلىرىدىن گاھى ھەقىقەتنىمۇ ئۈمىد، ئىشەنچ، كەلگۈسىگە بولغان قىزغىن تەلپۈنۈش ھېسلىرىنىڭ نۇرانىلىقىنى، يېڭىلمەسلىكىنى ھېس قىلساق، گاھىدا ئېغىر بوغۇلۇشنىڭ، قۇللۇقنىڭ، روھى مۇۋازىنەتنىڭ چىدىغۇسىز ۋەيرانچىلىقىدىن شەكىللىنىدىغان ساراسىمە ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. بولۇپمۇ، ئالىمنىڭ تەپەككۇرى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى تارىخ بەتلىرىدىن ئۆزى ياشاۋاتقان قاراڭغۇ مۇھىتقا يۆتكەلگەندە بۇ خىل ئېغىرلىق مىسلىسىز كۈچىيىپ كېتىدۇ.

«ئارىمىزدا تام ـ توساق يوق، بىر پارچە بولۇتتىن تامچىغان يامغۇر ئۆگزىمىزنى تەڭ يۇيىدۇ» دېگەن جۈملىلەردىن

AltunOq

كەلگەن ئۇلۇغۋار ئىنساني بىرلىكنىڭ يارقىن مەنزىرىسى بىزنى ئۆزلۈكنىڭ يىلتىزى ھەققىدە ھاياجانلىق تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرغا باشلىسا، «قېلىن دېرىزىمىزدىن باشقا، باشقا پەسىللەرنىڭ يورۇقى چۈشىدۇ» دېگەن جۈملىلەردىكى ئېغىر كىرىزىس بىزنى ئىچىنارلىق يىغىغا باشلايدۇ. ھەتتا ئالىمىمۇ ئۇنتۇلۇۋاتقان ئەقىدە ـ ئېتىقاد، مەدەنىيەت بوسۇقلىرىدىن سۆرىلىپ چىقىپ «مەن ھېچكىمنىڭ يادىدا ئەمەس» دەپ پەرياد سالغىنىدا يىغا تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ يۈرەكتىن ياش ئاقىدۇ.

«دوزاخنى يوق دېگەنلەر نادان! شەيتاننى ئىنكار قىلغۇچىلار گۇدەك! مۇقەددەس نەرسىلەرنى خىيالەن ئىنكار قىلغۇچىلارنى قەھرىمان دېگىلى بولمايدۇ. قەھرىمانلىق خىيالي تەسەۋۋۇرلارنىڭ رېئال گەۋدىسىنى بېسىشتا! ئىنسانىيەتنىڭ يارانقىنى يالغان نەرسىلەر بولماستىن، راست نەرسىلەرنىڭ خىيالي شەكىلدە روياپقا چىقىشىدىن ئىبارەت. ئىنسانىيەتنى ھاقارەتلىمە!».

مۇتەپەككۇر نەسرلىرىدە باشتىن ئاخىر ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىنى، مەۋجۇتلۇقىنى ماددىي دۇنيا، جىسىم ۋە شەكىللەردىنلا ئىزدىگۈچىلەرگە كۈچلۈك سىگنال بېرىپلا كېلىدۇ. ئۇ غەرب مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن شەرق ئۆلىمالىرىنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى نەزەرىيىلىرىنى تەپەككۇر يۈكسەكلىكىدە ھەزىم قىلىپ ئىنسانىيەتنىڭ روھىيەت دۇنياسىنىڭ تەگسىز چوڭقۇر سىرلىرىغا ئاشىق بولىدۇ ھەمدە ئاشۇ روھەن مەسىلەرنى چەتكە قېقىشقا قارشى تۇرىدۇ. شۇڭا بىز مۇتەپەككۇرنىڭ نەسرلىرىدىن روھنى ئۇلۇغلاشنىڭ، ئۆزى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زەنجىرسىمان باغلىنىشنى ئۇتاشتۇرۇشتىن تارتىپ، ئەڭ ئاددىي تىنىقچە بولغان تەسۋىرلەردىن روھنىڭ نازۇك شىۋىرلىشىنى، ھاياجانلىق پارتلىشىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. ئەنە شۇ روھلا پرومىتوس

بىلەن دانكونى تۇتاشتۇرۇپ تۇرالايدۇ. مۇتەپەككۇر ئەنە شۇلارنى قولىدا دادىل ھالدا تۇتۇپ تۇرۇپ ئۆزىمىزگە خاس بولغان تەپەككۇر ئىزچىللىقىنى يوقاتماي ساقلايدۇ.

«ئارىفنامە» ئالىمنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە جۇغلىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كۈچلۈك پەلسەپە پۇراپ تۇرىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

مۇتەپەككۇر بۇ ئەسەرلىرىدە ئۆز خەلقى ياشاش مىزانى، ھايات پەلسەپىسى قىلىپ كەلگەن چۈشەنچىلەر ھەققىدە سوغۇققانلىق بىلەن ئويلانغان. مەسىلەن «ئۇلۇغ قانال» دا، «يىپەك يولى» دىن ئىبارەت بۇ تۈگۈن ئەتراپىغا ئولىشىپ ياشىغان خەلقنىڭ ئېڭىدىكى ھەرقايسى دىن، مەدەنىيەت ۋە پەلسەپىلەرنىڭ ئۆزگىچە رەۋىشتىكى جۇلاسىنى كۆرۈپ، ئانا يۇرتىدىن، ئۇلۇغ خەلقىدىن ئاجايىپ پەخىرلىك ھېس قىلغان بولسا، «ھايات دانىشمەن» دە تۈرلۈك ئىدىيە، تەپەككۇر ۋە «ئىزىم» لار بىلەن ماركىلانغان ئىدېئولوگىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي زوراۋانلىقلارنىڭ ۋاستىلىرىگە ئايلانغان ئىمجان گەۋدىسى بىلەن ئەقىدە - ئېتىقادىنى ئىنسانلىقنىڭ تەگپۈك تايىقىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆلمەس غايە، پاكىزە ئەخلاق، مۇرەككەپ، ئۆزگىچە تۈستىكى مەدەنىيەت تىپلىرىنى ياراتقان مىڭلىغان مۇتەپەككۇر، ئىنسانپەرۋەر قەھرىمان، مىليونلىغان ھەقىقەت قۇربانلىرىنىڭ روھى ياشاپ تۇرغان بۈيۈك ئىدىيە خەزىنىسىنى سىلىشتۇرۇپ، ھاياتبەخش ھېسلارغا چۆمگەن، «سۆزۈك ئەينەك» تەك بۇرمىلانمىغان، ساپ، ھەقىقىي ئۆزلۈكىنىڭ نۇرانە شولىسىنى يالتىراتقان بولسا، «ئەنەلھەق، ئەپسانە ئەمەس» تە ھەللاج چۇقانىنى زامانىۋى تارىخنىڭ يەنە بىر دارىدىن پاكىز ئېتىقادقا ۋە ئىنسان

روھىيىتىگە باشلاپ ئەكەلگەن. «ئات بىلەن ئات مىنگەن كىشى» دە ئىنساندىكى تەن بىلەن روھ مەسىلىسىگە، جىسمانىي جەھەت بىلەن مەنىۋى جەھەت مەسىلىسىگە ماددىي مەئىشەت نۇقتىئىنەزەرىدىن ئەمەس، ئىنسانىي كامىللىق نۇقتىئىنەزەرىدىن چىقىپ تەبىر بەرگەن ۋە ئىنساننىڭ ھايۋاندىن پەرقلىنىدىغان نۇقتىلىرى ھەققىدە جانلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. «دانىشمەنلىكنىڭ دەردى» دە ئاقىل دۆچ كېلىدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىدىن تۇغۇلىدىغان دەرد ـ كۈلپەتنى كۆرۈپ مېڭىشنىڭ ئىداسىنى چۈقان قىلىپ بايان قىلغان بولسا؛ «گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور گاداي» دا ئىنساننى ئۆز قۇدرىتىنى بايقاشقا؛ «ئەقىل ۋە كۆڭۈل» دە ئەقىل بىلەن كۆڭۈلنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماس ھالدا بىر تەرەپ قىلىشقا؛ «يول» دا ئىنساننىڭ ھەر بىر قەدىمىنى بايقاپ مېڭىشقا ئىشارە قىلغان بولسا، «تەڭرى، ئەلچى، قەھرىمان ۋە ھاكىم توغرىلىق سۆز» دە قارىغۇلارچە چوقۇنۇشتىن پەيدا بولىدىغان قۇللۇق، ئەركىسىزلىك ھەققىدە پىكىر بايان قىلغان. «ۋاقىت ساڭا ئالدانمايدۇ» دا ھەرقانداق كۈچنىڭ ۋاقىت ئالدىدىكى بىچارىلىقى ۋە ۋاقىتنىڭ قىممىتى ھەققىدە پىكىر بايان قىلغان بولسا، «ۋاپا، جاپا ۋە بىۋاپالىق» ناملىق نەسرىدە كىرىلمەسلىك، نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلىپ كېتىپ ئىنسانلىقنى ئۇنتۇماسلىق ھەققىدە ئاقىلانە پىكىر بايان قىلغان بولسا، «ئۈمىد ۋە تەۋەككۇل» دا تەۋەككۇلچىلىكنىڭ قاتلاملىق مەنىسىنى ھەقىقىي يەشكەن ھالدا ئۇنىڭ ئۈمىد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى شەرھلەپ چىققان.

قىسقىسى، ئالىم «ئارىفنامە» ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى ئارىفلىققا يەنى ئويغانغۇچىلىق ماقامىغا يېتەكلەيدىغان ۋاستىلەر ھەققىدە مۇتەپەككۇرانە پىكىر يۈرگۈزۈپ، گۈزەل، چىن، ھەقىقىي ئىنسانلىقنىڭ يارىلىشىغا بولغان ئارزۇسىنى،

تەقەززاسىنى ئىپادىلىگەن.

ئەمدى، ئالىمنىڭ نەسرلىرىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە كەلسەك، ئالىم ئەسەرلىرىنىڭ تىلىغا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان بولۇپ، ئەسەرلىرىدە پىكىرنى مۇمكىن بار يىقىشلىق، مۇزىكىچانلىقتا، تەسەۋۋۇرغا، لىرىكىغا، شېئىرىي مۇھىتقا باي قىلىپ ئىپادىلەشكە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان. بىز ئالىمنىڭ نەسرلىرىنى ئوقۇۋاتقاندا شوخ، ئويناقلىق بىلەن تەڭلا ئېغىر كىرىزىسنى ـ تراگېدىيىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. تىل ئارقىلىق قاناتلاندۇرغىلى بولىدىغان تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر بوشلۇقى ئەسەردە ناھايىتى كەڭرى قوللىنىلغان.

يەنە بىر جەھەتتىن ئالىم كۈچلۈك سىلىشتۇرۇپ خۇلاسىلەش ۋاستىسى ئارقىلىق تارىخنىڭ ھەر بىر بۇرچىنى بۈگۈن ئۈچۈن ماھىرلىق بىلەن خىزمەت قىلدۇرۇپ، بۈگۈننىڭ تراگېدىيىسىنى ئېچىپ بېرىشكە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان. بۇ ھال ئەسەرنىڭ ئۇچۇر قىممىتى بىلەن پەلسەپە قىممىتىنىمۇ، شۇنداقلا بەدىئىي، ئېستېتىك قىممىتىنىمۇ زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتكەن.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئالىم بۇرۇنقى نەسرچىلىكتىكى ھېسسىيات قوزغىتىشنى، نېرۋىسىنى ئۈندەشلەر ئارقىلىق غىدىقلاشنى مەقسەت قىلىپ يېزىلىدىغان قەسىدە شەكلىدىن دادىل قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئىنسانىيەت ھەققىدە سوغۇققانلىق بىلەن مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان. تىرەن مۇھاكىمىلەر ھەم تەسەۋۋۇر بوشلۇقى قالدۇرۇلغان گۈزەل تىل مۇھىتى ۋە ئۇچۇر مەنبەيىنى تەبىئىي ھالدا ئەسەر ئىچىگە باشلاپ كىرەلەيدىغان جەلپكارلىق ئەسەرگە باشتىن ـ ئاخىر سىڭىپ كەتكەن. ئەسەر قۇرۇق ۋاستىلەر دۆۋىسىگە ئەمەس، ئىنسان ھەققىدىكى ئەھمىيەتلىك مۇھاكىمىلەرگە لىق تولغان ـ دە، بەدىئىيلىك جەھەتتىنمۇ، ئىدىيىۋىلىك جەھەتتىنمۇ قالتىس ئۈنۈم ياراتقان.

بىزدە كەم بولۇۋاتقىنى مانا مۇشۇنداق پەلسەپە روھى، شۇنداقلا ئادەتلەنگەن ئەنئەنىۋى رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلايدىغان ئىسيانكار روھ.

«تارىخ ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۇنى گۇناھكار» دېگەندە ئۇ مانا بۇ ئىجادىيەت، مانا بۇ ھەممە خارلانغۇچىلارنىڭ توپى ـ دەپ ئازاب بىلەن ۋارقىرىغان ئىدى. ئۇ گۇناھسىز تۇرۇپ، ئۆزىنى خارلانغۇچىلار توپىغا تاشلىغىنىچە ھۆركىرەپ يىغلىغان ئىدى. بىزدىكى ئېغىر جىنايەتچىمۇ قويۇپ بەرسە، ئۆزىنى پەرىشتە مەن دەپ ئاقلايدۇ. مانا بۇ دانالىقتىكى، دانىشمەنلىكتىكى تەڭداشسىز قۇربانلىق روھىدۇر.

«زامانداشلىرىڭ سېنى ھەسەت كۆزى بىلەن كۆرۈپ رەشىك قىلىشىدۇ.

كېيىنكى كىشىلەر سېنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرۈپ مەپتۇن بولۇشىدۇ.

كەلگۈسى سەن ئۈچۈن تاش ئابىدە تىكلەيدۇ» دەپ يازغان ئىدى مۇتەپەككۇر. بىز ئۇنىڭ سۆزىنىڭ چىن ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ئېتىراپ قىلماقتىمىز.

«مەن يىغلىمايمەن، پۈتۈن زېمىن مەن ئۈچۈن يىغلايدۇ» دەپ يازغان ئىدى ئالىم يەنە ئېچىنارلىق، مەغرۇرلۇق بىلەن. ھەقىقەتەنمۇ يىغلىماقتىمىز، بەلكىم يەنە تالاي يىللار يىغلارمىز! . . .

AltunOq



# ئون تۆتىنچى باب

## «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» تەتقىقاتى

مەركىزىي ئاسىيا ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاپىرىدىگاھلىرىدىن بىرى، مەركىزىي ئاسىيا ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى. مەركىزىي ئاسىيا شىمال بىلەن جەنۇب، شەرق بىلەن غەرب مۇناسىۋەتلىرى تارىخىدا، ئاسىيا ـ ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ يۆتكىلىشى ۋە مىللەتلەر چوڭ كۆچۈشى تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان، قېلىن چۆكمە قالدۇرغان قاينار بۇلاق ۋە ئۆتۈشمە بەلۋاغ بولغان. ئۇ ئۆز قوينىغا ئارىيان ئىرقىدىكى ئىنسان تۈركۈملىرى، تۇران ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ كۆپ ۋارىيانتلىق ئېتنوگېنېزىسى ۋە مەدەنىيەت ئېتنولوگىيىسى تىلسىمىنىڭ ئاچقۇچىنى كۆمگەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ھازىرقى زامان ئاسىيا ـ ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئالاقىدار بىرقاتار تېپىشماقلارنى يوشۇرغان. ئۇ ئەركىن ـ ئازادە، ئىلمىي ـ دېموكراتىك يېڭى تارىخشۇناسلىقنىڭ ئۆزىنى بايقىشىنى كۈتۈپ ئەسىرلەرنى ئۆتكۈزمەكتە.

— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىز يۇقىرىقى ئېپىگراپتىكى بايانلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بەلكىم مەركىزىي ئاسىيا

ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى بىر قۇر ئەسلەپ باققان بولۇشىمىز مۇمكىن. چۈنكى ئۇيغۇر مەتبەئەچىلىكى تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە كەلگەن ئارىلىقتا ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى ئاپىرىدىگاھلىرىدىن بىرى بولغان قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا تارىخى ھەققىدە سىستېمىلىق بىرەر پارچە چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ئەسەر ۋۇجۇدقا چىققىنى يوق. يەنە كېلىپ بىز بۇ ھەقتىكى قىسقا مەلۇماتلارنى پەقەت چەت ئەل ئالىملىرى ۋە ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەت ئالىملىرىنىڭ ماقالە ـ ئەسەرلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن ئازغىنا ستاتىستىكا ماتېرىياللار ئارقىلىق ئېلىپ كەلگەن ئىدۇق. «مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى تارىخىنى، نۇقتىلىق ئېيتقاندا، تۈركىي خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى ھەقىقىي تارىخشۇناسلىق، ھەقىقىي ئىنسان مەدەنىيەتشۇناسلىقى ئىلمىي تەلەپلىرى بويىچە قايتا تەتقىق قىلىشنى پۈتۈن كىشىلىك سىۋىلىزاتسىيىسى، ئەركىن ۋە ئىلمىي تەپەككۇر يۈكسىلىشىنىڭ زۆرۈرىي شەرتى ۋە مۇقەررەر يۈزلىنىشى» دەپ قاراپ كەلگەن ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1965 — 1975 ـ يىللىرى ئارىسىدىكى ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» زامانىدا «ئوڭچى ـ يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى ئاستىدا رېجىمدە تۇرۇۋاتقان چاغلىرىدا «ئالتايدىن ئالتۇن تاغقىچە، نەنسەن (چىلىيەنشەن) دىن پامىر (كۆكئارت) غىچە بولغان مەركىزىي ئاسىيانىڭ مەركىزىي دىيارىنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئانا ماكانىنى ئۆز سەھىپىلىرىنىڭ ئاساسلىق يورۇتۇش نۇقتىسى» قىلغان «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ئەسىرىنى يېزىشنى پىلانلاپ تاكى ۋاپات بولغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ ھەقتىمۇ ئىزدىنىپ، مەركىزىي ئاسىيا تارىخىدىن خېلىلا مۇكەممەل ئۇچۇر بېرەلەيدىغان «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق ئەسىرىنىڭ دەسلەپكى

بۆلۈملىرىنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب يالقۇن روزىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 2002 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب تولۇق يېزىلىپ بولۇنمىغان ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يېزىلغان دەسلەپكى قىسىملىرى قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ئىنسانىيەت تۈركۈملىرىنىڭ قەدىمكى تارىخى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

«قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق بۇ كىتاب «ئىپتىدائىي تۇران جەمئىيىتى»، «قەدىمكى تۇراندا ھۇن، توخار ۋە ئېفتالىت سەلتەنەتلىرى»، «دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر تۇران خانلىقلىرى» قاتارلىق ئۈچ بۆلۈمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بىرىنچى بۆلۈمى بولغان «ئىپتىدائىي تۇران جەمئىيىتى» دە: مەركىزىي ئاسىيادا قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ باشلىنىشى، مەركىزىي ئاسىيادا قەدىمكى ئىنسان تۈركۈملىرى، تۇران تارىخىغا ئائىت رىۋايەتلەر ۋە ھېكايەتلەر، مەركىزىي ئاسىيا شەھەر ـ قەلئە مەملىكەتلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتى قاتارلىق تۆت باب بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيادا مەدەنىيەتنىڭ باشلىنىشىنى تېپىلغان بىۋاسىتە تاش قورال ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملار ئارقىلىق ھەمدە مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىشلىك ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيىسى، تارىخى ئىزچىللىقىغا ئىگە بولغان قەدىمىي شەھەر ـ قەلئە خارابىلىرىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى ئىزنالىرى ھەققىدە ماددىي يادىكارلىقلار ئاساسىدا سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، قەدىمىي مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا قىزىققۇچى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىپتىدائىي تۇران جەمئىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتتا سەل قارالغان تەرەپلەرگە ئىزاھ بېرىشكە مۇھىم كۈچ قوشقان.

ئالىم ئۆز كىتابىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى بولغان «قەدىمكى

تۇراندا ھۇن، توخار ۋە ئېفتالىت سەلتەنەتلىرى»دە: ئىسكەندەرنىڭ تۇرانغا كىرىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخى ئاقىۋىتى؛ ھۇن سەلتەنىتىنىڭ تۇراننى بىرلىككە كەلتۈرۈشى؛ كۇشان ۋە ئېفتالىتلار دەۋرىدىكى تۇران قاتارلىق بابلار بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. بۇ بابلاردا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار قانداقتۇر ئىلگىرىكى چۈشەنچە خاراكتېرلىك بىلىملەرنىڭ مۇجەسسەمى بولماستىن، بەلكى قەدىمكى تۇراندىكى ھۇن، توخار، ئېفتالىتلارنىڭ دەسلەپكى تارىخى ھەققىدىكى سىستېمىلىق بايانلاردىن ئىبارەت، خالاس.

«قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»نىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمى بولغان «دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر تۇران خانلىقلىرى»دا: كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ تۇراننى بىرلىككە كەلتۈرۈشى؛ تۇران يايلاق ۋە بوستانلىقلىرىدىكى پارچە ھاكىمىيەتچىلىك دېگەن ئىككى باب بويىچە تەتقىقات يۈرگۈزۈلگەن. بۇ ئىككى بابنىڭ تېمىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئالىم دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر تۇران خانلىقلىرىنىڭ ئەھۋالاتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنى ئۇشبۇ كىتابىدا سۆزلەنمىسە بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم بىر تەرەپ دەپ قارىغان ۋە ئىشەنچلىك دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ ياردىمىدە بۇ تېمىنى ئوڭۇشلۇق يورۇتۇپ بەرگەن.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆز كىتابىدا يۇقىرىقى تېمىلار بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىن ئاۋۋال كەسكىن قىلىپ مۇنداق يازغان ئىدى: «ئۇنتۇلغان ۋە يادىغا ئېلىشقا ئىدرىكى يەتمىگەن تارىخ، بىر يۇمىلاپلا ھاقارەتلەنگەن ۋە ‹ ئىدارە قىلىش تاكتىكىسى›نىڭ پۇت قويۇش تاختىسى بولغان تارىخقا ئايلىنىپ قالغان! مېنىڭچە تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ھەقىقىي ۋەزىپىسى ۋە تۇرانە مەسئۇلىيىتى كۆمۈلگەن تارىخنى تېخىمۇ كۆمۈپ تاشلاش، ئېچىلىپ قالغان قىسمىنى بۇرمىلاش ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۆز ھەقىقىتى، سالاھىيىتى بىلەن يورۇق دۇنياغا

ئېلىپ چىقىشتۇر. ئۆتمۈش ئادىللىق نۇرى بىلەن يورۇتۇلمىغان جايدا نۇرانە كەلگۈسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! ئېيتىش كېرەككى، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىق قىممىتىدىكى بىر پۈتۈنلۈكى بىلەن ئۆزىنىڭ ياكى تەڭ قىممەتدار ـ تەڭ ھوقۇقدار بىر قىسمىنىڭ ئۇنتۇلغان ياكى تۇمان ئىچىدە قالغان تارىخىنى قايتىدىن بىلىشكە، يورۇتۇشقا مۇھتاج. يورۇتۇلغان تارىخ، ئىنسان ئۈچۈن پرومېتى تېنىدىن ئۈزۈلگەن زەنجىردۇر! بۇ ھەرخىل سىياسىي گۇرۇھلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېغىز ۋە يېزىقتىكى خىتابەتلىرىنىڭ ھەقىقىي ياكى ساختىلىقىنى كۆرسەتكۈچ ستىرېلكا! » ، ئۇ «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» دا ئۆزى يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىغا ئاساسەن قەلەم تەۋرىتىپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكەن.

ئومۇمەن، ئالىم ئۆز كىتابىدا مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى قاراڭغۇ تارىخىنى يورۇتۇش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ سىڭىشتۇرۇش، مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۇركۇملىرىگە خاس بولغان يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىن تېپىلغان ماددىي بۇيۇملارنى ئەقىل كۆزى بىلەن تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ بىر زور ئەقلىي كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىلمىي تېمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى.

بىز بۇ ئەسەرنى تەپسىلىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئوقۇپ چىقىدىغان بولساق، بۇ كىتابنىڭ ئىلمىي قىممىتى ھەققىدە مۇكەممەل تونۇشقا كېلەلەيمىز. يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىز پەقەت كىتاب ھەققىدىكى قىسقا ئۇچۇردىنلا ئىبارەت، خالاس.



# ئون بەشىنچى باب

# كىنو سېنارىيىسى ئىجادىيىتى

كۈسەننىڭ ئۇلۇغۋار بۇددا مۇتەپەككۇرى كۇمىراجىۋا جىڭ تى، شۈەنجۇاڭ بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئەسىر بۇددا مەدەنىيىتى، بۇددا نوم - سوتىرلىرى تەرجىمىشۇناسلىقى ۋە يىپەك يولى خەلقلىرىنىڭ دوستانە ئالاقىلىرىدىكى ئۈچ بۈيۈك تارىخىي شەخسنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ دۇنياۋى شۆھرىتىنى ئاشۇردى. شەرق مەدەنىيىتىگە مىڭ يىللار داۋامىدا ئۆزلۈكسىز ئۆركەشلىگەن تۆھپە قوشتى.

— ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

ئىجادىيەتتىكى كۆپ خىل تالانتىنى ھەقىقىي نامايان قىلىپ كەلگەن ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئىجادىي پائالىيىتى داۋامىدا كىنو سېنارىيىسى يېزىپ خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىغان. ئۇ نوقۇل ھالدىكى باشقىلار كۆپ يازغان ۋە يېزىۋاتقان تېمىلارغا قەلەم تەۋرەتمەستىن، ئەكسىچە باشقىلار يازمىغان يېڭى ئاكتىۋال تېمىلارغا نەزەر ئاغدۇرۇپ، بىر تەرەپتىن خەلقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتتىكى كۆپ خىللىقىنى ۋە مۇكەممەللىكىنى نامايان قىلدى. 1995 - يىلى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1 - ساندا ئېلان قىلىنغان «كۇمىراجىۋا» ناملىق كىنو

سېنارىيىسى (بۇ سېنارىيە كومىراجىۋا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1650 يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلانغان) بۇ نۇقتىنى تولۇق دەلىللەپ بېرىدۇ.

«كومىراجىۋا» ناملىق كىنو سېنارىيىسى ئۇيغۇر كىنو سېنارىيە تارىخىدا يېزىلغان ئەكس ئەتتۇرگەن دەۋرى جەھەتتە بىرقەدەر ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەسەرلەرنىڭ يېگانىسى بولۇپ، ئىپادىلەپ بەرگەن مەركىزىي مەزمۇن، چوڭقۇر تارىخىي چىنلىق، ئەينى دەۋرنى سۈرەتلەپ بېرىشتىكى خاسلىق قاتارلىق جەھەتلەردە كىشىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. بۇ سېنارىيە قارىماققا ئاتاقلىق بۇددا مۇتەپەككۇرى، جۇڭگو بۇددىزم تارىخىدىكى مەشھۇر شەخس كومىراجىۋانىڭ ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلىپ يېزىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا كومىراجىۋانىڭ ھاياتىنى مەنبە قىلىپ تۇرۇپ، مىلادىيە IV — V ئەسىرلەردە تارىم ۋادىسىدا بۇددا دىنى ۋە ئۇنىڭ ئىككى مەزھىپىنىڭ تازا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى، ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، كۈندىن ـ كۈنگە جانلىنىۋاتقانلىقى، قىسقىسى مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىدەك بىر گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن. بىز «كومىراجىۋا» ناملىق بۇ كىنو سېنارىيىسىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇيدىغان بولساق، كومىراجىۋانىڭ پۈتكۈل ھاياتىي پائالىيىتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش بىلەن بىرگە ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي مۇھىتىنىمۇ چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيمىز.

كومىراجىۋا ھەققىدە ھازىرغىچە يېزىلغان كۆپلىگەن ئەسەرلەردە كومىراجىۋانىڭ قانداق قىلىپ بۇددىزم تەلىماتلىرىدا كامالەتكە يەتكەنلىكى، نېمە ئۈچۈن ھىنايانا مەزھىپىدىن ۋاز كېچىپ، ماھايانا مەزھىپىگە كىرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ بۇددىزم نوم ـ سوتىرلىرىنى تەرجىمە قىلىش،

تارقىتىش جەھەتلەردىكى ئۆچمەس تۆھپىلىرى ھەققىدە يۈزەكى مەلۇماتلار بېرىلىپ، كومىراجىۋا ھايات كەچۈرگەن دەۋر ۋە شۇ دەۋر خەلقىنىڭ سەنئەت فولكلورى ھەققىدە ئاساسەن دېگۈدەك مەلۇماتلار بېرىلمىگەن ئىدى. ئەمما ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «كومىراجىۋا» ناملىق كىنو سىنارىيىسىدە كومىراجىۋانىڭ ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىش بىلەن بىرگە ئەينى دەۋردە كۈسەن خەلقى ئارىسىدا، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىدا كەڭ تارقالغان خۇشال كەيپىياتقا چۈمگەندە ۋەياكى توي مۇراسىملىرى بولغاندا ئېلىپ بېرىلىدىغان چاچقۇ چېچىش ئادىتى، تۇمارىس رىۋايىتى، يېڭى توي قىلغان قىز - يىگىتكە نىكاھ ئوقۇش ۋاقتىدا تۇزغا چىلىغان ناننى يېگۈزۈش ئادىتى، كۈسەن ئەلەمپەزلىكى ئويۇنى، سۇمۇز ئويۇنى، داپ ئۇسسۇلى، ئەللەي قوشىقى ئوقۇش، سەگۈنچەك - ئىلەڭگۈچ ئويۇنى، چاۋگەن توپ ئويۇنى، مىڭ ئۆي سەنئىتى، مەشرەپ ئويۇنى، شىر ئۇسسۇلى، ساغادى (چاقپەلەك) ئويۇنى، چېلىشىش ئويۇنى، دارۋازلىق ئويۇنى، ئوغلاق تارتىش ئويۇنى، پىچاق ئېتىش، خادا تۇتۇپ تاقلاش، تۈگمەن تېشىنى يۆتكەش، نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىق قاتارلىق خەلق تەنھەرىكەت ئويۇنلىرى، ئاق ئات ئۇلۇغلۇقى ۋە سان مۇقەددەسلىكىدەك ئېتىقاد ئامىللىرى ھەققىدىمۇ ئۇچۇر خاراكتېرلىك قىسقا مەلۇماتلارنى بېرىپ ئۆتىدۇ. تۆۋەندە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى مەنبە قىلغان ئاساستا يۇقىرىقى تەرەپلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

كۈسەنىنىڭ ئاتاقلىق بۇددا مۇتەپەككۇرى، جۇڭگو بۇددا تەرجىمىچىلىكىدىكى دەۋر بۆلگۈچ شەخس، يىپەك يولى مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ ئىپتىخارى كومىراجىۋا مىلادىيە 344 - يىلى قەدىمكى كۈسەن (كۇچا) دە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى كومىراتان ھىندىستاندىكى ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن (خىزمىتىدىن) ئىستىپا بېرىپ، تەركى دۇنيالىق بىلەن

Altun Qaq

پامىرنىڭ شەرقىگە مۇساپىرەت قىلغاندا كۆسەن خانى ئاقارى پاك خان ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالغان. بۇ مەلۇماتلار سىنارىيىدە مۇنداق ئىپادىلەنگەن.

«ئالدىراپ كىرگەن سىرمىترا باقشىم ئۇستاز پوتۇشماغا بىر نىمىنى پىچىرلايدۇ. پوتۇشما ئاقارى پاك خانغا پىچىرلايدۇ. ئاقارى پاك خان كۈلۈپ:

— چىنار بولۇپ، لەگلەك قۇشى قونمىسا بولمىغۇدەك. بىھارىمىز پۈتۈپ، ئۇقۇش باشلاش مۇراسىمى بولۇۋاتقان خىسلەتلىك كۈندە خاسىيەتلىك خۇش خەۋەر يېتىپ كەلدى. كوشان خانلىرىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن ئەڭ پاراسەتلىك ۋەزىرى ھۆكۈما كومىراتان جانابى ھەزرەت يېڭى قۇرۇلغان گوپتا خانلىقىنىڭ تەقىبى بىلەن يۇرتىمىز تەرەپكە قەدەمى مۇساپىرەت قىلىپتۇ! — دەيدۇ.

ياندىكىلەر روھلىنىدۇ. بەزىلىرى:

— بىھار چىنارىمىزغا خىسلەتلىك لەگلەك قونۇپتۇ!

— ساكيامۇنى بۇرھان ئىشلىرىمىزنى قوللاپتۇ! — دېيىشىدۇ.

ئاقارى پاك خان تەمكىن بولۇپ:

— بىز توخارلار چىلىيەنشەن تاغلىرى باغرىدا كوزان، بۇ ۋادىدا كۆسەن، پەرغانىدا كوسان ـ كاسسان، ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا كوشان ئەللىرى قۇرۇپ كەلگەن يۇرتچىلار ئەۋلادى بىز. شۇڭا، كومىراتان جانابى ھەزرەت ياقا يۇرتقا مۇساپىرەت قىلغىنى يوق، ئەلۋەتتە! — دەيدۇ. باشقىلار: ‹دەر ھەقىقەت!› دېيىشىدۇ.»

«كۆمۈش جابدۇقلۇق ئاتلارغا مىنگەن ئاقارى پاك خان ۋە خانىش، ئاقارى چىن ۋە ئاغىچىسى، مەلىكە جىۋا، ئۇستاز پوتۇشما، ئەمىر ـ ۋەزىر ۋە راھىبلار، قوغدىغۇچى لەشكەرلەر ‹قىزىل قاغا› تەرەپكە كېلىدۇ ۋە يىراقتىن بىر ـ بىرىنى

كۆرۈپ ئاتتىن چۈشىدۇ. قاراۋۇللار سالغان گىلەمدە دەسلەپ سالاملىشىپ، ئاندىن قۇچاقلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ يۈزىگە سىيپاپ كۆرۈشىدۇ.

— ھەزرەتلىرىنىڭ نەسلى زاتى ۋە داڭقى شۆھرەتلىرى بىزگە مەلۇم! يۇرتىمىز ھەزرەتلىرىنى كۈتۈۋالىدۇ، ئۇلۇغلايدۇ، — دەيدۇ ئاقارى پاك خان كومىراتاننى ياسىداق شاھانە مەيىگە تەكلىپ قىلىپ.

— پىقىر مۇشكۇلاتقا دۇچ كەلگەندە بەدەخشان ياقۇتىدەك دىدارلىرىنى، خوتەن قاشتېشىدەك ئەزىز دىيارلىرىنى دىلغا پۈكتۇم. تەقدىر - قىسمەت كەمىرىنى بېلىمگە باغلاپ مەشرىققە قەدەم قويدۇم، — دەيدۇ كومىراتان.

ئاقارى پاك خان بىلەن كومىراتان بىر مەيىگە چىقىپ پايتەختكە ماڭىدۇ.»

كومىراتان ئاقارى پاك خان ئوردىسىغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇستاز پوتۇشما ئاقارى پاك خاننىڭ ھاۋالىسى بىلەن مەلىكە جىۋانى كومىراتان جانابى ھەزرەتلىرىگە قوشۇش ئىشىغا كىرىشىدۇ ۋە تېزلا ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەلىكە جىۋا ئەمدىلا 20 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئىدى. مەلىكە جىۋا بىلەن كومىراتاننىڭ توي قىلىشى ئاقارى پاك خان قاتارلىقلارنى قانچە خۇشاللىققا چۆمدۈرگەن بولسا، ئۇزاققا قالمايلا مەلىكە جىۋانىڭ بىر ئوغۇل تەۋەللۇت قىلىشى بىلەن ئوردا ئىچىدىكى بارلىق كىشىلەر خۇشاللىققا چۆمۈپ تەنتەنە قىلىشىدۇ. ھەتتا زىندان ئىشىكى ئېچىلىپ مەھبۇسلارغا زىندان بېگى: «جىۋا مەلىكە ئوغۇل تەۋەللۇت قىلغاچ خان ئالىيلىرى ‹جازا ئەپۇ› جاكارلىدى» دەپ ۋارقىراپ، ئۇلارنى زىنداندىن ئازاد قىلىدۇ. بالىغا ئىسىم قويۇشتا ئۆزگىچە ئۇسۇل قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇستاز پوتۇشما بالىغا ئات قويۇشتا ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى خانلارغا مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئىسىم - جىسىم بىلەن بىر

ئۆمۈر تامغىلانغان. مەن ئىككى نىلۇپەر بەرگىدىن يورۇق ئالەمگە تامچىغان بۇ مەرۋايىتقا نامۇ شەرپ قويۇشتا، شۇ ئىككى نىلۇپەر بەرگىنىڭ نامىدىن قوشۇپ «كومىراجىۋا» دەپ ئاتىغىم بار. ئۇلۇغلىرىمىز قانداق قارىغاي؟» شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ نام ـ شەرىپى ئاتىسى كومىراتان بىلەن ئانىسى جىۋانىڭ ئىسمىنىڭ بىرلەشمىسى بولغان «كومىراجىۋا» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى.

مەلىكە جىۋا ئەقىل ـ پاراسەتتە ۋايىغا يەتكەن، بىلىملىك، ئەقىللىق ئايال بولۇپ، كومىراتان بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن سانسكرىت تىلى ۋە باشقا بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بىلىم سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوغلى كومىراجىۋانى ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلغان.

كومىراجىۋا كىچىكىدىن تارتىپ ئەقىللىق چوڭ بولغاچقا، ئاتىسى كومىراتان ئۇنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىرەر ئىلىمگە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن جايلارنى ئايلاندۇرۇپ شەيخ سىرمىترا «ئارخات سوترا»نى قىرائەت قىلىۋاتقان بىھارىغا (ئىبادەتخانا) ئېلىپ بارغاندا، كومىراجىۋا شەيخ سىرمىترانىڭ:

«— ساكيامۇنى[1] بۇرھان ئالەمنىڭ ئازابلىقىنى، تۇغۇلماق، قېرىماق، كېسەل بولماق، ئۆلمەك، قايتا سانسارا

---

① ساكيامۇنى — بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى بولۇپ، ئۇ ساكيا بەگلىكىگە قاراشلىق بولغان بۈگۈنكى نېپال تەلەي رايونىدىكى تىلا ئۇراكات (Tilaurakat) دېگەن ھازىرقى خارابىزارلىقتا. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۈگۈنكى شىمالىي ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى باگىباست ناھىيىسىنىڭ پىپراخىۋا دېگەن يېرىدىن غەربىي شىمالغا تەخمىنەن 10 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق كېلىدىغان جايدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى «گائوتامى سىددىخارتا» بولۇپ، ئۇ بۇددىزمنى يارىتقاندىن كېيىن «ساكيامۇنى» (ساك خەلقىنىڭ دانىشمىنى) دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلار مەۋجۇت. ئۇنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدىكى قاراشلار ھازىر 60 خىلدىن ئاشىدىكەن. پەقەت تىبەتلەردىلا ساكيامۇنىنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا 14 خىل قاراش بار. نۇرغۇن مەنبەلەردە ئۇنى 80 يىل ئۆمۈر كۆرگەن دەپ قەيت قىلىنىدۇ.

بولۇپ تەكرار تۇغۇلماقنىڭ ئازابلىقىنى بايقىدى①. شاھزادىلىكنى تاشلاپ، پىقىرلار ئارىسىغا كىرىپ، ئازابنىڭ ئالتە سەۋەبىنى تاپتى. ئازابتىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى ئىزدىدى. «يانا» — بۇ ئازاب دېگىنىڭىزدىن ئۆتۈشتىكى كېمە. ئازاب دەشتىدىن ئۆتۈشتىكى ھارۋىدۇر، ھىنايانا — كىچىك ھارۋا دېمەكتۇر...» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆزلىرىگە ياش ئالدۇ. ئوغلىنىڭ باشقا سورۇنلارنى ئايلاندۇرغاندا ئىپادە بىلدۇرمەي، بۇ جايدا يىغلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن كومىراتان ئۇستاز پوتۇشماغا: «سالام ئۇستاز، ھەممە ئۆتكەللەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر نەزەرلىرى، تەلىم-ھېكمەتلىرى، نۇرانە مەرىپەتلىرى بىلەن تولغاچقا، بەختىنىڭ خەيرىخاھلىقىنى ھېس قىلالىۋاتىمەن. ئوغلۇم ھەممە كەسپلەردىن كۆرە ئىلمىي بۇرھاننى خالىدى، ئۆزلىرىنىڭ تەربىيىتىگە قالدۇرۇپ كەتسەم» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كومىراجىۋا ئۇستاز پوتۇشماغا شاگىرت بولۇپ بۇددا ئىلمىنى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. ئۇ ئانىسى كومىراجىۋانىڭ تەربىيىتىدە ئەقىللىق ئۆسۈپ يېتىلگەن بولغاچقا، بۇددا مۇناجاتلىرىنى ئۆگىنىشتە، ئۇستاز پوتۇشمانىڭ باشقا شاگىرتلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، «كومىراجىۋا بالىلىق چېغىدىلا بەكمۇ زېرەك بولۇپ، كۈنىگە مىڭ بۇددا مۇناجاتىنى ياد ئالغان. ھەربىر مۇناجات 32 سۆزدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ كۈنىگە ياد ئالغان بۇددا مۇناجاتى جەمئىي

① بۇددىزم ئالەمنى ماكان جەھەتتىن ئۈچ چوڭ قاتلامغا بۆلىدۇ. يەر ئاستىدا مۇز، ئوت ۋە باشقا ئازابتىن تەشكىل تاپقان دوزاخ بولۇپ، ئۇ جىنلار ماكانى، يەر ئۈستى مىرو تاغلىرىنى كۆۋدە قىلغان ھالدا كۆپ قاتلاملىق بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋىنى ھاۋا، سۇغا، يۇقىرىسى ئاسمانغا تۇتىشىدۇ. ئاسمان 33 قەۋەت بولۇپ ئىلاھلار جايلاشقان. بۇددىزم يەنە زاماننى ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسىدىن ئىبارەت «ئۈچ ئۆتكۈ»گە بۆلۈپ قارايدۇ. مۇشۇ ئاساستا «ئۆلۈپ تۇغۇلۇشنىڭ دەۋر قىلىشى» (sansara) ئەقىدىسىنى تەكىتلەيدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇددا سىددىخارتىغا بولۇپ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى 550 قېتىم تۇغۇلغان. ئۇ بەزىدە پادىشاھ، بەزىدە بىراخمان، بەزىدە پادىچى، بەزىدە تۆمۈرچى ۋە بىر قېتىم نەققاش، بىر قېتىم ئوسسۇلچى بولۇپ تۇغۇلغان ۋە دۇنياغا قايتا تۇغۇلۇشنىڭ ئازابلىق ئىكەنلىكىنى ئىزچىل قەيت قىلغان.

32 مىڭ سۆزدىن ئىبارەت بولغان»[1]. كومىراجىۋا ئۇستاز پوتۇشماغا شاگىرت بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، كومىراتان ئاخىرەتكە سەپەر قىلىدۇ. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئوغلى كومىراجىۋانى كەشمىر ھۆكۈمالىرىدا ئوقۇتۇشنى، ئۆزىنىڭ جەسەت كۆلىنىنى بولسا قەندىھار مۇنارىسىغا قويۇشنى ۋەسىيەت قىلغان بولغاچقا، مەلىكە جىۋا ئەمدىلا 8 — 9 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئوغلى كومىراجىۋانى ئېلىپ كەشمىرگە قاراپ ئاتلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كۇسەندە بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپى كەڭ تارقىلىپ ئۇستاز پوتۇشمادەك ھىنايانا مۇتەپەككۇرلىرى مەيدانغا كەلگەن ئىدى. كومىراجىۋا كەشمىرگە كەلگەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ئاتاقلىق ئۆلىما ۋاندادتا ھەزرەتلىرىدىن ئەنەتكەك ـ سانسكرت تىلى ۋە ھىنايانا سوترىلىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ 13 ياشقا كىرگەندە بۇ جايدىكى ئوقۇشنى تاماملايدۇ. ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمىغا باش راھىب، ئۇستاز ۋاندادتا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. كەشمىر پادىشاھى بىلەن ۋەزىرلىرى ۋە ئۆلىمالار، تالىپلار قاتنىشىدۇ. كومىراجىۋا بۇ جايدا ئۆگەنگەنلىرىدىن سورالغان ھەرقانداق سوئالغا توغرا ۋە دەل جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، كەشمىر پادىشاھى: «مەن ھەربىر بۇددا ئەقلىيسىنىڭ يېرىمىنى ئېغىزدىن چىقىرىشىم بىلەن كومىراجىۋا ئوغلىمىز ئۇنىڭ داۋامىنى تولۇقلاپ كۆرسە قانداق» دەيدۇ ۋە كومىراجىۋانىڭ جاۋاب بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلىپ سۆزىنى باشلايدۇ:

«پادىشاھ: كىشى ياخشىلىق بەجا قىلسا،
كومىراجىۋا: ئالەم ئاڭا بويسۇنۇر.
پادىشاھ: كىشى يامانلىققا داخىل بولسا،
كومىراجىۋا: ئالەم ئۇنى يوق قىلۇر.

---

[1] «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1983 ـ يىل 1 ـ سان، 84 ـ بەت.

AltunOq

پادىشاھ: ياخشىلىقتىن بەخت كېلۇر،
كومىراجىۋا: يامانلىقتىن ئاپەت ياغۇر.
پادىشاھ: پادىشاھ غەزەپلەنسە،
كومىراجىۋا: قان ئاقار مىڭ يول يىراق، دەيدۇ».

كومىراجىۋانىڭ تالانتىغا قايىل بولغان پادىشاھ ئۇنى زور تەنتەنە بىلەن ئالقىشلايدۇ. يۇقىرىقى تەرەپلەر سېنارىيىسىدە تەپسىلىي يېزىلغان بولۇپ، كومىراجىۋانىڭ بۇددا تەلىملىرىنى ئۆگىنىش جەھەتتىكى تالانتىنى نامايان قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

كومىراجىۋا كەشمىردىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ، كۇسەنگە قايتىش سەپىرىدە يەكەن دىيارىغا يېقىنلاشقاندا قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندا، يەكەن شاھزادە ـ خانزادىلىرى — سۇللى سۇما ۋە سۇللى باھادىرالار تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ. سۇللى سۇما بىلەن سۇللى باھادىرالار ھەم دىنىي ئىلىمدە، ھەم قىلىچۋازلىق ـ جانبازلىقتا كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ئۇلار بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىنى ياقلىغۇچىلاردىن ئىدى.

سۇللى سۇما مىلادىيە IV ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن تۇنجى ئايال بۇددا مۇتەپەككۇرى ۋە ناتىقى. ئۇ يەكەن (ساكا) خانىنىڭ كىچىك قىزى بولۇپ، ئاتىسى باشلىق خان جەمەتلىرى خۇددى قەشقەر، خوتەن خانلىقلىرىغا ئوخشاشلا بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا (ئۇلۇغ كۆلۆنگۇ) مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلاتتى. سۇللى سۇما كىچىكىدىنلا ماھايانا مەزھىپى ئەقىدىلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈش، بايان قىلىش ۋە شەرھىلەشتىكى ئاجايىپ ئىقتىدارى بىلەن ماھايانا مەزھىپىدىكى يەكەن بۇددىستلىرى ئارىسىدا يۇقىرى شۆھرەت ـ ئېتىبار قازىنىدۇ. ئۇنىڭ كومىراجىۋانى قاراقچىلاردىن قۇتقۇزۇپ تونۇشقان ۋاقتى دەل مىلادى «357 ـ يىلى ئىدى». كومىراجىۋا سۇللى باھادىرا ۋە سۇللى سۇمالار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن

ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە ھىندىيانا مەزھىپىنىڭ مەركىزى بولغان كەشمىردە ئۆگىنىپ كەلگەن بۇددا تەلىماتلىرىنىڭ ئورنىغا ماھايانا مەزھىپىنىڭ تەلىماتلىرىنى دەسسىتىشكە باشلايدۇ. بۇ ھالەت سىنارىيىدە مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

«— ئۆزلىرى قايسى ئۇستازدىن تەلىم ئالدىلا كومىراجىۋا خانزادە؟ — دەيدۇ سۇللى سوما.

— ۋانداداتا ھەزرەتتىن، — دەيدۇ كومىراجىۋا.

— ۋانداداتا ھەزرەت خۇددى كۇسەندىكى پوتۇشما ھەزرەتتەك ھىنايانا تەلىمى بويىچە بۇددا ئەللىرىدىكى مەشھۇر شۆھرەت ئىگىسى، — دەيدۇ سۇللى سوما.

— شۇنداق، — دەيدۇ كومىراجىۋا.

— بىراق، ئەگەر مالالىق ۋە بىئەدەپلىك بولمىسا، ماھايانا پىشۋالىرىدىن ئاسۋاگوشا، ناگارجۇنا، ئارىيادىۋا، شانتىدىۋا، بۇددىھاپالىتا، چاندىراكىرتى ئاقارىلارنىڭ ‹ئوتتۇرا تەلىم›، ‹ئون ئىككى تەلىم›، ‹يۈز تەلىم› قاتارلىق نومىلىرىدىن خەۋەردار بولسىلا، ئالەمدە تەڭداشسىز ئىرپان خەزىنىسىگە مۇيەسسەر بولار ئىدىلە، ھازىر ماچىن - خوتەن، يەكەن - قەشقەرلەردە ماھايانا ئىلمى روناق تاپقان بولسىمۇ، كۇسەن - قارا شەھەرلەردە ماھايانا ئىلمى ئىپتىزلىرىنى ئىچىش ئۆزلىرىدەك پاراسەت، ھىممەت ئىگىلىرىگە باغلىق، — دەيدۇ سۇللى باھادىرا. — ئىلىم - سائادەت چىرىغى. ئىلىم قەيەردە بولسا ئوغلۇم شۇ يەرنىڭ تەلەبىسى! — دەيدۇ مەلىكە جىۋا.

— بارىكاللا! دانىشمەن خانزادە. ماھايانانىڭ ئالاھىدە قائىدىسى ئۈچتۇر. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئالەمدە خۇشاللىقمۇ، ئازابمۇ مەۋجۇت ئەمەس. يوقلۇق - سونياتانى ئالەمنىڭ ماھىيىتى، ھەقىقەتنى دەپ بىلمەكلىك؛ ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ئالەمدە پەقەت ساكيامۇنى بۇددىھالىق كامالىغا يەتكەنلا ئەمەس،

بەلكى ھەركىم ئەقىدە قىلسا ۋە پاكلىق ـ ياخشىلىق يولىدا ئەجىر قىلسا، ئۇمۇ بۇددىھالىق كامالىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، دەپ بىلمەكلىك. ھىنايانا بىر بۇددىھا ـ بىر بۇرھان بولىدۇ دېسە، ماھايانا مىڭلىغان بۇددىھا ـ مىڭلىغان بۇرھانلار بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۈچىنچىسى، ماھايانا قاتتىق تەقۋادارلىقنى، تەركىدۇنيالىقنى تەلەپ قىلمايدۇ،— دەيدۇ سۈللى سۇما.

— قانداق، ھەزرىتىم، مەشرەپكە قاتنىشىپمۇ، نىكاھلىق تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپمۇ بۇددىھا بولۇش مۇمكىنمىكەن؟ — دەيدۇ ئەينۇ ئاتا.

كومىراجىۋا تېڭىرقايدۇ. مەلىكە جىۋا بىلەن يۈلتۈز پىسسىڭىدە كۈلۈشىدۇ. كومىراجىۋا: «ئاممىتابا! »، دېمەكچى بولىدۇ يۇ، ئىختىيارسىز قولى بوشىشىپ كېتىدۇ. »

كومىراجىۋا شۇنىڭدىن كېيىن يەكەندە بىر يىل ئەتراپىدا تۇرۇپ سۈللى سۇمانى ماھايانا ئىلمى بويىچە ئۇستاز تۇتۇپ «ئوتتۇرا تەلىمات»، «ئون ئىككى تەلىم»، «يۈز تەلىم»، «ئەقىلنى نۇرلاندۇرۇش سوترىسى»، «ئاسۋاگوشا تەرجىمىھالى»، «ناگارجۇنا تەرجىمىھالى»، «ئارىيادىۋا تەرجىمىھالى» قاتارلىق ماھايانا دەستۇرلىرىنى ئۆگىنىدۇ. ماھايانا ئەقىدىسى بويىچە نىكاھلىق بولۇپمۇ نىرۋاناغا يېتىش مۇمكىنلىكى ئېيتىلىپ، سۈللى باھادىرانىڭ: «ئەلۋەتتە نىكاھسىز ئائىلە، ئائىلىسىز مىللەت، مىللەتسىز ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋلادلىرى بولمايدۇ. ئەۋلادسىز ئېتىقاد ۋە ئېتىقادسىز ئەۋلاد ھەر ئىككىسى بالايىئاپەت! » دېگەن سۆزىگە ئاساسەن كومىراجىۋا بىلەن يۈلتۈزغا چاي ئىچكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كومىراجىۋا ھىنايانانى تاشلاپ ماھاياناغا رەسمىي قەدەم قويىدۇ.

كومىراجىۋا يەكەن ـ قەشقەرلەردە بولغاندا، ئۆزىگە ماھايانا دەستۇرلىرىنى ئۆگىتىپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن يەكەن

شاھزادىلىرى بىلەن خوشلىشىپ تۇغۇلغان يۇرتــى كۇسەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماھايانا دەستۇرلىرىدىن لېكسىيە سۆزلەپ، ئۇستاز پوتۇشما ۋە باشقا تالىپ ـ تالىبەلەرنى قاتتىق ھەيرەتتە قالدۇردۇ. ئۇ ئاقارى پاك خان ۋە باشقىــلارغا ھېكمەتنىــى سۆزلەپ: «مانا مۇشۇنداق، ھىــنايانا پەقەت ساكيامۇنىلا ئازابتىن قۇتۇلۇش يولىنى بىلگەن. شۇڭا بىرلا ئۇ بۇددىھالىق ماقامىغا كۆتۈرۈلەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بىز بولساق ماھايانا بولسا، ھەممە ئادەم ئۆيدا، سۆزدە، ھەرىكەتتە پاك، ئىزگۇ ۋە خالىس بولسا، ئارخاتلىق ماقامىدىن ئېشىپ ئۆيغىنىپ، بۇددىھا ـ بۇرھان بولالايدۇ. كەلگۈسىدە بىر ئەمەس، مىڭلىغان بۇرھانلار بولىدۇ، دەپ قارايمىز» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاقارى پاك خان باشلىق كۆپلىگەن كىــشــلەر ماھاياناغا قاراپ يۈزلىنىدۇ. كومىراجىۋانىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان كەشمىردىكى ئۇستاز ۋاندادانا كۇسەنگە كېلىپ ئۆزىنىڭ ھىنايانا تەلىمىنى ئالغان كومىراجىۋادىن ماھايانا تەلىمىنى ئالىدۇ. بۇ جەھەتتە ۋاندادانا ئىلگىرى كومىراجىۋاغا ھىنايانا دەستۇرلىرىنى ئۆگىتىپ ئۇنىڭغا ئۇستاز بولغان بولسا، كومىراجىۋا ئەمدىلىكتە ئۇستازى ۋاندادانا غا ماھايانا دەستۇرلىرىنى ئۆگىتىپ، ئۇنىڭغا ئۇستاز بولغان. بۇ جەريان سىنارىيىدە ۋاندادانا ھەزرەتلىرىنىڭ سۆزى ئارقىلىق مۇنداق يورۇتۇپ بېرىلگەن:

«— بۇ قېتىم گۈزەل كۇسەن دىيارى، مەرىپەتلىك كۇسەن خەلقى، ئىنىم، ئوغلۇم دېسەممۇ بولىدۇ. كومىراجىۋا ھەزرەتلىرى مېنى يېڭى ئەقىل ـ پاراسەت ماقامىغا — ماھايانا تەلىماتىغا مۇيەسسەر قىلدى. دەرۋەقە، مەن كومىراجىۋانىڭ ھىنايانا تەلىمىدىكى ئۇستازى ئىدىم. ئەمدىلىــكتە ھەرقايســلىــرى كۆرۈپ تۇرۇشۇپتىلا، كومىراجىۋا مېنىڭ ماھايانا تەلىمىدىكى ئۇستازىم بولدى. كۆپ رەھمەت شاھىم، كۆپ رەھمەت ئۇستازىم» .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى كومىراجىۋا ئۆزىنىڭ تىرىشچان،

قەيسەرلىكى، پائالىيەتچانلىقى بىلەن يەكەندە تۇرغان بىر يىل ئەتراپىدىكى ۋاقتىدا ئۆگەنگەن ماھايانا تەلىماتلىرىنى كۆندىن - كۈنگە بېيىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ كۆسەن دىيارى قاتارلىق جايلارغا تارقىتىشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان. ماھايانا بىلەن ھىنايانا گەرچە بۇددىزىم مەزھەپلىرى بولسىمۇ، باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا زور پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ پەرقلەرنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ھىنايانا بۇددىزمى ساكيامۇنىنى ھەقىقىي دىن ئۇستازى، تولۇق ئويغانغان ئادەم، ئۇ بىردىنبىر بۇددىھادىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. ماھايانا بۇددىزمى ساكيامۇنىنى ئىنسانلىقتىن ھالقىغان زات، ئىقتىدار ۋە پاراستى كامىل ئىلاھ بولسىمۇ، ئۇ بىردىنبىر ئەمەس. ئۈچ ئۆتكۈ (ئۆتمۈش، كەلگۈسى، ھازىر) بىلەن ھەممە ئىقلىملاردا يەنە چەكسىز بۇددىھالار بار. ئامىتابا(阿弥陀佛)، دورىگەر بۇددىھا (بىھاشاجياگۇرا 药师佛)، چىراغچى بۇددىھا(دىپامكارا 燃灯佛)، مايترى(弥勒佛) قاتارلىقلار پۈتكۈل ئالەم كۈچ - قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى. ئەڭ ئالىي بۇددىھا ھەقىقىي يول ئۇچۇن ئالەمگە كەلگەن تاتھاگاتا(如来佛 Tathagata) بولۇپ، ساكيامۇنى دەل ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى، ھىنايانا بۇددىزمى بۇددىھالىق مۇقامىغا ئېرىشىپ، ئالەم ئازابلىرىدىن خالاس بولماقنى تەرغىپ قىلسا، ماھايانا بۇددىزمى بۇتساتۋا(buthisattva) روھىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ماھايانا بۇددىزمى بارلىق جانلىقلارنى ئازاب دېڭىزىدىن قۇتقۇزۇشنى ئىستەيدىغان تولۇق ئويغانغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى بۇتساتۋا ھېسابلايدۇ. ماھايانا بۇددىزمى بارلىق خۇمارى ھەۋەسلەردىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، نىرۋاناغا چىقىپ، سانسارا ئازابىدىن قۇتۇلغان ئارخات (阿罗汉) — تەمىنلىگۈچى دەرىجىسىنى تەشەببۇس قىلغان ھىنايانا بۇددىزمىنى ئۆز غېمىدىلا

بولغانلىق دەپ ئەيىپلەپ، ئارخاتلىقتىن يۇقىرى بولغان بۇددىھالىق دەرىجىسىنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە بۇ دەرىجىگە ئېرىشمەكتىن بۇرۇن بۇتساتۋا مۇقامىغا ئېرىشىش لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ماھايانا بۇددىزمى كۆپلەپ كىشىنى جەلپ قىلىپ، رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىمۇ، بارلىق جانلىقلارنىمۇ ئازاب دېڭىزىدىن قۇتقۇزۇشنى تەرغىپ قىلىدۇ. كىشىلىككە سەل قاراشتىن، كىشىلىككە ھامىيلىق قىلىشقا ئۆتۈش بۇددىزم قاراشلىرىدىكى چوڭ بۇرۇلۇشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ماھايانا بۇددىزمىدا دىنىي ئەخلاقنىڭ سالماقلىق ئورۇن تۇتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ماھايانا بۇددىزمى باشقىلارغا ئىچ ئاغرىتىش ۋە ھېسداشلىق قىلىشنى، يامان ئىشلارنى قىلماي، ياخشى ئىش بىلەن شوغۇللىنىشنى، ئۆزىگىمۇ ـ ئۆزگىلەرگىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئويغانغان ئاڭلىق ئادەمنىڭ ئۈچ مۇھىم ئەخلاق ئىدىيىسى دەپ تەلەپ قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ھىنايانا بۇددىزمى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس سۇبيېكت يوق بولسىمۇ، ئوبيېكتىپ دۇنيا مەۋجۇتتۇر دېگەن «ھەممە مەۋجۇت» (sarvastivadas) پەلسەپىسىگە ئاساسلانغان بولسا، ماھايانا بۇددىزمى سۇبيېكتىمۇ، ئوبيېكتىمۇ ھەر ئىككىسى قۇرۇق (我法两空) دېگەن سونياتا (空) پەلسەپىسىگە ئاساسلانغان. ماھايانا ھەممە شەيئىلەر ساختا كۆرۈنۈش بولۇپ، ماھىيەتتە يوقتۇر (قۇرۇق) دەپ قارايدۇ.

تۆتىنچى، ھىنايانا بۇددىزمى «مەنئىي قىلماق، ئىستىقامەتتە ئولتۇرماق، زېھىن قىلماق» دىن ئىبارەت ئۈچ بىلىمنى تەشەببۇس قىلسا، ماھايانا بۇددىزمى ئۇنى كېڭەيتىپ ۋە ئۆزگەرتىپ «ئالتە كىچىك» (六度 paramita) (ساخاۋەت، پەرھىز، تاقەت، پىداكارلىق، ئىستىقامەت، ئەقىل يۇرگۈزۈش) نى تەشەببۇس قىلىشتى. «بۇ ئالتە كىچىك ـ سادپارامىتا»، ئازاب دېڭىزىدىن ئۆتۈشتىكى ئۆتكەل دېيىلگەن. بۇ

ماھايانا بۇددىزمىنىڭ دىنىي پەلسەپە بىلەن بىللە يەنە دىنىي ئەخلاقنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى، ئۆز ئەقىدىلىرىنى ئاز ساندىكى راھىبلارغا ئەمەس، پۈتۈن بۇددىزم ئېتىقاتىدىكى كەڭ جامائەتچىلىككە قارانقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ[1].

ماھايانانىڭ يۇقىرىقىدەك ئۆزگىچە تەرەپلىرى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتكەچكە، كومىراجىۋانىڭ ماھايانانى تەرغىپ قىلىش ئىشلىرى نەتىجىلىك بولغان. شۇ سەۋەبلىك كومىراجىۋانىڭ ماھايانا تەلىملىرىنى قايتا - قايتا ئاڭلىغان ئۇستاز پوتۇشما ۋە ۋانداداتالارنىڭ يەنە كېلىپ ئاقارى پاك خان قاتارلىق خان - ئەمەلدارلاردىن تارتىپ تاكى ئاددىي پۇقرالارغىچە ھىناياتادىن تېيىپ ماھاياناغا يۈزلىنىشى تەبىئىي ئىدى.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «كومىراجىۋا» ناملىق كىنو سېنارىيىسىدە كومىراجىۋانىڭ لۈي گۇاڭ تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ چاڭئەنگە ئېلىپ كېتىلىش سەۋەبى ۋە جەريانلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇشكىمۇ ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان بولۇپ، ئاتاقلىق بۇددا ئالىمى، غەربىي يۇرت ئۆلىماسى بۇددا تۇدىن (佛图登 232 — 348) كېيىنكى جاۋ خانلىقى تەرىپىدىن «ئۇلۇغ ئۆلىما» دەپ شۆھرەت قازىنىپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان شاگىرتى داۋئەن (312 — 385) نىڭ ئېغىر بىتاب بولۇپ ياتقاندا كۆرگەن كومىراجىۋاغا مۇناسىۋەتلىك چۈشىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئاندىن كومىراجىۋانىڭ نامىنى ئىچكى ئۆلكىدىكى بىر ئاتاقلىق بۇددا ئالىمىنىڭ تىلى ئارقىلىق شۇ جايغا تونۇشتۇرىدۇ. داۋئەن ئالدىنقى چىن خانلىقىنىڭ خانلىق سارىيىدا پادىشاھ فۇجيەنگە كومىراجىۋانى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم ھەرقانچە قابىل بولغان بىلەن ئۇنى ئەقىل تىزگىنلەيدۇ؛ دۆلەت قانچە

---

① ئا. مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكىمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل 8 - ئاي نەشرى، 53 -، 54 -، 55 -، 56 - بەتلەر.

پارچىلانغان بىلەن ئۇنى تەلىم باشقۇرالايدۇ. پېقىر مانا 70 ياشتىن ھالقىدىم، ئۆمۈر كەينىگە يانمايدۇ. مەن باياتىن كۆرگەن چۈشۈمنى پادىشاھ ئالىيلىرىغا سۆزلەپ بەردىم. غەرىبتە بىر ئۇلۇغزات يېتىشىپ چىقتى. ئۇ ئەقىل - پاراسەت، ئىلىم - ھېكمەت، ئىقتىدار - شاراپەت چىرىغى بولمىش ھەزرىتى كومىراجىۋادۇر. ئۇنىڭ داڭقى ئالەمگە پۇر كەتتى. ھەممە ئۆلىمالار ئۇنى مىڭ يىلدا بىر قېتىم دۇنياغا چېچىلىدىغان پاراسەت نۇرى، مىڭ يىلدا بىر كۆرۈنىدىغان زېمىن يۇلتۇزى دېسە، بارلىق پادىشاھلار بۇ ئەنگۈشتەرنىڭ ئۆز رەقىبلىرى خەزىنىسىدە يالتىرىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا (ئەتراپتىكىلەر پىچىرلىشىدۇ، روھلىنىدۇ). قىلىچ بىلەن تاغ - دەريانى ئېلىش مۇمكىن. ئەمما كەچۈرۈشسىلە، پەقەت قەلەم بىلەنلا دۆلەتنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن. چۈنكى قىلىچ تىغىدىن قان جىرغىسا، قەلەم ئۇچىدىن جان ھۇزۇرلىنىدىغان ھېكمەت دۇردانىلىرى تۆكۈلىدۇ! بۇددا تەلىمى ياخشى تەرجىمە قىلىنمىغاچقا، پۇقرا دىلىدا يىلتىز تارتالمىدى. ئەنەتكەك ۋە توخار تىلىنى خەن تىلىغا سىڭىشلىق تەرجىمە قىلماي، ئۇنى ئىلھام ئاتا قىلىدىغان تەپسىر قىلماي، كىشىلەر قەلبىگە چىراغ يېقىش مۇمكىن ئەمەس! دېمەكچى بولغىنىم، ئەلنى ئاسايىشقا، يۇرتنى بىرلىككە مۇيەسسەر قىلىمىز دېسەك، كومىراجىۋا ھەزرەتلىرىنى ئەل ئۇستازى، خەلق تەربىيەتچىسى قىلماقلىق دەركار!» پادىشاھ فۇجيەن داۋئەننىڭ يوقىرىقى سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئوردا ئىچىدە قايتا - قايتا كېڭىشىش ئارقىلىق ئاتلىق لەشكەرلەر سانغۇنى لۈي گۇاڭنى يەتتە تۈمەن چەۋەنداز ئېلىپ كومىراجىۋانى ساق - سالامەت چاڭئەنگە ئەكىلىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇ كۇسەنگە كەلگەندىن كېيىن، كۇسەن خانى ئاقارى پاكنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئاقارى چىننى پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەپ، نۇرغۇنلىغان مال - دۇنيانى ئولجا ئېلىپ، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر كومىراجىۋا-

نى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، يۇلتۇز، ئانا ماكانىدىن ئايرىپ 39 يىشىدا ئەسىر سۈپىتىدە كۇسەندىن ئېلىپ كەتتى. كۇمىراجىۋا 384 ـ يىلى لياڭجۇ (ئۇۋۇى) شەھىرىگە كەلتۈرۈلدى. پادىشاھ فۇجيەننىڭ كېيىنكى چىن پادىشاھى ياۋچاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى بۇ جايغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، لۈي گۇاڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لياڭجۇنى پايتەخت قىلىپ، كېيىنكى لياڭ سۇلالىسىنى قۇرۇۋالدى. شۇ سەۋەبلىك كۇمىراجىۋا لياڭجۇدا 16 يىل تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ جەرياندا كۆپلىگەن شاگىرتلارنى جۈملىدىن بۇددا ئالىمى داۋئەننىڭ ھاۋالىسى بىلەن زىڭ چاۋنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن زىڭ چاۋغا بۇددا تەلىملىرىنى ئۆگەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن زىڭ چاۋدىن خەنزۇ تىل ـ يېزىقنى پىششىق ئۆگىنىدۇ.

مىلادىيە 401 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كۇمىراجىۋا كېيىنكى چىن پادىشاھى ياۋشىننىڭ تەكلىپى بىلەن چاڭئەنگە كېلىدۇ. ياۋشىن ئۇنى كۈتۈۋېلىپ مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ: «ئەزىز ئۇستاز كۇمىراجىۋا ھەزرەتلىرى ئوردىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلدى، بۇ، مۇقەددەس نۇرنىڭ باھار بۇرجىدا چاقنىشىدۇر، بۇ يەنە خانىدانلىقىمىزنىڭ شانۇ شۆھرىتىنىڭ بېشارەت ۋە ئالامىتىدۇر» دەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا «دۆلەت ئۇستازى» دەپ نام بېرىپ، ئوردا ئىبادەتخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بۇددا نوم ـ سوترلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا مەسئۇل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەملىكەت بويىچە ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق بۇددا تەرجىمانى كۇمىراجىۋانى يادرو قىلغان ھالدا چاڭئەنگە توپلىنىشىپ كۇمىراجىۋانىڭ يېتەكلىشى بىلەن بۇددا نوم ـ سوترلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىدۇ. سىنارىيىدە ئۇنىڭ تەرجىمە خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىش جەريانى مۇنداق جۈملىلەرگە مۇجەسسەملەنگەن، تەرجىمانلاردىن بىرى كۇمىراجىۋادىن:

«ئۇستاز، ‹كەڭ جاھان›، ‹كۆللى ئالەم› دېگەن جۈملىلەرنى ‹ۋەنشاڭ شىجيەن›، ‹داشىجيە› دەپ ئېلىش ھەققىدە تالىشىپ قالدۇق، قايسىسى مۇۋاپىق كېلەر؟» دەپ سورىغاندا ئۇ جاۋابەن: «ئەنەتكەك، توخرى تىللىرىنى چىن تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا، مەنىسىنى لۇغەتتىن ئەمەس، بەلكى نەرسىدىن ئىزدىمەك لازىم. ئۇ قايسى نەرسىنى دېمەكچىلىكى ئېنىق بولسۇن. مەنچە ‹داچەن شىجيە› (大千世界) دېگەن سۆز چىنلىقلار تىلىدا ‹كەڭ جاھان›، ‹كۆللى جاھان› دېگەن مەنىنى تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلەيدۇ» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى ئۇنىڭ تەرجىمە قابىلىيىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشقان. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە (ئاساسلىقى چاڭئەندە ھايات كەچۈرگەن يىللاردا — ئا) نۇرغۇنلىغان بۇددا نوم - سوترىلىرىنى تەرجىمە قىلغان بولۇپ، ئۇ زىڭ يۈينىڭ كۆرسىتىشىچە 32 پارچە، 300 جىلد، خې چاڭ فانىڭ كۆرسىتىشىچە 98 پارچە 425 جىلد[1]نوم - سوترىلىرىنى تەرجىمە قىلغان. يەنە بەزىلەر كومىراجىۋا 74 پارچە 384 جىلد[2]، 38 قىسىم 300 نەچچە جىلد[3]، 50 قىسىمدىن ئارتۇق[4]، 400دىن ئارتۇق[5]بۇددا نوم - سوترىلىرىنى تەرجىمە قىلغان دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ تەرجىمە قىلغان بۇددا نوم - سوترىلىرىنىڭ مۇھىملىرى: «ماھاپراجنا پارامىترا سوترا» (ئۇلۇغ پراجنا نومى) 30 جىلد؛ «ھىياپراجنا پارامىترا سوترا» (كىچىك پراجنا نومى) 10 جىلد؛ «ۋاجراكھەدىكا سوترا»

---

① ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىل نەشرى، 88 - بەت.»

② سىدىق رەھمەت، مۇختار مامۇت مۇھەممەدى: «مەشھۇر ئۇيغۇر تىۋىپلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1997 - يىل نەشرى، 8 - بەت.

③ «شىنجاڭدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىل نەشرى، 117 - بەت.

④ ئىسراپىل يۇسۇپ: «كومىراجىۋانىڭ ئۇيغۇر بۇددىزمىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1995 - يىل 1 -، 2 - قوشما سان، 36 - بەت.

⑤ «ئىبراھىم مۇتئىي ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى، 345 - بەت.

AltunOq

(ئالماسقا تەمسىل قىلىنغان پراجنا نومى) بىر جىلد؛ «ئاسۋاگوسا پوسار تەزكىرىسى» بىر جىلد؛ «ناگار جۇنا پوسار تەزكىرىسى» بىر جىلد؛ «دىۋاراجا پوسار تەزكىرىسى» بىر جىلد؛ «لالىتاۋىستارا» 10 جىلد؛ «ئوتتۇرا تەلىمات» 4 جىلد؛ «پراجنا نوم ئابھىدارمالىرىنىڭ توپلىمى» 20 جىلد؛ «ۋىمالا كىرتى سوتراسى»؛ «ساددا هاراما پوبدابىكا ۋۇتۋا سوتراسى»؛ «مايترىنىڭ بۇدداغا ئايلىنىش سوتراسى»؛ «يۈز تەلىمات»؛ «12 قىسىملىق تەلىمات»؛ «ساۋاب ئىزلەش نومى»؛ «ماجۇر ئۇردىر نومى»؛ «تىپتاكا سوترا» (بۇددا نوم سوترىلىرى) 4 جىلد. . . قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

كومىراجىۋا بۇددا نوم ـ سوترىلىرىنى تەرجىمە قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە دائىر نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ ئانىسى جىۋا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ھەققىدە مەلۇم بىلىمگە ئىگە بولغان ۋە مەخسۇس تېبىي ئەسەر يازغان مەشھۇر ئايال تېۋىپ بولۇپ، IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇ «جىۋا بەش ئەزا كېسەللىكلىرى توغرىسىدا» ناملىق كىتابنى يازغان. كومىراجىۋا 383 ـ يىللىرى ئەتراپىدا بۇ ئەسەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ كىتابتا ئىچكى بەش ئەزانىڭ نورمال خىزمىتى ۋە ئۇلارنىڭ نورمالسىزلىقىدىن كېلىپ چىققان ھەرخىل كېسەللىكلەرنىڭ داۋاسى، ھەرخىل دورىلارنىڭ نامى قاتارلىقلار تەپسىلىي يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەر 1902 — 1903 يىللىرى گېرمانىيىلىك ئالبېرت ۋون لېكوك ۋە ئالبېرت گرون ۋېدېللار تەرىپىدىن تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان. ھازىر گېرمانىيە پىروسى باكلاۋىرلار ئىنىستىتۇتىدا TIIY49 دەپ رەت نومۇرى سېلىنىپ ساقلانماقتا①. جىۋا ئەنە شۇنداق قابىلىيەتكە ئىگە بولغاچقا،

---

① «مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى، 6 ـ بەت.

كومىراجىۋانىڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە دائىر ئەسەرلەرنىمۇ تەرجىمە قىلىشنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلەپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. كومىراجىۋا تەرجىمە ئىجادىيىتى داۋامىدا ئانىسى جىۋانىڭ داخىلىق تىببىي ئەسەرلىرىدىن «جىۋا بەش ئەزا كېسەللىكلىرى توغرىسىدا» ۋە «جىۋا كاپوستاكا»نى تەرجىمە قىلىشتىن سىرت، يەنە 33 جىلدلىق «غەربىي دىيار تىۋىپلىرى ئېيتىپ بەرگەن مۇھىم رېتسېپلار»، ئۈچ جىلدلىق «غەربىي دىيار ئەۋلىيالىرىنىڭ رېتسېپلىرى»، 4 جىلدلىق «غەربىي دىيار مەشھۇر تىۋىپلىرى توپلىغان مۇھىم رېتسېپلار»، تۆت جىلدلىق «بۇتساتۋا ناگار جۇنانىڭ دورا رېتسېپلىرى»، ئىككى جىلدلىق «بۇتساتۋا ناگار جۇنانىڭ ئىسرىقلاش ئۇسۇلى»، 2600 جىلدلىق «ھەر يەرلەردىن توپلانغان رېتسېپلار» قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلغان بولۇپ، كۆپىنچىسى يوقىلىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە «جىۋا بەش ئەزا كېسەللىكلىرى توغرىسىدا» ۋە «جىۋا كاپوستاكا» دېگەن ئەسەرلەر XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن دۈنخۇاڭدىكى خۇپيانە كىتاب ئامبىرىدىن ئېلىپ كېتىلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا گېرمانىيىدىكى بورس ماگىستىرلار ئىنىستىتۇتىدا TII49 دېگەن نومۇر بىلەن، لوندۇندىكى ھىندىستانغا دائىر ئىشلار كۇتۇپخانىسىدا Chii 300 دېگەن نومۇر بىلەن ھازىرغىچە ساقلانماقتا[①].

كومىراجىۋا بۇددا نوم - سوترىلىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە شەرھلەشتە بولۇپمۇ تەرجىمە قىلىشتا، يېڭىدىن تەرجىمە قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ كونا تەرجىمىسىنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ، تۈزىتىش بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ

① «مەشھۇر ئۇيغۇر تىۋىپلىرى»، 8 -، 9 - بەتلەر.

تالىپى راھىپ رۇينىڭ «ماجۇر ئۇردىر نومىغا مۇقەددىمە» سىدە خاتىرىلىنىشىچە مەزكۇر نوم خوڭشىنىڭ 5 ـ يىلى (403 ـ يىلى) تەرجىمە قىلىنىپ، بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنغان، سىلىشتۇرۇپ تۈزىتىش ئۈچۈنلا تۆت ئاي سەككىز كۈن ۋاقىت كەتكەن. تەرجىمىگە 500دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان. بۇ ئىشقا پادىشاھ ياۋشىڭمۇ داخىل بولغان. كومىراجىۋا ئەنەتكەك تىلىنى خەنزۇ تىلىغا ئاۋۋال ئاغزاكى يوسۇندا تەرجىمە قىلىپ، مەنىسىنى يەشكەن، ئاندىن ئۇنى 500 نەپەر ئادەمنىڭ تەپسىلىي مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، دەسلەپكى نۇسخىسىنى تۇرغۇزۇۋالغان ۋە ئىلگىرىكى كونا تەرجىمە بىلەن سىلىشتۇرۇپ كۆرگەن ھەمدە مۇھاكىمە قىلىپ ئىسپاتلاشتىن ئۆتكۈزگەن. تەرجىمىدە سۆزلۈكلەردىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان. ھون نۇسخىسى (غەربىي رايون دۆلەتلىرىنىڭ تىلىدىكى نۇسخا) دا خاتالىق كۆرۈلسە، ئەنەتكەك تىلىدىكىگە سىلىشتۇرۇپ تۈزەتكەن. خەنزۇچىدا گۇمانلىق سۆزلەر ئۇچرىسا ئۇنى مەنىسىنى يېشىش يولى بىلەن بېكىتكەن. كىتاب تەرجىمە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قايتا سىلىشتۇرۇپ تۈزەتكەن. تەرجىمە باشتىن ـ ئاياغ راۋان، جانلىق چىققاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ رەسمىي نۇسخىسى بېكىتىلگەن. كومىراجىۋا بۇددا ئىلمىگە كامىل بولغاچقا ۋە خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلگەنلىكى ئۈچۈن، تەرجىمە ئەسەرلەر ناھايىتى سۈپەتلىك چىققان. بەزىلەر: «كومىراجىۋانىڭ تەرجىمىسى مەيلى ماھارەتتىكى پىششىقلىق جەھەتتە بولسۇن، ياكى مەزمۇننىڭ توغرىلىقى جەھەتتە بولسۇن، مىسلى كۆرۈلمىگەن. ئۇنى بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش تارىخىدا يېڭى ئەسىر ئاچتى دېيىشكە بولىدۇ» دەپ قارىغان. ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، جۇڭگودا بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشى مىلادىدىن بۇرۇنقى 148 ـ يىلى ئەن شىگاۋنىڭ «ئاناپانادا سىرتى نومى» نى تەرجىمە

قىلىشىدىن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چاغدىكى تەرجىمىلەر خەت مەنىسى بويىچىلا سۆزمۇ ـ سۆز تەرجىمە قىلىش بولغاچقا، ئۇنى ئوقۇپ چۈشىنىش ناھايىتى تەسكە توختىغان. پەقەت كومىراجىۋا دەۋرىگە كەلگەندىلا بۇددا تەرجىمىچىلىكى ئاندىن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇڭا جۇڭگونىڭ بۇددا تەرجىمىچىلىكى كومىراجىۋانى بەلگە قىلغان ھالدا «كونا تەرجىمە» ۋە «يېڭى تەرجىمە» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ①.

كومىراجىۋا جۇڭگودا بىرىنچى بولۇپ مەنە تەرجىمە ئۇسۇلىنى قوللانغان ئۇلۇغ تەرجىمان بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەرقانداق تەرجىمىدە ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇ تەرجىمە ئاخىرىسىغا تەرجىمان مەسئۇل بولۇپ قول قويۇشى كېرەك، دەپ ئۆزى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەرگە «توغرىلىقىغا مەسئۇلمەن» دەپ ئىمزا قويغان. «ئەگەردە تەرجىمەمدە خاتا كەتكۈزگەن بولسام، ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ تىلىم كۆيگەي» دېگەن②. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تەرجىمە ئىشىغا ناھايىتى مەسئۇلىيەت بىلەن قارىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. «جىننامە. خاتىرىلەر»دە: «بۈگۈنكى كۈندىكى يېڭى نوملارنىڭ ھەممىسى كومىراجىۋا تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان» دېيىلگەن③. دېمەك، كومىراجىۋا ئۆزىنىڭ بۇددا نوم ـ سوترىلىرىنى تەرجىمە قىلىشتىكى ئاجايىپ يۇقىرى بەدىئىي تالانتى ئارقىلىق جۇڭگو بۇددا دىنى تەرجىمىچىلىكىنىڭ يۇكسەك چوققىسىغا چىققان مەشھۇر بۇددا ئالىمى ۋە تەرجىماندۇر. ئۇ «نوملارنى تەرجىمە قىلىش بىلەن بىللە، ھىندىستان بۇددا دىنى

---

① ئۆمەرجان ھەسەن: «كومىراجىۋا ۋە ئەدەبىي تەرجىمە»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىل 2 ـ سان، 34 ـ، 35 ـ بەت.
② «ئىبراھىم مۇتئىي ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 347 ـ بەت.
③ ۋەلى: «غەربىي يۇرت بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆرسەتكەن تەسىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1995 ـ يىل 4 ـ سان، 69 ـ بەت.

پەلسەپىسىنى تونۇشتۇرۇپ، شەرھىلەپ، ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭگو بۇددا دىنى پەلسەپىسى ۋە ئوقۇشلۇقلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگونىڭ بۇددا دىنى مەزھەپلىرى ئەمەل قىلىدىغان كلاسسىك نوملارنىڭ كۆپىنى كومىراجىۋا تەرجىمە قىلغان. شۇڭا، كومىراجىۋانى ئېلىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە كۈچلۈك تەلىماتى، نوم تەپسىرچىلىكى تەرىقەتچىلىك تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشكە ئاساس سالدى، دېيىشكە بولىدۇ[1].

كومىراجىۋا تەرجىمە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە يەنە «چىڭ شىلۇن» (ھەقىقىي ئالەم)، «كومىراجىۋا تەلىم بايانلىرى»، «ھەقىقىي ھېكمەتكە بېرىلىش ھەققىدىكى سوئاللارغا جاۋاب»، «ئەسلىلىك، ھېكمەت، چىنلىق ھەققىدىكى سوئاللارغا جاۋاب»، «ئالەم ھېكمەتلىرى بايانلىرى ھەققىدىكى سوئاللارغا جاۋاب» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە، ھەرقايسى نۇتۇق ـ لېكسىيىلىرىدە ئۆزىنىڭ «يوقلۇق» (سۇنياتا) نى مەركەز قىلغان ماھايانا قاراشلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

پادشاھ ياۋ شىن كومىراجىۋانىڭ «ئېسىل نەسلى ئالەمگە تارالسۇن، ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ، ئەل زېھنى ساپا تاپسۇن» دېگەن مەقسەتتە ئون قىزنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن. ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي جۇڭگو بۇددا تەرجىمىچىلىك تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ شەخس، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ھەم بۇددا ئالىمى كومىراجىۋا 413 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى 70 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ قازا تېپىش ئالدىدا ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ مۇنداق شېئىر بېغىشلىغان:

---

① ليۇ پىلى: «كومىراجىۋا ۋە بۇددىزم مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» 1998 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى.

AltunOq

شۇنچە پەرقلىق بولسىمۇ ئەسلىدە ئەھۋالاتىمىز،
ھېكمەتنى قىسمەت تۇپەيلى بىرگە بولدى زاتىمىز.
كەلسىمۇ گەر ئېيتقۇسىز غەملەر ۋىدالىق دەستىدىن،
ئۆزگە ئالەمگە سەپەر قىلماققۇ مەشغۇلاتىمىز.

كومىراجىۋا ئىلگىرى «ھېكمەتلىك باقشىمغا نەزىرە» ۋە «ئون تەمسىل» دېگەندەك شېئىرلارنى يازغان بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

«ھېكمەتلىك باقشىمغا نەزىرە»

يېتىشتى ئىپپەتۇ دەنا بىلىك بابىدا سىز زەركان،
تاراتقان مۇشكىگىز پۈتمەس جاھاندا ئۆتسە مىڭ دەۋران.
بولۇپ ئاققۇ پىغان چەككەن بىلەن تەنھا چىنار ئۆزرە،
سۈزۈك ئاۋازىڭىزدىن لەرزە قىلدى يەتتە قات ئاسمان.

«ئون تەمسىل»

تۇنجى تەمسىلنى «يوقلۇق»تىن ئەيلەدىم مەن ئىپتىدا،
تەبىرى ئالەم ئۈچۈن تەمسىل بۇ يوقلۇق جايىدا.
سۆز بىلەن ھەر مەنىنى قىلماقمۇ ئىزھار قانچىلىك،
مەنىمۇ چەكسىز ئەمەس، ئۇمۇ تۈگەر بىر ۋاقتىدا.

ئەۋلىيالىق تون كىيىپ، دەرۋىش بولۇپ باسساڭ قەدەم،
كۆرۈنۈپ تۇرغان قونالغۇ بولمىغاي دەرگاھ ساڭا.
جىلۋىلىك تۇرغان جاھاننىڭ تەكتىگە سالساڭ نەزەر،
ھادىسى ئالەمدە يوق بەربات ۋە يا بولماق بىنا.

«ئون تەمسىل» ناملىق بۇ شېئىرنىڭ يۇقىرىقى قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، قالغان قىسىملىرى هازىرغىچە تېپىلمىدى.
بىز يۇقىرىدا «كومىراجىۋا» ناملىق كىنو سېنارىيىسىنى ئاساسى مەنبە قىلىپ تۇرۇپ كومىراجىۋانىڭ هاياتىي پائالىيىتى هەققىدە يۈزەكى توختىلىپ ئۆتتۇق. تۆۋەندە بۇ سېنارىيىدە تىلغا ئېلىنغان سەنئەت فولكلورلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە تارىخى هەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. چاچقۇ چېچىش ئادىتى

«چاچقۇ چېچىش» — تۈركىي مىللەتلەرنىڭ توي - تۆكۈنلىرىدىكى قىممەتلىك ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلمەكتە.
«چاچقۇ» شامان ۋە مۇسۇلمان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ نىكاھ مۇراسىملىرىدا خىلمۇخىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، هەرقايسى مىللەتلەردە چاچقۇ قىلىنىدىغان نەرسە ئاساسەن بىر - بىرىگە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. قىرغىز ۋە قازاقلاردا قۇرت، ئېرىمچىك، كىچىك توقاچ، كۈمۈش پۇل، قىمىز (ئاتنىڭ قۇيرۇق ۋە يايلىغا)؛ قۇمان ۋە قىپچاقلاردا پۇل؛ كەركۈك رايونىدا پۇل، شېكەر، ياڭاق، بادام، قۇرۇق ئۈزۈم؛ ئەزەربەيجاندا شېكەر، يامبۇ؛ ماكېدۇنىيىدە بۇغداي، ئارپا، پۇل؛ دوبرۇجادا قۇرۇق يېمىش، پۇل، ياغدا پىشۇرۇلغان بوغۇرساق؛ ئەرزۇرۇمدا قۇرۇق يېمىش، پۇل، ئالما؛ ئەرزىنجاندا مېۋە، پۇل، ئالما؛ كەمالىيەدە ئالما، بۇغداي، پۇل؛ ئاغرىدا قۇرۇق يېمىش، ئالما؛ تۇنجېلى، بىنگۆل ئەتراپىدا قۇرۇق ئۈزۈم، شېكەر، ئالما؛ سىۋاستا قۇرۇق يېمىش، پۇل؛ نىغدەدە قۇرۇق ئۈزۈم، بۇغداي، شېكەر؛ بويابادتا

كەشكەك (بىرخىل تاماق) قاتارلىق نەرسىلەر قىزنىڭ بېشىغا، شۇنداقلا تويغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئۈستىگە چېچىلىدۇ[①].

تۈركىي خەلقلەردە قىزنى ئۆز ئۆيىدىن كۆچۈرۈپ يىگىتنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگۈزۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا ھەرخىل چاچقۇلارنى چېچىشتىن مەقسەت قىز ۋە يىگىتنىڭ بىرلىشىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان جىن ۋە ئەرۋاھلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر. چاچقۇنى چاچقانلارنىڭ بالا - قازانى ھەيدىۋەتتۇق دەپ ئىشەنگىنىگە ئوخشاش، چاچقۇدىن نېسىۋە ئالغانلارمۇ بۇنى ئۆزلىرىگە تەلەي ۋە بەرىكەت كەلتۈرىدۇ دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ساقلايدۇ[②]. شۇ سەۋەبلىك تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا توي - تۆكۈنلەردە چاچقۇ چېچىش مۇھىم بىر ئەنئەنىگە ئايلىنىپ، كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللىشىپ، ھەرقايسى دەۋرلەرگە خاس چاچقۇ چېچىش ئادىتى بارلىققا كەلگەن.

ئابدۇشۇكۈر مۇھەممەتئىمىن «كومىراجىۋا» ناملىق كىنو سېنارىيىسىدە ئەينى دەۋر توي - تۆكۈنلىرىدىكى شۇنداقلا خۇشال كەيپىياتقا چۆمگەن چاغدىكى چاچقۇ چېچىش ئادىتىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ، بۇ خىل ئادەتنىڭ تارىم ۋادىسىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ خېلى ئۇزاق تارىختا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. سېنارىيىنىڭ بېشىدا كۈسەننىڭ يېڭى پۈتكەن خانلىق بىھارىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن كۈسەن شاھى ئاقارى پاك بىلەن خانىش؛ خاننىڭ ئىنىسى ئاقارى چىن، خاننىڭ سىڭلىسى مەلىكە جىۋا قاتارلىقلار ئۇستاز پوتۇشما تەرىپىدىن كۈتۈۋېلىنغاندا، ئۇلار «ناغرا - سۇناي ساداسى، گۈل چاچقۇلىرى ئىچىدە پاياندازدىن يۇقىرى ئۆرلەپ، بىھارا سۇپىسىغا چىقىپ، ئەتراپقا نەزەر تاشلايدۇ». بۇ يەردە

---

① فىكرەت تۈركمەن: «تۈركىي مىللەتلەرنىڭ توي - تۆكۈنلىرىدىكى ‹چاچقۇ چېچىش› ئەنئەنىسى توغرىسىدا»، «مىراس ژۇرنىلى»، 17997 - يىل 4 - سان، 47 - بەت.

② يۇقىرىقى ژۇرنال، 46 - بەت.

خان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا گۈل چاچقۇلىرى چېچىلىپ ئۇلارنىڭ قۇتلۇق قەدىمىنى ئالقىشلىسا، كومىراتان بىلەن مەلىكە جىۋانىڭ توي مۇراسىمىدا ئۇلارنىڭ مەڭگۈ بىللە ۋە بەختلىك بولۇشىنى تىلەپ «خانىش تىللا چاچقۇ چاچقۇزىدۇ». مەلىكە جىۋا كومىراتان بىلەن توي قىلىپ «ئوغۇل تەۋەللۇت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاقارى پاك خانىنىڭ خانىشى ئىشىك يوچۇقىدىن زەر چاچقۇ چاچىدۇ. قىزىل نىمچىلىق بوستانچاچ قىزلار قۇشلاردەك چىۋىرلىشىپ چاچقۇ تېرىپ، يەنە ئىشىككە ئىنتىلىپ:

— جىۋا خېنىم ئامان بولغاي!

— خانزادە ساغلام بولغاي! — دېيىشىدۇ.» يەنە كومىراجىۋا كەشمىردىكى ئوقۇشنى تاماملاپ يەكەنگە كەلگەندە، سۇللى سۇما، سۇللى باھادىرا، كومىراجىۋا، مەلىكە جىۋا، يۇلتۇزلار ئەينۇ ئاتا بىلەن ئەينۇ قەبىلىسىنىڭ ئويۇنلىرىنى تاماشا قىلىشقا قاتناشقاندا «سۇللى سۇما ۋە سۇللى باھادىرا ئويۇنچىلارغا چاچقۇ چاچىدۇ». دېمەك، بۇ سېنارىيىدىن شۇ نەرسە ئايانكى، مىلادىيە Ⅲ — Ⅳ ئەسىرلەردە تارىم ۋادىسىدا توي - تۆكۈنلەردە ھەم خۇشاللىققا چۆمگەندە چاچقۇ چېچىش ئادىتى خېلى ئومۇملاشقان.

## 2. تۇمارىس رىۋايىتى

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا قەھرىمانلىقنىڭ، باتۇرلۇقنىڭ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ھەممە خىسلەتلىرىنى ئۆزىدە تولۇق مۇجەسسەملەشتۇرگەن ئايال خاقان تۇمارىس ھەققىدىكى رىۋايەت ھېلىھەممۇ ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ كەلمەكتە.

بۇ رىۋايەت قەدىمكى يۇنان تارىخچىسى ھېرادوت

ئىرامىزدىن ئاۋۋالقى V ئەسىردە يازغان «تارىخ» سەرلەۋھىلىك كىتاب ئارقىلىق زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ رىۋايەتنىڭ ئە سلىي نۇسخىسى تا ھازىرغىچە تېپىلمىغان. ئۇنىڭدا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردە ئۆتكەن ئىران پادىشاھى كەيخۇسراۋنىڭ، ماسساگىستلارنىڭ ئەقىللىق، باتۇر ئايال خاقانى تۇمارىسنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ئارقىلىق ماسساگىستلار زېمىنىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشنى نىيەت قىلىشتەك رەزىل ماھىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلۈش ئارقىلىق، ھەققانىيەتنىڭ ھامان غالىپ كېلىدىغانلىقى، ئاياللارنىڭمۇ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشالايدىغانلىقى، ئۆز ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن جاپا دېڭىزىغا كىرىشتىن قورقمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك بايان قىلىنىپ، ئايال خاقان تۇمارىسنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە، قەھرىمان ـ باتۇرلۇقىغا مەدھىيە ئوقۇلغان. «كومىراجىۋا» ناملىق كىنو سېنارىيىسىدە ئاقارى پاك خان بىلەن كومىراتانىڭ شاھىمات سورۇنىدا قىلىشقان گەپ ـ سۆزلىرى ئارقىلىق تۇمارىس رىۋايىتىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئورنىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن. سېنارىيىدىكى «شاھىمات ئۇرۇقلىرىدا ھېچ ئاياللىق ئۇرۇق يوق، ئەمما كەيخۇسراۋنى مەلىكە تۇمارىس يېڭىۋالغان!» دېگەن جۈملىلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

## 3. تۈزنى ئۇلۇغلاش ئادىتى

تۈزنى ئۇلۇغلاش ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرگە، شۇنداقلا دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان بىرخىل مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. تۈزنىڭ چىرىشتىن ساقلاش، يېپىشقاقلاشتۇرۇش، دورىلىق، تائامغا تەم كىرگۈزۈشتەك كۆپ خىل خۇسۇسىيەتلىرى ئىنسانلاردا بارا ـ بارا تۈزغا بولغان

AltunOq

ئېتىقادىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان.

تۇزنىڭ بايقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى ھەققىدە ھەرقايسى خەلقلەر ئارىسىدا خىلمۇخىل رىۋايەتلەرنىڭ پەيدا بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بۇ خاسىيەتلىك ماددىنى ئۇلۇغلايدىغان ۋە مۇقەددەسلەشتۈرىدىغان قىزىقارلىق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇرلار تۇز پەقەت يېمەكلىكلەرگە تەم بېرىپلا قالماي، يەنە كىشىلىك تۇرمۇشقا، ھاياتقا ۋە زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرگىمۇ تەم ئاتا قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ توي مۇراسىمىدا تۇزغا بولغان ئېتىقاد ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. يىگىت ـ قىزلار توي قىلىشقا پۈتۈشكەندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە «ئاش سۈيى» ئاپىرىدۇ. ئاش سۈيى قاتارىدا تۇز كەم بولسا بولمايدۇ. مانا بۇ ئىككى تەرەپنىڭ توي ئىشلىرىنىڭ پۈتۈمىدۇر. توي كۈنى قىز بىلەن يىگىت قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا تۇزغا چىلانغان ناندىن بىر بۇردا يەيدۇ. ئادەتتە بۇ نان تالىشىپ يېيىلىدۇ. بۇ، ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتى ئۆزگەرمىسۇن، بېشى ئاقىرىپ، چىشى سارغايغىچە بىر ـ بىرى بىلەن ئىجىل ـ ئىناق ئۆتسۇن، تۇرمۇشى بەختىيارلىققا چۆمسۇن، دېگەن خەيرلىك تىلەكلەر بىلەن شۇنداق قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۇزدا بىر ئىلاھىي قۇدرەت بار، دەپ قارالغاچقا قىز بىلەن يىگىتتىن قايسىسى ئالدى بىلەن تۇزغا چىلانغان ناننى يەۋالسا، تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشتا شۇنىڭ گېپى ئۆتىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندە ئۆيگە ئالدى بىلەن تۇزنى ئېلىپ كىرىدىغان ئادەت بار. بۇ شۇ

ئۆيگە بەرىكەت ھەمراھ بولۇشنى تىلەشتىن كەلگەن[1]. «كومىراجىۋا» نامىلىق كىنو سىنارىيىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇزنى ئۇلۇغلاش ئادىتىمۇ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، كومىراتان بىلەن مەلىكە جىۋانىڭ توي مۇراسىمىدا «ئۇستاز پوتۇشما كومىراتان بىلەن مەلىكە جىۋاغا تۇزغا چىلانغان ناننى بىر بۇردىدىن يېگۈزىدۇ». بۇ بىر جۇملە بايان قارىماققا ناھايىتى ئاددىيلا قىلىپ يېزىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلاردىكى توي ـ تۆكۈنلەردە قىز ـ يىگىتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەم بولۇشى، بىر ـ بىرى بىلەن مەڭگۈ ئايرىلماسلىقىنى تىلەپ نىكاھ ئوقۇش ۋاقتىدا تۇزغا چىلانغان بىر بۇردىدىن نان يېگۈزۈش، قىسقىسى تۇزنى ئۇلۇغلاش ئادىتىنىڭ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1650 يىل بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىمۇ ئەكس ئېتىشىدىن ئىبارەت ئىدى، خالاس.

## 4. كۆسەن ئەلەمپەزلىكى ئويۇنى

كۆسەن ئەلەمپەزلىكى ئويۇنى قەدىمكى كۆسەن خەلقىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئويۇن يالغۇز كۆسەن دائىرىسىدىلا ئوينىلىپ قالماستىن، بەلكى يىراق قوشنا ئەللەرگىچە تارقالغان. ئوردا ئىچىدىلا ئوينىلىش بىلەن چەكلەنمەستىن، يېزا ـ قىشلاقلاردىمۇ داۋاملىق ئوينىلىپ كىشىلەرنىڭ باتۇر، قورقماسلاردىن بولۇشىغا تۈرتكە بولغان. سىنارىيىدە بىرقانچە يەردە «كۆسەن ئەلەمپەزلىكى ئويۇنى» تىلغا ئېلىنىپ، «ئۆلمەسلىك» ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن. شۇ

① بەختىيار باھاۋۇدۇن: «تۇزنى ئۇلۇغلاش ئادىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «مىراس ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىل 3 ـ سان، 70 ـ بەت.

سەۋەبلىك سىنارىيە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ جەلپ قىلغان.

## 5. سۇ مۇز ئويۇنى

«سۇ مۇز» ئەسلىي ئۇيغۇرلارنىڭ سۇ چاچىدىغان بىرخىل سەيلە ئۇسسۇلى بولۇپ، نورۇز بايرىمىدا ئوينىلاتتى. چېچىلغان سۇ مۇزغا ئايلىناتتى ۋە قىزىقچىلىق پەيدا قىلاتتى. بۇنداق سەيلىدە ئوينىلىدىغان ئۇسسۇل سۇ مۇز ئۇسسۇلى دېيىلەتتى. سۇ مۇز ئاتالغۇسى توغرىسىدا قەشقەرلىك مەشھۇر ئۇيغۇر بۇددا ئالىمى خۇيلان (737 — 820) مىلادىيە 807 ـ يىلى يېزىپ چىققان «بارلىق نوم سۆزلۈكلىرى شەرھىيسى» ناملىق كىتابىدا: «سۇ مۇز غەربىي ديار ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۆزى بولۇپ، سامۇز دەپ ئېيتىلاتتى. بۇ ئويۇن غەربتىكى كۇچا ئېلىدىن چىققان. ئۇنىڭ ئۆز نەغمىسى ھېلىمۇ بار. بۇ قۇنتتۇر، دامىيەن، باتۇر ئويۇنلىرىدەك يىرتقۇچ سۈرەتلىك، يا بولمىسا جىن ـ ئەرۋاھلار سۈرىتىدە نىقاب تاقاپ ئوينىلىدۇ ۋە ياكى ئۆتكەن كىشىگە لاي سۇ چېچىپ ياكى قولىغا سالما، ئىلمەك تۇتۇپ قىزىقچىلىق قىلىدۇ. ھەر يىلى بىرىنچى ئاينىڭ بېشىدا باشلىنىپ يەتتە كۈن داۋام قىلىدۇ. ئەل ئىچىدىكى رىۋايەتتە بۇخىل ئويۇن خەلققە ئاپەت سالىدىغان جىن ـ شەيتانلارنى قوغلاش ئويۇنى دەپ ئاتىلىدۇ.» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن روشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «سۇ مۇز» ئۇسسۇلى (ئويۇنى) شامان دىنى قائىدىلىرى ۋە قۇرغاق زېمىندىكى سۇغا تەشنالىق تۇيغۇسىدىن پەيدا بولغان ئېتىقادلارنى ئىپادىلەيتتى[1].

«كومىراجىۋا» ناملىق كىنو سېنارىيىسىدە ئالىم «سۇ

---

① ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشرى، 542 ـ بەت.

مۇز ئويۇنى» نىڭ ماكانى بولغان كۇچا (كۇسەن) دا مىلادىيە VI — V ئەسىرلەردىمۇ بۇ ئويۇننىڭ ئوينىلىپ بېرىۋاتقانلىقىدەك بىر ھەقىقەتنى يورۇتۇپ بېرىش ئۇچۇن كومىراجىۋانىڭ ھايات پائالىيىتىنى يورۇتۇش جەريانىدا «سۇ مۇزچە ئىقابلىق ئويۇنلار» ، «سۇ مۇز ئويۇنى» نى تىلغا ئېلىپ، بۇ ئويۇننىڭ كۇسەن ۋە يەكەنلەردە ئەينى دەۋرلەردە خېلى ئومۇملاشقان بىر ئويۇن تۇسىنى ئالغانلىقىنى سېنارىيە ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىپ، كۆپچىلىكنى بۇ ھەقتە مەلۇم بىلىمگە ئىگە قىلغان.

## 6. داپ ئۇسسۇلى

ئۇسسۇل ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئىجاد قىلغان مەدەنىيەت ۋە سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئىنسانىيەت مۇرەككەپ پىكىر ۋە سۆز ـ جۇملىلەر بىلەن قوشاق توقۇپ، ناخشا ئېيتىشتىن، تەسەۋۋۇر قىلىپ قىيا تاش سۇرەتلىرىنى سىزىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ روھىي كەيپىياتىنى بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇسسۇللۇق ھېسسىياتلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن. ئۇسسۇل سەنئىتى ھەقىقەتەن يازما مەدەنىيەت دەۋرىدىن ئىلگىرى پەيدا بولغان، تارىخىي خاتىرىلەردىن بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن[1] بولۇپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى تارىخىنىڭ قەدىمىلىكى، مەزمۇنىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئۇزاقتىن بېرى ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايەن قىلىپ كەلمەكتە. بىز ئىرامىزدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى قىيا تاش رەسىملىرىگە جۇملىدىن «چەرچەن ناھىيىسىنىڭ مۆلچەر دەرياسى جىلغىسىدىكى بۇنىڭدىن 6000 — 8000 يىللار ئىلگىرىكى

① رەنا مەخسۇت: «ئۇسسۇلشۇناسلىق ئاساسلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى، 1 ـ بەت.

دەۋرگە مەنسۇپ بولغان»[1] قىيا تاش رەسىملىرىگە قارايدىغان بولساق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخقا ئىگە «ئۇسسۇل مەدەنىيىتى»نىڭ ئىزنالىرىنى كۆرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيمىز.

«كومىراجىۋا» ناملىق كىنو سىنارىيىسىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇسسۇل مەدەنىيىتىدىن بىرى بولغان «داپ ئۇسسۇلى» ھەققىدىمۇ مەلۇم بايانلار ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

داپ، ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ ئومۇملاشقان سوقما چالغۇ ئەسۋاب بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى مىلادىيىدىن ئىلگىرى ياشىغان سۈمېرلار كەشىپ قىلغان ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئاۋۋال ئاسۇرىيىگە، ئاندىن مىسىر، ئىراققىچە تارقالغان. ئۇرخۇن - ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر دېپى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ياپونىيىگە تارقالغان. مىلادىيە IV ئەسىردىن VI ئەسىرگىچە بولغان شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە سىزىلغان دۇنخۇاڭ تام رەسىملىرىدە داپنىڭ شەكلى كۆزگە چېلىقىدۇ[2].

داپ، تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر مۇزىكىسىدا كەڭرى قوللىنىلىشتىن باشقا، ئۆتمۈشتىكى خۇراپىي داخان، باخشىلارمۇ «جىن قوغلاپ كېسەل داۋالاش»تا داپتىن پايدىلانغان. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى ئاتاقلىق شائىرلار داپنى مەدھىيىلەپ نەزمىلەر توقۇشقان. ۋاڭ جيەن «بېيىت - نەزمە» ناملىق شېئىرىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە شىنجاڭدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە، جۈملىدىن چاڭئەنگە تارقالغان كوللېكتىپ سەنەم ئۇسسۇللىرىنى تەسۋىرلىگەندە «داپ

---

① ئېزىز ئاتاۋۇللا: «قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىغا نەزەر»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1996 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، 3 - بەت.

② تۇرسۇنجان لېتىپ: «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىل نەشرى، 146 - بەت.

Altun

ئۇسسۇلى» ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ناخشا بىرلەن تەڭ ئۇسسۇلغا چۈشتى ئۇيغۇرلار راۋان،
قاشلىرى ھەم سىكىلەكلىرى ياڭزىسى يۈز خىل ئايان.
داپ چېلىپ چىقسا ئۇلار ئالتە تەرەپتىن ئات مىنىپ،
ئۇچرىشىپ ئوينار ئۇسسۇل مەس كىشىدەك ھەر تامان[1].

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا بولىدىكى، «داپ ئۇسسۇلى» سۇي ـ تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە خېلى زور شۆھرەت قازانغان. بۇ ئۇسسۇلنىڭ «كومىراجىۋا»ناملىق كىنو سىنارىيىسىدە تىلغا ئېلىنىشى ھەرگىزمۇ بىھۇدە بولماستىن، بەلكى تارىخىي پاكىتلارنىڭ يەنى بۇ ئۇسسۇلنىڭ كومىراجىۋا ياشىغان دەۋرلەردىمۇ خەلق ئارىسىدا داۋاملىق ئوينىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ ياردامىسىدۇر.

## 7. ئەللەي قوشىقى ئوقۇش

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى مەزمۇن جەھەتتىن ئىنتايىن كۆپ قاتلاملىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىدىن بىر قانچە تۈرگە بۆلىنىدۇ. ئەللەي قوشىقى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىدۇر.

ئەللەي قوشىقى ئاساسەن ئانىلار تەرىپىدىن ئېيتىلىدۇ. ئۇ يىراق قەدىمى زامانىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەللەي قوشاقلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىدە ئانىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن بالىنى ئۇيقۇغا ئۇندەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرسا، يەنە

---

① ئا. مۇھەممەتئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، 73 ـ بەت.

بىر تەرەپتىن ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بولغان قىممەتلىك تۇيغۇسى، بالىسىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى، ئۆز بالىسىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ - ئۈمىدى ۋە شېرىن ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ئەنە شۇ ئەللەي قوشاقلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولىدۇ.

«كومىراجىۋا» ناملىق كىنو سېنارىيىسىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدىغان بىر نۇقتا بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، جىۋانىڭ كومىراجىۋا بۆلەنگەن بۆشۈك يېنىدا ئۇنىڭغا قاراپ ئەللەي قوشىقى ئوقۇشىدۇر. بۇ تەرەپ بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ئەينى دەۋر سەنئەت فولكلورىمىزدىكى «ئەللەي قوشاقلىرى» بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سېنارىيىدە شۇ دەۋردىكى «ئەللەي قوشاقلىرى»نىڭ تېكىستى بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىز پەقەت شۇ دەۋردىمۇ «ئەللەي قوشاقلىرى» ئوقۇلىدىغانلىقىنى قىياس قىلالىساقمۇ، دەرھاللا قولاق تۈۋىمىزدە ئانىلىرىمىزنىڭ يېقىنقى دەۋرلەردە ئېيتقان قوشاقلىرى ئاڭلانغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مۇشۇ يەردە تېخىمۇ ئىزدىنىپ قوشاق تېكىستىنى بىرگە ئەكەلگەن بولسا، كاتتا ئىش بولغان بولاتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ تەرەپ بىزلەرنىڭ ئىزدىنىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. چۈنكى ھەرقانداق قوشاق مەلۇم بىر تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزى بارلىققا كەلگەن دەۋرنىڭ قىياپىتىنى يېپىنچا قىلغان بولىدۇ.

## 8. چاۋگەن توپ ئويۇنى

چاۋگەن توپ ئويۇنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئويۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ، «جۇڭگو مۇزىكا تارىخى»، «كېشىچە دۇمباق خاتىرىسى»، «يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە

ئومۇمىي تەھسىل»، «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، «تۈرك قامۇسى»... قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەردە، بۇ ئويۇننىڭ مىلادىيە VII — VIII ئەسىرلەردە چاڭئەن، لياڭجۇ، لوياڭلارغا تارقالغانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قەۋملەرنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئات ئۈستىدە ئوينىغان ئويۇنلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. 1970 ـ يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپان ئاستانىدىكى مىلاددىيە V — VII ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بىر قەدىمكى قەبرىدىن چاۋگەن توپ ماھىرىنىڭ لايدىن ياسالغان ھەيكىلىنى تاپقان[1].

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئالىملىرىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرىلەر ئۆزلىرىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ھەم «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ چاۋگەن توپ ئويۇنىغا دائىر قىممەتلىك مەنبەلەرنى مىراس قالدۇرغان. بۇلار بىزنىڭ «چاۋگەن توپ ئويۇنى»نىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا قىممەتلىك مەنبە بولالايدۇ.

سېنارىيىدە كومىراتان كومىراجىۋانى چاۋگەن توپ مەيدانىغا ئېلىپ بارغان كۆرۈنۈشلەرمۇ ناھايىتى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. گەرچە بۇ بايانلار ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بىزگە شۇ دەۋر سەنئەت فولكلورىمىزنىڭ بىر تۈرى بولغان «چاۋگەن توپ ئويۇنى»دىن دەسلەپكى مەلۇمات، ئۇچۇر بېرەلەيدۇ. بۇ ئويۇن XVII — XVIII ئەسىرلەردىن كېيىن تەدرىجىي ئۇنتۇلغان بولۇپ، ھازىر ئۇ ياۋروپا ئەللىرىدە دۇنياۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە قايتىدىن سەھنىگە چىقتى.

---

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «ئەجدادلىرىمىزنىڭ چاۋگەن توپ ئويۇنى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1998 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى.

## 9. مىلىك ئۆي سەنئىتى

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مىلىك ئۆي سەنئىتى تەتقىقاتىغا دائىر كۆپلىگەن ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغان ئالىم بولغاچقا، ئۇ بۇ سېنارىيىدە كۇسەن دىيارىنىڭ ھەقىقىي مەدەنىيەت ئۇچىقى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا بارلىققا كەلگەن «مىلىك ئۆي» مەدەنىيىتىنىڭ ھەرگىزمۇ بەزىلەر ئېيتقاندەك، ھىندى، قەندىھار مەدەنىيەت ئېقىمىنىڭ قوپۇرۇلغان سۇنئىيى، جانسىز گەۋدە بولماستىن بەلكى، ئۇنىڭ كۈچلۈك يەرلىك پۇراقتا ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، «مىلىك ئۆي» سەنئىتى بولسا، شىنجاڭدىكى قەدىمكى قىيا تاش سەنئىتىنى ئاساس قىلىش بىلەن بىللە ھىندى، قەندىھار، گرېك ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سەنئىتى ئۇسلۇبىدىكى ئىلغار ئامىللارنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. بۇ سۆزىمىزگە كومىراتانىڭ «مىلىك ئۆي» لەرنى زىيارەت قىلغاندا ئېيتقان: «مىلىك ئاتخىلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا! بىزنىڭ يۇرتتا نىلۇپەر گۈلىنى سولاشتۇرىدىغان (نىلۇپەر بۇددىزم تىمسالى — ئاپتور) كۆز شامىلى سوقۇۋاتقاندا، كۇسەندە ئاجايىپ باھار شامىلى يەلپۈنۈۋېتىپتۇ، باركاللا! قەندىھار، بامىيانلاردىمۇ بۇنداق گۈزەل تام رەسىملىرى كۆزگە چۈشمەيدۇ» دېگەن سۆزى ئەڭ ئىشەنچلىك پاكىت بولالايدۇ. بۇ يەردە ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ يۇقىرىدىكى قاراشلىرىنى كومىراتانىڭ شۇ سۆزلىرىگە مۇجەسسەملىگەن.

## 10. شىر ئۇسسۇلى

شىر ئۇسسۇلى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ بىر مۇھىم ئىجادىيەت مىراسى بولۇپ، «كومىراجىۋا» ناملىق كىنو سېنارىيىسىدە «شىر ئۇسسۇلى» تىلغا ئېلىنىش بىلەن بىرگە، «شىر ئۇسسۇلى»نىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر مۇنداق بىر رىۋايەت سۇللى سۇمانىڭ تىلى ئارقىلىق بايان قىلىنغان.

«رىۋايەت قىلىنىشىچە، كۇسەنگە بىر ئەجدىھا يېقىن كېلىپ قاپتىمىش، ئەجدىھا كۈنىگە بىر يىگىت بىلەن بىر قىزنى يەيدىكەن. كۇسەن شاھى ئەخدەرخان شىمالىي تاغقا چىقىپ ئەجدىھانى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ. ئەجدىھا قاتتىق ئۇيقۇدا ئىكەن. پادىشاھ ئەجدىھاغا مىنىۋېلىپ، كۆكۈلىسىدىن ئاپتۇ. ئەجدىھا چىدىيالماي ئۆزىنى تاغقا ئۇرۇپ ئۈستىدىكى خاننى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ ھەرقانچە قىلىپمۇ چۈشۈرۈۋېتەلمەپتۇ. كېيىن خان قولىغا خەنجىرىنى ئالغان ئىكەن، ئەجدىھا يالۋۇرۇپتۇ، ئاخىرى شىرغا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شىر ئۆمۈر بويى خاننىڭ ئاستىدا، تەخت ئالدىدا ئۇسسۇلچى بولۇشقا قەسەم ئىچىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خان تەختىنىڭ پۇتى شىر تاپان بوپتۇ ۋە مۇشۇ ‹شىر ئۇسسۇلى› پەيدا بوپتۇ».

«شىر ئۇسسۇلى» تىياتىرلىق سورۇنلاردا ئوينىلاتتى، قىزىقچىلىق ئالامەتلىرى كۈچلۈك ئىدى. «مۇزىكا مۇئەسسەسەسىنىڭ خاتىرىلىرى»، «يۈيياڭدىكى خاتىرىلەر»نىڭ 14 ـ جىلدىدا شىر ئۇسسۇلى كۇسەن نەغمىسىگە تەۋە دېيىلگەن. شىر ۋە شىر بىلەن جەڭ قىلىش قەدىمكى سكتاي ئالتۇن مىس بەدىئىي بۇيۇملىرىدا، پەنجىكەنت، ئەپراسىياپ تام رەسىملىرىدە، قەدىمكى بابىلون ئويمانلىرىدا ئۇچرىسىمۇ، ئۇنىڭ تىياتىرلىق ئۇسسۇل شەكلى شىر پۇتلۇق تەختتە

AltunOq

ئولتۇرۇشنى ئارسلانخانلىق سىمۋۇل قىلغان، ئەرتۇڭا (قاپلان باتۇر) لىق نامىلىرىنى قوللانغان غەربىي دىيارلىقلارنىڭ ئىجادىيىتى ئىدى. تۇرپاندىن شىر ئۇسلۇبى شەكىلىدىكى پىشۇرۇلغان رەڭدار لاي قونچاقلار تېپىلغان①. سىنارىيىدىكى بىر قانچە جايدا تىلغا ئېلىنغان «شىر پۇتلۇق ئالتۇن تەخت» بۇنىڭغا مىسالدۇر.

«شىر ئۇسۇلى»نى ئوينىغۇچىلار شىر سىياقىدا نىقاب ياساپ، ئۇنى ئالاتاغىل رەڭدە شىرغا ئوخشىتىپ بوياپ، ئىچىگە ئىككى ئادەم كىرگەن. ئاندىن بىر ئادەم شىرنىڭ بويىنىدىن ئارغامچا بىلەن باغلاپ، قولىدا تاياق تۇتۇپ، شىرنى يېتىلەپ يۈرۈپ ئوتتىن سەكرىتىش، چەمبىرەكتىن ئۆتكۈزۈش، شوتىغا چىقىرىش، موللاق ئاتقۇزۇش، بىر-بىرىنى تالىشىش قاتارلىق قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئويناتقۇزغان. بۇ ئۇسسۇل ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقالغاندىن كېيىن، شۇ جاي ئارقىلىق ياپونىيىگە تارقالغان بولۇپ، چاڭ رېڭشاننىڭ «تاڭ دەۋرىدە ياپونىيىگە تارقالغان مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللار» دېگەن ئەسىرىگە قارىغاندا، شىر ئويۇنى ياپونىيىگە تارقالغاندىن كېيىن خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، يەنىلا غەربىي يۇرت كىشىلىرىدەك يۇقىرى سەۋىيىدە ئوينىيالمىغان②.

بۇ ئۇسسۇل لياڭجۇ (ئۇۋېي) ئارقىلىق چاڭئەنگە كىرگەندىن كېيىن، كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر شائىرلار «شىر ئۇسسۇلى»نى تەسۋىرلەپ نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يېزىشقان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر شائىرى بەي جۈيى ئۆزىنىڭ «غەربىي

---

① ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى، 147 ـ بەت.

② ئابلىز مۇھەممەت سايرامى «غەربىي يۇرت ناخشا ـ ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىنىڭ ياپونىيە سەنئىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1998 ـ يىل 2 ـ سان، 48 ـ بەت.

لياڭ ئويۇنلىرى»ناملىق شېئىرىدا بۇ ئۇسسۇلنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى، غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى،
ئوينايدۇ يالغان شىرنى ئۇيغۇرلار تارتىپ نىقاب.
ئالتۇن يالاتقان كۆزى، كۈمۈش قاپلاتقان چىشى،
ياغاچ بىلەن باش ياساپ، يىپ - يىپەك قۇيرۇق تاقاپ.
چۇلغىتىپ تۈكلۈك كىيىم، ئەگسە بىر جۈپ بەللىرىنى،
تۈكۈلگەندەك تاغىل قۇم خۇددى ئۇن مىڭ يول قاپساپ.
مەللە ساقال چوڭقۇر كۆز ئىككى ئۇيغۇر سەھنىگە،
سەكرەپ كېلىپ سۆزلىدى تۇتۇپ قوللىرىغا داپ[1].

## 11. سارغايدى (چاقپەلەك) ئويۇنى

سارغايدى — ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان مىللىي، ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمدىن باشلاپ ھەرخىل ھېيت - بايرام، مۇراسىملاردا، شۇنداقلا دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى پەيتلىرىدە، بولۇپمۇ قىش كۈنلىرىدە كۆپرەك ئويۇشتۇرۇلۇپ كەلمەكتە.

چاقپەلەك ياغاچ ۋە ياغاچ چاقنى مېخانىكىلىق ئۇسۇل بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ ياسالغان بولۇپ، تەخمىنەن ئون بەش - يىگىرمە مېتىر ئېگىزلىكتىكى موما ياغاچقا هارۋا چاقىنى كىيگۈزۈپ، چاقنىڭ ئۈستىگە يەنە ئىككى تال بادرا ياغاچ بىرگە جۈپلىنىپ باغلىنىدۇ. بۇ چاقنىڭ موما ئۈستىدە مەزمۇت تۇرۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ئويۇنچىلار ئۈچىدىغان ئىلەڭگۈچ (ئارغامچا) لار چاقپەلەك ئۈستىدىكى جۈپلىمە ياغاچقا مۇقىم بېكىتىلگەن

[1] ئا. مۇھەممەتئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تالڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى، 79 - بەت.

بولىدۇ. چاقنى ئايلاندۇرىدىغان يەنە بىر تال ياغاچ موما(ئوق ياغاچ) ياغاچنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە توغرىسىغا قىلىپ مۇقىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ توغرا ياغاچنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۆتتىن سەككىز ئادەم تۇرۇپ، بىرخىل تېزلىك بىلەن ئوڭ يۆنىلىشكە قاراپ ئىتتىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چاقمۇ بىللە ئايلىنىپ، چاقتا باغلانغان ئىلەڭگۈچتىكى ئىككى «ئۇچقۇچى» ئاستا - ئاستا كۆككە كۆتۈرۈلىدۇ. چاق قانچىلىك تېز ئايلانغانسېرى ئىلەڭگۈچمۇ شۇنچە تېزلىكتە بارغانسېرى ئېگىزلەيدۇ. ئەگەر تېنى ئاجىز ياكى بېشى قايىدىغان كىشىلەر ئۇچسا ئىلەڭگۈچ هاۋاغا كۆتۈرۈلگەنسېرى كۆڭلى ئاينىپ، چىرايلىرى ساغىرىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ ئويۇننىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇنىڭغا «سارغايدى» دەپ نام بېرىلگەن.

«كومىراجىۋا» ناملىق كىنو سېنارىيىسىدە ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بۇخىل ئويۇننىڭ شۇ دەۋرلەردىمۇ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپ سىنارىيە مەزمۇنىنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرغان. بۇ ھەرگىزمۇ زورمۇ - زور كىرگۈزۈپ قويۇلغان بايان بولماستىن، بەلكى ئالىمنىڭ شۇ دەۋر ھەققىدە ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## 12. چېلىشىش ئويۇنى

چېلىشىش ئويۇنى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ھەقتە «خەننامە» 61 - جىلد، «جاڭ چيەن، لى گۇاڭلىنىڭ تەرجىمىھالى»دا: خەن ۋۇدىنىڭ «كەڭ كۆلەملىك چېلىشىش،

ئۇسسۇل، سىرلىك ئويۇنى»[1]نى كۆرگەندىن كېيىن، ئويۇن كۆرسەتكۈچىلەرنى مۇكاپاتلىغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولسا، «تۈرك قامۇسى»دا: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئويۇنلىرىدىن بىرى چېلىشىشتۇر»[2]دەپ يېزىلغان. 1983 - يىلى بارچۇق (مارالبېشى) نىڭ چوڭ تىم خارابىلىقىدىن قەدىمكى زاماندىكى قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ چېلىشىش ئويۇنىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن بىر قىزىل ساپال ھەيكەل تېپىلغان. 1955 — 1957 - يىللىرى شىئەن (چاڭئەن) شەھىرى ئەتراپىدىكى شاڭلىڭفەن دېگەن جايدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان بىر قەبرىدىن ئاخىرەتلىك بۇيۇملار بىلەن بىرگە ئىككى پارچە تۆت چاسا مىس تاختاي چىققان. ئۇنىڭغا ئىككى ئادەم بىلەن ئىككى ئاتنىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن. بۇ ئىككى ئادەم بىر - بىرىنىڭ بېلى ۋە پاقالچىقىدىن تۇتۇشۇپ چېلىشىۋاتقان قىياپەتتە تۇرۇشقان. ئۇلار قاڭشارلىق، ياپما چاچ بولۇپ، پاقالچاقلىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئىشتان كىيىشكەن، ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى بۇ چېلىشچىلارنى ھون ئادەملىرى دەپ بېكىتكەن[3]. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) تىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ چېلىشىش ئويۇنىغا دائىر مەلۇماتلار بار بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق بىر ماقال بار: «قىز بىلەن چېلىشما، تۇغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما»[4].

ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالغان بۇ ئەنئەنىۋى ئويۇن خۇددى تارىختا دائىر يازما ئەسەرلەر ۋە

---

① «خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى، 456 - بەت.

② ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى، 564 -، 565 -، 566 - بەت.

③ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى، 564 -، 565 -، 566 - بەت.

④ مەھمۇت قەشقىرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى، 1 - توم، 619 - بەت.

ئارخېئولوگىيە بۆيۇملىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندەك، «كومىراجىۋا» ناملىق كىنو سىنارىيىسىدىمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئىگىلىگەن بولۇپ، ئالىم بۇ نۇقتىنى ئەسەردە ئىپادىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قاراپ سىنارىيىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئېشىمۇ ئاشۇرۇپ يەرلىك پۇراقا ئىگە قىلغان.

## 13. دارۋازلىق ئويۇنى

دارۋازلىق ئۇيغۇرلاردا بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى خەلق ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مىلادىيىدىن خېلى ئىلگىرىلا بارلىققا كەلگەن. شۇڭا مىلادىدىن ئىلگىرىكى زامانلارغا ئائىت خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە بۇ ئويۇننىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىچكى ئۆلكىلەرگە خېلى بۇرۇنلا تارقالغان بۇ ئويۇنىمىز خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇلار تەرىپىدىن «走索»، «走软索» دەپ، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە «高恒» دەپ، سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدە «绳伎» دەپ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «踏索» دەپ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «高恒» دەپ خاتىرىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ ئويۇن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ ئومۇملىشىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر دارۋاز - سىركچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەرەب ئەللىرى ۋە ياۋروپا ئەللىرىگە چىقىپ ماھارەت كۆرسىتىپمۇ خېلى قىزغىن ئالقىشلانغان[1].

ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە توختالغاندا، كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار بۇنى تۈركىي خەلقلەر دىنىي ئېتىقادىدىكى كۆكنى مۇقەددەس بىلىش (ئاسماننى، سامانى ئۇلۇغلاش) ئادىتىنىڭ ئىزناسى دېگەن قاراشنى ئىلگىرى

---

[1] «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1994 - يىل 4 -، 5 - سان، 91 - بەت.

Aleuni

سۇرىدۇ.

ئۇيغۇر دارۋازچىلىقى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ ئويۇننىڭ بۈگۈنكى دەۋرگە يېتىپ كېلىشىدە مېھنەت سۆيەر ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ يەردە ئاتاقلىق سېرك ماھىرى ھاشىم دارۋاز (1862 — 1952) نى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى، دۇنيا جىنىس رېكورتىنى يارانقان دارۋاز ئادىل ھوشۇرنى ھەم غۇجابدۇللا روزىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

«كومىراجىۋا» ناملىق كىنو سېنارىيىسىدە، كومىراجىۋانىڭ ھايات پائالىيىتىنى بايان قىلىش جەريانىدا، شۇ دەۋردە ئوينىلىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئويۇنلاردىن بىرى بولغان دارۋازچىلىق ئويۇنىنى تەسۋىرلەشكىمۇ ئالاھىدە سەھىپە ئاجرىتىپ، بۇ ئويۇننىڭ شۇ دەۋردىكى ئىپادىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

## 14. ئاق ئاتنى ئۇلۇغلاش قارىشى

ئات ئەلڭ دەسلەپتە ئوتتۇرا ئاسىيادا قولغا كۆندۈرۈلگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن باشقا دۆلەتلەرگە تارقالغان.

ئات قولغا ئۆگىتىلگەندىن كېيىن، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر جۈملىدىن ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئەجدادلىرىمىز تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم قورالغا ئايلانغان. ئۇلارنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقى ئاتقا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەربىي يۈرۈشلەردە ئات غەلىبە قىلىشنىڭ ئاساسى ئامىلى بولۇپ قالغان. ئاتنىڭ بۇنداق پايدىلىق تەرەپلىرى ئەجدادلىرىمىز ئېڭىدا تەبىئىي ھالدا ئاتنى ئۇلۇغلاش، ئات ئىچىدىن ئاق ئاتقا تېۋىنىش ئادىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق ئاتنى ئۇلۇغلىشى يىراق قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى بار. «تۈركىي خەلقلەر جەڭلەردە بىر ئاق ئاتنى سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغۇزىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئاق ئاتنى ياخشىلىق ۋە نۇسرەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە چۈشەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ»[①]. مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدىن بىرى بولغان «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دا: كۆلتېگىن باشقا رەڭدىكى ئاتقا مىنىپ جەڭگە كىرگەندە مەغلۇپ بولۇپ، پەقەت ئاق ئاتقا مىنىپ كىرگەندە غەلىبە قازانغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. «خەننامە، ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» ۋە «تارىخىي خاتىرىلەر» دىمۇ ئاق ئاتنى ئۇلۇغلاشقا دائىر مەنبەلەر خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. 1984 ـ يىلى لوپ ناھىيىسىدىكى سانپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن جەسەتلەر بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئىككى ئاق ئاتنىڭ جەسىتى چىققان بولۇپ، ئاتلارنىمۇ ئادەملەرنى دەپنە قىلغانغا ئوخشاش لەھەت ئىچىگە قويۇپ دەپنە قىلغان. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ يىل دەۋرى 2290 ± 65 يىل دەپ بېكىتىلگەن[②]. 1970 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى مىلادىيە V — VII ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بىر قەدىمكى قەبرىدىن ئاق ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان ھالەتتە تۇرغان بىر چەۋگەن توپ ماھىرىنىڭ لايدىن ياسالغان ھەيكىلى قېزىۋېلىنغان[③]. قىزىل مىڭ ئۆي تام رەسىملىرىدە بىر ئاق ئاتنىڭ ئىككى سودىگەرنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇۋاتقان كۆرۈنۈشى سىزىلغان[④]. ئۇنىڭدىن باشقا مەشھۇر پال كىتابىمىز «ئىرق بىتىگ» دىمۇ ئاق ئاتنى مۇقەددەس بىلىدىغان

---

① ئىبرىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئات مەدەنىيىتى، گە نەزەر»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىل 3 ـ سان.

② ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى، 119 ـ بەت.

③ «شىنجاڭ گېزىتى»، 1998 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى.

④ قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭ ئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى، 64 ـ بەت (قىستۇرما رەڭلىك رەسىمگە قارالسۇن).

قاراشلىرىمىز ھەققىدىكى چۈش تەبىرلىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ ئاق ئاتنىڭ يۈكسەك ئوبرازى ناھايىتى جانلىق ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئاق ئاتنى ئۇلۇغلاش پەقەت قەدىمكى دەۋرلەرنىڭلا مەھسۇلى بولۇپ قالماستىن، بەلكى يېقىنقى دەۋرلەرنىڭمۇ مەھسۇلى بولۇپ، يېقىنقى دەۋرلەرگە خاس يادىكارلىق ۋە قوليازمىلىرىمىزدىمۇ ئاق ئاتنى ئۇلۇغلاش ئادىتىگە دائىر مەلۇماتلار ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، 1969 - يىلى سەمەرقەنتتە نەشر قىلىنغان «بابۇرنامە» ناملىق كىتابتا كۆرسىتىلگەن «بابۇرنىڭ ئاپىسى خانزادە بېگىم بىلەن ئۇچرىشىشى»، «بابۇرنىڭ ئارىگاتامان جۆنىشى»، «ھىسار بەگلىرىنىڭ بابۇردىن پاناھ ئىزدەپ كېلىشىشى» ناملىق رەسىملەردە بابۇر پۈتۈنلەي ئاق ئات مىنگەن ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن①. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىمۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ پائالىيىتى كۆپىنچە ئاق ئاتقا باغلانغان ھالدا ھېكايە قىلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۇقىرىقىدەك ئاق ئاتنى ئۇلۇغلىشى شامان دىنىنىڭ ئاق رەڭنى ئۇلۇغلاش قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «كومىراجىۋا» ناملىق كىنو سېنارىيىسىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق ئاتنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنىمۇ سىڭدۈرگەن. كومىراتان كۇسەنگە «ئاق ئاتقا مىنىپ راھىبانە تون كىيگەن» ھالدا كىرىپ كېلىدۇ. كومىراجىۋا جۇملىدىن كۇسەن خەلقى لوي گۇاڭ قوشۇنلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ياردەمگە كەلگەن يەكەن شاھزادىلىرىدىن سۇللى سۇما ئاق ئاتقا مىنىپ

---

① ئابدۇبەسىر شۈكۈرى: «ئىرق بىتىگ، دە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ھەققىدىكى قاراشلىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 - يىل 3 - سان، 97 -، 98 - بەتلەر.

كۆسەنگە كېلىدۇ. كوممىراجىۋا بۇددا مىزانلىرىنى تارقىتىش جەريانىدا ئاق ئاتقا مىنىپ سەپەرگە ئاتلانغان بولۇپ، ئۇ شەرققە بۇددا مىزانلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ دۇنخۇاڭغا كەلگەندە، ئاق ئات كېسەل بولۇپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئات مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپ ئۇنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن «ئاق ئات مۇنارى» («ئاق تۇلپار ئىبادەتخانىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ — ئا) ئورنىتىلغان. مۇنار توققۇز قەۋەتتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئاق ئاتنىڭ توققۇز ياشقا كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ①. سىنارىيىنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىدا بىر قانچە جايدا «ئاق تۇلپار ئىبادەتخانىسى» تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئەنە شۇ «ئاق ئات مۇنارى» نىڭ ئەسەردە ئەكس ئېتىلىشى ئىدى. قىسقىسى، سىنارىيىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق ئاتنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان مەزمۇنلارمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، بۇلار بىزنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى «ئات مەدەنىيىتى» ھەققىدىكى بىلىمىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 15. سان مۇقەددەسلىكى ئىزنالىرى

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا بىر قىسىم سانلارغا، جۈملىدىن «ئۈچ»، «يەتتە»، «توققۇز»، «قىرىق» قاتارلىقلارغا ئالاھىدە نەزەر بىلەن قاراپ، ئۇلارنى خاسىيەتلىك سانلار دەپ بىلگەن.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىدىن خەۋەر بېرىدىغان بىر قىسىم ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە: «ئەجدادلىرىمىزدا ٧ ئەسىرلەردىن بۇرۇنلا مۇرەككەپ سان ئۇقۇمى شەكىللىنىپ

① ئابدۇبەسىر شۈكۈرى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىل، 4 ـ سان، 23 ـ بەت.

تەرەققىي قىلغان، خاسىيەتلىك سان ئۇقۇمى ئومۇملاشقان، تەۋئەم قوللىنىلىش ئادىتى شەكىللەنگەن. ئەجدادلىرىمىزدىكى خاسىيەتلىك سان ئۇقۇمىنىڭ كېلىش مەنبەسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلاردىكى ئىپتىدائىي تۆپ سان ئۇقۇمى ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئاڭ ـ ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك»① دېيىشكە بولىدۇ.

«كومىراجىۋا» ناملىق كىنو سىنارىيىسىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى سان مۇقەددەسلىكى ئىزنالىرىدىن بىرى بولغان «توققۇز» مۇقەددەسلىكى ھەققىدىمۇ بايانلار ئۇچرايدۇ. يەنى كومىراجىۋا پادىشاھ ياۋ شىن تەرىپىدىن چاڭئەنگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ياۋ شىن بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ نەسلىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە كومىراجىۋاغا: «ھەزرەتلىرى، ئۆزلىرىدەك ئاقىل، نادىر پىرى ئۇستاز ئالەمگە مىڭ يىلدا بىرەر قېتىم كېلىدۇ... خانىش بىلەن ئىككىمىز مەسلىھەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل نەسلى ئالەمگە تارالسۇن، ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ، ئەل زېھنى ساپا تاپسۇن دەپ، خۇرلار ئادىتى بويىچە قىزىل گۈلدەك گۈزەل ئۇشبۇ توققۇز قىزنى ‹توققۇزى تەل بولغاي› دەپ ئەمىرلىرىگە ئېلىپ كەلدۇق...» دەيدۇ. كومىراجىۋا بولسا «توققۇزى تەل بىزنىڭ سۆزىمىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ يەردە ئالىم ئۇلارنىڭ دىيالوگى ئارقىلىق ئۇيغۇرلاردىكى «توققۇز»نى مۇقەددەس بىلىش ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

«توققۇز»نى ئۇلۇغلاش قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تۇرمۇشىدا خېلى بۇرۇنلا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ساننى ئۇلۇغلىشى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا «خاسىيەتلىك سان ‹9›، چۈشەنچىسى تۈركىي

---

① ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى، 566 ـ بەت.

خەلقلەرگىلا خاس بولغان بىرخىل مىللىي ئەنئەنە قارىشىدۇر»[①] دەپ ئېنىق خاتىرىلەنگەن.

كۆپلىگەن مەلۇماتلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە: «توققۇز» نىڭ خاسىيەتلىك سان بولۇپ قىلىشى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزملىق ئېتقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر شامانىستلىرىنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرىدىكى كۆك تەڭرى ئېتىقادىدىن ‹يەتتە يۇلتۇز ئىلاھى› چۈشەنچىسى كېلىپ چىققان ۋە بۇ يەتتە يۇلتۇز ‹يەتتە سەييارە› ئايرىم ـ ئايرىم ناملار بىلەن ئاتىلىپ، يەتتە ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان ھەمدە يەتتە ‹ئىلاھ› نىڭ ھەربىرى بىر ھاياتلىق ئالىمى ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭغا يەنە پانى ئالەم(تۇپراق) ۋە يەر ئاستى دۇنياسى (روھىناتلار ماكانى) قوشۇلۇپ، پۈتۈن ئالەم توققۇز ھاياتلىق مەنبەسىدىن قۇرۇلغان دېگەن ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەر بارلىققا كەلگەن. شۇنداق قىلىپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈپ ئالەم قارىشى «توققۇز» غا مۇجەسسەملەشكەن[②].

بىز ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى، ماقال ـ تەمسىللىرى، تېپىشماقلىرى، قوشاقلىرى، چۆچەكلىرى، رىۋايەت، قىسسىلىرىنى كۆرىدىغان بولساق، خاسىيەتلىك «توققۇز» سانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى ئىنتايىن كۆپ ئۇچرىتالايمىز. مەسىلەن: «توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ»، «پاكار ـ پاكار بويى بار، توققۇز قەۋەت تونى بار»، «توققۇزى تەل بولۇش»، «بېرىشى توققۇز، ئېلىشى ئوتتۇز» دېگەن سۆزلەر ماقال ـ تەمسىل، تېپىشماقلاردا ئۇچرىسا، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى، رىۋايەت، داستانلىرىدا، «گۆر ئوغلى: شەرتىمنى ئادا قىلمىسا، تۇلپار ئېتىمنى توققۇز يەردىن. . .»، «گۆر

① ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 559 ـ بەت.
② «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى، 167 ـ بەت.

ئوغلى. . . توققۇز خوتۇن ئالدى»، «توققۇز قات شاھ كىيىمى كىيدى»، «توققۇز خىل تاماق تەييارلاپ ئالدىغا قويدى»، «شۇڭقارىغا توققۇز قاتار ئۆردەك ئالدۇرۇپ ئەكىلىپ بەردى»، «مىنگەن ئېتى توققۇز كۆكنى كۆزلەيدۇ». «ئوك يېنىدا توققۇز تۇمارى بار» («گۆر ئوغلى» دىن)، «توققۇز كۈندىن كېيىن ئوغۇزخاننىڭ ئايغىرىنى ھازىر قىلدى» («ئوغۇزنامە» 54 ـ بەت) دېگەن جۈملىلەر ئۇچرايدۇ. مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرىدىمۇ خاسىيەتلىك سان «توققۇز»غا مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن بايان بار. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ۋە «جۇنامە» 50 جىلدتا خېلى ئىشەنچلىك پاكىتلار بار. بولۇپمۇ قۇمۇل نەزمىلىرى ئىچىدە بۇنىڭغا دائىر مەزمۇنلار ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى تەركىبىدە قەبىلىلەرنىڭ «ئىچكى توققۇز قەبىلە»، «تاشقى توققۇز قەبىلە» دەپ ئاتىلىشى، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە «توققۇز» لۇق تۈزۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئەنە شۇ «توققۇز» نى مۇقەددەس بىلىشتىن ئىبارەت ئەقىدىدىن كەلگەن①.

ئۇيغۇرلاردىكى بۇ سان مۇقەددەسلىكىگە دائىر خاتىرىلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، يۇقىرىدىكىلىرى پەقەت دېگىزدىن تامچىدۇر، خالاس.

ئومۇملاشتۇرغاندا، ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «كومىراجىۋا» ناملىق كىنو سېنارىيىسىدە ئاتاقلىق بۇددا مۇتەپەككۇرى، جۇڭگو بۇددىزم تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ شەخس كومىراجىۋانىڭ ھاياتىنى ئىشەنچلىك تارىخىي پاكىتلار بىلەن يورۇتۇپ بېرىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ قەلەم تەۋرەتكەن بولۇپ، بۇ جەرياندا ئۇ كومىراجىۋانىڭ ھاياتىغا بىرلەشتۈرۈپ كۇسەن جۇملىدىن تارىم ۋادىسىنىڭ مىلادىيە Ⅳ — Ⅴ

① ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرىدىكى سان مۇقەددەسلىكى توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1998 ـ يىل 1 ـ سان، 52 ـ بەت

ئەسىرلەردىكى كۆپلىگەن سەنئەت فولكلورىنى بىرگە تونۇشتۇرۇپ چىققان. شۇڭا بۇ ئەسەرنى شۇ دەۋر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم مەنبە دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز. ئەمما مانا مۇشۇنداق زور تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولغان بۇ كىنو سىنارىيىسى ھازىرغىچە كىنو فىلىمى قىلىپ ئىشلىنىپ يەنىمۇ نۇرغۇنلىغان تاماشىبىنلارنىڭ زوق ئېلىشىغا سۇنۇلمىدى. «ئەزىمەتلەر تانىسخانىسىدىكى ئايال چولپان»، «مۇھەببەت مەستانىلىرى» دەك ھېچقانداق تەربىيىۋى ئەھمىيىتى يوق، مىللىي تۇرمۇش پۇرىقىنى يوقاتقان، ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن قىلچە ئەسەر بولمىغان، پەقەت گۈلباھار، مۇرات، ئابلىز. . . دېگەن ئىسىملارلا ئۇيغۇرلارغا تونۇش، بىراق، ئېكراندىكى كۆرۈنۈشلەرگە ئەسلا يات بولغان فىلىم تاماشىبىنلار بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ نەچچە مىڭ سائەتلىك ۋاقتىنى بىھۇدە زايە قىلىۋەتتى. مانا مۇشۇنداق قىممىتى يوق ئەسەرلەرنى سەھنىگە چىقىرىشقا سەرپ قىلىدىغان پۇللارنى «كومىراجىۋا» دەك ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى ئىشلەشكە سەرپ قىلسا، بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى مەنىۋى ئوزۇققا ئىگە قىلىشتا، يەنە بىر تەرەپتىن كومىراجىۋادەك ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرىمىزنى ھەممە كىشىگە تونۇشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇ سەۋەبلىك بۇ كىنو سىنارىيىسىنىڭ ئېكرانغا ئېلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر ساھە خىزمەت ئورۇنلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ كۆپرەك كۈچ چىقىرىپ، ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشى نۆۋەتتىكى كىنوچىلىقىمىزنىڭ جىددىي تەقەززاسى.

بىز يۇقىرىدا «كومىراجىۋا» ناملىق كىنو سىنارىيىسى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. بىزنىڭ ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ كىنو سىنارىيىسى ئىجادىيىتى ھەققىدە توختىلىدىغانلىرىمىز ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

# خاتىمە

شۇنداق قىلىپ ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، «مۇبادا زامانىمىزدىكى مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەھەتتىكى تۆھپىكارلارنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، كىشىلەر مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىمۇ قايىللىق بىلەن تىلغا ئالىدۇ» دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. بەلكى، «مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننى تۇنجى بولۇپ قايىللىق بىلەن تىلغا ئالىدۇ» دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئالىمنى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ماقالە ئەسەر يازىدىغانلار بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، بۇ كىتابنى يېزىشنى 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى باشلىغان ئىدىم. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە يورۇقلۇققا چىقتى. بۇ جەرياندا مەن ئالىمنىڭ بارلىق ئاسەرلىرىنى نەچچە رەت ئوقۇپ چىقتىم، مۇلاھىزە قىلدىم. خۇددى ئالىم ھەر بىر ئەسەرنى يېزىش ئۈچۈن شۇ ھەقتە مەخسۇس ئىزدەنگەندەك، مەنمۇ ئالىمنىڭ ھەر بىر ئەسىرىگە باھا يازغاندا شۇ خىل ئەسەر ھەققىدە كۆپ ئىزدەندىم. لېكىن سىزگە مەلۇم بولغاندەك، بىر ئىلىمنى بىردەمدىلا ئۆگىنىپ بولغىلى بولمايدۇ ھەم ئالىمنىڭ سەۋىيىسىگە يانداشىپ تەتقىقات يۈرگۈزۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

چۈنكى بىزدە ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتە ئالىمنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئادەم چىققىنى يوق. شۇنداقتىمۇ مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ بۇ كىتابنى يېزىپ پۈتتۈردۈم. يازغانلىرىم گەرچە ئالىمنىڭ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن مۇئەييەن ئىلمىي قىممىتى بار، دەپ ئويلايمەن.

شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مەيلى 20 يىللىق رىجىم ۋاقتىدا بولسۇن، ۋە مەيلى ئىككىنچى قېتىم ھەقىقىي ئىنسانىي غۇرۇرى ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىن تارتىپ ۋاپات بولغۇچە ئۆتكەن ۋاقتىدا بولسۇن، ھامان ئۇيغۇر روھىيىتىنى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلدى. خىلمۇخىل تۆھمەت، يالالارغا قىلچە پىسەنت قىلمىدى. يازغان ھەر بىر پارچە ئەسىرىدە ئەڭ خاسلىقنى گەۋدىلەندۈردى. يېزىش ئۈچۈنلا يازمىدى. سانىنى ئەمەس، سۈپىتىنى، ئاسانىنى ئەمەس، قىيىنىنى، باشقىلار يازغاننى ئەمەس، يازمىغىنىنى يېزىشنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلدى. مۇبادا قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدىغان ئادەتتىكى كىشىلەرگە بەرگەن ئۇزۇن ئۆمۈردىن يەنە ئون يىل ئالىمنىڭ ھاياتىغا قوشۇلۇش ئىمكانىيىتى بولغان بولسا، ئالىم بىر پۈتۈن ئۇيغۇر روھىيىتىگە تەئەللۇق بىلىملەرنىڭ ھەممىسى ئۈستىدە تولۇق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولاتتى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، شۇ تاپتا سىز ئالىمنىڭ يۇقىرىقىدەك، قىممەتلىك ئەسەرلىرىنى زادى قانداق ۋاقىتتا يېزىپ بولغانلىقىنى ئويلاۋاتقانسىز، تۆۋەندە مەن ئالىمنىڭ يېزىقچىلىق ئادىتىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرەي. بۇ بايان قىلغانلىرىم مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئايالى رەنا مەخسۇت ھەدە بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت ئارىسىدا سوراپ بىلىۋالغانلىرىمدىن ئىبارەت.

AltunOq

ئالىم ھەرقانداق ئەسەر ئوقۇسا، مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى كارتوچكىغا تۇرغۇزۇپ چىقىدۇ. ئوقۇغان بارلىق ئەسەرلىرىدىكى تارىخقا ئائىت يېڭى مەزمۇنلار بىر كارتوچكا توپلىمىدىن، مەدەنىيەتكە ئائىت بايانلار بىر كارتوچكا توپلىمىدىن، سەنئەتكە ئائىت بايانلار يەنە بىر كارتوچكا توپلىمىدىن . . . چىقىدۇ. يېزىۋېتىپ ۋە ئوقۇۋېتىپ خىيالىدىن كەچكەن يېڭى تېمىلارنى دەرھال خاتىرىلەپ تىزىس تۈزۈۋېلىپ ئۇنىمۇ يېزىش كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزىدۇ. كىتاب يازغاندا ھەرگىزمۇ بىر كىتابنى يېزىپ بولۇپ، يەنە بىر كىتابنى تۇتۇش قىلمايدۇ. بەلكى، بىر قانچە كىتابنى تەڭ يېزىشقا باشلايدۇ. مۇقام ھەققىدە يېزىۋېتىپ چارچاپ قالسا، پەلسەپە ھەققىدە يازىدۇ. پەلسەپە ھەققىدە يېزىۋېتىپ چارچاپ قالسا تاشكېمىر سەنئىتى ھەققىدە يازىدۇ. ھەر كۈنلىكى يازىدىغان ئەسىرى كىتاب، ماقالە، نەسىر، شېئىردىن ئىبارەت بولىدۇ. مەلۇم بىر تېما ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋېتىپ چارچاپ قالسا يەنە بىر تېمىغا يۆتكەپ يېزىش ئالىم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئارام ئېلىش. بۇ خۇددى باغچىغا كىرىپ بىر يەرنى تاماشا قىلىپ زېرىكسە، باشقا جايغا بارغاندا قايتىدىن جانلىنىپ ئېتىكلىشىپ كەتكەندەكلا ئىش، خالاس.

قىسقىسى، ئالىمنىڭ دەم ئېلىش ئۇسۇلى يۇقىرىقىدەك بولۇپ، تېمىلار ئارا تەپەككۇرنى ئۆزگەرتىش نېرۋىسىنى تىنچلاندۇرۇشنىڭ ئۆزگىچە ئۇسۇلى. ئالىم ئەنە شۇنداق جاپالىق ئىشلىگەچكە نۇرغۇنلىغان يېڭى - يېڭى ئەسەرلەرنى مىراس قالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە نۇرغۇنلىغان كىتاب، ماقالە قاتارلىق تولۇق پۈتمىگەن ۋە ياكى تىزىس تۈزۈپ يېزىشقا تۇتۇش قىلالمىغان، بىزلەرنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئالىمنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئەسەرلىرى ئۆز جۇلاسىنى كۆرسىتىشكە ئالدىرىماقتا. خەيرىيەت، ئالىمنىڭ

ئارزۇلىرى تولۇق ئەمەلگە ئاشقۇسى.

ئاخىرىدا مەن بۇ كىتابنىڭ يېزىلىپ پۈتكۈچە بولغان ئارىلىقتا مېنى ھەر جەھەتتىن قوللاپ، قۇۋۋەتلىگەن مېھرىبان دادام ئاتاۋۇللا ماخسۇتكە، سۆيۈملۈك ئانام ساھىبخانگە پەرزەنتلىك بۇرچۇم بىلەن كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئۇلارغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن. شۇنداقلا كىتابنىڭ سۈپەتلىك نەشر قىلىنىشىغا كۈچ سەرپ قىلغان، ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىنى خەلق بىلەن كۆپ ئۇچراشتۇرۇپ، خەلقنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرغان خالىس نىيەتلىك ئوغلان، ئەدەبىي تەنقىدچى يالقۇن روزىگە ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان كەڭ تەتقىقاتچىلارغا ئالىي سالام يوللاش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىگە ئۇتۇق تىلەيمەن.

خەير، ئۇلۇغ مەقسەتلەر ئۇچۇن بېسىلغان ھەر بىر قەدىمىمىز قۇتلۇق بولغاي! . . .

# ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەسەر-لىرىنىڭ كاتولوگى

## نەشر قىلىنغان كىتابلىرى:

1. «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان.

2. «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان.

3. «رۇبائىيات» (1) ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشر قىلىنغان.

4. «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشر قىلىنغان (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ بەش پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) .

5. «چوغلۇق» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشر قىلىنغان.

6. «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان.

7. «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشر قىلىنغان.

8. «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ، شىنجاڭ ياشلار -

ئۇسمۇرلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشر قىلغان.
9. «رۇبائىيات» (2) ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشر قىلغان.
10. «قاتلاملىق ئىستېتىكا» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 ـ يىلى نەشر قىلغان.
11. «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشر قىلغان.
12. «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشر قىلغان.
13. «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشر قىلغان.
14. « ‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشر قىلغان.
15. «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشر قىلغان.
16. «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھېكمەتلىرى» (1) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشر قىلغان.
17. «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشر قىلغان.
18. «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشر قىلغان.
19. «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» («تۇران تارىخى») ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشر قىلغان.
20. «ئائىلە» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشر قىلغان.

# ئالىمنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن كىتابلار

1. «جاھاننامە» (2) (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «گۈللۈك دوپپا توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشر قىلغان.

2. «مەھمۇد قەشقەرى» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 ـ يىلى نەشر قىلغان.

3. «غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ بەش پارچە غەزەل، بىر پارچە مۇخەممىسى كىرگۈزۈلگەن)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1983 ـ يىلى نەشر قىلغان.

4. «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «يۈكسەك قەلبىنىڭ شېئىرىي ھەيكىلى» ناملىق ئوبزورى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشر قىلغان.

5. «يېڭى رۇبائىيلار» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ ئالتە پارچە رۇبائىيسى كىرگۈزۈلگەن) مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشر قىلغان.

6. «‹قۇتادغۇبىلىك› ھەققىدە بايان» (1) (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشر قىلغان.

7. «‹قۇتادغۇبىلىك› ھەققىدە بايان» (2) (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار نامايەندە» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) قەشقەر ئۇيغۇر

AltunOq

نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشر قىلغان.

8. «ئاھ، يۇلتۇزلار» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ بىر پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشر قىلغان.

9. «ياپىراقتىكى نەقىشلەر» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ تۆت پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى نەشر قىلغان.

10. «توي چاچقۇسى» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ 17 پارچە رۇبائىي ۋە غەزىلى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى نەشر قىلغان.

11. «100 شېئىر» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ ئىككى پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشر قىلغان.

12. «مۇھەببەت لېرىكىلىرى» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ بىر پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشر قىلغان.

13. «قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئىزگۇ پەزىلەتنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىپتىخارى» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشر قىلغان.

14. «قۇمۇل مۇقاملىرى ھەققىدە» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى — قۇمۇل مۇقاملىرى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىلى نەشر قىلغان.

15. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ـ ئېقىملىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشر قىلغان.

16. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» Ⅱ (ئالىم بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسىم 2 ـ پاراگراف ۋە Ⅱ ، Ⅳ ، Ⅴ ، Ⅹ بابلىرىنى يازغان) ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشر قىلغان.

17. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتى» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە — ئېقىملىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشر قىلغان.

18. «ئىبن سىنا ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» (ئالىم بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىنى يېزىپ بەرگەن) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشر قىلغان.

19. «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئاساسلىرى» (ئالىم بۇ كىتابقا بېغىشلىما ماقالىسى يېزىپ بەرگەن) ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشر قىلغان.

20. «ئاھ، نۇرلۇق ئابىدىلەر» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ بەش پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشر قىلغان.

21. «ئابدۇكېرىم خوجا ئىجادىيىتى توغرىسىدا» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ بىر پارچە شېئىرى ۋە «ئۇ شېئىرلىرى بىلەن بىللە خەلق قەلبىدە ياشايدۇ» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشر قىلغان.

22. «ئەدەبىيات» (بۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2 ـ يىللىقنىڭ دەرسلىك كىتابى بولۇپ ئۇنىڭغا ئالىمنىڭ «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشر قىلغان.

23. «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى» ناملىق

ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن) ، ئەنخۇي خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشر قىلغان.

24. «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى» (ئالىم بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز مىللەتلىرىنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىغا ئائىت قىسمىنى يازغان).

25. «يىپەك يولى مۇزىكا سەنئىتى» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئون ئىككى مۇقام ۋە تۇردى ئاخۇن» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى نەشر قىلغان (خەنزۇچە).

26. «شاھنامە» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مىسلىسىز ئەزىمەت، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشر قىلغان.

27. «كۆكزى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 2540 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇھاكىمە ماقالىلار توپلىمى» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «كۆڭفۇزى ۋە قوچۇ مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) ، شاڭخەي سەنلەن كىتاب نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشر قىلغان.

28. «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش» ۋە «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى» قاتارلىق ئىككى پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشر قىلغان.

29. «‹تارىم› ۋە مەن» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «تەبرىك ۋە ئۈمىد» ناملىق بىر پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشر قىلغان.

30. «تاللانغان رۇبائىيلار» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ 10

پارچە رۇبائىيسى كىرگۈزۈلگەن) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشر قىلغان.

31. «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «شېئىرىيەت ئېستېتىكىسىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشر قىلغان.

## ئالىمنىڭ ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تا ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى 200 پارچىگە يېقىن بولۇپ، بۇ ماقالىلاردىن «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دە 168 پارچە، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا 181 پارچە، «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلىدا 170 پارچىنىڭ كاتولوگى ئېلان قىلىنغان ئىدى. مەن توپلىغان ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا يۇقىرىقىلارنى سېلىشتۇرۇش، تولۇقلاش ئارقىلىق بىرقەدەر مۇكەممەل دەپ قارالغان ماقالىلار كاتولوگىنى تۈزۈپ چىقتىم.

1. «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1956 ـ يىل ئۇيغۇرچە 3 ـ سان، خەنزۇچە 4 ـ سان)

2. «ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە تىپ مەسىلىسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچىلىرىم» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1956 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 4 ـ سان)

3. «ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىغا دائىر تەتقىقات تېزىسلىرى» (1) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 2 ـ سان؛ (2) «پەلسەپە تەتقىقاتى»

ژۇرنىلى 1980 ـ يىللىق خەنزۇچە 4 ـ سان)

4. «فارابىنىڭ مۇزىكا ئېستېتىكىسىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 4 ـ سان)

5. «نان ۋە تونۇر» («مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى» 1980 ـ يىلى 3 ـ سان، خەنزۇچە نۇسخىسى)

6. «ئون ئىككى مۇقام ۋە تۆردى ئاخۇن» (1) «شىنجاڭ گېزىتى» 1980 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈندىكى سانى؛ (2) «شىنجاڭ سەنئىتى» 1980 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 1 ـ سان؛ (3) «يىپەك يولى مۇزىكا سانئىتى» 1980 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان خەنزۇچە ماقالىلار توپلىمى، بۇ توپلامغا ئالىمنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن؛ (4) «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1981 ـ يىللىق خەنزۇچە 4 ـ سان.

7. «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى — ئىبن سىنا» (ئىبن سىنا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئۇيغۇرچە 1980 ـ يىللىق 3 ـ سان.

8. «ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا ئويغىنىشى» (1) «كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلى 1980 ـ يىللىق 4 ـ سان؛ (2) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان.

9. «يۈسۈپ خاس ھاجىپ — فارابى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان)

10. «مۇھەممەتسىدىق زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى» («تارىم» ژۇرنىلى 1981 ـ يىللىق 4 ـ سان)

AltunOq

11. «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» نىڭ تەتقىقات تېزىسلىرى» («بۇلاق مەجمۇئەسىنىڭ 1981 ـ يىللىق 1 ـ سانى)

12. «فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى» («پەلسەپە تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1981 ـ يىللىق 1 ـ سانى)

13. «قەدىمكى كۇسەنىنىڭ ئاتاقلىق بۇددا مۇتەپەككۇرى كومىراجىۋا» («پەلسەپە تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1981 ـ يىللىق 11 ـ سان)

14. «‹ئەل قانۇن فىت تىب› ۋە ئۇنىڭدىكى تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان)

15. «شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مۇھىتىدا بوستانلىق بىلەن چۆللۈكنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 ـ يىللىق 1 ـ سان)

16. «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۆت زات قارىشى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 ـ يىللىق 3 ـ سان)

17. «گۈزەللىك تەربىيىسى ۋە ئۇنىڭ رولى» («شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىللىق 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ سانلىرى)

18. «ئامانىساخان ۋە ئون ئىككى مۇقام» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان)

19. «ئەبۇناسىر فارابىنىڭ لوگىكىلىق تەلىماتلىرى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» خەنزۇچە 1982 ـ يىللىق 4 ـ سان)

20. «رۇخسارى مۇقامى ۋە ئۇنىڭ ئىجادچىسى زىكرى ئەلفەتتار» («شىنجاڭ گېزىتى» 1982 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈندىكى سانى)

21. «ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار

نامايەندە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 ـ يىللىق 1 ـ سان)

22. «ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ يېڭى زېمىنىنى ئاچايلى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق خەنزۇچە 3 ـ سان)

23. «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1984 ـ يىللىق خەنزۇچە 2 ـ سان)

24. «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە مائارىپشۇناسلىق» («شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1984 ـ يىللىق 9 ـ، 10 ـ سانلىرى)

25. «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تارىخى تەسۋىرى» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 ـ يىللىق 3 ـ سان)

26. «قەدىمكى كۇسەن كلاسسىك ئۇسسۇلى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1984 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى سانى)

27. «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەسىلىلىرى» («قۇمۇل ئەدەبىياتى» 1984 ـ يىللىق 3 ـ سان)

28. «‹پەرھاد ـ شېرىن› تراگېدىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى رىۋايەت شەكلى» («ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 1984 ـ يىللىق 1 ـ سان)

29. «قەدىمكى كلاسسىك ئۇسسۇلنىڭ يېڭى ھاياتقا ئېرىشىشى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1984 ـ يىللىق 25 ـ ئۆكتەبىردىكى سانى)

30. «فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە» («تارىم» ژۇرنىلى 1984 ـ يىللىق 5 ـ سان)

31. «ئۈرۈمچىنىڭ ھەر خىل يەر ناملىرى» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984 ـ يىلى 23 ـ مارتتىكى سانى)

32. «ئەڭ قەدىمكى ئۈرۈمچى ۋە ئۆرە قانغىللار»

( «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984 ـ يىل 16 ـ ئىيۇندىكى سانى)

33. «ئېستېتىكا قانداق پەن؟» ( «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» 1984 ـ يىلى ئومۇمىي 8 ـ سان)

34. «يۈكسەك قەلبنىڭ شېئىرىي ھەيكىلى» ( «كىتابلارغا باھا» — «شىنجاڭ كۈتۈپخانىچىلىقى» ژۇرنىلى 1984 ـ يىلى 3 ـ سان)

35. «تۇرپان ئۈزۈمى ۋە تۇرپان شارابى» ( «شىنجاڭ گېزىتى» 1985 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇندىكى سانى)

36. «ئەلىشىر نەۋائىي ۋە ‹سەددى ئىسكەندەر› » (1) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 ـ يىللىق 4 ـ سان؛ (2) «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1985 ـ يىلى 2 ـ نويابىردىكى سانى)

37. «پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق ۋە ئەبەدىي يادىكارلىق» ( «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ تولۇق نەشرى مۇناسىۋىتى بىلەن) : «تارىم» ژۇرنىلى 1985 ـ يىللىق 12 ـ سان.

38. «كۈسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى» (1) «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1985 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 4 ـ سان؛ (2) «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 4 ـ سان)

39. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئىپتىخارى» ( «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان)

40. «ۋېنىتسىيىلىك ماركوپولو ۋە شەرق مەدەنىيىتى» ( «تىيانشان ئېكرانى» ژۇرنىلى 1985 ـ يىللىق 6 ـ سان)

41. «پاكىستان رەڭلىك ھېكايە فىلىمى — ‹پاكلىق› » ( «شىنجاڭ گېزىتى» 1985 ـ يىلى 23 ـ ئاۋغۇستتىكى سانى)

42. «قوغۇن ۋە ئۇنىڭ ماكانى» ( «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1985 ـ يىلى 12 ـ مايدىكى سانى)

43. «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قامۇسى — ‹قۇتادغۇبىلىك›» (1) «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1986 - يىللىق 4 - سان؛ (2) «جەنۇبىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» ياپونچە 11 - سان.

44. «پەلسەپىنى ئىسلاھ قىلىش تەسەۋۋۇر تېزىسلىرى» (1) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1986 - يىللىق 3 - سان؛ (2) «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» خەنزۇچە 1987 - يىللىق 4 - سان.

45. «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى» (1) «يىپەك يولى ساياھەتچىلىكى» خەنزۇچە 1986 - يىللىق 2 - سان؛ (2) «يىپەك يولى ساياھەتچىلىكى» ئىنگلىزچە 1986 - يىللىق 4 - سان.

46. «مىللىي مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى بىر مۇھىم قانۇنىيەت» (1) «شىنجاڭ گېزىتى» 1986 - يىلى 11 - ماي خەنزۇچە سانى؛ (2) «شىنجاڭ گېزىتى» 1986 - يىلى 17 - ماي ئۇيغۇرچە سانى)

47. «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ ئىلمىي قىممىتى» («قەشقەر گېزىتى» 1986 - يىلى 28 - ئۆكتەبىردىكى سانى)

48. «ئېمپېدوكىل بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تۆت تادۇ قارىشىدىكى ئومۇملۇق ۋە ئالاھىدىلىك توغرىسىدا» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1986 - يىللىق 1 - سان)

49. «خاراكتېر ۋە خاراكتېر گۈزەللىكى» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1986 - يىلى 9 -، 10 -، 11 - فېۋرالدىكى سانلىرى)

51. «بىر شېئىر توغرىسىدا پاراڭ» («شىنجاڭ گېزىتى» 1986 - يىلى 14 - ئىيۇندىكى سانى)

52. «ئالۋاستى ۋە ئۇنىڭ يېڭى قىياپىتى» («ئۈرۈمچى

كەچلىك گېزىتى» 1986 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇندىكى سانى)

53. «رۇبائىي ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى، شەكلى ھەققىدە» («قەشقەر ئەدەبىياتى» 1986 ـ يىللىق 4 ـ سان)

54. «يۇقىرى ماھارەت ۋە ئېسىل سەنئەت — ‹مۇقام› ماي بوياق رەسىمى ھەققىدە» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1986 ـ يىللىق 12 ـ ماي سانى)

55. «گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنىڭ كومېدىك سېلىشتۇرمىسى» (تىيانشان ئېكرانى 1986 ـ يىلى 6 ـ سان)

56. «مىرزا ھەيدەر ۋە ‹تارىخىي رەشىدى›» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 ـ يىللىق 3 ـ سان)

57. «ھەشەمەتخورلۇقنىڭ ئون چوڭ كاساپىتى» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1986 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇندىكى سانى)

58. «جاباغان ئېلىگە ساياھەت» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1986 ـ يىلى 11 ـ، 12 ـ ئايلاردىكى سانى)

59. «گۈللۈك دوپپا» (تارىم ۋە نەزم) «شىنجاڭ گېزىتى» 1986 ـ يىلى

60. «‹ئون ئىككى مۇقام› نىڭ تارىخىي قاتلىمى ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى» (1) «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 ـ يىللىق 4 ـ سان؛ (2) «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1987 ـ يىلى خەنزۇچە 1 ـ سان.

61. «يىپەك يولىدىكى بىباھا گۆھەر — ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987 ـ يىللىق 1 ـ سان)

62. «ئىجادىي تەپەككۇر شەكلىگە ئائىت بىر قانچە مەسىلە» («شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1987 ـ يىللىق 2 ـ، 3 ـ سانلار)

63. «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۈستىدىكى

Altundaq

ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987 - يىللىق 2 - سان)
64. «ئۇيغۇر رەسساملىق سەنئىتى تارىخىدىكى يېڭى نامايەندە» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1987 - يىللىق 6 - سان)
65. «مۇھەممەد خارازمى ۋە ‹مۇھەببەتنامە›» (1) «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1987 - يىل ئومۇمىي 18 - سان؛ (2) «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلى خەنزۇچە 1990 - يىلى 2 - سان.
66. «ھاپىز شىرازى — شەرق شېئىرىيىتىدىكى ئىسيانكار ئۇستاز» («بۇلاق» مەجمۇئەسى ئومۇمىي 20 - سان)
67. «مەشرەپ — ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر شائىر» («بۇلاق» مەجمۇئەسى ئومۇمىي 19 - سان)
68. «ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە ئوقۇلغان شىكايەتنامە» («‹كوللىيات مەسنەۋى خاراباتى› توغرىسىدا»): «بۇلاق» مەجمۇئەسى ئومۇمىي 18 - سان
69. «بىر شېئىر ھەققىدە سۆز» («شىنجاڭ گېزىتى» 1987 - يىلى 24 - يانۋاردىكى سانى)
70. «ئىككى شېئىر ھەققىدە پاراڭ» (شىنجاڭ گېزىتى» 1987 - يىلى 19 - سېنتەبىردىكى سانى)
71. «‹ئاقسۇ ئەدەبىياتى› دىكى شېئىرىيەت ئۇنچىلىرىگە نەزەر» («ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 1987 - يىللىق 3 - سان)
72. «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت قاراشلىرى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر» («شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1988 - يىللىق 10 -، 11 - سانلىرى)
73. «‹يىپەك يولى مۇزىكا مەدەنىيىتى› دېگەن كىتابقا باھا» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 1988 - يىللىق 5 - سان)

74. «ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلىمزملىق مەدەنىيەت» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 ـ يىللىق 5 ـ سان)
75. «فارابى پەلسەپە ئىدىيىسى تەتقىقاتىدىكى مەنتىقىلىك زىددىيەت» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 ـ يىللىق 2 ـ سان)
76. «خوجا باھاۋىدىن نەقشبەندى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 ـ يىللىق 3 ـ سان)
77. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەھمەد يەسسەۋى ۋە يەسسەۋىيچىلىك» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 ـ يىللىق 1 ـ سان)
78. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى پروگراممىسى» (تۆت توملۇق «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتاب ئۈچۈن تەييارلانغان): (1) «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ سان؛ (2) «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 ـ يىللىق 4 ـ، 6 ـ سانلار.
79. «ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋى» («بۇلاق» مەجمۇئەسى 1988 ـ يىللىق 1 ـ سان)
80. «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر نىزامى گەنجەۋى» «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1988 ـ يىللىق 2 ـ سان)
81. «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ناسىر خىسراۋ» («بۇلاق» مەجمۇئەسى 1988 ـ يىللىق 3 ـ سان)
82. «شائىر خوجا جاھان ئەرشى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ھەققىدە» («بۇلاق» مەجمۇئەسى 1988 ـ يىللىق 4 ـ سان)
83. «سەئىد شىرازى» («بۇلاق» مەجمۇئەسى 1988 ـ

يىللىق 4 ـ سان)
84. «زەلىلى شېئىرىيىتىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي قىممىتى توغرىسىدا» («شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 ـ يىللىق 1 ـ سان)
85. «كلاسسىك مەدەنىيەت ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 ـ يىلى 3 ـ دېكابىردىكى سانى)
86. «ما زۇچاڭ ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇندىكى سانى)
87. «ھەمرائى غەزەللىرىنىڭ ھەققىي مۇئەللىپى توغرىسىدا» («تارىم» ژۇرنىلى 1988 ـ يىللىق 5 ـ سان)
88. «ياش تامچىسىدىن ئۇرغۇغان شېئىرلار» («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1988 ـ يىللىق 3 ـ سان)
89. «ئەنئەنىۋى ئاڭ ۋە زامانىۋى ئاڭ» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 ـ يىلى 12 ـ ئىيۇندىكى سانى)
90. «تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىش — مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 ـ يىلى 2 ـ ئۆكتەبىردىكى سانى)
91. «ياشلار ۋە ئىقتىدار قىممىتى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇلدىكى سانى)
92. «ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مىللىي ئويغىنىش» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 ـ يىللىق 13 ـ نويابىردىكى سانى)
93. «ئۇ شېئىرلىرى بىلەن بىللە خەلق قەلبىدە» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 ـ يىلى 12 ـ مارتتىكى سانى)
94. «ئەسسالام قەشقەر، ئەسسالام ئانا دىيار» («قەشقەر گېزىتى» 1988 ـ يىلى 9 ـ سېنتەبىردىكى سانى)
95. «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى ھەققىدە» (1) «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى

ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 ـ يىللىق 1 ـ سان) ؛ (2) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990 ـ يىللىق خەنزۇچە 4 ـ سان.

96. «يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنگۇشتىرىنى قايتا تېپىۋېلىش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 ـ يىللىق 2 ـ سان)

97. «مەدەنىيەت سىنكرېتىك قاتلام نەزەرىيىسى ھەققىدە بايان» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1989 ـ يىللىق 4 ـ سان)

98. «شېئىرىيىتىمىزگە ئائىت بىر قانچە ئېستېتىكىلىق مەسىلە» («تارىم» ژۇرنىلى 1989 ـ يىللىق 1 ـ سان)

99. «شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 ـ يىللىق 4 ـ سان)

100. «مەدەنىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئىلمىي قاراش — سىنكرېتىك قاتلام قارىشى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 ـ يىللىق 1 ـ سان)

101. «مىللەتلەر تەرەققىيات تارىخى ئۆيلىنىشقا موھتاج» («يېڭى كۆزەتكۈچى» ژۇرنىلى 1989 ـ يىللىق 7 ـ سان)

102. «ئېچىۋېتىلگەن ئاڭ ۋە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتى» («جۇڭگو غەربىي قىسىم ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 1989 ـ يىللىق 1 ـ سان)

103. «مۇھىم بىر تارىخىي تەجرىبە» («شىنجاڭ گېزىتى» 1989 ـ يىللىق 8 ـ نويابىردىكى سانى)

104. «ئاياللىق قەلبىنىڭ مىلودىيىسى» («تارىم» ژۇرنىلى)

105. «ھەشەمەتخورلۇق ۋە قۇرۇق شۆھرەت» («شىنجاڭ گېزىتى» 1989 ـ يىللىق 25 ـ يانۋاردىكى سانى)

106. «ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ يىپەك يولىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1989 - يىلى 27 - ئاپرېلدىكى سانى)

107. «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە شائىرلىرىدىن نەمۇنە» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1989 - يىلى 1 - ئايدىكى سانى.

108. «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1989 - يىللىق 6 - سان)

109. «مىللەتنىڭ بىرلىك - ھەمدەملىكى ۋە ئۇنىڭ يۇرتۋازلىقتا يەملىكى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1989 - يىللىق 5 - سانى)

110. «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» (1) «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1989 - يىللىق 4 - سان)؛ (2) («مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلى» 1990 - يىللىق 4 - سان)

111. «4 - ماي ھەرىكىتى ۋە لۇشۈن روھى» («تارىم» ژۇرنىلى 1989 - يىللىق 10 - سان)

112. «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى» (1) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990 - يىللىق 1 - سان)؛ (2) («بۇلاق» مەجمۇئەسى 1993 - يىللىق 3 - سان)

113. «ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت - ئىلاھىيەت قاراشلىرى ھەققىدە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990 - يىللىق 1 - سان)

114. «ئاسىنا مەلىكە — غەربىي يۇرت سەنئىتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990 - يىللىق 4 - سان)

AltunOq

115. «يېتىلگەن سەنئەت، سېھىرلىك ھېكمەت ۋە يالقۇنلۇق مۇھەببەت» («غازى ئەمەت ماي بوياق رەسىملىرى» توپلىمىغا باھا): «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 4 ـ، 5 ـ سانلىرى

116. «ئىزگۇ پەزىلەتنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىپتىخارى» («قەشقەر ئەدەبىياتى» 1990 ـ يىللىق 1 ـ سان)

117. «ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1990 ـ يىللىق 3 ـ سان)

118. «مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۈچ بۇرجىكى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 5 ـ سان)

119. «خەلقنى ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى» («تارىم» ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 8 ـ سان)

120. «كۇڭفۇزى ۋە قوچۇ مەدەنىيىتى» («ۋېنخۇيباۋ» خەنزۇچە 1990 ـ يىللىق 27 ـ فېۋرالدىكى سانى)

121. «ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى مۇنبىرى» 1990 ـ يىللىق 27 ـ فېۋرالدىكى سانى)

122. «ئۆزۈم سەيلىسى ھارپىسىدا» (1) «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە 1990 ـ يىل 18 ـ ئاۋغۇست؛ (2) خەنزۇچە 2 ـ سېنتەبىردىكى سانى)

123. «مىللىي ئۇسسۇلنىڭ سىرى ۋە سېھرىي كۈچى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 5 ـ سان)

124. «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانىنىڭ يېڭى جىلۋىسى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان)

125. «شەرق سەنئىتىدىكى بىباھا گۆھەر — ‹ئون ئىككى

مۇقام، نىڭ تولۇق رەتلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن» («شىنجاڭ گېزىتى» 1990 ـ يىللىق 15 ـ سېنتەبىردىكى سانى)
126. «ئىلھامبەخش ئىلھام قەترىلەر» («تۇرپان» ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 3 ـ سان)
127. «تەبرىك ۋە ئۈمىد» («تارىم» ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 10 ـ سان)
128. «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 4 ـ سان)
129. «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 2 ـ سان)
130. «مەدەنىيەت ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1991 ـ يىللىق 3 ـ سان)
131. «ئەزىز دىيار، شانلىق ئىپتىخار» («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 3 ـ سان)
132) «‹قۇمۇل ئەدەبىياتى› ژۇرنىلىنىڭ 100 سانى» («قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 3 ـ سان)
133. «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تۆت چوڭ ئالاھىدىلىكى» («قەشقەر گېزىتى» 1992 ـ يىللىق 14 ـ ئاۋغۇستتىكى سانى)
134. «سىكتاي — ساك — ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان)
135. «ھەقىقەت ئۇستىدە ئىزدىنىش ھەقىقىي تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان)
136. «كۆسەن رەسساملىرىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى»

(1) «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 3 ـ سان؛ (2) «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 5 ـ سان)

137. «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى غەربىي يۇرت ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان)

138. «ئون ئىككى مۇقام ۋە نەۋائىيخانلىق» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 5 ـ سان)

139. «كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى» («بۇلاق» مەجمۇئەسى 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان)

140. «‹قارا جاڭگال› نى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىرات» («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان)

141. «كلاسسىك ئەدەبىياتتا مانى تەسۋىرى ۋە شىنجاڭدىن مانى دىنىي رەسىملىرىنىڭ بايقىلىشى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان)

142. «نەۋائىي مىراسلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قىممىتى» (1) «شىنجاڭ گېزىتى» 1991 ـ يىللىق 5 ـ ئۆكتەبىردىكى سانى؛ (2) «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان.

143. «تىل قۇدرىتى — تىل پەزىلىتى بىلەن» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان)

144. «شەرق ئەدەبىياتىدىكى غايەت زور بايلىق — ‹شاھنامە›» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1993 ـ يىللىق 3 ـ سان)

145. «ئون ئىككى مۇقامدىكى 24 مەسىلە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان)

146. «يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى»

(«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» 1993 ـ يىلى 27 ـ مارت سانى)
147. «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان)
148. «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ۋە ئېقىملىرى» : (بۇ ماقالە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى
149. «يىپەك يولىدىكى يېڭى سەھىپە ۋە تۆگە قۇشى روھى» («مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان)
150. «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان)
151. «مەنپەئەتدارلىق ئەخلاقى ۋە مەجبۇرىيەت ئەخلاقى» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1993 ـ يىلى 16 ـ فېۋرالدىكى سانى)
152. «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1993 ـ يىلى 19 ـ يانۋاردىكى سانى)
153. «لىرىك شېئىرىيەت، مەپتۇنكار لەززەت» («تەڭرىتاغ ژۇرنىلى» 1993 ـ يىللىق 3 ـ سان)
154. «تۇپراقنىڭ مونولوگى» («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىلى 5 ـ سان)
155. «كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي قىممىتى» («ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» 1993 ـ يىللىق 23 ـ ئۆكتەبىردىكى سانى)
156. «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 5 ـ، 6 ـ سانلىرى)
157. «زەينۇلئابىدىن مەۋلىۋى داموللا ھاجى تەئرىپىدە» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1993 ـ

يىللىق 2 ـ سان)
158. «تارىخ تەتقىقاتىدىكى يېڭى مېتود — ئۇچۇرلۇق تارىخ تەتقىقاتى ئۇسۇلى» (1) «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان؛ (2) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان.
159. «ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى غەربىي يۇرت ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان)
160. «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مەي مەدەنىيىتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1994 ـ يىللىق 1 ـ سان)
161. «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىدىكى بىر قانچە مەسىلە» («شىنجاڭ سەنئىتى» 1994 ـ يىللىق 6 ـ سان (خەنزۇچە)
162. «ئوقۇتقۇچى توغرىسىدا» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1992 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى سانى)
163. «غەربىي يۇرت مائارىپ تارىخىدىن بىر ئۇچۇر»، «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1993 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى سانى)
164. «مىللىي مائارىپ ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر»، «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1993 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى سانى)
165. «ئوقۇغۇچى توغرىسىدا» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1993 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى سانى)
166. «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ غايىۋى جەمئىيەت مودېلى» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 ـ يىلى 2 ـ سان)
167. «ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرىدىكى مەشھۇر ئالىم —

ئۇلۇغبېك» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1994 ـ يىلى 27 ـ دېكابىردىكى سانى)

168. «مەنسۇر ھەللاجنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەكس ساداسى» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1995 ـ يىلى 3 ـ سان)

169. «يىپەك يولى تەتقىقاتىدىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەسىلىلىرى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 ـ يىللىق 2 ـ سان)

170. «سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان)

171. «غەربىي دىيار تىياتىر سەنئىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم» («قەشقەر پېداگوكىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 ـ يىلى 2 ـ سان)

172. «ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى» (بېيجىڭ: جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئاكادېمىيىسى «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىللىق خەنزۇچە 5 ـ سان)

173. «ئەھمەد ئىبن مۇھەممەد ئەل ـ فەرغانى» («شىنجاڭ پېداگوكىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 ـ يىللىق 2 ـ سان)

174. «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دىن» («قەشقەر پېداگوكىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان)

175. «يىپەك يولى ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات» («تارىم» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 6 ـ سان)

176. «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 ـ يىللىق 4 ـ سان)

177. «يېپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 5 ـ، 6 ـ قوشما سان)

178. «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى» («شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىلى 3 ـ سان)

179. «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 4 ـ سان)

180. «مائارىپشۇناس، مۇتەپەككۇر — شائىر خوجانەزەر ھۆۋەيدا» («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىلى 2 ـ سان)

181. «‹چىن› ۋە ‹ماچىن› ئىبارىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1996 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى سانى)

182. «ۋاقىت ھەققىدە يېزىلغان ياخشى شېئىر» («شىنجاڭ گېزىتى» 1990 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى)

183. «ياتلاشقان ئىنسان ۋە ياتلاشقان ئەقىل ـ پاراسەت» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى)

184. «سۈكۈنات» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1995 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى)

185. «تەبەسسۇم» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1995 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى)

186. «سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1986 ـ يىلى تۆنجى سانى، 1987 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ سانى)

187. «تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى»

(«شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1996 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى)
188. «ئەنقا يۇرتىدىكى ئەنقا — پېشىۋا» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 1996 ـ يىلى 1 ـ سان)
189. «كومىراجىۋا» (كىنو سىنارىيىسى) («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىلى 1 ـ سان)
190. «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1996 ـ يىل 4 ـ سان)
191. «روھىيەت ۋە مەدەنىيەت» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1996 ـ يىلى 6 ـ سان)
192. «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىلى 1 ـ سان)
193. «دولان ـ قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ يىلتىزداشلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1998 ـ يىلى 1 ـ سان)
194. «بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1999 ـ يىلى 1 ـ سان)
195. «ئەنئەنىۋى ئاڭ گۆكۆمىدىكى ئۆيغۇ ۋە زامانىۋى ئاڭ سەھرىدىكى ئويغىنىش» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىلى 1 ـ سان)
196. «ئارىفنامە» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىلى 4 ـ، 5 ـ (قوشما سان)
197. «ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ گېنېئالوگىيىلىك سىرى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 2001 ـ يىلى 3 ـ سان)

## تەرجىمە ئەسەرلىرى

1. «چوغلۇق قىز» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى
2. «توققۇز نەزم» مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشرى
3. «ئېستېتىكىدىن لېكسىيىلەر» 1987 ـ يىلى شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى باسمىسى
4. «شېكىسپىر سونىتلىرىدىن تاللانما»
5. «فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە» «تارىم 1984 ـ يىلى 5 ـ سان
6. «شاھنامە» (باشقىلار بىلەن): شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشرى

## نەشر قىلىنمىغان كىتابلىرى

1. «ھەمراھى غەزەللىرى»
2. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئىلمىي ئەسەر، ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان)
3. «ئانالىتىك پوئېتىكا» (ئىلمىي ئەسەر، ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان، تاماملانمىغان)
4. «يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى» (ئىلمىي ئەسەر، ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان)
5. «غەزەلىيات» (غەزەللەر توپلىمى، (ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان)
6. «باھارىيات» (غەزەللەر توپلىمى، ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان)

7. «شېرىن ۋە سېرىن» (شېئىرلار توپلىمى، ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان)

8. «ئاق توز» (شېئىرلار توپلىمى، ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان)

9. «شەبنەم ۋە ئۇچقۇن» (شېئىرلار توپلىمى، ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان)

10. «ئىزگۈلۈك مەلىكىسى» (ئايالــى رەنا مەخسۇتقا بېغىشلاپ يازغان ئۈچ قىسىملىق ئەسلىمە، ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان)

11. «مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم» (ئۆزى ھەققىدىكــى ئەسلىمە، ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان)

## ئېلان قىلىنمىغان باشقا ئەسەرلىرى

1. «ھاياتىم ھەققىدە قايتا ئويلىنىش» (ماقالە)
2. «سىكتايلارنىڭ مېتال تاۋلاش ھۈنەر سەنئىتــى» (ماقالە)
3. «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەنئەنىۋى ھايات قاراشلىرىغا باھا» (ماقالە)
4. «تۈرك مەدەنىيىتى ھىندىستاندا» (ماقالە)
5. «كۆسەن مەلىكىسى» (كىنو سېنارىيىسى)
7. «مۇھەببەت يىغلايدۇ» (پوۋېست، تاماملانمىغان)
8. «فارابى» (رومان، تاماملانمىغان).

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: رەنا ئابلىمىت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر

مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر
— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش
ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850 × 1168 مىللىمېتىر
باسما تاۋىقى: 15.625 قىستۇرما ۋارىقى: 5
2003 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 4000
ISBN7—228—07860—8
باھاسى: 22.00 يۈەن

نەشر قىلدۇرغۇچى : يالقۇن روزى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : نۇرمۇھەممەت ئۆمەر

ISBN 7-228-07860-8
9 787228 078608 >

ISBN 7 - 228 - 07860 - 8
（维文）定价：22.00 元